شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر
تىل-ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات

# ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
تىل-ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات

# ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى

باش تۈزگۈچىلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئارسلان ئابدۇللا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
جاۋابكار كوررېكتورى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: كېرىم خۇجا

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى

باش تۈزگۈچىلەر: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئارسلان ئابدۇللا

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرى ئارقىلىق تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 18
2001 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1500 — 0001

---

ISBN 7 — 5631 — 1379 — 7/G・796
باھاسى: 25.00 يۈەن

新疆少数民族语言文学民俗研究丛书
新疆大学 211 工程少数民族语言文学重点学科资助

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات ۋە فولكلور تەتقىقاتىغا دائىر مەجمۇئەلەر

بۇ مەجمۇئە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات نۇقتىلىق پەن تۈرىگە بېرىلگەن ئىقتىسادىي ياردەم ئارقىلىق نەشر قىلىندى.

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

ئازاد سۇلتان

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ مۇقەددەس زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن تارىخنىڭ سەھىپىلىرىدە تىللاردا داستان بولغىدەك شانلىق ئىزلارنى قالدۇرغان، سان - ساناقسىز ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جاۋاھىرلىرىنى يارىتىپ جۇڭخۇا ئېلىنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى ئاشۇرغان. بىز توختالماقچى بولۇۋاتقان تىل ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرى بولسا بۇ قەدىمىي دىيارنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىدۇر.

قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ستېرئولۇق كۆۋرۈكى بولغان بۇ ماكاندا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، گرېك، رىم مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيەتلىرى بىر نۇقتىغا مۇجەسسەملىنىپ ۋە يۇغۇرۇلۇپ، بۇ كۆپ مىللەتلىك جايىنى كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل يېزىق، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقادلىق ئارىلاشما مەدەنىيەت رايونىغا ئايلاندۇرغان.

دۇنيادىكى ئالتە تىل سىستېمىسىنىڭ ئۈچىسىنىڭ مۇشۇ يەردە يىلتىزلانغانلىقى، 30 نەچچە خىل تىل ۋە 20 گە يېقىن

يېزىقىنىڭ مۇشۇ جايدا شەكىللەنگەن ۋە ئىشلىتىلگەنلىكى، نۇرغۇن دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ مۇشۇ جايدا بازار تاپقانلىقلىرى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

بۇ رايوننىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىغا تويۇنغان تىل ـ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمۇ ئەنە شۇنداق ئەۋزەل مۇھىتقا ماس ھالدا تېز تەرەققىي قىلغان. مىلادى VII ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتنىڭ ئىزنالىرى بولغان مەڭگۈ تاشلار، XI ئەسىردىكى يىتۈك ئابىدە ــ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، XV ئەسىردىكى ناۋائىيدىن قالغان تەڭداشسىز تەۋەرۈكلەر يازما ئەدەبىياتنىڭ سەۋىيە پەللىسىنى دېرەكلەپ تۇرسا، «ماناس»، «جاڭغىر»، «ئوغۇزنامە» لەرنى نامايەندە قىلغان مول ۋە رەڭدار ئېغىز ئەدەبىياتى دۇردانىلىرى جاھان ئەھلىنىڭ كۆزىنى لال قىلغانىدى. ئۇزاق تارىخنىڭ مۇشكۇل سەپەرلىرىدە مەنىۋى ئوزۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئۆزىنى روھلاندۇرۇپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك بايلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك مەزمۇنى بىلەن ناھايىتى زور تەتقىقات قىممىتىگىمۇ ئىگە.

ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى بۇ تەتقىقات ساھەسىدە جاپالىق ئىزدىنىپ خۇشاللىنارلىق ھاسىلاتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پايدىلىق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتكە مۇۋەپپەق بولغان ئىلىم ساھەسى ئەڭ مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇملىدىن، قۇرۇلغىنىغا 77 يىل بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كەسپلىرىدە شۇغۇللانغان ئۇستازلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ

ئەدەبىيات كەسپىنى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق كەسىپ، دۆلەتنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» دىكى نۇقتىلىق كەسىپ ۋە دوكتور، ئاسپىرانتلارنى تەربىيىلەش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىشى بۇ ساھەدىكى تەتقىقات قوشۇنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، تەتقىقاتنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مانا مۇشۇ تەتقىقات سەھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدۇر.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر مەزكۇر ئىنستىتۇتتىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى تەتقىقاتى بىلەنلا چەكلەنگەن. ۋاقىتنىڭ قىسلىقى ۋە سەھىپىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلى، يەنە ئاز بولمىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك تاللانمىلارنىڭ توپلامنىڭ سىرتىدا قالغان بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆزلىرىنىڭ كۆمۈلمەس تۆھپىلىرى بىلەن بۇ تەتقىقات ساھىلىگە ئۇل سالغان مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن خۇدابەردى، شىيادىڭگۈەن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، تۇردى ئەخمەت، ئابدۇرېشىت ئىسلامى قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ روھى شاگىرتلىرىنىڭ بۇ نەتىجىلىرىدىن ئەلۋەتتە خوش بولىدۇ.

بىرقانچە فاكۇلتېت ۋە تەتقىقات مەركەزلىرى ئاساسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ھازىر 241 ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ، بۇ قوشۇن 20 پروفېسسور، 81 دوتسېنت، 100 لېكتور، 24 ئاسسىستېنتتىن تەشكىللەنگەن. كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى بۇ قوشۇنغا ئېلىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇپ تەربىيىلىنىپ كەلگەن 6 دوكتور، 46 ماگىستىر يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى. بۇ قوشۇن بىر دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى، 7 ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسىنى

مەركەز قىلىپ، 11 تولۇق كۇرس كەسپى بويىچە 5 دوكتورانت، 77 ماگىستىر ئاسپىرانت، 1800 تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى ۋە 50 نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىمەكتە. ئۇلار XXI ئەسىرگە مۇناسىپ روھىي قىياپەت، غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچلۈك تەسىرى بار، ئىسمى جىسمىغا لايىق نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بىز ئۇلارنىڭ بىزگە تەقدىم قىلغان بۇ سوۋغىتىدىن ئۇلارنىڭ ئەتىكى نەتىجىلىرىنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىدىن تولۇق ئۈمىدلىنىمىز.

2001. 5. 22

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .................. ئازاد سۇلتان(1)

1. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى .................. ئازاد سۇلتان(1)

2. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى، ئۇلۇغ ھېكىم —
ئىبن سىنا .................. ئابدۇكېرىم رەھمان(38)

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر
توغرىسىدا .................. راززاق مەتنىياز(69)

4. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ لەتى-
پىلىرى توغرىسىدا.................. تۇرسۇن قۇربان(87)

5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر
ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........ خالىق نىياز(116)

6. تاجىك تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى
ھالىتى .................. شېرىن قۇربان(128)

7. قۇچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى تەرجىمە پائالىيەتلىرى
توغرىسىدا .................. ئەھمەد يەھيا(151)

8. شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە
ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ...... ئارسلان ئابدۇللا(167)

9. سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىرى
توغرىسىدا .................. كۇرەش مەھمۇدجان(189)

10. مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ۋە «سىدىقنامە»
.............................. ئابلىمىت ئەھەد(210)

11. ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سىمۋوللۇق سۆزلەر
ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى .............. پەرىدە هامۇت(228)
12. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە
يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش
.............................. غەيرەتجان ئوسمان(245)
13. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سان كاتېگورىيىسى
توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ......... بۇھەيرا ئابلەت(271)
14. ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تىياتىرچىلىقى ھەققىدە
ئىزدىنىش .................. مۇھەممەد ئەيسا(286)
15. ئابدۇللا ھاپىز ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى
ھەققىدە ............... ئەنەيتۇللا قۇربان(304)
16. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىئومىلار توغرىسىدا..........
........................... يارى ئەبەيدۇللا(324)
17. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پائۇزا قۇرۇلمى-
لىرى توغرىسىدا ................ رەيھان ھوشۇر(348)
18. سېيت ھاجىدىن نىياز ھېكىمبەگكىچە ..........
......................... ئابدۇللا مەتقۇربان(365)
19. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق -
قەبىلىلىرى ............. تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت(390)
20. ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىت ۋە
توتېم ئېڭى............ ئەسەت سۇلايمان(406)
21. خەمسە ۋە ئەلىشىر ناۋائىنىڭ «خەمسە» نى يېزىشقا
دائىر مەسىلىلەر.............. ئەشرەپ ئابدۇللا(429)
22. قاراخانىلار دۆلىتىدە پۈتۈكچىلىك ئىلمى ........
........................ تۇرسۇن قۇربان (كەلپىن)(457)
23. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش
جەريانى ................ ئابدۇرېھىم راخمان(479)

24. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە
ئىپادىلەنگەن ئىستېتىك ئالاھىدىلىكلەر
قەلبىنۇر مۇھەممەد (515) ..................................
25. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سىناق موتىفى
ۋە قىرانلىق ئېڭى ................ مېھراي مەمتىلى (533)
26. مەمتىمىن ھوشۇر پروزىسىنىڭ بايان شەكلى ۋە
پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى .........................
ئابدۇسالام ئابدۇشۇكۇر (545) ..................................

# 目　录

**序言** …………………………………… 阿扎提·苏里坦(1)

20世纪维吾尔文学概述 …………………… 阿扎提·苏里坦(1)
丝路文化的骄傲——伟大的医学家伊本·西纳
…………………………………… 阿不都克里木·热合曼(38)
论维吾尔语中的正反表达形式 ……… 热扎克·买提尼牙孜(69)
论维吾尔族哲人及其笑话 ………………… 吐尔逊·库尔班(87)
现代维吾尔语中的混合词初探…………… 哈力克·尼亚孜(116)
论塔吉克语的历史发展及现状……………… 西仁·库尔班(128)
高昌亦都护时期的翻译活动综述……… 艾合迈德·叶海亚(151)
论新疆地名的特点及其历史文化含义
…………………………………… 阿尔斯兰·阿不都拉(167)
诡辨及其在维吾尔语中的表现形式
…………………………………… 库热西·马合木提江(189)
穆罕默德·德迪克·喇西迪及其《斯迪克书》
…………………………………… 阿不利米提·艾海提(210)
论维吾尔语中的部分象征词及其含义
…………………………………………… 帕丽达·阿木提(228)

论维吾尔古典文学中的争辩式作品
…………………………………… 海热提江·乌斯曼(246)
古代维吾尔语数词范畴探析………… 布海热·阿布来提(271)
维吾尔古代戏剧论谈…………………… 穆罕默德·艾沙(286)
阿布都拉·哈菲兹及其文学创作
…………………………………… 艾乃吐拉·库尔班(304)
维吾尔语成语论析……………………… 亚热·艾拜都拉(324)
论现代维吾尔语的语调结构……………… 热依汗·乌守尔(348)
从赛依提·阿吉到尼亚孜·艾克木伯克
………………………………… 阿不都拉·买提库尔班(365)
论古代突厥语部族和姓氏………………… 吐尔逊·沙吾提(390)
论艾特玛托夫作品中的神话及图腾意识
…………………………………… 艾赛提·苏来曼(406)
浅论"海米塞"及纳瓦依的"海米塞"之创作
………………………………… 艾西来甫·阿不都拉(429)
论维吾尔喀喇汗王朝的文书学
………………………………… 吐尔松·库尔班(柯坪)(457)
现代维吾尔语的形成过程………… 阿布都热衣木·热合曼(479)
论维吾尔民间神话传说中的美学特征
………………………………… 凯利毕努尔·买买提(516)
维吾尔民间文学中的考验母题及壮年意识
………………………………… 米合拉依·买买提艾里(533)
买买提明小说叙述形式以及人物的内心世界
………………………… 阿不都萨拉木·阿不都许库尔(545)

# 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## ئازاد سۇلتان[1]



ئالاھەزەل بىرەر يۈز يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئىگە 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىچكى ئىزچىللىق جەھەتتىن، مول جوغلانمىغا ئىگە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە تەبىئىي راۋاجى بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن ۋە شەكلەن خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بىزگە ئايانكى، ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى شەكىللىنىشتە ۋە تەرەققىي قىلىشتا شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى، خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋە

---

① ئازاد سۇلتان: پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى، خەلقئارادىكى زامانىۋىلىقنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات دولقۇنى، خەلقنىڭ دېموكراتىك تەلەپلىرىنىڭ ئۆلغىيىشى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق ئامىللار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە يېڭى بىر دەۋرگە خاس ئەدەبىياتنى تەدرىجىي روياپقا چىقاردى.

ئەگەر بىز ئۆز نەزەرىمىزنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرنىڭ سەل ئالدىغىراق تاشلايدىغان بولساق، ئارزۇ - ئارمان ۋە غايىۋى مەنزىللەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان رومانتىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي سۇسلىشىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. تاشقى جەھەتتە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇداخىلىچىلىكلىرى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ئىچكى جەھەتتە بولسا ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ پاناھىدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ قاتمۇقات زۇلۇملىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇردى. بۇ ئالاھىدە دەۋر ئەدەبىياتقا رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىپ، كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرۇشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى يۈكلىدى.

پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئىنقىلاب بورىنىنىڭ شەپىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغىمۇ يېتىپ كەلگەندە بولسا دەۋر ئۆزگىرىشلىرىنى بايقىيالىغۇدەك سەزگۈگە، خەلقنىڭ دەردىگە يېتەلىگۈدەك ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار، ئەدىبلەر

قەلەمنى قورال، ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇللا ھاپىز، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئارۇپ قاسىمى قاتارلىق بالدۇر ئويغانغان مەشئەلچىلەر تېما ۋە مەزمۇندا، كەيپىيات ۋە ئاھاڭدا، تىل ۋە شەكىلدە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاراقلىرىنى ئاچتى.

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىنىڭ بويىندىن خارلىق كىشەن - زەنجىرىنى،
گەر خارابكەن ئول ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۈن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى، قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ يۈرەك ئىزھارى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا:

گاھى ئوخشارمەن مۇھەببەت ئاتلاسىدا بىر كېپىنەكگە،
تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب.
بىر چۆكۈپ بىر چىقىمەن، تۇنجۇقۇپ بىر تىنىمەن،
كۆرۈنەر ساھىل قاچان، دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ.
جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،
ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب[1].

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى

---

[1] ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» شېئىرىدىن.

ئىزدىنىشلىرىنى ئىزھارلىغان. گەرچە ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە كۈرەشنى قانداق قانات يايدۇرۇش، غەلىبىنى قانداق يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنىڭ توغرا لايىھىسىنى، يەنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالدى بىلەن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. گەرچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلار تېخى ئاڭلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى بولۇپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ نېمە قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تېپىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تىرىشقانلىقىنى، ئىلغار نەزەرىيىنىڭ يېتەكلىشىگە بولغان تەشنالىق ئۇلارنى ماركسىزم ھەقىقەتلىرى، لېنىننىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغانلىقىنى كۆرستىمدۇ:

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
ئۇنىڭكى خوش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماقىمدىن،
ئىزلىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن ـ روجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىمدە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.

دېمەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، دەل ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شەكىللىنىۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بالدۇر ئويغانغان مەشئەلچىلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە باشلىغان بولۇپ، شەيئىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بىلەن كۆزىتىپ، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايىۋى مەنزىللەرنى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رومانتىزملىق خاھىشنى ئەمەس، رېئاللىقنى يورۇتۇپ نامۇۋاپىق مەۋجۇدىيەتلەرنى پاش

قىلمىدىغان، ئەنكار قىلمىدىغان تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى تاللىــۋالدى. دەل مۇشۇ نۇقتىا ھازىرقــى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابدۇقادىر داموللىنىــــڭ «مۇتالىئە ھىدايەت»، «ئاقائىــد زۆرۈرىيە»، ئابدۇخالــــق ئۇيغۇرنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئايلىناي»، «كۆردۈم»، «زۇلۇمغا قارشى»، «ئۆزۈلمەس ئۈمىد»، «مۇزلىدى»، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «مۇشائىرە»، «مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەزىزى كاشغەرىنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە» قاتارلىق شېئىر ـ نەسىرلىرى، شۇنىڭدەك ئابدۇرېھىم ھاجى، ناسىرھا ئىمىن، ئابدۇللا ھاپىز، ئارۇپ قاسىمى قاتارلــق شائىرلارنىڭ بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى نۇرمەھەممەت زاماننىڭ «... كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزۈندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زاماندىن ۋە زالــم ھۆكۈمرانلارنــىڭ زۇلۇمىدىن زارلاش، رېئاللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، نارازىلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتلىرى بۇ دەۋرگە (ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرى) كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئىــللەتلەرنــى بىۋاسىتىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلىپ، تەنقىدىي رېئالىزم يولىغا يۈزلەندى»[1] دېگەن يەكۈنىنىڭ ئاساسلىرى بولالايدۇ. مانا مۇشۇنداق رېئالىزملىق روھ گويا بىر مەشئەل كەبى يالقۇنجاپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ گۈللىنىشــگــچە بولغان پۈتكۈل

---

[1] نۇرمەھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى.

تەرەققىيات جەريانىنى يورۇتۇپ كەلدى. زۇلۇم كۈچىيىۋاتقان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئوتىمۇ ئۇلغىيىۋاتقان يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىلىرى ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بېرى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئەزگەن، خورلىغان زومىگەرلەرنى لەنەتلەپ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنىڭ بۆشۈكى، هامىيسى بولغان ئەكسىيەتچىل جەمئىيەتنى، چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمىنى سۆكتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا خەلقنى كۈرەشكە چاقىرىپ، ئادەمخور تۈزۈمنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى. دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بۇ خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر بىردەك هالدا ئالدى بىلەن خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدا ئالاهىدە شەرهلەشكە توغرا كېلىدىغىنى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىپادىلىگەن ئويغىنىش ئېڭىدۇر.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «غەزەپ ۋە زار» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئەي پەلەك بۇ دەهشىتىڭدىن ئىنتىها بىزارىمەن،
ئىزلىرىم كۆپ، تاپمىدىم بىر دەردىمە هېچ دارىمەن.
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاه ئۆلۈپ، گاه تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.
بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان بېغىم باهارى گۈلىنى،
هەر سەهەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن،
پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر ـ جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ هاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ ـ سەهرا ئىچرە قالدىم نەئىلاج،
ئاه، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.
سۆغا تەشنا بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت يېرى،

مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش قايىنام بولۇپ ياتارىمەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقىدا چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.
ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن؟

قاراڭغۇ جاھالەتتىن قاتتىق بىزار بولۇپ نادانلىق، روھىي قاششاقلىق، خۇراپاتلىقنىڭ خەلقنىڭ بوينىغىلا ئەمەس، روھىغىمۇ كىشەن بولۇپ سېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەنگەن بۇ شېئىردا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان «ئۇيغۇرۇم» شېئىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللەتنىڭ ئېڭىدىكى ئىللەتلەرنى خېلى چوڭقۇر قازدى. مەنىۋى كورلۇقتىن، قاششاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى تونۇيالمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئىززىتى ـ قىممىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئىللەتلەر تۈزەلمىسە خارابلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك زۇلۇم ۋە خورلۇقتىنمۇ خالاس بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شائىر «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدە ئېلىمىزنىڭ ئېكى ئويغاق مەشئەلچىلىرى كۆتۈرۈپ چىققان ئىلىم ـ پەن مەشئىلىنى قولىغا ئېلىپ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق خەلقنى ئۇيغىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلارنىڭ تەشەببۇسى ناھايىتى تېزلىك بىلەن مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «نەسىھەتى ئاما» (ئابدۇقادىر داموللا)، «غەزەللەر» (ئەخمىدى)، «ئوقۇدى ـ ئاشتى •••»، «بىز مۇئەللىم» (تەۋپىق)، «بىلىم ئىشقىدا» (نىم شېھىت)

قاتارلىق ئەسەرلەر ئەينى يىللاردىلا ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەسىرىنى، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كەلمەكتە.

شۇ قاتاردا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم تېمىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شائىر نىم شېھىت ئۆزىنىڭ «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق شېئىرىدا:

بۈيۈك جۇڭگو سېنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىڭ بار،
كۈمۈش سۇلار، ئالتۇن تاغلار ھەددىسىز ئورمان باغلىرىڭ بار،
تۈرلۈك مەدەن، نېفىت، كۆمۈر ھېچ تۈگىمەس بايلىقىڭ بار،
يەر شارىنى تويغۇزغۇدەك كەڭرى مۇنبەت تۇپرىقىڭ بار.

دەپ يېزىپ ۋەتەن ئانىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ. شېئىرنىڭ داۋامىدا بولسا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە تاڭغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ، ئەيىبلەيدۇ ۋە خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى قوغداش جەڭلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ؛ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىزھار قىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ياپونغا قارشى ئۇرۇش يىللىرىدا پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئاساسلىق مېلودىيىگە جور بولۇپ، ئەڭ ياڭراق ناخشىلارنى ياڭراتتى. ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «جۇڭگو» ناملىق چاچما شېئىرىدا قەلبىگە پاتمايۋاتقان قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپ، ئارقا سەپتە

تۇرغان شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق داستانىدا، «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىيەتونىدا ۋە «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق نەسىرلىرىدىمۇ ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەسلىكى، دەخىل ـ تەرۇزسىزلىكى، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش ھەربىر گىراژدانىنىڭ پەرزى ھەم قەرزى ئىكەنلىكى ئاجايىپ گۈزەل تىل، يارقىن بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇلغان. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئانىجان ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا ئەيلەپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقى، ئاخىرقى غەلىبە جەزمەن ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت، ۋەتەننى سۆيۈش مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر 30 ـ يىللاردا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە ئاساسەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلدى. بۇ ھەقتە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار ئاز ئەمەس. بۇ چاغلاردا ئەدەبىياتىمىزغا ئەمدىلا كىرىشكە باشلىغان ياكى يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان يېڭى ژانىر، يېڭى شەكىللەردىمۇ بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر يېزىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭراق بولغانلىرىغا ل. مۇتەللىپنىڭ «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» فىلىيەتونى، شۇكۇر يالقىنىنىڭ «شاڭخەي كېچىسى» دىرامىسى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «شانلىق قۇربان» ھېكايىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كەلگىنىدىن تارتىپلا دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە، تۇرمۇشنىڭ قەدەملىرىگە ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا يۈزلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن،

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھالەتلىك يىللاردىكى ئاققان قانلارنى، تۆكۈلگەن ياشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. زۇلۇم قامچىسى ئاستىدا ئىڭرىغان مەزلۇملارنىڭ نالە - پەريادلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. خورلۇقتا، ئېزىلىشكە سۈكۈت قىلالمىغان ئىسيانكار قەھرىمانلارنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆكرەك كېرىپ كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىنى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىدىن ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ شان - زەپەرلىرىدىن ئىلھاملانغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاب بورىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى، خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى، دەۋرنىڭ ھەربىر قەدىمى، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تىنىق - نەپەسى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆز ئىنكاسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزگە ئاساسەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى دەپ ئەدەبىياتنىڭ دەۋرگە ياندىشىشى، تۇرمۇشقا يۈزلىنىشى، كۈرەشكە جور بولۇشى، يەنى جەڭگىۋارلىشىشى، رېئالىزملىق روھىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىمىز.

ئالاھىدىلىكنىڭ ئىككىنچىسى، مۇقىملاشقان ۋە خېلى كەڭ يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەشكىللەنگەنلىكىدۇر. بۇ قوشۇندا ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق بايراقدارلارغا ئەگەشكەن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلار بار. ئەگەر بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇللا روزى، ئەخمەت زىيائى، نىم شېھىتلارنى ئىككىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنى ئۈچىنچى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى دەپ ھېسابلايمىز. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ياش - قۇرامى، سىنىپىي كېلىپ چىقىشى، تەربىيىلىنىشى، ئەدەبىياتتىكى ئۇسلۇبى قاتارلىقلار پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى

ۋە تەھلىل قىلىشى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى، تەشەببۇسلىرى ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، خەلقچىللىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، زۇلۇمغا سوكۇت قىلماسلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ ئورتاقلىقى ئارقىلىق ئىلغار ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۇنى بەرپا قىلىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

بۇ يازغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەلنىڭ غېمىنى يەپ ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيدى، سۈيىدە ئاقتى. ئالدى بىلەن جەڭچى ئاندىن ئەدىب بولدى. ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى پىدا قىلدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلار دۈشمەننىڭ قىلىچ ـ جادۇسى ئاستىدا، تۈرمە ـ زىندانلىرىدا ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئوغلانلىرى بىلەن شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغۋاردۇر.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان باسقۇچىغا كىرگەندە ژانىر ۋە تۈرلەر جەھەتتىن تەدرىجىي بېيىپ مۇكەممەللىشىپ باردى. ئەنئەنىۋى شېئىر شەكىللىرىگە چاچما شەكىل ۋە باشقا يېڭى شەكىللەر قوشۇلدى. 30 ـ يىللاردا رېئالىستىك پروزا ئالايىتەن ژانىر سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى. دىرامىچىلىق تەرەققىي قىلىپ دراماتورگىيە ژانىرىمۇ قاتارغا قېتىلدى. نەسرىي شېئىر، لىرىك نەسىر، فېلىيەتون قاتارلىق تۈر ۋە شەكىللەردىكى يېڭى نەتىجىلەر نەسىر ژانىرىنى بېيىتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى ل. مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىر، فېلىيەتون، نەسرىي شېئىر جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان «جۇڭگو»، «يانار تاغلار»

قاتارلىق چاچما شېئىرلىرى، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق نەسرىي شېئىرى، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» فىلىيەتونى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ژانىر ۋە تۈرلىرى ئۈچۈن ئۈلگە بولغان بولسا، زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» ۋە «گۈلنىسا» ناملىق دراملىرى، «ماغدۇر كەتكەندە»، «رودۇپاي» ناملىق ھېكايىلىرى دراما ۋە پروزا ژانىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى بېيىتىپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە خېلى كۆپ ياخشى ئەسەرلەر يېزىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىگە ياندىشتى ۋە ئۇلارنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈردى.

دەرۋەقە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بولۇپمۇ بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى سان جەھەتتىن، شۇنداقلا سۈپەت جەھەتتىن ئۇنچىۋالا كۆپ ۋە يۇقىرى ئەمەس، لېكىن بىز بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتقا ئەمەلىيەتتىن چىقىپ تۇرۇپ باھا بېرىدىغان بولساق، يەنە ئەينى دەۋردىكى خەلقنى نادان تۇتۇپ، غەپلەت بۆشۈكىدە ياتقۇزۇپ باشقۇرۇش سىياسىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى، شۇنىڭدەك بىرەر قەرەللىك ئەدەبىي ژۇرنال، ياكى مۇقىم نەشرىيات ئەپكارلىرى قۇرۇلمىغان ۋە بۇنداق مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلغۇدەك ئىقتىسادىي ئاساس بولمىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، يەنە شۇنىڭدەك بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك رولىنىمۇ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئۆز ئەدەبىياتىمىزدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز ۋە ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇزاق قاراڭغۇ تۈنلەرنىڭ داۋامى بولغان ئالدىنقى يېرىم ئەسىردە ·ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت ھەرقانداق شەكىلدىكى تەرەققىياتقا

پۈتلىكاشاڭ بولۇپ ۋە ئىلغارلىقنى بوغۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەدرىجىي يوسۇندا شەكىللەندى، تەرەققىي قىلدى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ۋە خەلق بىلەن جىپسىلاشتى. ئۇنىڭ بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ قەدەملىرىگە جور بولۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك نەتىجىلىرى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ تارىخىي بۇرۇلۇش ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. 20 - ئەسىر جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ھاسىلاتلارغا ئىگە بولدى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، ئىجادىيەتنىڭ رەڭدارلىققا يۈزلىنىشى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپەت - ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئېشىشى، كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىقلار قولغا كەلگەن نەتىجىلەر جۇملىسىدىندۇر.

دەرۋەقە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي داۋالغۇشلار ۋە ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن خالى ھالدا تۈز سىزىق بويىچە بىر تەكشىلىكتە بولغان ئەمەس. ئەگەر بىز دىققىتىمىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى تەرەققىيات جەريانىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى جۇغلاش بىلەن بىرگە ئاچچىق ساۋاقلارغىمۇ ئىگە بولغانلىقىنى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن رەڭدارلىققا ئۆزگىرىپ ماڭغانلىقىنى، ھادىسىۋى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىر خىللاشقان زېرىكىشلىك بايانلىرىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇقلىرىغا شۇڭغۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈمىز. شۇ نەرسە ئېنىقكى، زۇنۇن قادىرى ۋە تېيىپجان ئېلىيوپلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزغا ئۇل سالغاندى. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئەدىبلىرىمىز ئىزچىل تۇردە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ماسلىشىپ، ئوتلۇق ھېسسىياتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى يازدى. زۇلۇمدىن قۇتۇلغان، يەرگە ئېرىشكەن دېھقانلارنىڭ ئۆز نىجادكارلىرى بولغان داھىغا، كومپارتىيىگە ۋە ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان مۇھەببەتلىك سېزىملىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەينى مەزگىلدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ يېڭى تۇرمۇشى، كەيپىياتى، يېڭىچە ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تەسۋىرلىدى. پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىسىدە كونا جەمئىيەتتە ياتلاشقان، بىكار تەلەت مەتنىيازنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزگىرىپ كېرەكلىك ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنى مەدھىيىلىگەن بولسا، پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ «يىراقتىن خەت» ناملىق داستانىدا دېھقانلارنىڭ رېئال

تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلەك ۋە ئىنتىلىشلىرىنى يورۇتتى. ئەلقەم ئەختەم بولسا «سائادەتخان» ناملىق داستانىدا شېئىرىي ئوبراز سائادەتخان ئارقىلىق ئاياللارنىڭ فېئودالىق تۈزۈم تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن، خورلانغان قىسمەتلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئابلىز نازىرى «خۇاڭخې دولقۇنى» ناملىق شېئىرىدا خۇاڭخې دەرياسىنى جۇڭگو خەلقىگە سىمۋول قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلىدى. پېشقەدەم يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست ھېسابلىنىدىغان «سىناق» ناملىق پوۋېستىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىكى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ «مەتباقى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن تونۇلغان تالانتلىق يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدى «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ساراڭ ساقايدى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەردى.

1956 ـ يىلى ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي ياقتىن تاماملىنىشى ۋە ئېلىمىزدىكى سىنىپلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى ئېلىمىز ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. يەنى كەڭ كۆلەملىك، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ئاساسەن تاماملىنىپ، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇجەسسەملەندى. 1956 ـ يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ «ئېچىلىش ـ سايراش» فاڭجېنى ئەمەلىيەتتە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قويۇۋاتقان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەندى. سەنئەت دېموكراتىيىسى كەڭ يولغا قويۇلغان بۇ

يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت جانلاندى. ئەدىبلەر قوشۇنى زورايدى. ياش شائىرلاردىن مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇسالام توختى، رەخىم قاسىم، مىركامىل ياقۇپ، مىرزاھىد كېرىم، مەمتىلى زۇنۇن، ياش يازغۇچىلاردىن قەييۇم تۇردى، مالىك كېۋىر، ئەخەت ھاشىم قاتارلىقلار ئىجادىيەت سېپىگە يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلدى. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى»، مۆمىن سەپىرىنىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنېت»، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق چۈشكەن پايىدا» قاتارلىق ساتىرالىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىمۇ، مۇشۇ مەزگىلدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، ياخشى نىيەتتە يېزىلغان توغرا پىكىرلىك بۇ ئەسەرلەر كۆتۈلمىگەندە ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرىدى. 1957 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەت»، 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش»لەرنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى نەتىجىسىدە بۇ ئەسەرلەر ۋە بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر قارىلاندى، ئەسەر ئاپتورلىرى قاتتىق تەنقىد قىلىندى، ئۇلارغا ئۇۋال قىلىندى. نەتىجىدە ئەدىبلىرىمىز رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئالىستىك روھى ئاجىزلاپ كەتتى. بۇ يىللاردا مەتبۇئاتلاردا رېئاللىق بۇرمىلانغان، تۇرمۇش پەردازلاپ كۆرسىتىلگەن، چوڭ سۆزلەش، مۇبالىغە قىلىش شامىلىغا ماسلاشقان خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى.

يولداش جۇئېنلەي 1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە ھېكايە فىلىم ئىجادىيەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ۋە 1962 ـ يىلى بېيجىڭدىكى جىڭجۇي، ئوپېرا، بالىلار تىياتىرى ئىجادىيىتى بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارغا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، يولداش چېن يى شۇ يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان كومېدىيە، ئوپېرا، باللار تىياتىرى ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق ئازاد قىلىش، «ئېچىلىش - سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «تارىم قىزى» (نىم شېھىت)، «دېھقان ئاتا» (قۇربان بارات)، «باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم)، «جەننەت نەدە دېسەڭلەر» (ئابدۇكېرىم خوجا)، «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» (رەخىم قاسىم)، «ماخودىن ئاۋاز» (ئىبراھىم ھەمدۇل) قاتارلىق شېئىرلار ۋە شۇنىڭدەك «خالتا كوچىدىن يانغاندا» (ئەرشىدىن تاتلىق)، «قىزىل يۇلتۇزلۇق شەپكە» (قەييۇم تۇردى)، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» (ئەخەت تۇردى)، «يېزا لاچىنى» (ئابلىمىت سابىر)، «ئىشچى بولۇپ يېتىلدىم» (ئابلىمىت ھاجى)، «ئاغزامباي» (توختاخۇن ناسىر)، «يېڭى ئۆيگە كۆچۈش» (ئابلا ئەخمىدى) قاتارلىق ھېكايە، ئوچېرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى قايتىدىن جانلىنىشىنى دېرەكلەپ بەردى. بىراق 1962 - يىلىدىن، بولۇپمۇ 1963 - يىلىدىن باشلاپ «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن سىياسىي شۇئارغا ماسلاشقان ئەسەرلەر كۆپىيىپ كەتتى. بۇلار بىر خىل سىياسىي

نەزەرىيىسىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، رامكا ۋە قېلىپلار بىلەن قاتتىق چۈشەلگەنىدى. ئىجادىيەتتىكى بۇ ھادىسە داۋاملىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ پىپەن ھەرىكەتلىرىگە ئۇلاندى. ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھى بوغۇلغان ناچار كەيپىيات بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

16 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلىگەندە نەتىجىلىرىمىز توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەملەر ۋە ياشلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئەدىبتىن تەشكىللەنگەن خېلى زور بىر قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 40 قا يېقىنلىشىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەنە خېلى كەڭ سەھىپىسى بار ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «تارىم» ژۇرنىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان ئىككى نەشرىياتتىن تەركىب تاپقان ئىجادىيەت سەھنىسىگە ئىگە بولدى.

شېئىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايىلەردىن باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز تەدرىجىي ھالدا درامىلار، فىلىيەتونلار، كىنو سېنارىيىلىرى، ئوچېرىكلار ھەتتا پوۋېستلار (گەرچە بىر پارچە بولسىمۇ) دىن ئىبارەت خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىپ باردى. بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىلىرى، بەختىيار تۇرمۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى. گەرچە نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر، كونكرېت

رامكىلار بار بولسىمۇ، ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا ۋە تۇرمۇشقا سادىق ۋىجدانى بىلەن يېزىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا، مۇھەببەت تېمىسىدا، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسىدا، ئەمگەك تېمىسىدا، بالىلار تېمىسىدا بىر قەدەم ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇلار بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەرگە، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى، شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات كۆز قارىشىدۇر. ئەينى يىللاردىكى ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغان ئەدەبىيات كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

سىياسىي لۇشيەنگە بويسۇنۇش، سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋەلىك كۆز قارىشى، دەسلەپكى سوتسىيالىستىك رېئالىزم، كېيىنكى ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى قارىشى، تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلاردىن ئىبارەت پرىنسىپ بويىچە يېڭى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەركەز قىلىنغان پېرسوناژلار قارىشى، ئومۇملۇق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنىڭ توقۇنۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىشتەك باش تېما قارىشى قاتارلىقلار.

يېڭىدىن شەكىللەنگەن يۇقىرىقى ئەدەبىيات قاراشلىرى پۈتكۈل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىرلىككە ئىگە ئىدى. بۇ ئەدەبىيات قاراشلىرى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سىياسىي پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇپ قالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تارىخىي غەلىبە ۋە يېڭىچە ئىجتىمائىي رېئاللىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بۇ رېئاللىق ئالدىدا يازغۇچىلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يېڭىچە قاراش بىلەن كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش لازىم دەپ ھېس قىلىشتى. ئۇلار، ئىجادىيەتنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ پروزا ئىجادىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك زور ئىجتىمائىي تېمىلار يېزىلدى. رېئال تۇرمۇشتىكى زور سىياسىي ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بەزى ئەسەرلەر تېمىنى بىۋاسىتە سىياسىيدىن ئالدى. بەزى يازغۇچىلار توختىماي ھەرىكەتكە، سىياسەتكە ۋە مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەنلا بولدى.

ئىجادىيەتتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، زور ئىجتىمائىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە زىچ ماسلىشىش ۋە ئۇلارنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش، قويۇق سىياسىي رەڭ قاتارلىقلار ئاشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇملۇققا ئىگە ئالاھىدىلىكى بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا پېرسوناژلارنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق، روشەنلىكى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاددىيلىقى دېگەنلەرمۇ بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

دەرۋەقە، 16 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر تۈركۈم خاراكتېرى روشەن، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەسەرلەر بىۋاسىتە ھالدا سىنىپلارنى تەھلىل قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى خۇلاسىنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ تەييار ئۆرنىكى قىلىۋالدى. سىنىپىي خۇسۇسىيەتلەر پېرسوناژلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ئۇنداق ئەمەسكەن، ئەمىسە چوقۇم

مۇنداق» دەيدىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئادەملەرگە كېلىپ مۇجەسسەملىشىدىغان جەمئىيەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، رېئاللىقنىڭ، تارىخنىڭ، ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملارنىڭ مۇرەككەپ تەسىرلىرىگە سەل قارالدى. روھىي دۇنيانى تەسۋىرلەشكە سەل قارالدى. ئىجادىيەت ئاستا ـ ئاستا قېلىپلىشىش، ئاددىيلىشىشقا يۈزلەندى. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. ھەل بولۇش تۈگۈل «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاتاللىشىشى ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىللىق روقلىنىش خۇسۇسىيىتى بىلەن بارغانسېرى زىتلاشتى. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىۋەرگەچكە، ئەدەبىيات بارغانسېرى ئۆز پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ ئەدەبىياتقا ئوخشىماي قېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئورنىنى يوقاتقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا كەلگەندە چېكىگە يېتىپ، ئەدەبىياتىمىزدا مىسلىسىز بوھران يۈز بەردى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ دۆلەتكە ئاپەت، خەلققە بالا كەلتۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان كىتاب ـ ژۇرناللار كۆيدۈرۈلدى. ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى بولغان يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز تۇتقۇن قىلىندى، سۈرگۈن قىلىندى.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خۇددى باشقا مىللەت ئەدىبلىرىگە ئوخشاش ئېغىر كۈنلەرگە قالدى. «ئوڭ» ۋە «سول» چىللىق كۈچەيگەن يىللاردا ئۇلار تەنقىدلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن بولسا، ئەمدى ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە

ئۆچرىدى. خۇددى پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ 1973 ـ يىلى يېزىپ ساقلاپ قويۇپ، 1980 ـ يىلى ئېلان قىلغان «كۆرۈۋېدىم چۇشۇمدە بۇلبۇل» ناملىق شېئىرىدا:

كۆرۈۋېدىم چۇشۇمدە بۇلبۇل،
مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر:
«ياخشىلىق بار ساڭىمۇ چوقۇم،
تۇزۇلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر».

بەزى چاغدا ئارام بېرىدۇ،
دەردمەن ئۆچۈن مۇنداق تەسەللىي.
بىراق شۇ كۈنى بىر پېشكەل كېلىدۇ،
سولاپ قويۇشتى سولاش ئۆچۈنلا.

بۇلبۇل كۆرۈپ ھېلىمۇ ياخشى،
ئېلىنىپتىمەن سولاقتا ـ بەنتكە.
ھۆپۈپ كۆرگەن بولسام چۇشۇمدە،
كېتىدىكەنمەن ئۇدۇل لەھەتكە.

دەپ يازغىنىدەك ئەدىبلىرىمىز يېزىش ھوقۇقىدىنلا ئەمەس، ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولغانىدى. چۈنكى، لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتەك قارا نىيىتىگە يېتىش ئۆچۈن، ئالدى بىلەن قارا قولىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە تىققانىدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بارلىق قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، ئىجادىيەتنىڭ ئىلغار تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىق، كۆز بوياش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» نى يولغا قويدى. بىراق، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق

سەھىپىلىرىدە جۇلالىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئىنسان ھاياتى زۆرۈرىيەت ئامىللىرىدىن بولغان ھاۋا، سۇ، قۇياش نۇرى قاتارىدا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ كېلىۋاتقان تۇرسا، بىر ئوچۇم قارا قولنىڭ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ياش يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «پۇل» ناملىق ھېكايىسىنىڭ، يازغۇچى مەھمۇت ئىلياسنىڭ «مۇھەببەت لوگىكىسى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ، شۇنداقلا بەلگىلىك قىممىتى بار خېلى نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ دەل مۇشۇ مۇدھىش يىللاردا ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا قول يازما شەكلىدە تارقىلىشى، خاتىرە شەكلىدە ساقلىنىپ پۇرسەت كەلگەندە يورۇقلۇققا چىقىشلىرى، يۇقىرىدا بىز شەرھلىگەن ئەدەبىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلىرىدۇر.

1976 - يىلى باھاردا تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن شېئىر ئىجادىيەت ھەرىكىتى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بىر باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يوقىتىلىشى بىلەن نەچچە گەز قېلىنلىقتا توڭلاپ كەتكەن مۇزلار ئاستا - ئاستا ئېرىپ ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي باھارى يېتىپ كەلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا باشلانغان «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدىغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. خەلقىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇمیۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بىراق، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن

شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان قاششاقلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى. كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش، نادانلىق بىلەن ئىلىم ـ پەن، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق، زامانىۋى ئىقتىساد كۆز قارىشى بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى ئەدەبىيات كۆز قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى، ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تەقەززا قىلدى.

دەل مۇشۇ تەقەززالىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزى ئۇستىدە ئويلىنىشقا، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇرلىدى. دەل مۇشۇ تەقەززالىق تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالايدىغان بىر تۇركۇم پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى. بىر تۇركۇم يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياسىدى. دەل مۇشۇ تەقەززالىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىقاردى.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىپسىلاشتى، يازغۇچىلار سىياسىينىڭ قولى بولىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرگەنلىكى ئۇچۇن، ئۇلار «چەكلەنگەن رايون»لارغا بۆسۈپ كىرىپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى. رېئال تۇرمۇشتىكى ھەممە ساھە، ھەممە تەرەپلەر ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى. چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى زىيالىيلار تېمىسىدا ھېكايە ۋە شېئىرلار، دراممىلار ئەمەس، رومانلارمۇ يېزىلدى. تارىخىي تېما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىچىدىكى چەكلەنگەن رايون ئىدى. قەدىمكى

ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزلىرىمىزغا بېغىشلانغان «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «قاينام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ)، «مەھمۇت قەشقىرى» (پەرھات جىلان)، «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئابدۇراخمان قاھار)، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى) قاتارلىق رومانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى تېمىلاردىكى خىلمۇخىللىقنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، «ئىزدىنىش» (زوردۇن سابىر)، «جىمجىت جۇڭغارىيە» (قەييۇم تۇردى)، «داغ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «بۆرە ئانا» (توختى ئايۇپ)، «لېيىغان بۇلاق» (جالالىدىن بەھرام) قاتارلىق ئەسەرلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۆپرەك ئەمگەك ۋە يۇقىرى دەرىجىدە بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان يىرىك تۈرى — رومانچىلىقتا يۈرۈش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا. بۇ ئەسەرلەر ۋە «ئەلۋىدا كۆز يېشىم»، «يۇرەكتاغ» (مۇھەممەت باغراش)، «قۇملۇقنىڭ چۈشى» (خالىدە ئىسرايىل)، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» (ئەختەم ئۆمەر)، «بۇرۇت ماجىراسى»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» (مەمتىمىن ھوشۇر)، «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك» (نۇرمۇھەممەت توختى)، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» (ئابدۇللا ساۋۇت)، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» (ئالىمجان ئىسمايىل)، «ئۇنتۇمايمەن گۇلسارە» (زوردۇن سابىر) قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تۇرمۇشىنى چىن ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋارلىق، يۈكسەكلىك، تراگېدىيىلىك، يۇمۇر ۋە ساتىرىك تۈسلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى مەھلىيا قىلىپ زوقلاندۇردى، تەپەككۇرىنى قوزغاپ روھلاندۇردى. قىسقىسى، بۇ ئەسەرلەر ساغلام ۋە ئاكتىپ خاھىشى بىلەن كىشىنى روھلاندۇرۇپ

تۇرمۇشنى سۆيۈشكە، ھاياتنى ئۇلۇغلاشقا، ئەنئەنىلىرىمىزدىن ئوزۇقلىنىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئۆزلىرىنى پەيدا قىلغان گۈزەللىك تەسىراتلىرى، ئېستېتىك قىممىتى بىلەن 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى، شۇنىڭدەك 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 ـ يىللاردىكى خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

(1) يېڭى تارىخي باسقۇچتىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە ئالدى بىلەن پوئېزىيىمىزنىڭ پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەشكىللەنگەن خېلى زور شائىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇ مەزگىلدە مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە پېشقەدەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلار بولسا نەزەرىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇن ـ پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتىنى جانلاندۇردى.

(2) بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى، شېئىر ئوبرازى قاتارلىقلاردا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى، ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ ئۆزگىرىشنى بىرىنچى باسقۇچتىكى ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرساق تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئەسكە ئالساق، ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىل ئەگرى ـ توقاي، ئېگىز ـ پەسلىكلەرگە تولغان يىللار بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن جاراڭلىق ناخشىلارنى ياڭرىتىشقا تېگىشلىك يىللار ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز خەلق يارىتىۋاتقان تارىخنى ۋە تارىخ يارىتىۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلىگەنىدى. ۋەتەنگە، پارتىيىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغانىدى. دەۋرنىڭ ئەڭ جاراڭلىق كۈيىنى ياڭراتقان بۇ

شېئىرلار تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. لېكىن بىز شېئىر ئىجادىيىتىدە بىر خىل خاھىش سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن قەسىدىچىلىكنى ماكرو جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرىنى ئاشكارا كۆرۈۋالالايمىز. شائىر گوشياۋچۈەن: «بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز ئەگەر تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمىسە ھەممىسىلا ئۇلۇغ، دەپ تووۋلاۋەرسە، بۇ پەقەت چاكىنا ۋە يۈزەكىي مەدھىيىلەش بولۇپ قالىدۇ. خالاس»[1] دېگەنىدى. دەرۋەقە، ئەينى يىللاردا پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى شېئىرلار تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتنىگەنىدى. ئۇلار ھەممىلا شەيئى - ھادىسىگە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل دېگەن ماركىنى چاپلاپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە يۈزە ۋە چاكىنا بولغان قۇرۇق شۇئارلارنى تووۋلايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. نەتىجىدە ئىجادىيەت يولى تارىيىپ، شېئىرلار خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىدى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا بولسا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» مانا مۇشۇنداق سۇنئىي قەسىدىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، ئۆز جىنايەتلىرىنى نىقابلىغان ۋە پەردازلىغانىدى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن شائىرلىرىمىز ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. لېكىن، يېڭى باسقۇچتىكى بۇ خىل مەدھىيە شېئىرلىرى ئىلگىرىكى سۇنئىي «قەسىدە» لەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا شائىرلىرىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن ئون يىللىق ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن بالايى قازالىرىغا كۆزىنى چوڭ ئېچىپ

---

① «قايناق تۇرمۇش ۋە شېئىر» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، 1956 - يىللىق 3 - سان.

قارىغانىدى. ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بېسىپ ئۆتكەن يولىنى قايتىدىن كۆزىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بىلەن مەسىلىلەرگە قايتا باھا بەرگەن، ئۇلارنى قايتا تونۇغان ۋە باشقىدىن ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. شۇڭا، شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆچىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى، مەزمۇنى چوڭقۇرلىدى. شېئىرلارنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتنەيدىغان ئەھۋاللىرىغا خاتىمە بېرىلدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە ئەقىل» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

..............................

تاپايلى پۇشايماندىن ساۋاق ۋە ئەقىل،
زىيانىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى،
چوڭ ئىشلار ئالدىمىزدا،
ئالدى بىلەن،
كۆڭۈلدىن خۇراپاتنى ئېرىغدايلى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ شېئىرىدا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىگەن، ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن، ئۆزىدە پەيدا بولغان يېڭى ئويغىنىشنى ئىپادىلىگەن.

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئويغىنىشنى ئىپادىلىگەنلىكى پەردازلاش ۋە بۇرمىلاش ئارىلاشقان، شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئويغىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر، ئىلمىيلىقتا زىت ھالدىكى مەدھىيىلەش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇشلارنى تۈگىتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ شېئىرىي مەزمۇندىكى توپۇزىنى قايتىدىن تىكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىمىزنى خۇلاسىلەپ، تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلىرى ۋە

ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىگە بېسىپ ئۆتكەن ئىزناسى ئۇستىدە تەپەككۇر قىلدى. بۇ شېئىرلار كىشىنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە مۇڭلاندۇرىدۇ، ئۈمىدلەندۈرىدۇ، ئومۇمەن كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلاردا يەنە «مەدھىيىلەش» بىلەن «پاش قىلىش» نىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى. بىز يورۇقلۇق مەدھىيىلىنىشى، قاراڭغۇلۇق پاش قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايمىز. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئوبدان شەرھلەپ بەرگەنىدى. لېكىن بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر ھالدا بۇرمىلانغان بولۇپ، يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش (مەيلى ساغلام نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش ياكى ساختا نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش بولسۇن) توغرا نىيەتتىن بولىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش (مەيلى نىيەت خالىس بولسۇن ياكى نىيەت يامان بولسۇن) بەرىبىر يامان غەرەزدىن بولىدۇ، دەپ قارالغانىدى، يېڭى باسقۇچتا گەرچە تۇرمۇشنى پەردازلاپ كۆرسىتىدىغان بەزى شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ، تەنقىدنى يامان غەرەزلىك ھۇجۇم دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولغان بولسىمۇ ياكى ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئېغىشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قارىغاندا، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مېتافىزىكىلىق كۆز قاراشلارغا ئاساسەن بەرھەم بېرىلدى. شائىرلىرىمىز جاراھەتمۇ بار، ئۈمىد ۋە ئىشەنچمۇ بار قەلبلەرنى، يورۇقلۇقمۇ بار، شۇنىڭدەك قاراڭغۇلۇقمۇ بار رېئاللىقنى توغرا كۆزىتىپ، خەلققە ۋە سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولغان تەرەپلەرنى ئىككىلەنمەي مەدھىيىلىدى. زىيانلىق

تەرەپلەرنى قەتئىي پاش قىلدى. بۇ مەزگىلدە پارتىيىنى، خەلقنى، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى، ئالغا بېسىش يولىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەش يەنىلا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق توسقۇنلۇقلارنى، چىرىك شەيئىلەرنى، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىدىغان ياخشى شېئىرلارمۇ يېزىلىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىيلىكى ئارقىلىق غايەت زور ئىدىيىۋى كۈچىنى ئىپادىلىدى. تارىخنىڭ مول مەزمۇنى ئۈستىدىكى تەپەككۇر بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

(3) شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيدى. ھەممىگە ئېنىقكى، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىر تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا (تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىيات) يۆلىنىپ تۇرۇپ، شائىرنىڭ يۈرەك ساداسىنى (تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان) ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق دەۋرنى، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي شېئىرلاردا لىرىكا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تىكلەنگەن بولىدۇ. لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ تىكلەنگەنلىكى لىرىكا خاسلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى» دېگەنلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىشىگە

ئەگىشىپ «كىچىك مەن» بىلەن «چوڭ مەن»نى، «ئوبيېكتىپلىق» بىلەن «سۇبيېكتىپلىق»نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەنىدى. لىرىكا قىلغۇچى ئوبراز ئاجىزلاشقاچقا ھەتتا ئاتالمىش «خەلق ئۈچۈن سۆزلىگەن» دەپ تەرىپلەنگەن شېئىرلارمۇ شۇئارلارنى دۆۋىلەپ قويۇش، تەييار ئىبارىلەرنى كۆچۈرۈپ قويۇشتەك ئىجادىيەت ئىستىلىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ قالغانىدى. يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى، ئۇلاردىكى لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر.

يېقىنقى يىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار «مەن»نىڭ خەلق بىلەن تەڭ بار خۇشلۇقى ۋە ئورتاق قايغۇلىرىنى چوڭ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە «مەن»نىڭ خەلق بىلەن بىللە شادلىنىپ، بىللە غەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا، شېئىرلار چىنلىققا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز شېئىرلاردىن دەۋر روھىنى كۆرەلەيدىغان، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇق.

شائىرلارنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجادىيەتلىرى ئېستېتىك ئوبيېكتىپ بىلەن ئېستېتىك سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، شائىرلار بىلەن خەلقنىڭ ھېسسىياتى ئۆزئارا ئالمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. رەڭدار تۇرمۇشمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئىپادىلەشكە ئېرىشتى.

(4) شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىكى نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا تەسىراتنى بىۋاسىتە

ئىزھار قىلىش بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولۇپ سانىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز بىردىنبىر ئۇسۇل ئەمەس، «تەقلىد قىلىپ يېزىش»نىمۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئوبدان شەكلى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇزۇندىن بېرى بەزى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنياغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇبيېكتىپ دۇنياغا سەل قاراپ كەلگەنىدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشى»نى ئاددىي ھالدا تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كۇپلېتلارغا كۆچۈرۈپ قويۇش ياكى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇرۇش، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي چىن ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان، ھېسسىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ شېئىردىكى ئالايىتەن ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، كىتابخانلارنىڭ شېئىرنىڭ «تەمىنى» تېتىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئورۇندىن ئىبارەت ئىمكانىيەت قالدۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئۇسۇل ۋە شەكىللەر كۇنسېرى بېيىدى ۋە خىلمۇخىللاشتى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇشمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا جانلىق بولۇشقا باشلىدى. شېئىر قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۇننى چىقىرىشقا بولىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرەمدۇ ياكى ئەكس ئەتتۇرمەمدۇ؟ ئەكس ئەتتۇرسە قانداق ئۇسۇل، قانداق شەكىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ؟ دېگەنلەر خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان مەسىلىلەردۇر. شۇڭا پەقەت رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىلا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرەلەيدۇ، دەپ قاراش ئىدېئالىستىك كۆز قاراشنىڭ مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، شېئىرلار تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، شېئىر دېگىنىمىز سۇبيېكتىپلىققا ئىگە، لىرىكىلىقى كۇچلۇك سەنئەت شەكلىدۇر. شېئىرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۆزگىچە تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ،

شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى خىلمۇخىل، لىرىكىلىق تۈسى قويۇق بولغان بەدىئىي زېمىننىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، يېڭى باسقۇچتىكى نۇرغۇن شېئىرلار بۇ خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، بۇغدا ئابدۇللا شەك - شۈبھىسىز رېئالىستىك شائىر. لېكىن ئۇنىڭ «ئەقىدە»، «زەڭگەر كۈنلۈك ئاستىدا»، «تاش ئادەملەر» دېگەن نادىر شېئىرلىرىدا يارىتىلغان شېئىرىي مۇھىت غۇۋا، شەكىل گۇڭگا بولۇپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىزنىڭ بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە جانسىز نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن، خاراكتېرلەشتۈرۈلگەن، سىمۋولىستىك ئۇسۇلدىن تار دائىرىدە ئەمەس، پۈتۈن شېئىرىي قۇرۇلمىنىڭ كەڭلىكىدە پايدىلانغان ياخشى شېئىرلار ئاز ئەمەس، رومانتىزملىق پۇرىقى كۈچلۈك بولغان شېئىرلارمۇ خېلى بار. دېمەك، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىپادىلەش شەكلى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى يۈزلىنىشى شېئىرىيىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئۈمىدلەندۈرمەكتە.

يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال، «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسى ۋە بۇ خىل ھادىسىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرىدۇر.

بۇ مۇنازىرە 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيەت ھادىسىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ خىل شېئىرلار دورامچىلىقنىڭ مەھسۇلى، غەرب مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ كېلىش دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر

قىسمى كىشىلەر بۇ شېئىرلارنىڭ قىممىتىمۇ، زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن، مۇنازىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مۇتلەق كۆپچىلىك ئاما «گۇڭگا شېئىرلار»نىڭ ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان ئوبيېكتىپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېڭى بىر شېئىرىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزمۇنى ۋە شەكلىگىچە يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە «يېڭى قان» بولۇپ قوشۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. بىراق، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ جەھەتتىكى قىزغىنلىق كۆرۈنەرلىك ھالدا سۇسلىشىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ تېخىچە ئىزدىنىش ئۈستىدىكى سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈمىز. ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇئەييەن بىر ئېقىم بولۇشى ئۈچۈن خېلى بىر جەريان كېرەك. ئىللا گەپنى قىلساق، ئۇنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى تېخى خام ۋە چولتا ھالەتتە تۇرماقتا. بىز بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قاتماللىق، ئەندىزە قېلىپلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتىشتە ئوينىغان رولىنى، قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى نەتىجىلىرىنىمۇ لايىقىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

دۇنياۋى تۈس ئالغان مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «گۇڭگا شېئىر» ئىجادىيىتىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي پروزا ۋە دراماتورگىيىلەرگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. پروزىمىزدىكى «ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق» ھادىسىسى ۋە دراما ئىجادىيىتىدىكى «قېرى يىگىتنىڭ تويى»،

«دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بۇ تەسىردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قىسقىلا قىلىپ ئېيتساق، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە يېڭىچە قۇرۇلما شەكلى بىلەن ئىجاد قىلىنغان پروزىك ئەسەرلەر ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت يولىمىزغا نىسبەتەن بىر يېڭىلىقتۇر. بۇ خىل يېڭىلىقلارغا قارىتا ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت گۈلزارى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ھالدا رەڭدارلىققا يۈزلەنمەكتە. ئەڭ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئوچۇق ھالەتتىكى (بېكىنمە ھالەتتىكى ئەمەس) رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرخىل ئېقىم ۋە ھەر تۈرلۈك ئۇسلۇبلار، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنى گۈللەندۈرمەكتە. بىرىنى كۆتۈرۈپ بىرىنى باسىدىغان، ھەممە ئېقىملار بىرلا مۇقامغا تۇۋلايدىغان قاتمال چاغلار كېتىپ، ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىدىغان پۇرسەتلىك كۈنلەر كەلگەن بۈگۈنكى باسقۇچتا، ئەدەبىياتىمىز خىلمۇخىللىقتىن ئىبارەت چوڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلماقتا. مانا بۇ ئالامەتلەر ۋە يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش مەنزىرىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى دېرەكلەيدۇ.

بىراق، شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان نەتىجىلەر بىلەن بىرلىكتە، بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تەلەپتىن تېخى خېلىلا تۆۋەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدىغان يازغۇچىلىرىمىز ۋە دۇنياغا

تونۇلغىدەك ئەدىبلىرىمىزمۇ تېخى ئۇتتۇرىغا چىقمىدى. نادىر ئەسەرلەر بەكلا ئاز. دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر تېخى يوق، ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرالايدىغان، ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى ھازىرغىچە يورۇتۇلمىدى، يەنە ئاز بولمىغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى روشەن ئەمەس، قېلىپ، رامكىلاردىن تېخى تەلتۆكۈس خالاس بولۇپ ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىكىدە پەرۋاز قىلالمايۋاتىمىز، «ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تونۇشىمىز يەنىلا تۆۋەن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، قوش تىللىق تەرجىمە ئىشلىرىمىزدىمۇ خېلى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ھاسىلاتلىرىمىزغا ئەگىشىپ 21 ـ ئەسىرگە كىرىدىغاندەك تۇرىدۇ. يىغىنچاقلانغان بۇ يېتەرسىزلىكلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

چۈنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش نەتىجىلەرنى كېڭەيتىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى، ئەلۋەتتە بىز تاللاشقا تېگىشلىك يولمۇ شۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات مۇئەييەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋر ئۆزىنىڭ ياكى ئىلغار ياكى قالاق بولغان خاس ئىدىيىسىنى ئەدەبىياتقا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات دەۋرگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يولداش دېڭ شياۋپىڭ «مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆز» دە ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «قان ۋە ئۇستىخىنى بار جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر

ئىچىدىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزىلىنىشىنى ئىپادىلەش، ھەمدە خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىرگە تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھىي كۈچ ئاتا قىلىش» تىن ئىبارەت ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى.

يازغۇچىلىرىمىز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەيلى مىللىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىدە بولسۇن دەۋرنىڭ ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى، يۈزلىنىشىنى، زامانىۋى مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ۋە تۈرلىرى بويىچە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن مۇرەككەپ، رەڭدار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، جانلىق ئوبرازلىرىغا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدىكى تەپەككۇرلىرىنى سىڭدۈردى. دەۋر ئاتا قىلغان پۇرسەتنى چىڭ ئىگىلەپ، كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى. نۆۋەتتە، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى دەۋرگە، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتكە توغرىلاپ، تىنىماي ئۆگىنىپ، توختىماي ئىزدىنىپ ئىجادىيەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان زور تارىخىي بۇرۇلۇشىدۇر.

# يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى
# ئۇلۇغ ھېكىم ـ ئىبن سىنا

ئابدۇكېرىم رەھمان①

«ئەگەر بوقرات بىلەن جالىنوس تىرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئالدىدا سەجدە قىلاتتى»
— نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى



پۈتكۈل كائىنات — بۇ مۆجىزىدار زېمىن ئەلمىساقتىن تارتىپ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىر - بىرىگە مىنگەشكەن يىل قەسىرلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن چەكلىك ئاز بىر قىسمىلا خاسىيەتلىك جەزبىدارلىقى بىلەن مۇقەددەس سالنامە سۈپىتىدە تارىخنىڭ ئۆلمەس ئېقىنىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئېقىن يەنە نەچچە ئون ئەسىردە بىر تۈرلىنىپ،

① ئابدۇكېرىم راخمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى.

ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئىجادكارلىرى بىلەن ئالەم تارىخىنىڭ پەخىرلىك سەھىپىسىنى ئاچقان. بۇ سەھىپىدە ئۆتمۈشنىڭ ئىلىم مۇئەككەللىرى ئىختىراسىدىكى قايتا تەكرارلانمايدىغان ئەقىل دۇردانىلىرى دەۋرنى جۇلالاندۇرۇپ، تارىخ بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان. مىڭ يىللاردىن بېرى كۆندىلىك ھاياتىمىزدا بىزدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلماي قەلب تۆرىمىزدە مەڭگۈ ياشاپ كېلىۋاتقان ئىلىم مۇئەككەللىرىدىن بىرى ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنادۇر.

«ئۇلۇمنىڭ سىرىنى ئېچىش» يولىدا بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن شەرقنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر بۇ ئەللامەسى ھىجرىيىنىڭ 370 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 980 ـ يىلى) بۇخارا يېنىدىكى ئەفشانە دېگەن قىشلاقتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن سوغدى نەسەبلىك ئابدۇللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇئەلى ھۈسەيىن ئىبن ئابدۇللا ئىبن ھەسەن ئىبن ئەلى ئىبن سىنا بولۇپ، «سىنا» (ھەيكەل) ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىلىم ـ پەننىڭ «سىنا»سى. شۇ ۋەجىدىن قەدىمكى يۇنان تېبابەت ئىلمى پېشىۋالىرى ھېپپوگرات ۋە گالېن نامى بىلەن باغلىنىدىغان «مېدىئولوگىيە» ئىبن سىنادىن كېيىن دۇنيا ئىلىم ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان «مېدىتسىنا» نامىغا ئۆزگەردى. بۇ خەلقئارا نامدىكى «مېدىت» — گرېكچە مېدىئولوگىيە (تېبابەت ئىلمى) دىن ئېلىنغان بولۇپ، «سىنا» مۇقەررەركى، ئىبن سىنا نامى بىلەن باغلىنىپ، ئۇنىڭ بۇ پەن ساھەسىدىكى كاتتا شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. دەرۋەقە، تارىختىن بۇيان ئاۋام ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ دۇنياۋى ھاياتلىق ئىلمىنىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ شۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرگەن شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىشى دۇنيا پەن

تارىخىدا ئىبن سىناغىلا مۇشەررەپ بولغان بولسا كېرەك.

ئۇ ھەقىقەتەن «پۈتۈن شەرق خەلقلىرىنىڭ پەخرى، پۈتۈن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ پەخرى، شۇنىڭدەك پۈتۈن پەن تارىخىنىڭ پەخرى»[1] بولۇشقا مۇناسىپ.

ناۋادا ئارىستوتېل ھامىيلىقىدىكى قەدىمكى يۇنان دارىلئۆلىماسى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇنجى قېتىملىق دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئويغىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانلىقىدەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتى بىلەن مەشھۇر بولسا، مىلادىنىڭ بىرىنچى 1000 ـ يىللىرىدىن ئىككىنچى 1000 ـ يىللىرىغا ئۆتۈش نېسىپ بولغان ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق دارىلئۆلىماسى مىڭ يىلنى بىرلىك قىلغان كېيىنكى ئون ئەسىرنىڭ مۆجىزىدار چوققىسى بولغانلىقىدەك بەھەيۋەت قىممىتى بىلەن قەدىمكى يۇنان دارىلئۆلىماسىنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىبن سىنا قازانغان ئىلمىي شۆھرەت تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ دۇنياۋى «شەيخۇل رەئىس» لىك ئورنىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇردى. XII ئەسىردە ياشىغان نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندى تەرىپلىگەندەك: «ئەگەر بوقرات بىلەن جالىنوس تىرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئالدىدا سەجدە قىلاتتى»[2] ھاياتلىقىدىلا «پەلسەپە شاھى»، «تېبابەت سۇلتانى»، «ئىككىنچى فارابى»، «ئاۋىسېننا» دەپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىبن سىنا، ۋاپاتىدىن كېيىن غەرب دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ئالىھېرى دانتىنىڭ «ئىلاھىي كومېدىيە» ناملىق شېئىرىي تىرىلوگىيىسىدە، جوردانوبرۇنونىڭ «دىئالوگلار» ناملىق

---

① ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن: «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» گە يازغان كىرىش سۆزدىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

② «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 130 ـ بەت، 7 ـ بەت.

ئەسىردە، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» ناملىق ئەسىردە، جاۋاھىرلال نېھرونىڭ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» ناملىق كىتابىدا، ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ مەشھۇر ئالىم ۋە ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يۇقىرى ھۆرمەتلەندى. ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېيى. ژ. شېللارد ئېيتقاندەك: «ئۇنىڭ نامى نۇرغۇن تۆھپىلىرى بىلەن بىللە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىدە پائالىيەت قىلماقتا».

ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە تېبابەتشۇناسلىق دەستۇرى — «ئەلقانۇن فىت - تىب» ئىككىنچى مىڭ يىللارنىڭ تەڭدىن تولىسى مابەينىدە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە غەرب ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىسى قىلىندى. ھەتتا ياۋروپادا بۇ «شەيخۇل رەئىس» نىڭ نامىدا «ئاۋىسېننا II » دېگەن مۇكاپات ئۇنىۋانى تەسىس قىلىنىپ[①]، ھازىرقى زامان «نوبېل مۇكاپاتى» نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلۇغ بىلىش ۋە تىزگىنلەش كۈچىنى نامايان قىلغان بۇ ئۇلۇغ ھېكىمنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ئاجايىپ يۇكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەپ كەلمەكتە. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ 1952 - يىلىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1980 - يىلى بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى دۇنيا بويىچە داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەنلىكى، بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

شەرق ئالىمىدە «لوقمان ھېكىم» سۈپىتى بىلەن

---

① ئىبن سىنا غەرب دۇنياسىدا «ئاۋىسېننا» نامىدا ئاتالغان. پادىشاھ كىكمۇنت V نىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادى 1309 - يىلىدىن 1557 - يىللىرىغىچە ئىتالىيىنىڭ مونپىلىئى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت - تىب» ناملىق ئەسىرى دەرسلىك قىلىنغان. تۇنجى قېتىم ئىتالىيىلىك دوختۇر ياندىر قولىنىم «ئاۋىسېننا II » ئۇنىۋانىغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئىلاھلاشتۇرۇلغان بۇ ھاياتلىق مۇئەككىلىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ماھىيەتلىك تۆھپىسى زادى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار ئارىسىدىن پەقەت بارماق بىلەن سانىغىدەك ئىنتايىن چەكلىك كىشىلەرلا مۇشەررەپ بولالايدىغان دۇنياۋى شانۇ ـ شەۋكەتكە بۇخارالىق بۇ سوغدى نەسەبلىك ئىبنى سىنا ئېرىشەلىدى؟ ئىبنى سىنا زادى كىم؟ مىڭىنچە بۇلارنى مۇھاكىمە قىلىپ يەكۈنلەش ئۈچۈنچى مىڭ يىللارنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئىرا ئىچىدىكى زەپەر تەنتەنىلىرى ئۈچۈن تۈرتكىلىك ئىلھام بولۇشتەك مەشئەللىك رول ئوينايدۇ.

## 1. بارلىقىنى بىلىمگە بېغىشلاش روھى

ئىبنى سىنا جەسۇر ۋە قەيسە خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەقىل خەزىنىسىگە بىلىم دۇردانىلىرىنى توپلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىل جەھەتتە زاماندىشلىرىدىن ھالقىغان ئىنسان ئىدى. ئايىغى چىقماي تۇرۇپ تىلى چىققان بۇ زېرەك بالا ھەممە نەرسىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ سىرىنى تاپمىغۇچە قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان، تەبىئەت ۋە ئىنسانغا باشقىچە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، شېئىرىي تۇيغۇلۇق بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق يازغان ئىدى: يېشىم ئونغا تولغاندا مەن «قۇرئان» ۋە ئەدەپ (دىداكتىكا) نىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىدىم. كىشىلەر ماڭا ئەجەپلىنىدىغان بولدى[1]. بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەندەك،

---

[1] «ئىبنى سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 132 ـ بەت.

ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئاتىسى ئابدۇللا شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئوغلىنى مەلۇماتلىق قىلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلىم ئىشتىياقى بىلەن سۇغىرىلغان ياش ئىبن سىنا ئىلىم نوپۇزلىرىغا كۈچلۈك ھۆرمەت قىلاتتى، ئەمما قارىغۇلارچە چوقۇنمايتتى. ئىلمىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇستازلىرى بىلەن قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلاتتى. قىسقىسى، ئىبن سىنانىڭ بارلىقىنى بىلىمگە بېغىشلاش روھى «قىلنى قىرىق ياridىغان» جاسارىتى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغىغان ئىدى. ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى پەلسەپە ئۇستازى ئەبۇ ئابدۇللا ناتىلىنى ئەسلەپ: «ئۇ ماڭا قايسى مەسىلە ھەققىدە سۆزلىسە، مەن بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن توغرىراق تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. كېيىنچە مەن مەنتىقىنىڭ ئاددىي مەسىلىلىرىنى ئۇنىڭدىن ئوقۇدۇم، لېكىن مەنتىقىنىڭ نازۇك مەسىلىلىرىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەنتىقىگە ئائىت كىتابلارنى ئۆزۈم ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئۇلارغا بېرىلگەن يېشىملەرنى مۇتالىئە قىلىشقا باشلىدىم، ئاخىرى مەنتىقە ئىلمىنى پۇختا بىلىۋالدىم ... ئۇنىڭدىن سۇڭرە ‹ ئەل مەجەستى[1] › گە ئۆتتۇم ...» كېيىن ناتىلى مېنى قويۇپ، ئۆرگەنچ تەرەپكە كەتتى. مەن بولسام ‹ فۇسۇس[2] › كىتابىنى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەتكە

---

① «ئەل مەجەستى» II ئەسىردىكى يۇنان ئاسترونومى پىتولىمى يازغان «ئالماگېستا» ناملىق كىتابنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى.

② «ئەل فۇسۇس» — ئەبۇ نەسر فارابىنىڭ «خۇسۇسۇل ھەكەم» (پەلسەپە ئەڭگۈشتىرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى.

ئائىت شەرھىيلەرنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندىم ...... ئىلىم ئىشىكلىرى ماڭا ئېچىلىشقا باشلىدى. كېيىن تېبابەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. تېبابەتچىلىك قىيىن ئىلىملاردىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا مۇددەتتە راسا ئىلگىرىلەپ كەتتىم. ئەمدى ھەتتا بىلىمدار تېۋىپلارمۇ كېلىپ، ھۇزۇرۇمدا تېبابەت ئىلمىدىن دەرس ئالىدىغان بولدى ........ شۇنىڭ بىلەن يەنە فىقھىنى[1] ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ چاغدا مەن 16 ياشتا ئىدىم. كېيىن يەنە بىر يېرىم يىل ئىلىم ۋە مۇتائىلىگە بېرىلدىم. مەنتىقە ۋە پەلسەپىنىڭ ھەممە قىسىملىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ چاغلاردا مەن بىرەر كېچىنى تولۇق ئۇخلاپ ئۆتكۈزمىدىم. كۈندۈزلىرىمۇ ئىلىمدىن باشقا نەرسە بىلەن شۇغۇللانمىدىم ...... شۇنداق يوسۇندا ھەممە ئىلىملارنى مۇستەھكەم ئىگىلىۋالدىم ۋە ئۇلاردىن ئىنسان ئىمكانىيىتى دەرىجىسىدە خەۋەردار بولدۇم[2] دەپ يازغان. شۇنداق قىلىپ ئىبن سىنا 18 ياشقىچە ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ئىلىم ـ پەنلىرىدىن رىيازىيات ئىلمى (ماتېماتىكا)، ئىلمىي ھەيئەت (ئاسترونومىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترولوگىيە)، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ھەندەسە تەقلىدلىرى (تىرىگونومېترىيە)، ھادىسىيات (مېتافىزىكا)، ئەل كىميا (خىمىيە)، ئەل سىماي (فىزىكا)، ئىلمىي تەبىقەلئەرز (گېئولوگىيە)، ئىلمىي تەبىئەتەلئەرز (گېئوفىزىكا)، ئىلمىي قىياس (مېتېئورولوگىيە)، ئىلمىي بەسەرىيات (ئوپتىكا — يورۇقلۇق ئىلمى)، ئىلمىي نەبات

---

① فىقھ ـ قانۇنشۇناسلىق ياكى ھەدىسشۇناسلىق ئىلمى.

② «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى، 134 ـ، 135 ـ بەتلەر.

(بوتانىكا)، ئىلمىي روھ (پسىخولوگىيە)، ئىلمىي داقايىق (فىلولوگىيە — تىل ئەدەبىيات ئىلمى)، سەرپ نەھۋى (ئەرەپ تىلى گراماتىكىسى)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئەقايەت (دىنىي ئەقىدىشۇناسلىق)، تەجۋىد (فونېتىكا ئىلمى)، ئىلمىي تىب (تېبابەتچىلىك — دوختۇرلۇق ئىلمى)، جەرراھلىق (ئاناتومىيە)، ئىلمىي ئەدەب (دىداكتىكا — ئەخلاق ئىلمى)، مۇسىقى (مۇزىكاشۇناسلىق ئىلمى)، فىزىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بويىچە خاس ئەسەرلەرنى يازدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرگە قابىل، كۆپكە قادىر «شەيخۇل رەئىس» بولۇپ يېتىشتى.

ئىبن سىنا بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر شۇڭغىغانسېرى ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى شۇنچە كېڭىيىپ، غەۋۋاس كەبى جاسارەت ۋە روھقا ئىگە بولدى. ئىبن سىنانى بىلىم ئىگىلەش بىلەن ئىشلىتىشنى زىچ بىرلەشتۇرۇشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ مۇلاھىزە قىلماي دۆم يېتىپ كىتاب ئوقۇيدىغان تالىپلاردىن پەرقلىنەتتى. مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەتبىقلاش ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئېسىل كىتابلاردا يېزىلغان نەرسىلەرنى كاللىدا بىر قۇر مۇلاھىزە قىلساڭ، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلاپ كۆرسەڭ، ئاندىن ئۇنى چوقۇم چۈشىنىسەن ۋە ئۇنىڭ سىرىغا يېتىسەن» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۆزىمۇ باشتىن - ئاخىر ئۆگىنىشكە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان. كىتاب ئوقۇش جەريانىدا چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسە «بولدى» قىلماستىن تاكى ئۇنىڭ سىرىنى تاپمىغۇچە ھەرگىز ئاراملىق ھېس قىلمىغان. ئۇ، پەلسەپە جىمى ئىلىملارنىڭ بوۋىسى، شۇڭا پەلسەپىنى بىلمەي ئالىم بولۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغاچقا، ئۇ مەشھۇر قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ۋە ئاسترونومى ئارستوتىلنىڭ «ھادىسىيات» (مېتافىزىكا) دېگەن بۈيۈك پەلسەپە كىتابىنى 40 قېتىمدەك ئوقۇپ چىققان. بۇ ئەسەر ئىبن

سىناغا تامامەن يادا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەچكە ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولدى. ئۇ، ھەممە ئادەم «جىمى ئىلىملارنىڭ بېشى» دەپ قارايدىغان «ھادىسىيات»نى چوقۇم بىلىشكە بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن «ھادىسىيات»قا ئالاقىدار ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئاخىرى بىر كىتابپۇرۇشتىن ئەلفارابىنىڭ «ھادىسىيات شەرھى» ناملىق كىتابىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئەنە شۇ شەرھىينىڭ ياردىمى بىلەن «ھادىسىيات»نى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئىبن سىنانىڭ پەلسەپە جەھەتتە «ئىككىنچى فارابى» دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر ئارىستوتېل ۋە ئەلفارابىنىڭ پانتېئىزملىق پەلسەپە قاراشلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ناتۇرال ماتېرىيالىستىك قاراش ئىبن سىنا مېدىتسىناسى ئۈچۈن يېتەكچى ئىدىيە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىبن سىنانىڭ بىلىم ئىگىلىشىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە، بىۋاستە كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشكە، تەجرىبە ۋە سىناق ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

بىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ئىبن سىنا ياشىغان بۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زاماندا مەيلى تېبابەتچىلىك ياكى باشقا تەبىئىي پەنلەر بولسۇن، ئۇنىڭدىكى نەزەرىيىۋى ئۇتۇقلارنى تەجرىبە سىناقتىن ئۆتكۈزۈشكە ھاجەت بولىدىغان ئۇسكۈنە - سايمانلار تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيە قاراشلىرىمۇ ئادەم ۋە باشقا تەبىئەت جىسىملىرى ھەققىدە بىۋاستە تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا مۇتلەق يول قويمايتتى. ئەنە شۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا قارىماستىن ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ھەربىر ئىختىراسىنى ھەر خىل يوللار بىلەن تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەي قويمايتتى.

خارەزىم شاھى ئەلى ئىبنى مەئمۇن ئىبن سىنادىن يېڭى سالنامە تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاشقا كىرىشىپ، نەچچە كېچىلەرنى كەڭ دالىدا ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، يەنە زۆرۈر بولغان كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى ئۆزى لايىھىلەپ چىقىدۇ. ئىبن سىنا لايىھىلەپ ياساتقان بۇ كۆزىتىش ئەسۋابى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بەش يۈز يىل كېيىن، يەنى 1542 - يىلى پورتوگالىيىلىك ئاسترونوم پېدرو نونىيېس تەرىپىدىن قايتا ئىسلاھ قىلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. شۇندىن باشلاپ خەلقئارادا بۇ قۇرۇلما «نونىئوس» دەپ ئاتالغان. ئىنژېنېرلار بۇ قۇرۇلمىنى ئىنچىكە ئۆلچەشلەردە ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئىبن سىنا زامانىدا ئادەم ئاناتومىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھاكىمە قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىناتتى. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە شەرىئەت تېخىمۇ يول قويمايتتى. شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان تېۋىپنىڭ ئۆزىمۇ شۇئان جەسەتكە ئايلىناتتى. ئىبن سىنا گەرچە نۇرغۇن قېتىم قاسساپلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى بىۋاسىتە كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماي، ئادەمنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋە ھۈجەيرىلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشۇشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى بۇخارالىق مەشھۇر تېۋىپ قەمەرىنىڭ ياردىمى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندى. زاراتگاھلىقنىڭ كۆزەتچىسى قەمەرىنىڭ ئىشەنچلىك تونۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن تېخى شۇ كۈنى كۆمۈلگەن بىر جەسەتنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ كېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە چىراغ يورۇقىدا جەسەتنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئۈچەيىدە بىر خالتىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. سوقۇر ئۈچەي دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خالتا ھايۋانلارنىڭ ئۈچەيىدە بولمىغاچقا،

ئۇلارنىڭ بۇنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇستى جاراھەتلەنگەن بۇ خالتا يىرىڭلاپ يىرتىلغانلىقتىن، يىرىڭ پۇتۇن قورساق بوشلۇقىغا يامراپ، پۇتۇن بەدەننى ياللۇغلىغان ئىدى. ئىبن سىنا ئۇ ئادەمنىڭ ئەنە شۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپقانلىقىنى ئېنىقلىدى. بۇنداق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئىلگىرى ئېنىقسىز بولغان نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. چۈنكى ئىبن سىنانىڭ نەزەرىدە كېسەل ئېنىقلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ داۋاسىنى تېپىش مۇمكىن ئىدى.

ئىبن سىنانىڭ ئىلىم پەنگە بولغان بۇنداق قىزغىن پوزىتسىيىسى ۋە بىلىم تەشنالىقى ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇئەللىمى ناتىلى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

— ساڭا كېچىلىرى ئۇخلىماي كىتاب كۆرۈپ بۇنچە تىرىشىپ بىلىم ئېلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ساڭا ئاتاڭنىڭ بايلىقى يەتمەمدۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ناچارمۇ؟ بۇنى مەن خېلىدىن بېرى چۈشەنمەي كېلىۋاتىمەن. جاۋاب بەرگىن، بىلىمنىڭ كىشىگە بەخت بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەمسەن - يا؟ بىلىم سېنى تۈگىمەس ئازاب ئىچىگە تاشلايدۇ. سەن شۇ ئازابتىن بىردەممۇ ئارام تاپمايسەن. بىلىمنى قوغلاشساڭ كەلگۈسىدە سېنى كۈتىدىغان نەرسە ئەنە شۇ! سەن تېخىچە بۇنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟

— مەن بىلىم ئالماي تۇرالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھۇسەيىن (ئىبن سىنا) — مەن ئانچە - مۇنچە بىرەر يېڭى نەرسە ئۆگەنمەي ئۆمرۈمنىڭ بىرەر سائەت ۋاقتىنىمۇ ئۆتكۈزەلمەيمەن. مەن دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنى داۋاملىق ئۆگىنىشىم كېرەك. ئۇنداق قىلماي قىسقىسى مەن ياشىيالماي-مەن ...... مەن ئۇلۇمنىڭ سىرىنى ئاچىمەن، كىشىلەرنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان قىلىمەن. مېنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىممۇ ئەنە شۇنىڭدا. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن

مەن بىر دىنبىر ئىلىم — ئىلمىي تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن[1] .

ھەقىقەتەن، ئىلىم ـ پەننىڭ قەدىر ـ قىممىتى تېخى چوڭقۇر ھېس قىلىنمىغان، ئىلىم ئەھلىلىرى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەسەبىيلەشكەن فېئوداللىق دىنىي ئاسارىتىدە بوغۇلۇۋاتقان شارائىتتا، ئىبن سىنا ئۆزىنى ئەينى زاماندىكى ئەڭ پاك ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشى دەپ بىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ھايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىپ، بۇ يولدا شەخسىي ھاياتىنىڭ ھەرقانداق مەنپەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ قەلبى ھاياتقا ۋە ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئائىلە ھاياتى ھەققىدە ئويلىنىشقىمۇ ئىمكان ۋە پۇرسەت بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نىكاھسىز ياشىدى. ھاياتىنىڭ ئېغىر سەرسانلىق ۋە تۇتقۇنلۇق مۇھىتىدىمۇ ئىجادىيەتتىن توختىمىدى. ئۇ ئېغىر غۇربەتچىلىك كۈنلىرىدىمۇ قىلچە مەيۈسلەنمەي، كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرايتتى: «ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرىپ قالدىم. بۇ دېمەتلىك بولغاندا ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرى كۆرۈنۈشى، ئۆمۈر كاشانىسى (ھەيۋەتلىك بىنا) نىڭ ئۇلى ۋە تاملىرى تىكلەنگەن بولۇشى لازىم ئىدى. شۇنداق بولغاندا، بۇ كاتتا ھايات بىناسىنى ئىچكى جەھەتتىن بېزەش ۋە تولۇقلاش ئىشىلا قالاتتى خالاس. خوش، مەن قانچىلىك ئۇل سالدىم، ھايات بىناسىنى قانداق تىكلەيمەن؟ مەقسەت قىلغان نەرسىلىرىمنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئويلىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمنى ئادا قىلالمىدىم. ياشاشتىكى مەقسىتىم نېمە؟[2] » دەپ، گەرچە قەلبى غەم ـ غۇسسىگە تولغان بولسىمۇ،

---

① ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 64 ـ بەت.

② ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم ـ ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 213 ـ، 214 ـ بەتلەر.

يەنە ئۆمىدۋارلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق خىتاب قىلغان:

يارىماس بىچارىلىك ھەمدە پۇشايمان قىلمىقىڭ،
نېمە ھاجەتكى جاھاندا يەككە - يالغۇز يۈرمىكىڭ.
قىل ئادا بۈگۈن قولۇڭدىن كەلسە ھەرقانداق يۇمۇش؟
ئېھتىمال مۇمكىن ئەمەستۇر ئەتە دەۋران سۈرمىكىڭ. ①

ئىبن سىنا دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋە ھەسەتخور پىتنە - ئىغۋاچىلارنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن ھەمەدان ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ قاماقخانىدا مەھبۇسلۇق ھاياتىنى باشلىغان ئېغىر كۈنلىرىدىمۇ، ئىجادىيىتىنى توختاتماي «ئادالەتنامە»، «سانجىق رىسالىسى»، «ياشا! ئىبنى يەكسان»② قاتارلىق 3 پارچە كىتاب يازدى. قىسقىسى، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئىجادىيەتتىن توختىمىدى. ئۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىش ئالدىدا، ياشلىقىدىكى مەڭگۈ ياشاش ئارزۇلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى مۇنداق ئاخىرقى رۇبائىسى بىلەن يەكۈنلىگەن ئىدى:

---

① ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم - ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل، 213 -، 214 - بەتلەر.

② بۇ كىتاب ئىبن سىنانىڭ بىرىنچى قېتىم يازغان ئەدەبىي ئەسىرى بولۇپ، مەھبۇس مەزگىلىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ ياردەم بەرگەن تاماقخانا باش مىرشابى ئىبنى يەكسانغا بېغىشلانغان. كۈچلۈك فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە بۇ ئەسەر ئىبن سىنادىن كېيىنكى دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، دانتى ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ئىلاھ كومېدىيىسى» ناملىق ترولوگىيىسىنى ئىبن سىنانىڭ «ياشا! ئىبنى يەكسان» ناملىق ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن يازغان.

ئوقۇپ بىلدىم كائىناتنىڭ كۆك سامانىڭ سىرىنى،
جۇملە دانىشمەن ۋەلىنىڭ پىشەسى[1] — تەزكىرىنى.
بارچە نەيرەڭدىن مۇسەففا[2] ياشىدىم، بەند بولمىدىم،
ۋادەرىخا، بىلمىدىم باقى ئۆلۈم تەدبىرىنى.

## 2. هايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشىنىش روهى

ئۆلۈمنىڭ سىرىنى ئېچىشنى، كىشىلەرنى ئۇزۇن ئۆمۈرگە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە چېلىشىش نىشانى قىلغان ئىبن سىنا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دانىشمەن، ئالىملارغا ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى. مىلادى 1037 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 57 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ قىسقىغىنە يېرىم ئەسىرلىك هاياتىدا 450 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. لېكىن بىزگە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن 250 پارچىسى يېتىپ كېلەلىدى. هايات مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىق چۈشەنگەن بۇ «شەيخۇل رەئىس» ئاز ياشىدى، ئەمما ساز ياشىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي تىب ساهەسىدە قازانغان ئۇتۇقلىرى مىڭ يىللاردىن بۇيان يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي، دۇنيا مېدىتسىناسىنىڭ «چوققىسى» بولۇپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، ئىبن سىنادىن كېيىنكى 10 ئەسىرلىك مېدىتسىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى هېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل مۇقەررەرلىك. لېكىن يول ئېچىلغان ئىكەن ئۇنى خالىغانچە

① پىشە — ئىش — هەرىكەت.
② مۇسەففا — پاكىز، پاك، خالى.

كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش دەسلەپكىسىگە قارىغاندا ئۇنداق زور ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ. بۇنىسى ھەممىگە ئايان بولغان قانۇنىيەت. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىبن سىنا «مېدىتسىنا»سى مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى شەرق ـ غەرب تېبابەت ئۇتۇقلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئىجادىيلىك بىلەن يېڭىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەت ئىلمى جەھەتتىكى يېڭى ئىختىرالىرى ئارقىلىق يىپەك يولىدىكى مىڭ يىللار جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تېبابەت ئۇتۇقلىرىنىڭ مۇجەسسەملىگۈچىسى، شەرق ـ غەرب مېدىتسىناسىنىڭ پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جاھان تېبابەت ئىلمى تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئابىدە بولغان ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب»تا ئىنسان ئاناتومىيىسى، فىزىئولوگىيىسى، سىھھەت (گىگىېنا) ۋە ھايات مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئومۇمىي تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى مۇئەييەن چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكتە بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە پاتالوگىيە (كېسەلچىلىك)، فارماكولوگىيە (دورىگەرلىك)، پىروپىلاكتىكا (كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش) مېدىتسىناسى قاتارلىقلار ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىنغان. مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان بۇ تېبابەت قامۇسىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىنكى، ئىبن سىنا مېدىتسىناسى قانداقتۇر نوقۇل ئەرەب تېبابەتچىلىكىنىڭ يېڭى پەللىسى ياكى قەدىمكى ھېپپوگرات ۋە گالېننى ئۆزەك قىلغان قەدىمكى يۇنان تېبابەتچىلىكى (مېدىئولوگىيە) نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرھىيسى بولماستىن، ئالدى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ياراتقان مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تېبابەت ئۇتۇقلىرىنىڭ يېڭى نامايەندىسى ۋە جاھان مېدىتسىنا تارىخىدىكى بىرقانچە تۈنجى قېتىملىق ئىختىرالارنىڭ

مۇجەسسەمى ئىدى. دۇنيا تىبابەت ساھەسى ئىبن سىنانىڭ قان تومۇر تەلىماتىغا تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يېڭىدىن بىرەر مەزمۇن قوشۇش ئاسان ئەمەس دەپ قارىماقتا. ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تىبابەت دەستۇرى «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» دا شەقىقى، ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، نېرۋا قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەرنى تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتكەن؛ ئۇ يەنە دۇنيادا تۇنجى قېتىم چۇما كېسىلىنى ۋابادىن پەرقلەندۈرگەن ھەمدە ماخاۋ، سېرىق كېسەل، كۆيدۈرگىنىڭ تەرىپىنى ۋە دىئاگنوزىنى كۆرسىتىپ بەرگەن؛ ئۇ يەنە تۇنجى قېتىم كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ تورلىشىشىنى تەرىپلەپ، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسىلىنى جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە قىلىش، يېرىش) يولى بىلەن داۋالاشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن؛ سىفلىس، قىزىل، ۋابا قاتارلىق تېز تارقالغۇچى كېسەللىكلەرنى تۇنجى قېتىم ئېنىقلاپ، بۇ كېسەللىكلەرگە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىچىك جاندارلار ــ جەراسىم (مىكروب، ۋىرۇس) لار سەۋەبچى، دېگەن گىپوتىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەتتە ئەسىردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئانتون لىۋىنگوك (1632 ــ 1723) تەرىپىدىن مىكروسكوپتا باكتېرىيە (مىكروب) لەر بايقالغاندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ بۇ گىپوتىزىمىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا مىكروسكوپ 1667 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ھۈجەيرىشۇناس روبېرت كوك تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن نېرۋا ھۈجەيرە تالالىرىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 يىللار بۇرۇن ئىبن سىنا تۇنجى قېتىم نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى تەرىپلەپ: «نېرۋىلار مېڭە ۋە ئارقا مېڭىدىن

ئۆسۈپ چىقىدىغان تاق ئەۋرىشىم جىسىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇلۇشى ۋە ئاجرىلىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس. نېرۋىلار سېزىم ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ[1] دېگەن. ئىبن سىنا كېسەللىكنى بايقاشنىڭ 60 تۈرلۈك ئادىي، 30 تۈرلۈك مۇرەككەپ تومۇر ھەرىكىتى، كۈچى، تېزلىكى، رېتىمى ھەققىدە توختىلىپ، تومۇر تۇتۇشنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلىلىرىگە ئېنىقلىما بەرگەن ۋە تۇنجى قېتىم كۆكرەكنى بارماق ئۇستىدىن چېكىپ يۈرەك ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىبن سىنانىڭ قەنت سىيىش (دىئابېت) كېسىلىنى ئېنىقلاش ئۇسۇلى، قان ئېلىش، روھىي كېسەللىكلەرنى بايقاش ۋە داۋالاش، مىزاج ـ خىلىتلار تەلىماتى قاتارلىقلار ئىجادىيلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللىك رېتسىپلىرى ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتماي ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتاقلىق مېدىتسىنا تارىخچىسى ب. د. پېترووۋ: «‹ئەلقانۇن فىت ـ تىب› ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە كېسەللىككە ئائىت ھەممە مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرى ئىلمىي سەۋىيىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەل بايان قىلغان مېدىتسىنا ئېنىسكلوپېدىيىسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئىبن سىنا مېدىتسىنادىن باشقا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەت تاپقان ئالىمى بولۇپ، كۆپ خىل ئىلىم ـ پەن ئۇتۇقلىرىنى تېبابەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەيۋەتلىك ھايات قەسرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ۋە ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە قىلغان. ھەتتا مۇسىقى (مۇزىكاشۇناسلىق) ئىلمىنىمۇ تېبابەتچىلىكنىڭ ئېھتىياجى ۋە

[1] «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 35 ـ بەت.

مەنۋى ئاساسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئېستېتىك سېزىم ئارقىلىق روھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى شىپالىق دورا سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. شۇنداقلا مۇزىكىنى رىيازىيات ئىلمى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنى سىغىملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەردى. ئىبن سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ «كىتابۇلشىفا» ناملىق قامۇسى ئىچىگە ئالاھىدە بىر قىسىم قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. ئىبن سىنا يەنە مۇزىكا ھەققىدە مەخسۇس «كىتابۇننىجاد» ناملىق ئەسەر يازغان.

فارابىنىڭ شاگىرتى، بۇخارادا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۈركى مەدەنىيىتىدىن بىۋاسىتە ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە مەركىزىي ئاسىيا ساك ـ تورانىيلارنىڭ ئون ئىككى مۆچەل قارىشى، كۇسەنلىك سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى، بابىلون ـ سۇمېر مەدەنىيىتىدىكى ئون ئىككى بۇرۇچلۇق مۇقەددەس قارىشى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى شەرق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى تۈركۈملۈك كۈي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا تۈنجى قېتىم ئون ئىككى تۈركۈملۈك (ماقاملىق) كۈي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۈركى خەلقلەرنىڭ كۈيشۇناسلىقتىكى مۇزىكىلىق ئاكوستىكا، ئىنتىرۋال، رىتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. ئىبن سىنانىڭ ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئەزەربەيجانلىق مۇزىكشۇناس سەيفىددىن ئابدۇلمۆمىن ئىبنى يۇسۇپ ئەل ـ ئورماۋى (مىلادى 1216 — 1294 ـ يىللار) «كىتاب ئەل ـ ئەدۋار» (دائىرىلەر توغرىسىدا كىتاب) دېگەن ئەسىرىدە كۈيلەرنىڭ ئون ئىككى دائىرە بويىچە شەكىللىنىش قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ، «مۇقام» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، ئىبن سىنا ئىلىم ـ پەننىڭ قايسى تۈرىنى نىشانلىسا، ئۇ شۇ ساھەدە ۋايىغا يېتىپ، ئۆلمەس ئابىدە تىكلىگەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قىلچە قانائەت ھاسىل قىلمىغان. ئۇ: «ئىلىم چەكسىزدۇر. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كۆز يەتمەيدۇ. ئۇ چېكى يوق ئۇپۇققا ئوخشاش»[1] دەپ توغرا ئېيتقان.

## 3. تەبىئەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھ

ئىبن سىنا تەبىئەت ئالىمى بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىگە بىر گەۋدە سۈپىتىدە قاراپ، «ئۆلۈمنىڭ سىرىنى بىلىش» يولىدىكى پۈتكۈل ئىزدىنىشلىرىدە تەبىئەت ۋە ئىنساندىن ئىبارەت ئەنە شۇ ئىككى ئوقنى مەركەز قىلدى. تەبىئەتنى ئەڭ زور ھۆرمەت بىلەن سۆيدى ۋە ئۆزىنى تەبىئەتكە ئاتا قىلدى. چۈنكى، تەبىئەتپەرۋەرلىك ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپى بولغان تېبابەت ئىلمىنىڭ ئاساسىي ئۇلى ئىدى. ئىبن سىنا ۋۇجۇدىدىكى تەبىئەتپەرۋەرلىك ئىككى چوڭ مەزمۇننى، يەنى تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان چوڭ تەبىئەت (ماكرو ئالەم)نى سۆيۈش بىلەن ئۇنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تۆت خىل ھايات سۇيۇقلۇقلىقىدىن تەركىب تاپقان كىچىك تەبىئەت (مىكرو ئالەم ـ كونكرېت ئادەم)نى سۆيۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى سۆيۈش، ئۇلۇغلاش تېمىسى ئىبن سىنا پەلسەپە قارىشى ۋە تېبابەت قارىشىنىڭ جېنى ۋە قېنى سۈپىتىدە بىر ـ بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل تېبابەت ئۇتۇقلىرىنى قانائەتلەندۇردى ۋە نۇرلاندۇردى. تەبىئەتنىڭ

---

[1] ۋ. ۋوسكو بوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم ـــ ئىبن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 51 ـ بەت.

تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، ئاسمان، يەر - زېمىن ۋە ئادەمنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ تونۇش، كۆللى ئالەمنى - مۇھىتنى ئاسراش، قوغداش ئىبن سىنا ئالەم قارىشىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇپ، بۇنداق تەبىئەت ھېرىسمەنلىكى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىن ئەسەبىيلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇنىڭ پانتېئىزمدىن پەرقلىق بولغان ماددا بىرلەمچىلىك ئاساسىدىكى ناتۇرال ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قارىشىنىڭ ھامىيسى بولۇشتەك ھەققانىيلىقىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئۇ ئانا تەبىئەتتىن ئۇلۇغ ھەرقانداق ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيتتى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مۇھىتىدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى يۇكسەك جاسارەت ۋە ساغلام ئىلمىي مەۋقەنىڭ ۋولقانى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى ساغلام پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ تاغ - باياۋانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى كىتابىدا روشەن ئىپادىلىگەن. ئىبن سىنا بىلەن برونىنىڭ تۆۋەندىكى سۆھبىتىگە قارايلى:

— «ئالەمنىڭ يارىتىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا يارىتىلغان» دېيىشىدۇ. دىنىي ئۆلىمالارنىڭ بۇ پىكرىنى ھېچقانداق بىر ئالىم رەت قىلالمىدى، — دېدى ئىبن سىنا.

— رەت قىلالىسا ئىدى كاشكى! — دېدى برونى مەيۇس ھالدا كۈلۈمسىرەپ:

— لېكىن دەلىل - ئىسپاتلار، تەبىئەتنىڭ ئۆزى ناھايىتى ساغلام پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۆلارنىڭ ساداسى باشقىچە، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەبۇ ئەلى (ئىبن سىنا) ھاياجان بىلەن، — تەبىئەت شۇنداق دەيدۇكى، چۆل - باياۋانلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىم - قەدىمدە شۇبھىسىزكى،

دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇگۇن سۇ بىلەن قاپلانغان يەرلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تاغ تىزمىلىرى ۋە دەشت ـ باياۋان بولغان بولۇشى، ئۇ يەرلەردە ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرنىڭ يارىلىشىنى تەدرىجىي كەلتۈرۈپ چىقارغان[1] . بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بىلەن بولغان بۇ ئىلمىي سۆھبەتتىن ئىبىن سىنانىڭ تەبىئەت ھەققىدە ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان ئىلغار كۆز قاراشلارغا ئىگە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئىبىن سىنا تەبىئەتنى قانچىلىك ئۇلۇغلىسا، ئۇنىڭ جانلىق بىر قىسمى بولغان ئىنساننى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ بىلدى ۋە ئۆزىنى ئىنسان ھاياتلىقى ئۇچۇن كۆرەشكە ئاتىدى. ئۇ ئىنساننى ماددا، ماددىي دۇنيانىڭ بىر قىسمى، تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانمۇ تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تۆت زاتقا قايتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق يازغان:

ئۇڭا دەلىل، جىسمى ھالاك بولسا ئەگەر
مۇقەررەركى، تۆت ئۇنسۇرغا يەنە قايتار.

دېمەك، ئىبىن سىنا ئىنسانغا تەبىر بەرگەندە، ئۇنى بىرىنچىدىن تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، ئىككىنچىدىن، تۆت زاتتىن تەركىب تاپقان تاشقى ئالەم بىلەن دائىمىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدىغان جانلىق تەبىئەت دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئىنسانىي خاراكتېرىنى تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە

---

[1] ۋ. ۋوسكوبوينىكو: «ئۇلۇغ ھېكىم — ئىبىن سىنا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 161 ـ بەت.

روھىي مۇھىتتا قويۇپ ئىزاھلىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

ھەق ـ جاھان جاندۇر، بەدەندۇر جاھان،
پەرىشتە دېگەنلەر سەزگۇ بىگۇمان.
ئۇنسۇرلاردىن بارچە جىسىم بولغاندۇر ئەزا،
مەن ـ بارلىق، قالغىنى ھىلە ھەم يالغان.

ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ناتۇرال ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قاراشلىرىدىن ئىككى چوڭ تەلىماتنى — نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىك تەلىماتى بىلەن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش (گىگىنا - سەھەت) تىن ئىبارەت سەھەت تەلىماتىنى ياراتتى. ئۇ ئىنسان تەقدىرىنى «ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق» دەيدىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدا مودا بولۇپ قالغان ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلاردىن پەرقلىق ھالدا «ھاياتلىق ئاچقۇچى ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز قولىدا، شۇڭا ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى — مىزاج، خىلىت، مۇۋازىنەت خاراكتېرىنى بىلىپ تۇرۇشى شەرت. ئۆزىنىڭ مىزاج - خاراكتېر سۈپىتىنى بىلمەسلىك ئەقلىنىڭ بىرىنچى ئېلىپبەسىنىمۇ بىلمەسلىك بولۇپ، ئىنسان تۇرۇپ ھايۋان ھالىتىدە قېلىش دېمەكتۇر. ھەر كىم ئۆز مىزاجىنى بىلمىگەنىكەن، ئۇ ئۆز ساغلاملىقىنى باشقۇرالمايدۇ. پايدا ۋە زىيانلىق مۇھىت، پايدىلىق ۋە زەرەرلىك ئوزۇقلۇق - يېمەكلىكلەرنى پەرق قىلالمايدۇ. مانا بۇ نادانلىقتىن تۇغۇلغان جاھالەت» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلار ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانغا بېغىشلانغان «ئەل ئەدۋىيە ئەل قەبىيە» ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىدە ئەكس ئېتىلگەن. دېمەك، ئىبن سىنا مېدىتسىناسى تەبىئەت ۋە ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن سۇغىرىلغان، تەبىئەت

بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ بىردىنبىر تولۇقلىغان تەبىئەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزەك قىلغان مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە بولغاچقا، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

## 4. ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش روهى

ئىبن سىنانىڭ پۈتكۈل هايات ئىزدىنىشلىرىدە ئەخلاق (ئېتىكا) يالقۇنلۇق نۇرانە ماۋزۇ سۈپىتىدە ئىزچىل گەۋدىلەندى. ئۇ ئەخلاقنى نوقۇل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى «پۈتكۈل ئىلىم - پەننىڭ بوۋىسى»، ماددىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقنىڭ ئاچقۇچى هېسابلانغان پەلسەپىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇهاكىمە قىلدى ۋە ئۇنى كۆپ قاتلاملىقتا، كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بىر پەن، دەپ قارىدى. ئىبن سىنانىڭ ئەخلاق هەققىدىكى «رىسالە فى ئىلمىي ئەخلاق» (ئەخلاق ئىلمىگە ئائىت رىسالە)، «رىسالە فىل ئىشق» (مۇهەببەت هەققىدە رىسالە)، «رىسالە فى تەزكىيا ئەننەفسى» (نەپسىنى پاك تۇتماقلىق توغرىلىق رىسالە)، «كىتابۇل بىرۋەل ئىسىم» (ياخشىلىق ۋە يامانلىق هەققىدە كىتاب)، «كىتابۇلئەنساف» (ئادىللىق كىتابى)، «رىسالە سىسسەتەل بەدەن» (بەدەننى باشقۇرۇش توغرىلىق رىسالە) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلىرىدە بىۋاسىتە هالدا ئەخلاق كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ تېماتىك دائىرىسى قاراتمىلىقى بولغان هالدا بىرقەدەر سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي بايان قىلىنغان.

ئىبن سىنا پەلسەپىسىنى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي قىسىملارغا ئاجراتقاندەك، ئەخلاقنىمۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاق، دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئاجرىتىدۇ.

ئىبن سىنا قەدىمدىن كېلىۋاتقان «ساغلام بەدەندە ساغلام ئەقىل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزگە ئاساسەن، ساغلاملىقنى ۋە ساغلاملىققا ئىنتىلىشنى ئومۇمىي ئەخلاقنىڭ غايىۋى مەنزىلى ۋە نىشانى دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ساغلاملىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ چوڭقۇر شەرھلىگەن ھەمدە ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى ھەربىر ئىجابىي ۋە سەلبىي ئامىللارنىڭ جىسمانىي - روھىي قۇۋۋەت ئاساسلىرىنى كۆرسەتكەن. قىسقىسى، ئىبن سىنانىڭ ئەخلاق ئىلمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى تولىمۇ كەڭلىككە ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ماھىيىتى ئىنسانىي كامىللىقتىن ئىبارەت ھاياتلىق پەللىسىگە باغلىنىدۇ.

ئىبن سىنانىڭ ئەخلاق قاراشلىرىدىكى بىر ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئۇ كۈندىلىك ئىجتىمائىي ھاياتتا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ كونكرېت بەلگىلىرى سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىما - ئىشارەتلەرنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملارغا ئىشىنەرلىك تەبىر بېرىدۇ. مەسىلەن، ئىبن سىنا مۇھەببەتنى ئەخلاقنىڭ يادروسى دەپ قاراپ، ئۇنى ھازىر بىز چۈشەنگەندەك نوقۇل شەخسىي رامكا بىلەن چەكلەپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇ «مۇھەببەت» ئىبارىسىنى كۈللى ئالەمدىكى قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ گارمونىيىلىك بىرلىكى ۋە مەۋجۇت ئەسلىزاتنىڭ ئۆز تەبىئىتى بويىچە كامالەتكە ئىنتىلىشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىبن سىنا ئىنساننىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى كۈللى ئالەم ياكى پۈتكۈل ئىشق - مۇھەببەت ئاساسىدا ئىزاھلاش بىلەن بىللە، ھايۋانىي نەپسى تەسىرىدە گۈزەللەرنى كۆرگەندە قوزغىلىدىغان بىردەملىك ئىشق - بىقارارلىقنىڭ ياخشىلىقنى نىشانلىغان كامالەتكە ئىنتىلىشتىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ يەردىكى بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئىبن

سىنا ئەخلاق تەلىماتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدىغان ياخشى ـ يامان خۇلقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت، تەربىيە، ئادەتلىنىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ۋۇجۇدى بار ھەرقانداق ئىنساندا ياخشىلىق ياكى يامانلىققا قارىتا بىر خىل تەبىئىي مايىللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىنسان فىزىئولوگىيىسى ۋە پسىخولوگىيىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ھەربىر كىشى ئۆز تەبىئىتىگە ئاساسەن ياخشىلىق ياكى يامانلىققا مايىل بولۇشتەك بۇ ئالاھىدىلىكنى بىلىش ھەمدە تۇرمۇش ئادىتى جەريانىدا ناچار تەبىئەتلىك خاراكتېرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالماسلىق ئۈچۈن سەگەكلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى ۋە ياخشى ئەخلاق تەلىمىنى قوبۇل قىلىشى لازىم، دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ رولىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ، ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى، كىتابىي تەربىيە ۋە ئىبرەت ئېلىش تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەربىيە مەزمۇنى ئىچىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان يامانلىق ـ پەسكەشلىكنى يېڭىپ، ياخشىلىق ـ ئالىيجانابلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا ئائىت تىپىك ئۈلگىلەرنىڭ ئىبرەتلىك تەربىيىۋى رولىنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرلىكتە، ئائىلىدىكى ئەخلاقىي تەربىيىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ ئائىلىدىكى ئەخلاقىي تەربىيىدە ئالدى بىلەن تەربىيىلىگۈچى (ئاتا ـ ئانا) ئۆزىگە نىسبەتەن يېتەرلىك تەربىيە ئالغان بولۇشى، ئەخلاقنىڭ ھەممە تامانلىرىدا ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇش ۋە شۇ ئاساستا پەرزەنت تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭدا ئىزگۈ خۇلق، خاراكتېر، ئەخلاقىي تۇيغۇ ـ ئاڭ يېتىلدۈرۈش لازىم، دەيدۇ.

ئىبن سىنانىڭ «تەدبىر ئۇل مەنازىل» (ياشاش ئورنى

تەدبىرلىرى) ناملىق ئەسىرىدە، ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئانىنىڭ مۇقەددەس ئۇستاز سۈپىتىدە ئائىلىدە بالا تەربىيىلەشتىكى ۋەزىپىسى ۋە رولى بايان قىلىنغان ھەمدە ئانا بولغۇچى ئاياللار ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان ئەقىللىق، بىلىملىك، خۇش پېئىللىق، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك، تەمكىنلىك، پاكلىق، چاققانلىق ۋە تېتىكلىك، شەرم - ھايالىق، ئېتىقادلىق، كۆيۈمچانلىق، تېجەمكارلىق، تەدبىرلىك، شجائەتلىك، قەيسەرلىك، راستچىللىق، غايىلىك بولۇشتەك 17 تۈرلۈك ئالىيجاناب ئەخلاقىي خىسلەت تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئىبن سىنا ئەنە شۇ ئەخلاقىي خىسلەتلەرنى ھازىرلىغان ئايالنى ئائىلىسىنىڭ، ئېرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە بەختى، دەيدۇ.

ئىبن سىنا ئەخلاق تەلىماتلىرىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم تەرىپى شۇكى، ئۇ ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى بىرقانچە ھالقىلىق ئۇقۇملارغا ئىلمىي تەبىر بېرىپ، ئۇنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئىبن سىنا ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، دەپ قارايدىغان ئالىيجانابلىققا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «ئالىيجانابلىق كىشىدە شۇنداق ئاجايىپ پەزىلەت ۋە شان - شەرەپنى كۈچەيتىدىغان خىسلەتكى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى كامالەتكە ئىنتىلىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ.» «ئىنسان ئۆزىنى ئۇششاق سۆز، ئۆچەكەشمەك، جېدەل، شىكايەت، نارازىلىق، داد - پەريادلاردىن خالىي قىلىپ چىقمىغۇچە شۇ خىل ئىپلاس ۋە پەسكەش خاراكتېردىن ئازاد بولالمايدۇ ۋە ئالىيجانابلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» («ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 95 - بەت). ئىبن سىنا يەنە ياخشى ئەخلاق - پەزىلەت جۈملىسىدىكى سەۋر - قانائەت، شەرم - ھايا، رەھىمدىللىك، ئىپپەتلىك، ساداقەتمەنلىك، كەمتەرلىك، سىر ساقلاش قاتارلىق بىرقاتار

ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنىڭ مەزمۇن - مەنىسىنى يېشىپ بەرگەندىن كېيىن، يامان ئەخلاق جۇملىسىدىكى چاكىنىلىق، نامەرتلىك، يالغانچىلىق، يۈزسىزلىك، ماختانچاقلىق، ئىچىتارلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، زالىملىق، ئاچكۆزلۈك، خوشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق بىر قاتار ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ «ئىنساندىكى ئەڭ يامان جىنايەتكار ئىللەت ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر» («ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 97 -، 98 - بەتلەر) دېسە، ئاچكۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىكنى پۈتۈن ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئاساسىي يىلتىزى دەپ قاراپ، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىكنى خىتاب قىلىدۇ.

ئىبن سىنا ئۇلۇغ تېبابەت ئالىمى سۈپىتىدە ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىش، جۇدۇنلۇق، غەم - قايغۇ ۋە ئەندىشە، ھەسەتخورلۇق، تاماخورلۇق، چېكىمخورلۇق ۋە ئىچىمخورلۇق، ئۈمىدسىزلىك، بوشاڭلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر يالغۇز ئەخلاقىي پەسكەشلىك بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە مۇنداق ناچار ئىللەتلەر ئۇلارغا «تېخىمۇ كۆپ ئىچكى ۋە تاشقى، روھىي ۋە جىسمانىي مەجروھلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن «خۇلق - مىجەزلىكنىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتى تەن سالامەتلىكنى ساقلايدۇ» («ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى») دەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىققىمۇ ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىزنىڭچە، ئىنساننىڭ ئادىمىيلىك زىننىتى ۋە ھۆرمىتى بولغان ئەخلاق - پەزىلەت مەسىلىسىنى بىر خىل ئىجتىمائىي شوئار ۋە سىياسىي چاقىرىق سۈپىتىدە تەكرارلاپ تۇرۇشنىڭ ئۇنۇمىگە قارىغاندا،

ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنادەك ئەخلاقنى بىر خىل مۇكەممەل سىستېمىلىق يەن كاتېگورىيىسى سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېشىپ بېرىشنىڭ ئۇنۇمى تېخىمۇ زور بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

ماقالىمىزنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىلاۋىنى قوشۇمچە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. ئۇلۇغ ھېكىم ئىبن سىنانىڭ ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرى تېما جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىقلىقى، مەزمۇن جەھەتتىن گارمونىيىلىككە ۋە شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىقى ئىگە بولغان بۈيۈك ئابىدە بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىنى بۇ بىر پارچە ماقالىدە تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق. ئىبن سىنا تېبابەت ئىلمى جەھەتتىن ھەقىقەتەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان مۆجىزىدار ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىلىم - پەننىڭ باشقا كۆپلىگەن تۈرلىرىدىمۇ يېپەك يولى مەدەنىيىتىدە چاقنىغان چولپان. شۇڭا، ئىبن سىنانىڭ تېبابەتچىلىك ئۇتۇقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، ئەخلاق، قانۇن، مۇزىكا قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدىكى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە يەكۈنلەش نۆۋەتتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۈگۈن XXI ئەسىر — ئۈچىنچى مىڭ يىللارنىڭ ھارپىسىدا ياشاۋاتىمىز. ئۈچىنچى مىڭ يىللار دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك قىياس قىلغىنىدەك، ئىلىم - پەن ئەسىرى، ئېنتېرنېت (ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر) ئەسىرى بولىدۇ. مىڭ يىلنى بىرلىك قىلغان بۇ بەھەيۋەت ئۇچلەمچى ئەسىر ئىبن سىنا نامايەندە قىلغان 2000 - يىللارنى قايتا تەكرارلامدۇ ياكى يېڭى ئىبن

سىنالىرى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك يېڭى ئىرانى نىشانلامدۇ؟ دەل مۇشۇ تېما بىزنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھېچكىم بۇگۈنكى زامان مېدىتسىناسى «بۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئىبنى سىنانىڭ مېدىتسىنا سەۋىيىسىگە يەتمەيدۇ» دەپ ئېيتالمايدۇ. بۇنداق قاراش ناھايىتى ئېنىقكى پۈتكۈل پەنلەر تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئەلۋەتتە. لېكىن بىز شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ئىبنى سىنا تېبابەتچىلىك سىستېمىسىدىكى تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن روھىي پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان داۋالاش شەكىللىرى، دورا تەركىبلىرى، دورا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ۋە مىقدارى قاتارلىق مىكرولاشقان تىب مەزمۇنلىرى ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ شۇ خىل مەزمۇنلىرىدىن روشەن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا. ۋەھالەنكى، بىز ھازىرغىچە بۇنداق ئەۋزەللىكلەرنىڭ زادى قانداق كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلىرىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلمىدۇق. شۇنداقلا يىپەك يولى مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، باي ۋە رەڭدارلىقى، نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي سىستېمىلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن ئىبنى سىنا تىب قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمىدى. 1997 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» نامىدا قىممەتلىك ھۆججەتنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ كىتاب ئەسلىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى قولىيازما يادىكارلىقتا ئاساسەن ئىشلەنگەن. بۇ

قىممەتلىك يادىكارلىق بىرلىكىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنى پروفېسسور، دوكتور رەشىد رەھمەتى ئارات 1932 ـ يىللىرى نېمىس تىلىدا نەشرگە تەييارلاپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. پروفېسسور دوكتور ئا. سۇھەيل ئەنۋەر بۇ يادىكارلىقنىڭ تۈركچە ۋە نېمىسچە تەرجىمىلىرىنى ئۆزىنىڭ تېۋىپلىق كۆز قارىشى بويىچە قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ ھەمدە بۇ يادىكارلىق ئاساسىدا ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە بىر مۇلاھىزىسىنى قوشۇپ، 1936 ـ يىلى ئىستانبۇل يېڭى تەتقىقات نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. دوكتور ئا. سۇھەيلىنىڭ بۇ يادىكارلىق ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇئەللىمى ئۇستاز بولغان ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بىر تېبابەتكىمۇ ئىگە ئىدى ۋە ئەتراپتىكى ئەللەرگىمۇ تارقاتقان ئىدى[1]. «يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، تۈركى ئىرپاننى، ئىلىمنى، تېبابەتچىلىكنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى». دەرۋەقە، VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۇيغۇر تېبابەت يادىكارلىقىدىكى كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى، دورا ـ دەرمەك ۋە ئۇلارنى تەييارلاش شەكىللىرى، ماددىي داۋالاش بىلەن روھىي داۋالاش (بەدەن بىلەن روھىيەت) نى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىق ھالقىلىق داۋالاش نۇقتىلىرى ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن» دىكى تىب قائىدىلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر مەنبەلىك تېبابەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن

[1] «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، 1 ـ، 5 ـ بەتلەر.

فىت ـ تىب» ناملىق بۇ تېبابەت دەستۇرىغا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردىكى داڭلىق ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىمادىددىن قەشقەرى تۇنجى قېتىم ( XII ئەسىردە) شەرھى يازغان ۋە شۇ دەۋرنىڭ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۇنى دەرسلىك قوللانما قىلغان. بۇ ھال ئۇزاق ئەسىر مابەينىدە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى يوقاتماي كەلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئىبن سىنا تېبابەتچىلىكىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى ۋە راۋاجى بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى تېخى يېتەرلىك تونۇپ يەتكىنى يوق. ياۋروپا ۋە ئەرەب دۇنياسىغا بۇنىڭدىن 8 ـــ 9 يۈز يىل مۇقەددەم تونۇشلۇق بولغان «ئەلقانۇن» ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىغاچقا، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ھەتتا تېبابەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېبىبىي خادىملارمۇ بۇ بۈيۈك دەستۇرنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەر. ئۇيغۇر تېبابىتى مۇندىن مىڭ يىللار مۇقەددەم دۇنيادا مەشھۇر بولغان جۇڭگو تېبابىتى ۋە ھىندى تېبابىتى بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلىنىپ، ئىبن سىنا ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقىلىپ، غەرب تېبابىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەتتا ناھىيە بازارلىرىدىن تارتىپ مەركىزىي شەھەرگىچە ئۇيغۇر تېبابەت ئورۇنلىرىدىن نەچچە ئۇنى قۇرۇلۇپ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈپەت جەھەتتىكى ئىناۋىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بۇ ھال بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تېبابىتى پەقەت ئىبن سىنا روھى بىلەن سۇغىرىلىپ، دۇنيانىڭ ئىلغار تېبابەت ئەنئەنىلىرىدىن ئىجادىي ئوزۇقلانغاندىلا، «ئۆلۈمگە ئامال قىلىش» تەك تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلالايدۇ.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر توغرىسىدا

رازاق مەتنىياز[1]



تەستىق بىلەن ئىنكار پەلسەپىدىكى بىر جۈپ قارىمۇقارشى ئۇقۇملار بولۇپ، تەستىق بولمىسا، ئىنكارمۇ بولمايدۇ؛ ئىنكار بولمىسا، تەستىقمۇ بولمايدۇ، تەستىق شەيئىنىڭ نىسپىي تۇراقلىق ھالەتتىكى مەۋجۇت شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنكار شەيئىنىڭ ئۆزگىرىش - تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەستىق بىلەن ئىنكار كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەندىن كېيىن، ھامان تىل بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تىل تەپەككۇرنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىنىشى. شۇڭا، تىلدا تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تۈركۈم شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى بارلىققا كېلىدۇ. تەستىق بىلەن

---

[1] رازاق مەتنىياز: پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن

ئىنكارمۇ ئوخشاشلا بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەرتلىك بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشمىغان تىل قاتلاملىرىدا ئوخشاشمىغان شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ھەرقايسى تىل قاتلاملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان تۈرلىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەستىق ئىپادىلەر بىلەن ئىنكار ئىپادىلەرنى ئېنىقلاش، تەستىق ئىپادىلەر بىلەن ئىنكار ئىپادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىقلاش ئۇيغۇر تىلى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىي ئىستېمالىدا تولىمۇ زۆرۈر.

ئوخشاشمىغان تىل قاتلاملىرى ئاساسەن سۆز بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. سۆز بىلەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنىڭ تۈرلىرى سۆزدە سۆز خاراكتېرىنى، جۈملىدە جۈملە شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئالدى بىلەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز (تۇرغۇن سۆزلەر) ۋە تىلدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جۈملە خەۋىرى تۇرغۇن سۆزدىن بولغان جۈملە ۋە خەۋىرى پېئىلدىن بولغان جۈملە دەپ ئايرىلىدۇ. تەستىق ئىپادىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەر تەستىق جۈملە، ئىنكار ئىپادىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە ئىنكار جۈملە دەپ قارىلىدۇ. تۆۋەندە سۆز ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردىكى تەستىق ئىپادىلەر بىلەن ئىنكار ئىپادىلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ـ «سىز»، «بىـ ـ»، «نا ـ» قاتارلىق بىر قىسىم قوشۇمچىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلەر ئادەتتە ئۆزى ئۇلانغان سۆزگە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ياسايدۇ دەپ

قارىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئىنكار ئىپادىلەر سۆزدىن ئىبارەت تىل قاتلىمىدا ئىنكارنى ئىپادىلىگۈچى شەكىللەر بولۇپ، ئۇ مورفولوگىيە تەتقىقاتى دائىرىسىگە مەنسۇپ.

«- سىز» : ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىغا خاس قوشۇمچە. بۇ قوشۇمچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ شۇ شەيئى ئىگە بولغان بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بىلەن ياسالغان يېڭى سۆز ئىسىمدىن سۈپەتكە ئۆزگىرىدۇ ۋە شەيئىنىڭ نامىنى ئەمەس، بەلكى شەيئىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى ئىسىم بىلەن قارىمۇقارشى مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن، «مېۋە + سىز = مېۋىسىز» ، «ئومۇرتقا + سىز = ئومۇرتقىسىز» قاتارلىق مىساللاردىكى «مېۋىسىز» سۆزى «مېۋە» سۆزى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىدە ئەمەس، «ئومۇرتقىسىز» سۆزى «ئومۇرتقا» سۆزى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىدە ئەمەس، بۇ سۆزلەر پەقەت «مېۋىسىز دەرەخ» ، «ئومۇرتقىسىز ھايۋان» قاتارلىق بىرىكمىلەردە ئېنىقلىغۇچى رولىنىلا ئوينايدۇ.

ئۇنداقتا: «- سىز» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۆزنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى نېمە؟ بۇ خىل سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى دەل «- سىز» قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزنىڭ «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن، «مېۋە + لىك = مېۋىلىك» ، «ئومۇرتقا + لىق = ئومۇرتقىلىق» قاتارلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ شۇ شەيئى بەلگىسىگە ئىگە

ئىكەنلىكىنى تەستىقلاشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆز ئىسىمدىن سۈپەتكە ئۆزگىرىدۇ ۋە شەيئىنىڭ نامىنى ئەمەس، بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرىنى سۆزدە ئىپادىلىنىدىغان تەستىق ئىپادە دەپ ئېيتالايمىز. بۇ قوشۇمچىلەر بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر «- سىز» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارىنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن، «مېۋىلىك - مېۋىسىز»، «ئومۇرتقىلىق - ئومۇرتقىسىز»، «گۈللۈك - گۈلسىز» قاتارلىقلار. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرى كۆپ مەنىلىك قوشۇمچە بولغاچقا، ئۇ پەقەت «- سىز» قوشۇمچىسى بىلەن قارىمۇقارشى مەنە ئىپادىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇ تەستىق ئىپادە بولالايدۇ.

«- سىز» ئىنكار ئىپادىسى بىلەن «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» تەستىق ئىپادىلىرى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولغانىكەن، ئۇنداقتا، بۇ قوشۇمچىلەردىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتە قىسمەن ئۆزگىرىش ياسىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تۇزسىز - تۇزلۇق»، «مايسىز - مايلىق» قاتارلىق قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، «تۇزسىز -» سۆزى «تۇزى يوق» دېگەن مەنىدىن باشقا، «تۇزى كەم» دېگەن مەنىگىمۇ، «تۇزلۇق» سۆزى «تۇزى بار» دېگەن مەنىدىن باشقا، «تۇزى ئۆتۈپ كەتكەن» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. سۆز مەنىسىدىكى بۇ خىل قىسمەن ئۆزگىرىش دەل قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارىنىڭ مۇتلەق مەنىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ «قارىمۇقارشى» دېگەن مۇشۇ مۇتلەق مەنىنىلا ئۆلچەم قىلىدۇ. مەنە ئۆزگىرىشى بولىدىغان سۆزلەردىكى «- سىز» قوشۇمچىسى

ئىزچىل يۇسۇندا «ئەسلى ئۆلچەمدىن كەمرەك» دېگەن مەنىنى، «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرى «ئەسلى ئۆلچەمدىن ئارتۇقراق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «تۇزلۇق تاماق» - «تۇزى ئۆتۈپ كەتكەن تاماق»، «تۇزسىز تاماق» - «تۇزى يېتىمىغان تاماق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەنىسىدە قىسمەن ئۆزگىرىش بولغان بۇ خىل سۆزلەر قىسمەنلىك ئىزچىللىققا ئىگە بولىدۇ.

«- سىز»، «لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك» قوشۇمچىلىرى تۈردەش ئىسىملارغىلا ئۇلىنىدۇ، خاس ئىسىملارغا ئادەتتە ئۇلانمايدۇ. خاس ئىسىمغا ياكى خاس ئىسىمغا ئالماشقان «مەن»، «سەن»، «ئۇ» قاتارلىق سۆزلەرگە ئۇلانسىمۇ، ئەمما قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارىنى ھاسىل قىلالمايدۇ، پەقەت «يوق، ئەمەس» دېگەن سۆزلەر مەنىسىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇرانسىز ئىش پۈتمەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «تۇران» (ئادەم ئىسمى) سۆزىگە ئۇلانغان «- سىز» قوشۇمچىسى «تۇران يوق بولسا» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، ئەمما بۇ جۈملىدىكى «تۇران» سۆزىگە «- لىق» قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ، «تۇرانلىق ئىش پۈتىدۇ» دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «- سىز» ياسىغۇچى قوشۇمچە، تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئەمەس. تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسىم تۈرىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئۇلانمىغانىكەن، ئۇنى كاتېگورىيە دېيىشكە بولمايدۇ.

«نا -»، «بى -» قوشۇمچىلىرى پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن قوشۇمچىلار. ئادەتتە ئەرەب - پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىسىملار ياكى سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىدۇ.

«نا ـ» : پارس تىلىدا سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە، ئادەتتە (يوق، ئەمەس، كەم قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) (پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت. سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى. 2358 ـ بەت). مەسىلەن، «ناباب»، «نا ئۇستا» قاتارلىقلار. بۇ قوشۇمچە كۆپىنچە سۈپەتلەرگە ئۇلىنىدۇ، بەزىدە ئىسىملارغىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، «ناھەق»، «ناكار»، «نائۈمىد»، بۇ خىل ئىسىملار سۈپەت خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. بەزىدە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرگىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، «ناتونۇش»، بۇ قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەندە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «يوق، ئەمەس» دېگەن مەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان، ئەمما «كەم» دېگەن مەنىسىنى ساقلاپ قالالمىغان. بۇ قوشۇمچە ئۇلانغان ياسالما سۆز ئەسلىدىكى سۆزنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئەسلىدىكى سۆز سۈپەت بولسا، ياسالما سۆزمۇ سۈپەت بولىدۇ. شۇڭا، بۇ قوشۇمچە بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئەسلى سۆز بىلەن بىرلىكتە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «نائۇستا ـ ئۇستا»، «ناباب ـ باب»، «نامەلۇم ـ مەلۇم» قاتارلىقلار. دېمەك، «نا ـ» قوشۇمچىسى «ـ سىز» قوشۇمچىسىدىن كېلىش مەنبەسى، مەنىسى، رولى، ئۇلىنىش ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

«بى ـ» : پارس تىلىدا ئادەتتە «يوق، كەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە ئادەتتە، ئىسىمدىن سۈپەت ياسايدۇ، بۇ «يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «بىتەرەپ»، «بىباھا». بۇ قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىسىملارغا ئۇلىنىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بىر سۆز تۈپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى ھەر خىل

بولىدۇ. مەسىلەن، «بىتەرەپ دۆلەت — توختام تۈزگەن دۆلەت»، «بىگۇناھ ئادەم — گۇناھكار ئادەم» قاتارلىقلار. «بى -» قوشۇمچىسى پارس تىلىدىكى ئىسىمدىن سۈپەت ياساش رولىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا «بى -» قوشۇمچىسى ئۇلانغان بىر قىسىم سۆزلەرگە «- سىز» قوشۇمچىسىنى ئۇلاشقا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، «بى -» قوشۇمچىسىنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى «- سىز» قوشۇمچىسىدىكىگە ئوخشاش مۇقىم بولىدۇ. مەسىلەن، «بىگۇناھ گۇناھلىق»، «بىھايا — ھايالىق»، «بىئەدەپ — ئەدەپلىك» قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بەد، غەيرىي» قاتارلىق چەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىنكار ئىپادىلەرمۇ بار. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «- سىز»، «نا -»، «بى -» قاتارلىق ئىنكار شەكىللەر ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنكار ئىپادە ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلار بولۇپ، بۇلار مورفولوگىيە تەتقىقات دائىرىسىگە مەنسۇپ، بۇ خىل شەكىللەردىن ياسالغان ياسالما سۆزلەر لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدە لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەر جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ جۈملە ھامان تەستىق جۈملە بولۇۋېرىدۇ، ئىنكار جۈملە بولالمايدۇ.

پېئىل ھەرىكەتنى ئىپادىلىگۈچى سۆز تۈركۈمى. پېئىلدا تەستىق بىلەن ئىنكار ئىپادە ئۆزگىچە بولىدۇ. پېئىلدىكى تەستىق ئىپادە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بىلەن (نۆل شەكىل) ئىپادىلەنسە، ئىنكار «- ما// - مە» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پېئىلدىكى تەستىق ئىپادە پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئۆز ھالىتىنى ئىپادىلىسە، ئىنكار ئىپادە شۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، يەنى

«- ما// مه» قوشۇمچىسى ئۇلانغان پېئىل شۇ پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەكسىگە يۈزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «- ما// - مه» تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۇ پېئىل تۈرىگە كىرىدىغان ھەرقانداق پېئىلغا ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلى (نۆل شەكىل) بىلەن بىرلىكتە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق - بولۇشسىز كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغان. پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى «- ما // - مه» قوشۇمچىلىرى پېئىلنىڭ ئىنكار ئىپادىسى بولىدۇ. پېئىلنىڭ ئۆز شەكلى (نۆل شەكلى) پېئىلنىڭ تەستىق ئىپادىسى بولىدۇ. بولۇشسىز قوشۇمچىسى «- ما // - مه» ئادەتتە دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن، شەخسلىك پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان قوشۇمچىلىرىدىن ۋە راي كاتېگورىيىسى قوشۇمچىلىرىدىن بۇرۇن ئۇلىنىدۇ. شەخسسىز پېئىللاردا «- ما // - مه» شەكلى قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. رەۋىشداشلارنىڭ «- پ» لىق تۈرىدە «- ماي // - مەي» شەكلىگە، سۈپەتداشلارنىڭ «ار» لىق تۈرىدە «- ماس // - مەس» شەكلىگە، ئىسىمداشلاردا «- ماسلىق // - مەسلىك» شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. قالغان ئەھۋاللاردا «- ما // - مه» شەكلىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، «بارغۇزمىدى»، «بارمايلى»، بۇ مىساللاردا «- ما // - مه» قوشۇمچىسى دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن، راي، شەخس، زامان قوشۇمچىلىرىدىن بۇرۇن ئۇلانغان. «بارماسلىق» ئىسىمداشنىڭ، «بارماي» «- پ» لىق رەۋىشداشنىڭ، «بارماس» «ار» لىق سۈپەتداشنىڭ ئىنكار شەكلى («- ماس» شەكلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ماقال - تەمسىللەردە ياكى يېزىق تىلىدا ئىشلىتىلگەندىن باشقا ئېغىز تىلىدا ئاساسەن

ئىشلىتىلمەيدۇ).

پېئىلنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىنكار شەكىللىرى پېئىللارغا ئۇلىنىپ جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلەكلىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ. «ـ ما // ـ مە» شەكلى جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ئۇلانغاندىن سىرت، باشقا بۆلەك بولغان پېئىللارغىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، ماقالىنى يېزىپ بولمىدىم (خەۋەر). كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار (ئىگە). «ـ ماي // ـ مەي» قوشۇمچىسى ئاساسەن جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، يولنى ئۇزۇن كۆرمەي كەپتۇ (ھالەت).

«ـ ما // ـ مە» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولغاندا، جۈملە ئىنكار جۈملىگە ئايلىنىدۇ (بايان جۈملىلەردە). خەۋەردىن باشقا بۆلەك بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ئۇلانغاندا، جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدا باشقا ئىنكار شەكىللەر بولمىسىلا، بۇ خىل جۈملە تەستىق جۈملە بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن، «ئويۇنغا بارمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ» (تەستىق جۈملە). بۇ خىل ئەھۋالدا «ـ ما // ـ مە» قوشۇمچىلىرى پەقەت سۆز بىرىكمىسىنى ئىنكار ئىپادە شەكلىگىلا كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى مىسالدىكى «ئويۇنغا بارمىغان». يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېئىللارنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلار (سۆز بىرىكمىسى، جۈملىلەر) نى ئىنكار ئىپادىگە ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

پېئىلنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىدىكى ئورنى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. پېئىلنىڭ ئىمكان تۈس شەكلىدە ئىمكان تۈس شەكلىدىن كېيىن بىرىكىدۇ. مەسىلەن، «يازالمىدىم». باشقا تۈس شەكىللىرىدە باشقىچە، مەسىلەن، «چۈشۈرۈپ قوي ـ چۈشۈرۈپ قويما»،

«يېزىپ باق ـ يېزىپ باقما»، «ئېچىپ كۆز ـ ئېچىپ كۆرمە»، «مېڭىپ بول ـ مېڭىپ بولما»، «چۈشىنىپ يەت ـ چۈشىنىپ يەتمە»، «ئالدىراپ قال ـ ئالدىراپ قالما»، «كۈلۈپ كەت ـ كۈلۈپ كەتمە»، «سۇنۇپ بەر ـ سۇنۇپ بەرمە»، «يېزىۋەت ـ يېزىۋەتمە» قاتارلىقلار. يۇقىرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېئىلنىڭ ئىنكار قوشۇمچىسى «ـ ما // ـ مە» پېئىل تۈسلىرىدە ئاساسىي پېئىلغا ئەمەس، ياردەمچى پېئىلغا ئۇلىنىدۇ. بەزىدە يەنە «بەرمەي قوي»، «يازماي قوي» قاتارلىق مىساللاردىكىدەك ئاساسىي پېئىلغا ئۇلىنىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ خىل ئەھۋال «قوي ـ» ياردەمچى بىلەن بىرىككەندىلا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل بىرىكمىشتە، مەنىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل هادىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ هەل بولۇشىنى تۈس كاتېگورىيىسىنى باشقا شەكىللەردىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇهىم بىر شەرتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولمىدىم» دېگەن جۈملىدىكى «ئىشلەپ بولما» دېگەن بىرىكمىنى تۈس كاتېگورىيىسى، «تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي، بولدى» دېگەننى ئايرىم ـ ئايرىم خەۋەر دەپ هېسابلاشقا بولىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ـ ما // ـ مە» قوشۇمچىسى يەنە ئاساسىي پېئىلغىمۇ، ياردەمچى پېئىلغىمۇ بىردەك ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان قوش ئىنكارنى هاسىل قىلىدۇ ۋە مەنە جەهەتتە قەتئىيلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «يىغىننى ئاچماي بولمايدۇ»، «ئوقۇشقا بارماي قويمايمەن». قوش ئىنكارنى هاسىل قىلىشقا قاتنىشىدىغان ياردەمچى پېئىللار «بول ـ»، «قوي ـ» دىن ئىبارەت. باشقا ياردەمچى پېئىللاردا بۇ خىل ئىقتىدار بولمايدۇ.

ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن سىنتاكسىس-

لىق قۇرۇلمىلاردىكى ئىنكار ئىپادىلەر «يوق»، «ئەمەس» قاتارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم ئەمەس نەرسە»، «پۇلى يوق بالا» قاتارلىق بىرىكمىلەر ئىنكار ئىپادىلىك سۆز بىرىكمىلىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئۆيدە ئادەم يوق»، «سۇ قاتتىق جىسىم ئەمەس» دېگەن قۇرۇلمىلار ئىنكار جۈملە بولىدۇ. دېمەك، «ئەمەس»، «يوق» سۆزلىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن ئىنكار قۇرۇلمىلار ھاسىل قىلغۇچى شەكىل ھېسابلىنىدۇ.

«يوق» ئادەتتە «بار» سۆزى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولىدۇ. «بار» سۆزى شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سۈپەت بولۇپ، تەستىق ئىپادىنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. «يوق» سۆزى شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان سۈپەت بولۇپ، ئىنكار ئىپادىنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە «جىق، كۆپ، تولا» قاتارلىق مىقدار رەۋىشلىرى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. بۇ نۇقتا بۇ ئىككى سۆزنىڭ مىقدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «بار» سۆزى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملە تەستىق بايان جۈملە، «يوق» سۆزى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملە ئىنكار بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىسمى يوق ئادەم يوق»، «ھەممە ئادەمنىڭ ئىسمى بار» دېگەنگە ئوخشاش «بار»، «يوق» سۆزلىرى ھەر دائىم مىقدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. «ئەمەس» سۆزى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئى خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى «خاراكتېر» خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئەسئەت ئىشچى ئەمەس»، «بۇ تاۋۇز پىششىق ئەمەس» قاتارلىقلار. «ئەمەس» سۆزى ياردەمچى سۆز بولۇپ، «ئەر -» ياردەمچى پېئىلغا «مەس» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن شەكىللەنگەن ھەمدە

«ئەمەس» شەكلىدە تۇراقلاشقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولغان خەۋەردىن كېيىن بىرىكىپ، ئىنكار ئىپادە ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «ھازىر ياز ئەمەس»، «بۇ خەت چىرايلىق ئەمەس» قاتارلىقلار.

«ئەمەس» ياردەمچى سۆزى دىئالوگلاردا «شۇ» كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىز تىلىدا «ئەمەس» سۆزى يەنە ئىسىملارنى ئېنىقلاپ «ناتونۇش، نامەلۇم» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئەمەسلا بىر ئادەم كېلىپ قالدى»، «ئەمەسلا يولغا باشلىدىڭىز» قاتارلىقلار. بۇ خىل كونتېكستتا، «ئەمەس» سۆزىنىڭ مەنىسىدە، گراماتىكىلىق رولىدا قىسمەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئۈندەش سۆزلەر تەركىبىدىكى «ھە، ياق» سۆزلىرىدىمۇ تەستىق ۋە ئىنكار پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «ھە» ئۈندەش سۆزى تەستىق ئىپادىنى، «ياق» ئۈندەش سۆزى ئىنكار ئىپادىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئىپادە دىئالوگلاردا ئىشلىتىلىدۇ. «ھە» سۆزى بىلەن مەلۇم بىر ئىشنى تەستىقلىگەندە، ئۇنىڭ كەينىدىكى بايانلاردا كۆپىنچە ئىسىم خاراكتېرلىك تەستىق شەكىل ياكى پېئىلنىڭ تەستىق شەكىللىرى ئىشلىتىلىپ، «ھە» ئۈندىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تەستىق ئىپادىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن،

— يېزىپ بولدۇڭمۇ؟

— ھە (يېزىپ بولدۇم).

«ياق» سۆزىمۇ «ھە» سۆزىگە ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن،

— يېزىپ بولدۇڭمۇ؟

— ياق (يېزىپ بولمىدىم).

دېمەك، «ھە»، «ياق» ئۈندەشلىرى نۇتۇق جەريانىدا

ئۆزىدىن كېيىنكى بايانىدا ئىشلىتىلگەن خەۋەرنىڭ تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بىز يۇقىرىدا مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا ئىپادىلىنىدىغان تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. مورفولوگىيە دائىرىسىدە تەتقىق قىلىنىدىغان تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان بولغاچقا، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا رول ئوينايدىغان تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئاساسەن ئاددىي جۈملە قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى بايان جۈملىنى كۆرسىتىدۇ. بايان جۈملىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ياكى تەستىق ئىپادە، ياكى ئىنكار ئىپادە بولۇشىدىن ئىبارەت. تەستىق ئىپادىمۇ ئەمەس، ئىنكار ئىپادىمۇ ئەمەس جۈملىلەر بايان جۈملە بولالمايدۇ، چۈنكى بايان جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى بولىدۇ. سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملىلەردە مۇنداق ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما سوئال جۈملىدە تەستىق بىلەن ئىنكارنىڭ رولى يوق. مەسىلەن، «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟» دېگەن سوئال جۈملە تەستىق شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ جۈملىنى «سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمامسەن؟» دەپ ئىنكار شەكلىدە ئىپادىلىسىمۇ جۈملىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ جۈملىدىكى ئىنكار شەكىل سۆزلىگۈچىنىڭ سوئال سوراش نۇقتىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، جۈملىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۈندەش جۈملە ئادەتتە تەستىق شەكىل بىلەنلا ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇيرۇق جۈملىدە

ئىنكار ۋە تەستىق شەكىللەر ئىشلىتىلىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل شەكىللەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەت قارشى تەرەپنىڭ مۇئەييەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ چەك - چېگراسىنىلا ئىپادىلەپ بېرىدۇ، تەستىق ياكى ئىنكار ئىپادە كۆرۈلمەيدۇ، جۈملىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، مەسىلەن، «قالايمىقان تۈكۈرمەڭ» دېگەن بۇيرۇق جۈملە «قالايمىقان تۈكۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ» دېگەن ئىنكار ئىپادىنىڭ بۇيرۇق پوزىتسىيىسى بىلەن ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ بىر خىل دەۋەت، چاقىرىق مەنىسىنىلا ئىپادىلەيدۇ. بۇ جۈملە «خالىغان يەرگە تۈكۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ (ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ) بۇيرۇق پوزىتسىيىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن شەكلىدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇڭا، بۇيرۇق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن تەستىق ۋە ئىنكار شەكىللەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ بۇيرۇق، چاقىرىق، ئىلتىماس، ئۇندەش پوزىتسىيىسى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىدىنلا ئىبارەت.

ئۇندەش جۈملىدە ئادەتتە تەستىق شەكىللا ئۇچرايدۇ، ئىنكار شەكىل ئۇچرىمايدۇ، ئىنكار شەكىل ئۇندەش سوراق ياكى سوراق ئۇندەش جۈملىلەردىلا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللاردا ئىنكار شەكىل بىلەن سوراق شەكىل بىرلىكتە تەستىق ئىپادىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن،

① — تويغا بارامسىز؟

— بارمامدىغان! ؟ (بارىمەن ئەلۋەتتە)

② — سىز سورىسىڭىز، بەرمىسەم قانداق بولىدۇ؟

(سىز سورىغاندىن كېيىن بەرمىسەم بولمايدۇ - دە).

بۇ خىل جۈملىلەر ئادەتتە قايتۇرما سوراق، رېتورىك سوراق قاتارلىق سوراق جۈملە تۈرلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل سوئال جۈملىلەردە ئىنكار شەكىللەر ئىنكار

ئىپادىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنكار ئىپادە بىلەن ئىنكار شەكىل ئوخشاشمايدۇ. ئىنكار شەكىل تەستىق شەكىلگە نىسبەتەن ئېيتىلغان شەكىل بولۇپ، ئۇ تەستىق شەكىلنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنكار ئىپادە ئىنكار شەكىل ئارقىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىپادە. تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادە سۆزلىگۈچىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئادەتتە بايان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملىلەردىمۇ تەستىق ۋە ئىنكار شەكىللەر ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن تەستىق ياكى ئىنكار ئىپادە ھېسابلانمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىپادىلەر سۆزدە ياكى ئاددىي جۈملىنىڭ خەۋىرىدە كۆرۈلىدىغان تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر بولغاچقا، ئادەتتە ئاددىي تەستىق ياكى ئاددىي ئىنكار ئىپادە دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى سۆز ياكى خەۋەر بولغۇچى سۆزدە ئىشلىتىلگەن ئىنكار شەكىللەر پەقەت سۆزدە ئىپادىلەنگەن خاراكتېر ياكى ھەرىكەتنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، پۈتۈن بىر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش رولىنى ئويىنمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەرمۇ بار. بۇ خىل تەستىق ۋە ئىنكار ئىپادىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «دېيىشكە بولىدۇ (دېيىش توغرا)»، «دېگىلى بولمايدۇ (دېيىش خاتا)»، «ئەمەس» قاتارلىق تەستىق ۋە ئىنكار شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىللەر باشقىلارنىڭ مۇئەييەن كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرىگە رەددىيە بېرىشنى ياكى تەستىقلاشنى نەزەردە تۇتىدۇ. مۇئەييەن كۆز

قاراش هامان جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىل تەستىق ۋە ئىنكار شەكىللەر مۇئەييەن جۈملىنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. پۈتۈن بىر جۈملىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەستىقلايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان بۇ خىل جۈملىلەر (تەركىبىدىكى جۈملىلەر مەيلى ئاددىي جۈملە بولسۇن، ياكى قوشما جۈملە بولسۇن) بەزىبىر ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن شەكىللەنگەن جۈملىلەر مۇرەككەپ ئىپادىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ ئىپادىلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

① تەستىق جۈملىنى تەستىقلاش ئارقىلىق تەستىق ئىپادە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، «گۈلنارنى ياخشى ئوقۇغۇچى دېيىشكە بولىدۇ». بۇ جۈملە باشقىلارنىڭ «گۈلنار ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن قارىشىنى (تەستىق ئىپادىلىك جۈملە) تەستىقلاش ئارقىلىق ھاسىل بولغان.

② ئىنكار جۈملىنى تەستىقلاش ئارقىلىق ئىنكار تەستىق جۈملە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، «بۇ ئىش ئاخىرىغا چىقمايدۇ دېگىنىڭ توغرا». بۇ جۈملە «بۇ ئىش ئاخىرىغا چىقمايدۇ دېگەن قاراشنى (ئىنكار ئىپادىلىك جۈملىنى)» تەستىقلاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

③ تەستىق جۈملىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق تەستىق ئىنكار جۈملە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، «قەيسەر ئەدەپلىك بالا دېگىلى بولمايدۇ». بۇ جۈملە «قەيسەر ئەدەپلىك بالا» دېگەن قاراشقا رەددىيە بېرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

④ ئىنكار جۈملىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىنكار جۈملە شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئىنكار ئىپادە ئادەتتە دېيىلىدىغان قوش ئىنكاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ (قوش ئىنكارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئۈستىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق). مەسىلەن، «ۋەزىيە ئېغىر ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن جۈملە «ۋەزىيە

ئېغىر ئەمەس» دېگەن قاراشقا (ئىنكار جۈملىگە) رەددىيە بېرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىنكار جۈملە.

يۇقىرىدىكى ئىككى تەستىق ئىككى ئىنكار، بىر تەستىق بىر ئىنكار، بىر ئىنكار بىر تەستىق جۈملىلەردىن قارىغاندا، تەستىق تەستىق جۈملە بىلەن ئىنكار تەستىق جۈملىلەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي تەستىق ئىپادىلىك جۈملە تەركىبىگە، تەستىق ئىنكار جۈملە بىلەن ئىنكار ئىنكار جۈملىلەر ئىنكار ئىپادىلىك جۈملە تەركىبىگە كىرىدۇ. قوشما تەستىق ئىپادىلەر ئاددىي تەستىق ئىپادىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش رولىنى، قوشما ئىنكار ئىپادىلەر رەددىيە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. خەۋىرى سۈپەتداشتىن بولغان ئىپادىلەر بىلەن «يوق» سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىنكار ئىپادىلەرنى ئىنكار قىلغاندا، ئادەتتە «ئەمەس» سۆزى ئارقىلىق ئىنكار قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «مەن ئۇنى كۆرگەن ئەمەس» دېگەن ئىنكار ئىپادە باشقا بىرسىنىڭ «سەن ئۇنى كۆرگەن» دېگەن گېپىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. رەددىيە بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، «مەن ئۇنى كۆرمىگەن» دېگەن ئاددىي ئىنكار ئىپادە شەكلى قوللىنىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، «سەن ئوقۇپ باقمىغان ئەمەس» دېگەن ئىنكار ئىپادىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىپادىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ يەردە ئاددىي ئىنكار ئىپادە بىلەن قوشما ئىنكار ئىپادىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن، «بۇ يەردە سۇ يوق» دېگەن ئاددىي ئىنكار ئىپادىلىك جۈملىگە «بۇ يەردە سۇ يوق ئەمەس» دېگەن جۈملە ئارقىلىق رەددىيە بېرىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەستىق شەكىل بىلەن ئىنكار شەكىللەر ئوخشاشمىغان تىل قاتلاملىرىدا ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆزدە كۆرۈلىدىغان تەستىق شەكىل بىلەن ئىنكار شەكىللەرنى سۆز

بىرىكمىسى ۋە جۈملىدە كۆرۈلىدىغان تەستىق شەكىللەر بىلەن ئىنكار شەكىللەردىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا جۈملىدىكى ئاددىي تەستىق شەكىل بىلەن ئىنكار شەكىللەرنى جۈملىدىكى قوشما تەستىق ۋە قوشما ئىنكار شەكىللەردىن پەرقلەندۈرۈش، قوشما ئىنكار شەكىللەر بىلەن قوش ئىنكار شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن يەنە تەستىق شەكىل بىلەن تەستىق ئىپادىنى، ئىنكار شەكىل بىلەن ئىنكار ئىپادىنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. تىلدىكى بۇ خىل پەرقلەرنى ئايرىش مەقسەتنى توغرا ۋە دەل ئىپادىلەشتە تولىمۇ زۆرۈر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ئوتتويېسپېرسېن: «گراماتىكا پەلسەپىسى» تىل ـ ئەدەبىيات نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى.

2. شۈي تۇڭجۇ: «تىل نەزەرىيىسى»، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

3. جامې مىسكاۋلې: «تىل لوگىكىسى»، خاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1998 ـ يىل نەشرى.

4. «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرى توغرىسىدا

تۇرسۇن قۇربان[1]



ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قەدىملىكى، ئۇزاقلىقى، رەڭدارلىقى، سىستېمىلىقلىقى ۋە مىللىي يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە باي بولغانلىقى بىلەن جۇڭگودا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەشھۇردۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ: «ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمكى مىللەت، مول تارىخىي

① تۇرسۇن قۇربان: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

يادىكارلىقلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىكى جايلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن»[①] دېگەن باھاسىمۇ مۇشۇ تارىخىي ھەقىقەت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بولىدۇ، لېكىن ھەممىلا مىللەتنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت تارىخى بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، تېخى خەلق ئىچىدە تارقالغان، ئەمما يېزىق ھالىتىدە بولمىغان ياكى ماددىي تۈس ئالمىغان مەدەنىيەتنى كلاسسىك مەدەنىيەت دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى كلاسسىك مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتى تارىخىي جەھەتتە قەدىملىككە، خاراكتېرى جەھەتتە مول مىللىي ئالاھىدىلىككە، تەسىرى جەھەتتە ئەبەدىيلىككە ئىگە. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەڭ بۇرۇن شەھەر تەسىس قىلىپ، شەھەر تۇرمۇشىنى باشلىغان مىللەت، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا قەغەز، مەتبەئە تېخنىكىسى، مىلتىق دورىسى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان. ئۇلار شەرق مىللەتلىرى تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ سىستېمىلاشقان، كومپوزىتسىيىلەشكەن، ئۇنىۋېرسال مۇزىكا قامۇسى — «12 مۇقام» سەنئىتىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ تىياتىر سەنئىتىنى ۋە تىياتىر ئۆمىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا سەنئەت تارىخىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. شۇڭا شىنجاڭ «تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن».[②]

---

① «ماۋ زېدۇڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرۇشى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانى.

② فېڭ جياشىڭ: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، (ئۇيغۇرچە) 488 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

سابىق سوۋېت قازاقىستانى كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى، ئاتاقلىق مۇزىكا ئالىمى ئىركەغالى راخمادىيېف «سوۋېت ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاساسچىسى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۆز تارىخىدا يۈكسىلىشلەرنىمۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرنىمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى خەلقلەردىن بىرى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا، مول مەزمۇنغا ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە مىللىي سەنئىتى ئارقىلىق شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ»[1] دەپ ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شەرق مەدەنىيەت تارىخىدىكى بەلگىلىك تارىخىي ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا مىللىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي تارىخى — ئەدەبىياتنى ياراتقان. بۇ ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قىسمىنى كلاسسىك ئەدەبىيات، بىر قىسمىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار بۇرۇنلا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەپ يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەزىم دەرياسىنىڭ بىر ئەلۋەك تارماق ئېقىنى بولۇپ، ئۇ قەدىملىككە، باي ۋە كۈچلۈك مىللىي پۇراققا، مەڭگۈلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. مۇشۇ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئەلۋەك ئېقىننىڭ بىر قىسمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆز مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقۇچى بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە شائىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

---

[1] «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 6 ـ سانى، 94 ـ بەت.

ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى پارلاپ تۇرغان بىر گۆھەر ــ لەتىپە بايلىقىدۇ. ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تالانتلىق دانىشمەنلەرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ موللىقى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، تارقىلىشىنىڭ كەڭلىكى ۋە تېزلىكى، ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى، تەسىرىنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكى بىلەن شەرق خەلقلىرىنىڭ لەتىپىچىلىك تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

«ئۇيغۇرلار ــ ئاددىي ـ ساددا، ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، مېھماندوست، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ مىللەت.» (ماۋزېدۇڭ)[1] شۇنداقلا ئۇيغۇرلار يۇمۇرىستىك خاراكتېرى كۈچلۈك، چاقچاقچىلىقتا، ياپتا ۋە كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىشتا خېلى داڭ چىقارغان خەلق. شۇڭا ئۇلار خېلى بۇرۇنلا لەتىپە ئىجاد قىلىپ، ساتىرىك ۋە تەنقىدىي رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىزنالىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، لەتىپە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم ژانىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئاساسىي تارىخىي ئىزناسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى رېئالىستىك روھى مول، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغان كۈلكىلىك قىسقا ھېكايىلەردۇر.

ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە فولكلورچىلار لەتىپە ئۇقۇمى ھەققىدە قىممەتلىك ئىلمىي تەبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «لەتىپە لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن كۈلكىلىك

---

[1] س. ئەزىزى: «ماۋجۇشى بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق سۆھبىتىمدىن خاتىرە»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ ۋە 12 ـ كۈنلىرىدىكى سانىغا قارالسۇن.

هېكايە، چاقچاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ژانىر ئىنگلىز، فرانسۇز، رۇس ۋە نېمىس تىللىرىدا ئانىگدوت (Anigdot) دېگەن ئورتاق نام بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ» (مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» 362 ـ بەت). خەنزۇ فولكلورشۇناسى جۇڭ جىڭۋېن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىدا خەلق لەتىپىلىرىنىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «خەلق لەتىپىلىرى چاقچاقلار ياكى ھەزىللەر دەپ ئاتىلىدىغان قىسقا ھېكايە (چۆچەك) دۇر. ئۇنىڭدا ھەزىل تۈسىنى ئالغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ئۆز ئىچىگە ئۆتكۈر سىياسىي مەزمۇننى ئالغان بولىدۇ. ئۇ كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن، فانتازىيىلىك ئېلېمېنتى ئازراق بولغان، خەلق ئاغزىدا پەۋقۇلئاددە ئىجاد قىلىنغان ئەسەردۇر.» (شۇ ناملىق كىتاب، 290 ـ، 291 ـ بەتلەر) ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «لەتىپە ــ كۈلكىلىك ھېكايە، چاقچاق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. لەتىپە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئالاھىدە بىر ژانىر» دەيدۇ. («نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، 2 ـ بەت) دېمەك، لەتىپە ــ رېئاللىقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، خاھىشچانلىقى يۇقىرى بولغان، كۈلكە، ھەزىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى تىپىك، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مىكرو تىپلىق قىسقا ھېكايىلەردىن ئىبارەت. ھەرقايسى مىللەتلەردە چاقچاقچىلىق، ھەزىلكەشلىك، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت بولغاچقا، ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كۈلكىلىك، يۇمۇرلۇق ۋەقەلەر دائىم تۇغۇلۇپ تۇرغاچقا، دۇنيادا لەتىپىگە ئىگە بولمىغان مىللەت يوق دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ھەربىر

مىللەتتە لەتىپە مەلۇم شەخس نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بەزى مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرىدىكى تىپىك پېرسوناژلار نۇرغۇن ئەسىرلىك ئىجاد قىلىنىش، تارقىلىش، قايتىلىنىش، پىششىقلىنىش ۋە ئادەتكە ئايلىنىش جەريانىدا رېئال ئاساسى كۈچلۈك بولغان ئىدېئال قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن لەتىپىلەر شۇ غايىبانە شەخس نامى بىلەن تارقالغان. بۇ، دۇنيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خېلى ئورتاق ئەھۋال. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن لەتىپىلەرنىڭ تارىختا ئۆز ئىجادكارى، ئىگىسى بار، يەنى نۇرغۇن مىللەتتە شۇنداق بىر خىل تارىخىي شەخسلەر ياشىغانكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدە ئىناۋەتلىك خەلق قەھرىمانى، جامائەت ئەربابى، شۇنداقلا ئۇستا چاقچاقچى ــ سۆز سەنئەتكارى بولغان. ئۇلار نۇرغۇن كۈلكىلىك قىسقا ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلىپ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقاتقان. ئۈچىنچىدىن، يىل، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لەتىپە ئىجاد قىلغۇچىلار خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۆلمەس قەھرىمانغا ۋە ئۆچمەس بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، لەتىپىلەر ھامان ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئىجاد قىلىنىۋەرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسى بار. شۇڭا بەزى لەتىپىلەر «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» دېيىلسە، بەزى لەتىپىلەر «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى» ... دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، بەزى مىللەتلەر ياراتقان لەتىپىلەر مىللىي چېگرىدىن ھالقىپ دۇنياۋى ئەدەبىي بايلىققا ئايلىنىپ، ئۇلاردىكى تىپىك بەدىئىي پېرسوناژلار دۇنياۋى بەدىئىي ئوبراز بولۇپ قالغان. نەسىردىن

ۋە «خوجا نەسىردىن لەتىپىلىرى»، «جوھا ۋە جوھا لەتىپىلىرى» مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا نەسىردىن ئەپەندى بىر يارقىن مىللىي ئوبرازلا بولۇپ قالماستىن، يەنە بىر يارقىن «دۇنياۋى ئوبراز»[1] مۇ بولۇپ قالغان، بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەتقىقاتچىسى روفىلېتوۋ مۇنداق دەيدۇ: «خوجا نەسىردىن ئوبرازى پۈتكۈل شەرقتە، پارس، ئەرەب، تۈركلەردە، تاشقى كاپكازىيىدە، شىمالىي ئافرىقىدا، سىلسىيە ئارىلىدا، يۇناندا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بۇلغارلاردا، ئالبانلاردا، رۇمىنلاردا، ئەمەلىيەتتە شەرقنىڭ كۆلكىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى بۇ نام بىلەن توپلىنىپ رەتلەنگەن»[2]. يۇگوسلاۋىيە تەتقىقاتچىسى ئىۋان سوفى دۇنيادىكى نۇرغۇن كومىك قەھرىمانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نەسىردىن ئەپەندىنىڭ مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە يازغۇچى — ئىجادكار ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقى مىلادى XII ئەسىردە نەسىردىن ئەپەندىنى دۇنياۋى كومىك شەخسكە ئايلاندۇرغان.

سەلەي چاققان ۋە موللا زەيدىنمۇ ئەسلىدە ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ ئىجادكارى ئىدى. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن لەتىپىلەر ئۇلارنىڭ نامىدا ئىجاد قىلىنىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەرلىك كومىك شەخسلەردىن يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە مىللىي كومىك شەخسلەرگە ئايلىنىپ، پۈتۈن جۇڭگوغا، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەلۇم تەسىر

---

①② «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» (خەنزۇچە نۇسخىسى)، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى نەشرى، 7 -، 8 - بەتلەر.

كۆرسەتتى. «ھېسام چاقچاقلىرى» ئەسلىدە ھېسام تەرپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئىلى رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن كۈلكىلىك چاقچاق ھېكايىلەر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھېكايىلەر ھېسام نامى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە، ھەتتا بەزى كۈلكىلىك ھېكايىلەر ھېسام نامىدا توقۇلماقتا ۋە ئىجاد قىلىنماقتا.

مەلۇمكى، ئىنسان ــ ئەقىل ئىگىسى، تەپەككۇر قىلغۇچى مەخلۇقات. شۇڭا ئۇنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەپەككۇرنى زور ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرىدۇ. لەتىپە كومېدىيىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بەدىئىي تۈر بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ قىزىقچىلىق خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم مەنىدە ئىنساننىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى ئۇلۇغ سەنئەتكار چارلىز چاپلىن ئۆز تەسىراتلىرى ئاساسىدا: «ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى كومېدىيىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ»[①] دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئەمەلىيەتتە، لەتىپە ــ ئىنتايىن قىسقا، ماھىيەتلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق قىزىقچىلىق يارىتىدىغان ئەدەبىي تۈر. تېزلىكتە كۈلكە پەيدا قىلىش، ئاڭلىغۇچىنى تېز تەسىرلەندۈرۈش ــ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى. شۇڭا لەتىپە ئىجاد قىلىش ئەقىلنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، سېزىمچانلىقىنىڭ تېز بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر بولۇپ، ئۇ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە رەڭدارلىقى، رېئالىستىك روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە غايىنىڭ پارلاقلىقى، پېرسوناژلىرىنىڭ چىنلىقى، يارقىنلىقى، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، كومېدىيىلىك كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

---

① «لەتىپە تەتقىقاتى»، (خەنزۇچە) 7 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ئۇيغۇر قىزىقچىلىقىنى روشەنلەشتۇرگەنلىكى، بىرمۇنچە مەشھۇر كومېدىيىلىك پېرسوناژلارنى يارىتالىغانلىقى بىلەن باشقا مىللەتنىڭ لەتىپىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ فولكلورشۇناسلىرى ۋە خەلقئارادىكى بەزى فولكلورشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار — دۇنيادا لەتىپىلىرى سان ۋە تۈر جەھەتتە ئەڭ كۆپ بولغان، كۆمىك پېرسوناژلىرى ئالاھىدە مەشھۇر بولغان خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار داۋاملىق لەتىپە ئىجاد قىلىپ تۇرغان، يېڭى كومىك قەھرىمانلارنى يارىتىپ تۇرغان مىللەت.

شادىيانىلىق، يارقىنلىق، كۈلكىلىك ۋە قەتئىيلىكمۇ ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ماركس مۇنداق دېگەنىدى: «روھنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى شادىيانىلىق، يارقىنلىق. ... كۈلكىلىك ئىشلار كۈلكىلىك كۆرۈنسىمۇ، بۇ ئۇنىڭغا قەتئىي پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.»[1] ئېنگېلسمۇ يۇمۇر ھەققىدە توختىلىپ: «گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يۇمۇرلۇق شەكىللەر ئارقىلىق كۈرەش ئېلىپ بارغان، يۇمۇر ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ»[2] دەپ ئېيتقانىدى.

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى توغرىسىدىمۇ خۇددى شۇنداق ئېيتىش مۇمكىن. تارىختىن بېرى، ئۇيغۇرلار لەتىپىدىن ئىبارەت بۇ يۇمۇرلۇق ھېكايە شەكلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شادىيانە، مەغرۇر، يارقىن، ئوچۇق، كۈلكە، ھەييارلىق، ئەمما ناھايىتى قەتئىي، كەسكىن روھىنى ئىپادىلەپ، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلغان، ئادالەتسىزلىككە قارشى

① ② «لەتىپە تەتقىقاتى»، 6 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

تۇرغان، خەلق ئىچىدىكى ناچار قىلىق، ھەرىكەتلەرنى تەنقىدلىگەن.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان شادىيانىلىق — ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىنى كۆرسىتىدۇ. يارقىنلىق — پېرسوناژ خاراكتېرىنى، كۇلكە — بەدىئىي ۋاستىنى، قەتئىيلىك — ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى قەتئىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — تەربىيىۋىچانلىقى يۇقىرى، كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى ياخشىلايدىغان ئالاھىدە كۇلكىلىك ھېكايىلەر بولۇپ، ئۇ رېئاللىستىك ۋە تارىخىي ھۆججەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇرمۇشتىكى ھەزىل، چاقچاق ۋە كۇلكىلەر لەتىپىنىڭ مەنبەسى. لېكىن چاقچاق ۋە كۇلكىلىك گەپ - سۆزلەر لەتىپىنىڭ ئۆزى ئەمەس. پەقەت شادىيانە، يارقىن، مەغرۇر، كۇلكىلىك ۋە قەتئىيلىكنىڭ ئىپادىسى بولغان كۇلكە - چاقچاقلاردا لەتىپە بولالايدۇ. شۇڭا لەتىپە بىلەن چاقچاقنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ گەرچە لەتىپىلىك خۇسۇسىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن لەتىپىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئاجىزلىق خېلى بار. ئۇنىڭدا كۇلكە ۋە پېرسوناژ، بولۇپمۇ خاراكتېر تولۇق تېپىكلەشمىگەن، چاقچاق بىلەن چاقچاق ئارا مەنتىقسىزلىق، زىددىيەت مەۋجۇت. شۇڭا ھېسام چاقچاقلىرى يەنە بەزى ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن تولۇق مۇكەممەللىككە، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە لەتىپىگە ئايلىنالايدۇ. دېمەك، لەتىپىنىڭ چاقچاق مەنىسى بولسىمۇ ۋە چاقچاقنى ئۆزىنىڭ ئېپتىدائىي مەنبەسى قىلسىمۇ، لېكىن چاقچاقنىڭ ئۆزى لەتىپە بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى مىكرو تىپلىق ھەجۋىي ھېكايىلەر

بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ ئاساسى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر رېئالىستىك مىكرو ھېكايىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بەزى لەتىپىلەردە بەزى زور ماھىيەتلىك ۋەقە ـ كۆرۈنۈشلەر بار. بولۇپمۇ كلاسسىك خەلق لەتىپىلىرىدە بۇ خۇسۇسىيەت گەۋدىلىك. دېمەك، مىكرو ھېكايە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش — ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ بىر قانۇنىيىتى.

دراماتىك ئامىللارنىڭ باي، كۈچلۈك، يارقىن بولۇشى، بولۇپمۇ كومېدىيىگە خاس پېرسوناژ، سيۇژېت، شارائىت بولۇشى، قىزىقچىلىقنىڭ گەۋدىلىنىشى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە خاراكتېردىكى دراماتىك توقۇنۇشلار ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى. مەيلى نەسىردىن ئەپەندىن لەتىپىلىرى بولسۇن، مەيلى «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ۋە «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى» بولسۇن، ئۇلاردا قارىمۇقارشى پېرسوناژ، قارىمۇقارشى قىلىق ـ ھەرىكەت، قارىمۇقارشى مۇددىئا ـ مەقسەت، قارىمۇقارشى پىكىرلەر مەۋجۇت. پېرسوناژ خاراكتېرى ۋە لەتىپىگە يوشۇرۇنغان خاھىش مۇشۇ قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى كومېدىيىلىك تۈسى قويۇق بولغان يۇمۇرلۇق ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە كومىك پېرسوناژلار، كۈلكىلىك ۋەقە ـ ھادىسىلەر، قاملاشمىغان، ئەپلەشمىگەن قىلىق ـ ھەرىكەتلەر ئاز ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر لەتىپە ئەدەبىياتى ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ، بېيىيدۇ، كۆپ خىللىشىدۇ ۋە تېخىمۇ جانلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇندىن 2500 يىل ئىلگىرى كۆچمەن ھالەتتىكى تۇرمۇشتىن تۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتىگە، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىر خىل ئىگىلىكتىن دېھقانچىلىق،

باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىقتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىككە قەدەم قويغان. مەھەللە ـ يېزىلارنىڭ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشى، قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، تەپەككۇر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى. گەرچە غەربىي ياۋروپادا جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغان 496 ـ يىلى باشلىنىپ، پارلاق مەدەنىيەت ئارقىغا چېكىنگەن دەۋر بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئەھۋال ئەكسىچە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تارىم ۋادىسىدا ئىگىلىك ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىيىن شەكلى بولغان تىياتىر ئالدى بىلەن تارىم ۋادىسىدا پەيدا بولدى. مىلادى VI ئەسىردە ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى كومېراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خانىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ كۆسەندە ئوينالغان تۆت پەردىلىك دراما ــ «سوماترا» شەرقتىكى ئەڭ تۇنجى تىياتىر سەنئىتى نامايەندىسى بولدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىپتىدائىي سىمفونىك ئىزنالىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بۇنىڭ بىلەن مىلادى VI ئەسىردە ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىمى سۇجۇپ تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، 12 سىستېمىلىق كۈي ـ مۇقامغا ئايلىنىشى ئۇيغۇر سەنئىتى تارىخىدىكى مىسلىسىز نامايەندە، شۇنداقلا شەرق مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور تەرەققىيات بولدى.

لەتىپە ــ ئېيتىش ۋە ئاڭلاش خاراكتېرلىك سەنئەت. ئۇنىڭدا دراماتىك ئامىللار خېلى قويۇق. بۇنداق سەنئەت مۇقەررەركى، شەھەر ۋە شەھەر ئىگىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا،

ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. شۇڭا مىلادىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل لەتىپىلەر ۋە ئۇلارنى ياراتقۇچى دانىشمەنلەر بولغان دېيىش مۇمكىن. بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرىدە خېلى تالانتلىق دانىشمەنلەر ياشىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ۋە كۆپ خىل يېزىق ئىشلەتكەنلىكى، بولۇپمۇ بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈش جەريانىدا بۇ خىل مىراسلارنى نابۇت قىلىۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە جاھالەتنىڭ كۈچىيىشى، موڭغۇل ئىستېلاچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشى، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان جېدەل ماجىرالار، مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى كلاسسىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ خىل زىيان ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى خېلى بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشىگە يول قويمىدى. شۇڭا XII ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلق دانىشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرى ھەققىدە مول ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز.

لېكىن XII ئەسىردىن باشلانغان مۇستەقىل ژانىردىكى ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر ئېسىل بايلىق.

ئەگەر بىز بىرقەدەر مۇكەممەللىككە ۋە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى XII ئەسىردە پەيدا بولغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن باشلىساق، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلۈشىمىز مۇمكىن:

1) قەدىمكى زامان ئۇيغۇر لەتىپىلىرى

2) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر لەتىپىلىرى

3) هازىرقى زامان ئۇيغۇر لەتىپىلىرى
4) يېڭى دەۋر ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ۋە چاقچاقلىرى
ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە كۆلىمىلىك، قىزىقارلىق بىر خىل كىچىك تۈر بار. ئۇ بولسىمۇ لاپ ئۇرۇش (پو ئېتىش). ئۇنىڭدا يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، چىنلىق دەرىجە تۆۋەن، بەدىئىي ئەدەبىياتلىق خۇسۇسىيەت ئاجىز بولغاچقا، ئۇ لەتىپە تۈرىگە كىرمەيدۇ.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، يەنى قەدىمكى زامان باسقۇچى نەسىردىن ئەپەندى ۋە شاھ مەشرەپنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ لەتىپىلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ ئىككى ئۇلۇغ دانىشمەنني بىلمەيدىغان ئادەم يوق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرىدىن ھېچبولمىغاندا، بىرەرنى بولسىمۇ ئېيتالمايدىغان كىشى يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ نەسىردىن ئەپەندى ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئاجايىپ دانىشمەن بولۇپ، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى «پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان» (چى ليەنشيۇ: «ئاز سانلىق مىللەت ئاقىللىرىنىڭ لەتىپىلىرى»، 10 ـ بەت).

شاھ مەشرەپ مەشھۇر تارىخىي شەخس، شۇنداقلا لىرىك شائىر ۋە لەتىپىچى. ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش تەسىرى بار پېرسوناژ. ئۇ 1657ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئاپپاق غوجا ئوردىسىدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغان. لېكىن مەدەنىيەت دۈشمىنى ئاپپاق غوجا نەۋقىران مەشرەپنى ئاختا قىلىپ تاشلىغان. ئۇ ئەلەمگە چىدىماي ئوردىدىن ئايرىلىپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە ئىلىلاردا خېلى بىر ۋاقىت سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ جەرياندا خەلق ئىچىدە يۈرۈپ ئەزگۈچى سىنىپلارنى، روھانىي مۇتەئەسسىپلەرنى

پاش قىلىدىغان، قامچىلايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىر ۋە لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇ 1711 ـ يىلى ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئافغان پادىشاھى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ دارغا ئېسىلىپ، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆلگەن.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى يېقىنقى زامان باسقۇچى سەلەي چاققان (1790 — 1850)، موللا زەيدىن (1815 — 1880)، شېرىن دورغا ( XIX ئەسىردە كېرىيىدە ياشاپ ئۆتكەن)، موللا مۇھەممەد يار خەلپىتىم (1860 — ؟) لارنىڭ نامى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇلار تامامەن تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي دانىشمەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز لەتىپىلىرىدە ئۆزلىرىنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئەزگۈچىلەرنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنى، قالاق ئادەت، ئىدىيىلەرنى ساتىرىك كۈلكىگە ئېلىپ قاتتىق قامچىلىغان. سەلەي چاققان ۋە موللا زەيدىن ياراتقان لەتىپىلەر ھەم يەرلىك، ھەم قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا، ھەم پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا كەڭ تارقالغان. گەرچە ئۇلار نەسىردىن ئەپەندىدەك دۇنياۋى دانىشمەن بولمىسىمۇ، ئەمما پۈتۈن شىنجاڭدا، پۈتكۈل مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرى مەلۇم دەرىجىدە تارقالغان.

موللا مۇھەممەد يار خەلپىتىم 1860 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، كېيىنكى ئۆمرى ئىلىدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى قەشقەر ۋە غۇلجىدا خەلق ئاغزىدا كەڭ تارقالغان. ئۇ ئۆز لەتىپىلىرىدە باي، شاڭيۇ، بەگلەرنى، نائىنساپ ئەمەلدارلارنى ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىيلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، يەنى ھازىرقى زامان باسقۇچى تۇرپانلىق روزى قارى (1866 — 1971) ۋە تاتلىق قازى (1868 — 1948) لارنىڭ، شۇنىڭدەك ياقۇپبەگنىڭ نامىغا باغلىقتۇر. بۇلار ئۆز يۇرتىدا

ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ئېسىل لەتىپىلەرنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرى كۆپرەك ئۆز يۇرتىدا شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى تەرەققىياتىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچىدا، يەنى يېڭى دەۋر لەتىپە تەرەققىياتى باسقۇچىدا سەلەي توختى (1890 — 1981)، ئىشقىيار (1891 — 1981)، ئىسكەندەر ھەققۇلى (1918 — 1979)، موللىباقى، چىمەت ئاكا، بارات زەپە، ھېسام قۇربان، قاسىم سوغۇق، ئىبراھىم سىيىت ( — 1924)، ئەمەت ئۆمەر قاتارلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دانىشمەنلەرنىڭ يېرىم ئۆمرى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆپ قىسمى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرىدە ئىككى خىل دەۋر ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىجاد قىلغان لەتىپىلىرىدە سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپچىلىك تەنقىدلەنگەن بولسا، ئازادلىقتىن كېيىن ئىجاد قىلغان لەتىپىلىرىدە كۆپرەك خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان مەسىلىلەر پاش قىلىنغان. ھېسام قۇربان، ئىسكەندەر ھەققۇلى قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرىدە سولچىل لۇشيەن كاساپىتىدىن خەلق تارتقان دەرد ـ ئەلەملەر، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى چوڭقۇر پاش قىلىنىپ قاتتىق تەنقىدلەنگەن.

يۇقىرىدىكى دانىشمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرىدىن باشقا، يەنە ھەربىر يۇرتنىڭ ئۆزىگە يارىشا دانىشمەنلىرى ۋە لەتىپە ـ چاقچاقلىرى بار. قاسىم سوغۇق قۇمۇل شەھەر ئىچىدە تۇغۇلغان قىزىقچى بولۇپ، ئۇنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى قۇمۇل رايونىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە، كۇچار، باي، ئۇچتۇرپان، يەكەن، قاغىلىق، قاراقاش، كېرىيە، غۇلجا، سۈيدۈڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىمۇ شۇ جايلارغا خاس قىزىقچىلار بولۇپ،

ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرى لەتىپە، بەزىلىرى چاقچاق تۈرلىرىگە مەنسۇپ.

ھەرقايسى باسقۇچلارغا تەۋە بولغان دانىشمەنلەر ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرغان، ھېسسىياتتا ئۇلار بىلەن بىللە بولغان، ئۆز ھېسسىياتىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى مىللەتنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن. دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ زالىم، مۇتەئەسسىپ، ئەخمەق پادىشاھلارنى، ۋەزىر ـ ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى روھانىيلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىشى، دانىشمەن سەلەي چاققاننىڭ زوردۇنبەگنى، مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنى ۋە مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنى مەسخىرە قىلىشى، دانىشمەن موللا زەيدىننىڭ مەنچىڭنىڭ سىياسىي ۋەكىلى بولغان لۇكچۇن ۋاڭىنى تەنقىد قىلىشى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى نامۇناسىپ ئىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى، يېڭى دەۋر دانىشمەنلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى بولمىغۇر قىلىقلار، قالاق ئىدىيىۋى ئىستىللار، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ناچار ئىشلارنى تەنقىد قىلىشى تامامەن خەلقنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ماركس بىلەن ئېنگېلس «مۇقەددەس نەسەپ» دېگەن ئەسىرىدە «تارىخىي پائالىيەت ئاممىنىڭ ئىشى»① دېگەنىدى. تارىختىكى ۋە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر دانىشمەن ـ ئاقىللىرىنىڭ لەتىپە، يۇمۇر، چاقچاقلارنى ۋاسىتە قىلىپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى قاملاشمىغان، قاملاشمايۋاتقان، ئەپلەشمىگەن ۋە ئەپلەشمەيۋاتقان قاراڭغۇ تەرەپلەرنى، پۈتكۈل مىللەت، پۈتكۈل خەلقنىڭ ھېسسىياتى، تەسەۋۋۇرى،

---

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى»، ئۇيغۇرچە 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

ئىرادىسىگە خىلاپ رەزىل رېئاللىقنى ئاچچىق كۈلكە قوزغاش يولى بىلەن پاش قىلىپ، رەسۋا قىلىشى، خەلق ئىچىدىكى ناچار قىلىقلارنى شادىيانە كۈلكە قوزغاش ئارقىلىق تەنقىد قىلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل داغدۇغىلىق ئاممىۋى پائالىيەت. ئۇيغۇر لەتىپىچى دانىشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ لەتىپىلىرىدە ھەم ئۆزلىرىنى، ھەم خەلقنى ئىجابىي پېرسوناژ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ مەزمۇنىغا خەلقنىڭ ھېسسىياتى، ئىرادىسى، غايىسى ۋە ئارزۇسى سىڭىپ كەتكەن. لېكىن ئايرىم لەتىپىلەردە بەزى قالاق ئادەت، كۆز قاراش ۋە ھازىر ئاقمايدىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ ئەينى تارىخىي شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. شۇڭا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى لەتىپىلىرىگە قارىتا تارىخىي، تەنقىدىي، دىئالېكتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇلار ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئامىللارغا ئىگە ئىلغار مەدەنىي مىراس ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا، ئوخشاپ قېلىش، تەكرارلىنىش، بىر دانىشمەننىڭ لەتىپىسى يەنە بىرىنىڭ بىلەن ئالمىشىپ قېلىش ھادىسىلىرى خېلى كۆپ بولغان. ھەتتا ئۇيغۇر لەتىپىلىرى بىلەن ئەرەب جۇھا لەتىپىلىرى، ئىران نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، تۈركىيە ئەپەندى لەتىپىلىرى، ئۆزبېك، قازاق، ئەزەربەيجان قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرى بەزى تەرەپلەردە ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ بىر نورمال ھادىسە. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ، دىنىي ئېتىقادنىڭ، مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ بەزى ئوخشاشلىقلىرى شۇنداق بولۇشنى بەلگىلىگەن. ھەتتا موڭغۇللار، زاڭزۇلار ۋە جۇاڭزۇلارنىڭ لەتىپىلىرى ئىچىدە تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە

نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاقىقان ۋە موللا زەيدىن لەتىپىلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان بەزى لەتىپىلەرمۇ بار. بۇلارنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمى بويىچە تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرلار ھەققىدە:

4392 «كىلۇر ئەمدى شائىر بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ھەم سۆككۈچى.
4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇك تەپەككۇر يولى.»[1]

دەپ، خەلق بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش شائىرلارنىڭ سۈپىتىنى كۆرسەتكەندى. نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاقىقان، موللا زەيدىن، شاھ مەشرەپ قاتارلىق ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى چۈشىنەلەيدىغان قېرىنداش خەلقلەردىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان شائىر سۈپەت ئادەملەردۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ سەلەي چاقىقان شائىر بولۇپ، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان 250 كۇپلېت شېئىر، قوشاق ئىجاد قىلغانىدى. موللا زەيدىنمۇ ھەرگىز ساۋاتسىز ئەمەس، بەلكى ئوقۇمۇشلۇق جامائەت ئەربابى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىلغار پىكىردىكى شېئىر قوشاقلارنى ئىجاد قىلغانىدى. مەشرەپ بولسا ئىستىبداتلىق شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر - ئۆزبېك كلاسسىك شېئىرىيىتى تارىخىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆرسەتكەن شائىرلىق سۈپەتلەر ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق سۈپەتلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار قۇدرەتلىك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ،

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 909 - بەت.

جانلىق، مەنىلىك ۋە گۈزەل سۆزلەرنى تىزىپ ياخشى ئادەملەرنى ۋە ياخشى ئىشلارنى، ھەققانىيەتنى، گۈزەل پەزىلەتلەرنى ماختاپ مەدھىيىلىدى، شۇنداقلا يامان ئادەملەرنى ۋە رەزىل قىلمىشلارنى سۆكۈپ ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى. شۇڭا ئەينى زاماندا نەسىردىن ئەپەندى قەيەرگە بارسا، خەلق ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، قوللاپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى. ئەكسىچە، شاھلار، پارىخور، زالىم ئەمەلدارلار، ئاچكۆز بايلار ئۇنىڭدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. شاھ مەشرەپنىڭ ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئافغان پادىشاھسى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىشىمۇ زالىم شاھلارنىڭ ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سەلەي چاققان ۋە موللا زەيدىنلەرمۇ مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنى، يەرلىك ۋاڭ خوجاملارنى دائىم سارىسىمگە سېلىپ تۇراتتى، خەلقنى زوقلاندۇرۇپ، ئۇلارغا ئىسيانكارلىق روھىنى بېغىشلايتتى.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرى لەتىپە ـ چاقچاقلاردىن پايدىلىنىپ چىنلىقنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئەل ئىچىگە تارقىتىپ كەلدى، شۇنداقلا ساتقىنلىقنى، يامانلىقنى، رەزىللىكنى سۆكۈپ، سېسىتىپ كەلدى. بۇ ئەنئەنە مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرى ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ياراتقان لەتىپىلەر بۇ روھنىڭ كۆلكە كۈچىدە ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئالىستىك، يۇمۇرىستىك، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، قىزىقچىلىق خاراكتېرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشى. بۇ يادىكارلىقلار ئۇيغۇر رېئالىستىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ساتىرىك ئەدەبىي ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىيات يولىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك ۋە ئۆرنەك. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئىلىم دۇنياسىنىڭ بىر تەتقىقات

تېمىسى بولۇپ كەلدى. مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، نازىمى، نىزارى، نىم شېھىت قاتارلىق كلاسسىكلار ئۆز ئەسەرلىرىدە لەتىپە ئۆلگىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى تېيىپجان ئېلىيوپمۇ ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىنىڭ لەتىپىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ بەزى ھەجۋى شېئىرلىرىنى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان، ھەتتا ئۆزىمۇ لەتىپە ئېيتىش ماھىرى ئىدى.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى، بولۇپمۇ نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرى مىللىي چېگرىدىن ھالقىپ دۇنياغا كەڭ تارقالغان. شۇڭا ئۇيغۇر لەتىپىلىرى خەنزۇ، ئىنگلىز، فرانسوز، تۈرك، رۇس، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك تەسىر قوزغاپ، فولكلورچىلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات XVIII ئەسىردىلا باشلانغان. تۈركىيە ئالىمى م. ھەسەن 1880 ‐ يىللىرىدىلا ئەپەندىشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئەپەندىشۇناسلىق ھەققىدە بەزى تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر دانىشمەنلىرى ۋە ئۆلارنىڭ لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرغان مەملىكەت. روسىيە شەرقشۇناسلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى XIX ئەسىردىلا قىزغىن باشلانغانىدى. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ خىزمەت يۇقىرى پەللىدە تەرەققىي قىلدى. رۇس ئۇيغۇرشۇناس ئالىملىرىدىن ۋ. ۋ. رادلوف، س. ئى. مالوف، ن. ن. پانتوسوف، ن. ف. كاتانوف قاتارلىقلار ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات

ئېلىپ باردى. رادلوفنىڭ تەتقىقاتى 1886 ـ يىلىلا باشلانغانىدى. مالوف 1925 ـ يىلى نەشىر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن كىتابىغا بىرقانچە ئۇيغۇر لەتىپە ئۆرنەكلىرىنى كىرگۈزگەن. ئاكادېمىك ۋ. ئا. گوردلىۋسكى ئۇيغۇر لەتىپە ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان بىر كىتابىدا (1957 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان) نەسىردىن ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. سابىق سوۋېت ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى كېبىروف، شاياخمەتوفلار 1948 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر فولكلورىنى تونۇشتۇرغاندا لەتىپىلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس قادىر ھەسەنوف 1948 ـ يىلى «ئەپەندى لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇردى. ئۇيغۇر خەلق لەتىپە ـ يۇمۇرلىرىنىڭ بىرقەدەر تولۇق توپلىمى 1957 ـ يىلدىن ئىلگىرى رۇس تىلىدا نەشىر قىلىندى. يەنە 40 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشىر قىلىنغان «يېڭى ھايات»، «قازاق ئېلى»، «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرناللىرىدا ئۇيغۇر لەتىپىلىرى توغرىسىدا ماقالىلەر ئېلان قىلىندى ۋە 1957 ـ يىلى تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى «ئەپەندى لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدى. كېيىنچە «كوممۇنىزم تۇغى»، «ئۆزبېكىستان مەدەنىيىتى» (ھازىر «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»)، «يېڭى ھايات»، «مۇشتۇم»، «ھەرە» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ئېلان قىلىندى، شۇنداقلا رۇس، ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلۇشقا يۈزلەندى. 1983 ـ يىلى ئالما ـ ئاتادىكى «يازغۇچىلار» نەشرىياتى ئۇيغۇر فولكلورشۇناسى د. تۇرەخمەتوۋ تەييارلىغان «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشىر

قىلدى. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ بەزى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەتتا قازاقىستان دۆلەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىمۇ ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىنىڭ لەتىپە سەنئىتى ئۇتۇقلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈپ «نەسىردىن ئەپەندى»، «سەلەي چاققان» دېگەن تىياتىرلارنى ئويناپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بەلگىلىك ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

شىنجاڭ — ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ خەزىنىسى، بۇ ماكان بۇ خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات تۈرى پەيدا بولغان، راۋاجلانغان، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان مەنبە. لېكىن بۇ جايدا ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات كېچىكىپ باشلاندى. ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) قاتارلىق دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە ئىلغارلار ئېچىپ بەرگەن مەرىپەت يولىدا ماڭغان شىنجاڭ زىيالىيلىرى 20 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى ئېچىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىپ بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 30 - يىللاردا بۇ خىزمەتتە بەلگىلىك تۆھپە يارىتىلدى. 40 - يىللاردا شىنجاڭدا، خەلق ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ لەتىپە - يۇمۇرلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئېلان قىلىش ئىشىدا خېلى ئوبدان نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇ خىزمەتكە «ئىتتىپاق»، «كۈرەش» قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار گېزىت - ژۇرناللار ئاكتىپ ماسلاشتى. لېكىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بۇ خىزمەت پارچە - پۇرات ھالەتتە ئىدى. ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە كەڭ، چوڭقۇر، سىستېمىلىق قېزىش، توپلاش، رەتلەش، دۇنياغا

يۈزلەندۈرۈش خىزمىتى ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلاندى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، («ئاممىۋى كۇلۇب»)، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار 1956 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭدەك 1957 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى»مۇ كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شىنجاڭدا «ئەپەندى قىزغىنلىقى» قايتىدىن كۆتۈرۈلدى. 1961 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، دوتسېنت مەمتىمىن خودابەردى باش مۇھەررىرلىكىدە، پروفېسسور ۋاڭ باۋ، پروفېسسور ھەسەن مامۇتلار توپلاپ تەھرىرلىگەن «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»نى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خەلق گېزىتى»، «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى»، «ياڭچېڭ كەچلىك گېزىتى»، «شاڭخەي يېڭى دېموكراتىيە كەچلىك گېزىتى»، «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كەڭ خەنزۇ كىتابخانلىرى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت كىتابخانلىرى ئۇيغۇر لەتىپىلىرى بىلەن ھەقىقىي تونۇشتى. ئۇيغۇر لەتىپىلىرى يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى، شۇ يىللاردىن باشلاپ گۇباۋ، گوباۋچۇەن، ۋاڭ باۋ، شيادىڭگۇەن، ليۇماۋكۇي قاتارلىق قېرىنداش مىللەت ئالىملىرى ئۇيغۇر لەتىپىلىرى ھەققىدە بەزى ئەھمىيەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى 80 ـ يىللاردا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 80 ـ يىللار ئىچىدە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» (ئابدۇشۇكۇر تۇردى رەتلىگەن)، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (ئۇچقۇنجان ئۆمەر رەتلىگەن)، «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» (1 ـ 2 ـ 3 ـ قىسىم) قاتارلىق كىتابلار نەچچە ئونمىڭلىغان تىراژدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تارقالدى. 1982 ـ يىلى زامانىمىزنىڭ نەسىردىن ئەپەندىسى ھېسام قۇربانىنىڭ چاقچاقلىرى ـــ «ھېسام چاقچاقلىرى» ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچىسى شياڭگاڭدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. «تارىم»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «بوستان»، «ئاتۇش ئەدەبىياتى»، «قىزىلسۇ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تۇرپان»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق نەچچە ئونلىغان گېزىت ـ ژۇرناللار ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلدى ھەتتا ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىللىرىدا «ئەپەندى ھەجۋى گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلدى. «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» مۇ نەسىردىن ئەپەندى نامىدا لەتىپە ـ يۇمۇر بېتى تەسىس قىلدى. 1981 ـ يىلى «جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى» تەرىپىدىن گۇباۋچۈەن باش مۇھەررىرلىكىدىكى «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» كۆپ تىراژدا نەشر قىلىندى. 80 ـ يىللار ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى، جۇملىدىن

بالىلارغا ئائىت نۇسخىلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرىنى سەھنە ۋە ئېكرانغا چىقىرىش خىزمىتى 80 ـ يىللاردا زور نەتىجىگە ئېرىشتى. نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىنلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە سەھنە كىتابى، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرى سىنارىيىلىرى يېزىلىپ، بۇ ئۇلۇغ ئوبرازلار سەھنە ۋە ئېكراندا جەۋلان قىلدى. بېيجىڭ كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن «نەسىردىن ئەپەندى» كىنو فىلىمى، تەڭرىتاغ كىنو ئىستودىيىسى تۇيغۇن ئەخمىدى رېژىسسورلۇقىدا سۇرەتكە ئالغان «موللا زەيدىن» كىنو فىلىمى، مەركىزىي تەجرىبە تىياتىرى ئويناپ چىققان «101 ـ كېلىن»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «نەسىردىن ئەپەندى» (نەسىردىن ئەپەندى رولىدا مۇھەممەت داۋۇت)، شائخەي گۈزەل سەنئەت كىنو ئىستودىيىسى ئىشلىگەن كۆپ قىسىملىق ھەرىكەتلىك سۇرەتلىك فىلىم «ئەپەندى لەتىپىلىرى» (بۇ فىلىم خەلقئارادا مۇكاپاتلانغان) قاتارلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرى فىلىملىرىدە، تىياتىرلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىك دانىشمەنلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى زامانىۋى سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر لەتىپىلىرى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە، شان ـ شۆھرەتكە، ئەبەدىي جەلىپكارلىققا ئىگە بولدى. ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر خەلق دانىشمەنلىرىنىڭ ئوبرازلىرى تېخىمۇ پارلايدۇ، ئۇلار ياراتقان لەتىپە ـ يۇمۇرلار تېخىمۇ زور ھاياتىي قۇدرەتكە، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ.

«نۇر گېزىتى» نىڭ 1954 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى بىر سانىدا ئېيتىلغاندەك: «شىنجاڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەدەبىيات ـ

سەنئەت خەزىنىسىدىن ئىبارەت» («ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»، 28 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل). مۇشۇ خەزىنىنى ئېچىش، ئۇنى خەلقى ـ ئالەمگە تونۇتۇشتا مەرھۇم داۋۇت تۇرەخمەتوف، مەمتىمىن خۇدابەردى، پەتتارجان مۇھەممەدىلەر زور ئەمگەك سىڭدۇردى. بۇ خىزمەتتە مۇھەممەت رەھىم، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابدۇكېرىم راخمان، ھەسەن مامۇت، تۇرسۇن زېردىن، خوجاخمەت يۇنۇس، ماخمۇد مۇھەممەت، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ماخمۇتجان ئىسلام، ياسىن زىلال قاتارلىقلارنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى كىشى قەلبىنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇلار ھەم قازدى، توپلىدى، رەتلىدى، نەشر قىلدۇردى، ھەم بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى بوشلۇقنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر تولدۇردى. ئۇلار ئىلمىي تەتقىقاتتا بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار سېلىشتۇرما ئەدەبىياتلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئىزلەندى. بۇ بىر ھەقىقىي ئىلمىي روھتۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئىبارەت بۇ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدە ياشاۋاتقان ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇرلار بۇ ماكانىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتتى. ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىنىڭ ئىجادىي تۆھپىلىرى مۇشۇ تارىخنىڭ نادىر بېتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر لەتىپىچىلىكى ئىجادكار ـ دانىشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، كونكرېت لەتىپىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، سانىنىڭ مۇللىقى، مەزمۇنىنىڭ ئىلغارلىقى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇكسەكلىكى ۋە ئەبەدىيلىكى، تەسىرىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئالەمشۇمۇللۇقى بىلەن شەرق خەلقلىرى لەتىپە ـ يۇمۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە.

لېكىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىدىن ئىبارەت بۇ خەزىنىنى قېزىش، خەلققە تونۇتۇش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى جاپالىق، ئەبەدىي ئىلمىي خىزمەت. بولۇپمۇ پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات بىر تۇگىمەس تېما بولۇپ، بىزنىڭ فولكلورشۇناسلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، ئالىملىرىمىزنىڭ يەنىمۇ جاپالىق ئىشلىشىنى، باشقا قېرىنداش مىللەت، باشقا ئەللەر ئالىملىرى بىلەن ئىلمىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ سالماق قەدەم بىلەن پۇختا، سىستېمىلىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل.

2. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.

3. م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، 1957 ـ يىل، تاشكەنت شەرق ھەقىقەتى نەشرى.

4. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» («ھەجۋىلەر» بابى).

5. مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.

6. جۇڭ جىڭۋېن: «خەلق ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل.

7. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە

بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.
8. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ، شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى، تاشكەنت، 1957 ـ يىل.
9. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل.
10. «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسىملىرى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل.
11. «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.
12. «ھېسام چاقچاقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل.
13. «ئاز سانلىق مىللەت ئاقىللىرىنىڭ لەتىپىلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل.
14. « 阿凡提故事 » ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىل.
15. « 笑之研究 » ، « 新疆民间文学研究 » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل.
16. «بۇلاق» ، «مىراس» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى ۋە «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى» ) ، «مۇشتۇم» (ئۆزبېكىستان) نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

خالىق نىياز[1]



## 1. «ئەبجەش سۆز» دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

ر. ر. ك. خارتمان ۋە ف. س. ستورك تۈزگەن «تىل ۋە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» گە «HYBID WORD» دېگەن ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ ئاتالغۇ مەزكۇر لۇغەتنىڭ خەنزۇچىسىدا «混合词» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. لۇغەتتە بۇ ئاتالغۇغا «ئوخشاشمايدىغان مەنبەلەردىن كەلگەن تىل تەركىبلىرىدىن ياسالغان بىرىككەن سۆز (Compund word) دۇر» دەپ تەبىر بەرگەن. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە television (تېلېۋىزور) نى كۆرسىتىپ، بۇ سۆزدىكى tele — قەدىمكى گرېك تىلىدىكى tele (يىراق)، vision — لاتىن تىلىدىكى visio (كۆرمەك) تىن

① خالىق نىياز: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن.

كەلگەن دەپ چۈشەندۈرگەن①.

شى ئەنشى، جەن رېنفېڭلەر تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» ناملىق دەرسلىكتە سۆزنىڭ يېرىمى ئىنگلىز تىلىدىن ئاھاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان، يېرىمى خەنزۇ تىلىدىكى مورفېمىلاردىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنى (مەسىلەن، 吉普车 ، 芭蕾舞 قاتارلىق) «混合词» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ خىل سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ ئانا تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ سۆز ياساشقىمۇ ئوخشىمايدىغان، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش بىلەنمۇ ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر تىپتىكى سۆز ياساش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن②.

جۇيۇڭكەي، لىن لۇنلۇن «20 يىلدىن بۇيان ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەيدا بولۇش يوللىرى» دېگەن ماقالىسىدە BB机 ، 三K党 ، 克隆羊 قاتارلىق سۆزلەرنى «混血儿词» (شالغۇت سۆز) دەپ ئاتىغان③.

خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم يېڭىدىن تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» (320 ـ بەت) ناملىق دەرسلىكتە «سەيچىلىك، كىنوچى، رېمونتچى» قاتارلىق بىر بۆلىكى خەنزۇ تىلى ياكى ياۋروپا تىللىرى تەركىبلىرىدىن، يەنە بىر بۆلىكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى «ئەبجەش سۆز» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەھلىل قىلغان④.

«ئەبجەش سۆز» ئاتالغۇسى ئىنگلىزچە «Hybid word» ، خەنزۇچە «混合词» دەپ ئاتالغان شۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىز بۇ ماقالىدە مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز ۋە سۆزنىڭ بىر بۆلىكى خەنزۇ تىلى ياكى ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، يەنە بىر بۆلىكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرىدىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنى

«ئەبجەش سۆز» دەپ مۇلاھىزە قىلىمىز. ماقالىدە يەنە تىلىمىزغا باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى «چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆز» ياكى «ئۆتنىگە ئېلىنغان سۆز» دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «كىرمە سۆز» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىمىز. ماقالىدىكى مىساللار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» دىن تاللاندى.

## 2. ئەبجەش سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەر سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ھەممىسى ياسالما سۆز ۋە بىرىككەن سۆز بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى كىرمە سۆز ئەسلى تىلدا مەيلى تۈپ سۆز بولسۇن، مەيلى سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ئەبجەش سۆزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پەقەت بىر باش مورفېما سۈپىتىدە سۆز ياساشقا قاتنىشىدۇ. ئەبجەش سۆزنىڭ ياسالما سۆز ياكى بىرىككەن سۆز ئىكەنلىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئېنىقلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەرنى ياسالما ئەبجەش سۆز ۋە بىرىككەن ئەبجەش سۆز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

A. ياسالما ئەبجەش سۆزلەر

ياسالما ئەبجەش سۆزلەردە كىرمە سۆزلەر بىر باش مورفېما قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، كىرمە سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن ياكى تىلىمىزدىكى ئىستېمال مەنىسىدىن پەرقلىق بولغان يېڭى بىر سۆز ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئەبجەشلىشىش جەريانىدا كىرمە سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە ۋە ئالاھىدىلىكىگە ماس بولغان قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن،

خەنزۇچە كىرمە سۆزلەر سۆز يىلتىزى قىلىنغان ياسالما ئەبجەش سۆزلەردىن مىساللار:

سەيخانا <خانا + sɛy < sɛy ⑥ < cai ⑤ (菜)

زاسۇيپەز ، پەز + zɑsyj < zɑsyj < zasui (杂碎)

تەنزىكەش ، كەش + tɑnzi < tɑnzi < tanzi (摊子)

چايپۇرۇش ، پۇرۇش + tʃɑj < tʃɑj < cha (茶)

(ماق) جىڭلا ، لا + dʒiŋ< dʒiŋ< jin (斤)

موپاڭچى ، چى + mopɑŋ < mopɑŋ< mofang (磨房)

زۇڭتۇڭلۇق ، لۇق + zuŋtuŋ < zuŋtuŋ < zong tong (总统)

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەر سۆز يىلتىزى قىلىنغان ياسالما ئەبجەش سۆزلەردىن مىساللار:

رېمونتچى < چى + رېمونت < ремонт

ئارخىپخانا < خانا + ئارخىپ < архив

ئابستراكتسىيىلىك < لىك + ئابستراكتسىيە < абстракция

ئابزاسلىق < لىق + ئابزاس < абзац

ماشىناسازلىق < (لىق) ساز + ماشىنا < машина

مۇزىكىشۇناس < شۇناس + مۇزىكا < музыка

پوچتاكەش < كەش + پوچتا < почта

(ماق) ئاپتوماتلاش < لاش + ئاپتومات < автомат

كوپېراتسىيىلەشمەك < لەش + كوپېراتسىيە < кооперация

(ماق) پىلانلا < لا + پىلان < план

(ماق) سىستېمىلاشتۇر < لاشتۇر + سىستېما < система

پارتىداش < داش + پارتا < парта

شارسىمان < سىمان + شار < шар

پارتىزانچە < چە + پارتىزان < партизан

ئاسفالتلىق < لىق + ئاسفالت < асфальт

بۇرژۇئازىيىلىك < لىك + بۇرژۇئازىيە < буржуазия

ئاتوملۇق < لۇق + ئاتوم < атом

بوكسچىلىق < چىلىق + بوكس < бокс

## B. بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر

بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەر ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق باش مورفېمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەر بىر باش مورفېما سۈپىتىدە بىرىككەن سۆزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىر باش مورفېما سۈپىتىدە قوشۇلۇپ بىرىككەن سۆز ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچە كىرمە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەردىن مىساللار:

سۇڭپىياز < پىياز + suŋ < Cong (葱)

سەي پۇرچاق < پۇرچاق + sɛj < cai (菜)

چايگۈل < گۈل + tʃɑj < cha (茶)

لازىگۈل < گۈل + lɑzɑ < lazi (辣子)

ئاشلەڭپۇڭ < lɛŋpuŋ + ئاش < liɑngfen (凉粉)

خام سەي < sɛj + خام < cai (菜)

چېچەكسەي < sɛj + چېچەك < cai (菜)

تاشچاي < tʃɑj + تاش < cha (茶)

قارىچاي < tʃɑj + قارا < cha (茶)

رۇس تىلى ۋە ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەردىن مىساللار:

سېمونت لاي < لاي + سېمونت < цемен

رادىئو قوبۇللىغۇچ < قوبۇللىغۇچ + رادىئو < радио

بېتون تام < تام + بېتون < бетон

بېتون تۈۋرۈك < تۈۋرۈك + بېتون < бетон

ئامپېر سائەت < سائەت + ئامپېر < ампер

گرانىت تاش < تاش + گرانىت < гранит

دۇخوۋوي چالغۇ < چالغۇ + دۇخوۋوي < цуховой

заказ(ной) > زاكاز + خەت > زاكاز خەت
газета > تام + گېزىت > تام گېزىت
доктор > باش + دوختۇر > باش دوختۇر
врач > باش + ۋراچ > باش ۋراچ

## 3 . ئەبجەش سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە

1 . ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىنى بېيىتىش يوللىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردە ئومۇمەن «ياساش» (ئانا تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېڭى سۆزلەرنى ياساش) ، «قېزىش» (قەدىمكى تىل ۋە دىئالېكت ـ شېۋىلەردىن بۈگۈنكى ئالاقە ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ، ئۇلارغا يېڭى مەنە يۈكلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ سۆزلۈكىگە ئايلاندۇرۇش) ۋە «قوبۇل قىلىش» (چەت ئەل تىللىرىدىن، خەنزۇ تىلىدىن، قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش) تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئەبجەش سۆزلەر ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان «ياساش» ، «قېزىش» ، «قوبۇل قىلىش»تىن ئۆزگىچە بىر خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سۆزلەردۇر. ئەبجەش سۆزلەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا ياسالغان بولۇپ، مەيلى ياسالما ئەبجەش سۆزلەردە بولسۇن، مەيلى بىرىككەن ئەبجەش سۆزلەردە بولسۇن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش قائىدىلىرى ۋە فورمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئەبجەش سۆزلەر نوقۇل ھالدىكى ئانا تىل ماتېرىياللىرى بىلەن چەكلەنگەن بولماستىن، ئۇنىڭدا تىلىمىزغا ئاللىقاچان ئۆزلىشىپ كەتكەن كىرمە سۆزلەر يېڭى سۆزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىنىدۇ. ئەبجەش سۆزلەرنىڭ يېرىمى كىرمە سۆز، يېرىمى ئانا تىل ماتېرىيالىدىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇ

نوقۇل ھالدىكى كىرمە سۆزلەرگە قارىغاندا تېز ئۆزلىشىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، بىزنىڭچە تىلىمىزنىڭ سۆزلۈكىنى بېيىتىش يالغۇز «ياساش»، «قېزىش»، «قوبۇل قىلىش» بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، «ئەبجەش قىلىش» ئۇسۇلىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رولى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم دەپ قارايمىز.

2. ئەبجەش سۆزلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، خەلق ئاممىسى تىلىمىزدا بار بولغان ئەبجەش سۆزلەرنى ئۆرنەك قىلىپ (ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسىنى تۇتقا قىلىپ) تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان، ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ سۆز ياساپ بېرىشى ياكى بېكىتىپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرماي، قىسمەن ئەبجەش سۆزلەرنى ياساپ، تىل ئالاقىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداۋاتىدۇ. گەرچە ئاممىنىڭ تەرىپىدىن يېڭىدىن ياساپ چىقىرىلغان ئەبجەش سۆزلەردىن بەزىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئاممىنىڭ نۆۋەتتىكى ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. ئامما تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، نۆۋەتتە تېخى ئېغىز تىلىدىلا ئىشلىتىلىۋاتقان ئەبجەش سۆزلەر تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ماتېرىيال بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن «گۇمپىا» سۆزى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن. ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «گۇمپاخانا»، «گۇمپىچى»، «گۇمپىچىلىق» (ئەمەلىي تەلەپپۇزدا «گۇمپا»نىڭ تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ) سۆزلىرى دەل «گۇمپا» سۆزىنى بىر تەركىبىي قىسىم قىلىپ ياسالغان ئەبجەش سۆزلەردۇر. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن، «تېلېفون» ئاساسىدا

ياسالغان «تېلېفونچى»، «تېلېفونلاش-» سۆزلىرى لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن. ئېغىز تىلىدا «تېلېفونخانا» سۆزى ناھايىتى ئومۇملاشقان (تېلېفون ئۆيلىرىگە «تېلېفونخانا» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىلارنى كۆرەلەيمىز). يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەردىن «رېنتىگېنخانا»، «ئوپېراتسىيەخانا»، «تورتخانا»، «كومپيۇتېرخانا» قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېغىز تىلىدا «قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ قارالغان سۆزلەر ئىچىدىمۇ بىر قىسىم ئەبجەش سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «سەيپۇڭخانا»، «سەيپۇڭچىلىق»، «بىڭگۇرچى»، «بىڭگۇرچىلىق»، «دېسكوخانا»، «كاتولخانا»، «سوگوزىچى»، «دۇفۇخانا»، «دۇفۇچى»، «لۇشاڭخانا»، «تەيچۇرخانا» قاتارلىقلار. خەلق ئاممىسى ئەمەلىي ئالاقىلىشىش جەريانىدا يېڭى شەيئىلەرنى تونۇش، يېڭى ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىش ئارقىلىق ھەم ئۆزىگە تىل ئەۋزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولغان ئەبجەش سۆزلەرنى ياساپ چىققان. مەسىلەن، «يانفون»، «تاكسىچى»، «VCD تەخسىسى»، «CT خانا» (دوختۇرخانىدا) قاتارلىقلار. بىزنىڭچە، تىلىمىزدا يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا «ياساش»، «قېزىش»، «قوبۇل قىلىش» ئۇسۇللىرىدىن داۋاملىق پايدىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە «ئەبجەش قىلىش» ئۇسۇلىدا ياسالغان سۆزلەرنىمۇ توپلاپ، رەتلەپ، پىششىقلاپ ئۇلارغىمۇ تىلىمىزنىڭ سۆز بايلىقى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، قۇرۇلمىسى ئىخچام ئەبجەش سۆزلەرنى ئۇيغۇرچە ياكى ئۇيغۇرچىنى ئاساس قىلغان لۇغەتلەرگە تاللاپ كىرگۈزۈش كېرەك.

3. تىلىمىزدىكى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تەسىرىمۇ چوڭ. بۇ تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزلىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن ئەبجەشلىشىش ئەھۋالى خىلى مۇرەككەپ. ئۇيغۇر تىلىدا ئاللىقاچان يىلتىز تارتىپ ئانا ئۇيغۇر سۆزلىرىدىن پەرقسىز ھالدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئەرەب، پارس كىرمە سۆزلىرى (ھەتتا قوشۇمچىلىرى) ۋە ئۇلارنى ئاساس قىلىپ ياسالغان ئەبجەش سۆزلەرنى ئايرىم كۆرسەتمىدۇق. لېكىن ئۇيغۇر تىلى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا، تىل تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنى كۆزەتكەندە كىرمە سۆزلەر ھەققىدە ئىزدىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئەرەب، پارسى كىرمە سۆزلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىنىڭ ئەبجەشلىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئەبجەش سۆزلەرنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

قوشۇمچە: ئەبجەش سۆزلەردىن بىر قىسىم مىساللار.

(يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساس بولغان بىر قىسىم ئەبجەش سۆزلەرنىڭ مىساللىرىنى كۆرسەتتۇق. مىساللار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» دىن ئېلىندى).

1. ـ لىق / ـ لىك / ـ لۇق / ـ لۈك

ئاكتىپلىق، ئارخېئولوگىيىلىك، ئاككوردلۇق، بەسەيلىك، دۇيجاڭلىق قاتارلىقلار. بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان ئەبجەش سۆز مىساللىرى 258 بولۇپ، بەتنى تېجەش ئۈچۈن بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىلمىدى (بۇ قوشۇمچىنىڭ «ـ لۈك» ۋارىيانتى ئۇلانغان پاكىتى يوق).

2. ـ چى

چايچى، چايخانىچى، زاسۇيچى، ئاپتوماتچى، ئارخىپچى،

ئاككاردىيونچى، بالېتچى، بوكسچى، بولكىچى، بېتونچى، بېلەتچى، پاراخوتچى، پاراشۇتچى، پلانېرچى، پىلانچى، پىلىموتچى، پىۋىچى، تاڭزۇڭزىچى، تاڭگازىچى، تاموژنىچى، تانسىچى، تانكىچى، تراكتورچى، تېلېفونچى، جىڭچى، چاڭچىلىچى، چېرتىيوژچى، دوكلاتچى، دوگمىچى، دېكلاماتسىيىچى، رازۋېتچى، رومانچى، رويالچى رېئالىزمچى، رېمونتچى، سېيالكىچى، فېلىيەتونچى، كولخوزچى، كومباينچى، كوممۇنىزمچى، كىنوچى، گارمونچى، گازىرچى، گومىنداڭچى، گېستاپوچى، گىپنوزچى، گىتارچى، لەڭپۇڭچى، ماتېرىيالچى، ماتېرىيالىزمچى، ماركسىزمچى، ماروژنىچى، ماشىنىچى، ماگىزىنچى، موپاڭچى، مۇزىكىچى، ئوبزورچى، ۋاسكېتبولچى، ۋالىبولچى، ۋېلىسىپىتچى، ئېكسكۇرسىيىچى، ئىدېئالىزمچى، ئىستانوكچى، ئىسكىرىپكىچى، ئىسكىلاتچى، ئىنتېرناتسىئونالچى.

3. ـ لاش / ـ لەش

ئابستراكتلاش ـ، ئاپتوماتلاش ـ، ئاسفالتلاش ـ، ئاكتىپلاش ـ، ئاككوردلاش ـ، بالانسلاش ـ، بۇرژۇئازلاش ـ، بېتونلاش ـ، پاسسىپلاش ـ، تراكتورلاش ـ، تېلېفونلاش ـ، تىپىكلەش ـ، تىياتىرلاش ـ، جىڭلاش ـ، دېموكراتىيىلەش ـ، رادىئولاش ـ، رايونلاش ـ، رېئاللاش ـ، سېمونتلاش ـ، سېنارىيىلەش ـ، سىستېمىلاش ـ، فاشىستلاش ـ، كالتسىيلاش ـ، كوپېراتسىيىلەش ـ، كولخوزلاش ـ، كوللېكتىپلاش ـ، كونكرېتلاش ـ، كىسلاتالاش ـ، كىنولاش ـ، گازلاش ـ، گۇڭشېلاش ـ، ماتورلاش ـ، ماشىنىلاش ـ، مودېللاش ـ، مېخانىكىلاش ـ، نېيتراللاش ـ، ئېكرانلاش ـ، ئېلېكترلەش ـ، ئىدېئاللاش ـ.

4. ـ لا / ـ لە

ئاسفالتلا ـ، بانتىكلا ـ، بېتونلا ـ، بىنتلا ـ، پىلانلا ـ،

جىڭلا ـ، دېزىنفېكسىيىلە ـ، زاماسكىلا ـ، سېمونتلا ـ، سىنتېزلا ـ، فىلتىرلا ـ، كراخماللا ـ، كلاسسىفىكاتسىيىلە ـ، كونتروللا ـ، كىلولا ـ، كىلومېتىرلا ـ، گراملا ـ، گۇرۇپپىلا ـ، گىپنوزلا ـ، گىپسلا ـ، گىدرولىزلا ـ، لوگارىفملا ـ، لىتىرلا ـ، ماگنىتلا ـ، مېتىرلا ـ، ئوكسىدلا ـ، ۋىنتىلا ـ.

5. ـ لاشتۇر / لەشتۇر

ئارخىپلاشتۇر ـ، ئاككوردلاشتۇر ـ، بۇرژۇئازلاشتۇر ـ، پاسسىپلاشتۇر ـ، پىلانلاشتۇر ـ، ترانسكرىپسىيىلەشتۇر ـ، تىياتىرلاشتۇر ـ، دېموكراتىيىلەشتۇر ـ، سېنارىيىلەشتۇر ـ، سىستېمىلاشتۇر ـ، كولخوزلاشتۇر ـ.

6. ـ خانا

چايخانا، سەيخانا، دوختۇرخانا، تىياتىرخانا، كىنوخانا، پوچتىخانا، رېمونتخانا، بولكىخانا، پىۋىخانا، تانسىخانا، ماتورخانا، ماروژنىخانا.

7. ـ چىلىق / ـ چىلىك

چايخانىچىلىق، باگۇچىلىق، بوكسچىلىق، پىلانچىلىق، پىلىموتچىلىق، تاكتىكىچىلىق، تاڭگازىچىلىق، تانكىچىلىق، سۇبيېكتىپچىلىق، سىمۋولچىلىق، كالېندارچىلىق، لەڭپۇڭچىلىق، ماروژنىچىلىق، ماشىنىچىلىق.

8. ـ شوناس

ئارخىپشۇناس، ئاككوردشۇناس، دىئالېكتشۇناس، كونتېكىستشۇناس، كىلېتكىشۇناس، مۇزىكىشۇناس.

9. ـ سىمان

ئاكوپسىمان، پاراشوكسىمان، پۇرۇپكىسىمان، رومبىسىمان، شارسىمان، گازسىمان.

10. ـ كەش

تەنزىكەش، چاڭچىلىكەش، پوچتىكەش، تانسىكەش.

11. ـ ساز (لىق)

ئاپتومبىلسازلىق، ئايروپىلانسازلىق، ماشىناسازلىق.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئاز ساندىكى ئەبجەش سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن بولغاچقا ئايرىم كۆرسىتىلمىدى. مەسىلەن، زاسۇيپەز، چايپۇرۇش، ئاكوپداش، پارتىداش، كونترولچان، چايخور، چايدان، ئىسپىرمىدان، چايزار، پارتىزانچە، شارچە، پىئونېرلارچە.

**ئىزاھلار:**

① ر. ر. ك. خارتمان، ف. س. ستورك: «تىل ۋە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، خەنزۇچە تەرجىمىسى، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى، 159 ـ بەت.

② شى ئەنشى، جەنرېنفېڭ: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 4 ـ باب.

③ جۇيۇڭكەي، لىن لۇنلۇن: «20 يىلدىن بۇيان ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەيدا بولۇش يوللىرى»، «تىل ـ يېزىق ئىشلىتىش» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىل 2 ـ سان.

④ خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.

⑤ بۇ ستونىدىكىلەر خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئاھاڭى بولۇپ، پىنيىن ھەرپى بىلەن يېزىلدى.

⑥ بۇ ستونىدىكىلەر خەنزۇچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىنكى ئاھاڭى بولۇپ، خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن ئىپادە قىلىندى.

⑦ بۇ ستونىدىكىلەر كىرمە سۆزلەرنىڭ رۇسچە يېزىلىش شەكلى.

# تاجىك تىلىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدا

شېرىن قۇربان[1]

## 1. تاجىك مىللىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان



«تاجىك» — تاجىك خەلقىنىڭ مىللەت نامى، مەنىسى «شاھنىڭ تاجىسى» ياكى «خان تاجىسى» دېگەندىن ئىبارەت. تاجىك مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە بېرىپ تارقىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدىكى شىنجاڭ تاجىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ماكانلاشقا پامىر ئېگىزلىكى رايونىدا، كونا تاش قورال دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ جىرغال دېگەن جايىدا

---

① شېرىن قۇربان: پروفېسسور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن.

بايقالغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرى بۇنىڭ دەسلەپكى دەلىلى. تارىخشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، قەدىمكى ئارىيان قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللار ئىلگىرىلا ئىچكى دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى ۋە كۆچمەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن. تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بىر قىسىملىرى ئىران ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ، ئىران ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، بىر قىسىملىرى ئەنەتكەك (ھىندى) ئېلىگە كىرىپ، ئەنەتكەك ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، بىر قىسىملىرى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا بېرىپ، ياۋروپا ئارىيانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مانا بۇ تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە مەدەنىيەت ئىزناسى قالدۇرغان قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىتنىك تارىخى. كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلاردا تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەر (ساكلار، توخارلار، سوغدىلار) ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تاشقورغان رايونىدىكىلىرى ئاساسىدا ھازىرقى تاجىك مىللىتى شەكىللەنگەن. ئۇلار تارىختا 600 يىل سەلتەنەت سۈرگەن «قىرپانە بەگلىكى» گە ئوخشاش ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلغان.

ئىرق تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا، تاجىكلار تىپىك ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، بۇ توغرىلىق ئېلىمىزنىڭ تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا

كۆپلىگەن خاتىرىلەر، مەلۇماتلار ۋە ئۇچۇرلار بار.

تاجىكلار تارىختا ئىپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقادتىن كېيىن، تەدرىجىي بىر ئىلاھلىق ئېتىقادقا كۆچۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، زەردۇشت دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 11 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە مۇتەپەككۇر شائىرى ناسىرخىسرەۋ (مىلادىيە 1004 ــ 1088 يىللار) نىڭ تەرغىبى ۋە دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىيلە مەزھىپى ئېتىقادىغا كىرگەن.

شەرقىي پامىردىن ئورۇن ئالغان تىلسىمات يۇرت - تاشقورغان رايونى ئېلىمىزدىكى تاجىكلارنىڭ ئانا يۇرتى. كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىداش بۇ رايون شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەندى شىنجۆ 3 - يىلى (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 59 - يىلى) غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى بىۋاسىتە باشقۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەر «قىرپانە بەگلىكى» نى قۇرغان. مەزكۇر بەگلىك غەربىي تىنچلاندۇرۇش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام بولغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، «قىرپانە بەگلىكى» دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خانلىققا سوۋغات - سالام تارتۇق قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 657 - يىلى) غەربىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، «قىرپانە بەگلىكى» تاڭ خاندانلىقىغا قارايدىغان بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ كەييۈەن يىللىرى

(مىلادىيىنىڭ 713 ـــ 741 ـ يىللىرى) «قىرپانە بەگلىكى» تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى بۇ يەردە «سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتى» (پامىر بوقالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەسىس قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، تاشقورغان رايونى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارام بولغان. چىڭ شۇنچىژىنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1660 ـ يىلى) بۇ رايون جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارىغان. چيەن لۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1759 ـ يىلى) تاشقورغان رايونىدا «سەرىكۇھ مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىپ، بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. گۇاڭ شۇنىڭ 28 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1902 ـ يىلى) بۇ يەردە «پـولى شـۆبە مۇداپىئە، ئومۇمىي ھۆكۈم ۋازارىتى» قۇرۇلۇپ، (قىسقارتىپ پولى ۋازارىتى دېيىلىدۇ) يەركەن ئامـبىلىغـا قـارام بولـغان. 1912 ـ يـىلى «پـولى ۋازارىتى»، «پولى ناھىيىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەر ئامبىلىغا قارىغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىـــقـــى دەۋرىدە، تاشقورغان رايونى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىـمىسىگە قـارام بولغان 1954 ـ يىلـى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ناھىيە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى، جەنۇبىـــي شـــىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىســـى ۋە ھازىرقـــى قەشقەر ۋىلايەتلىـــك مەمۇرىي مەھكىمىسىگە قاراپ كەلمەكتە.

تارىخىي يازمىلاردىن قارىغاندا، مىلادىيىنىڭ V ئەسىردىن ئېتىبارەن، مەيلى شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقى بولسۇن، تاجىك ئەجدادلىرى بىلەن قويۇق سودا ـ سېتىق مۇناسىۋىتى ۋە دوستانە باردى ـ كەلدى ئالاقىسىدە بولغان بولۇپمۇ «يىپەك يولى» ئايرىدە بولغاندىن كېيىن، بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ

قويۇقلاشقان. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئەمەلدار - كاتتىلىرى، راھىب - ئۆلىمالىرى، كارۋان - سودىگەرلىرى، زىيارەت - ساياھەتچىلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيە - تەۋەككۈلچىلىرى توختاۋسىز ھالدا بۇ يەرگە مۇبارەك قەدەم تاشلىغان ۋە خاتىرىلەر قالدۇرغان. تاشقورغان رايونىنىڭ بۈيۈك نامى ھەتتا قەدىمكى گرېك كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن پتولمى (تەخمىنەن مىلادىيە 90 — 168 - يىللار)، ستىرابون (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 63 - يىلدىن مىلادىيە 20 يىللارغىچە) ۋە ئارىئەن (مىلادىيە 95 — 175 - يىللار) نىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان. دەۋران - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى) ۋە تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى (جۇڭگو مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئىسلام مەدەنىيەت سىستېمىسى، ھىندى مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە گرېك - ياۋروپا مەدەنىيەت سىستېمىسى) پامىر رايونىدا ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە يۇغۇرۇلغان. تاجىك خەلقى بۇ خىل مۇناسىۋەت جەمبىرىكى ئىچىدە، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە تەسىرىدىن بەھىر ۋە پايدا ئېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىپ بېيىتقان، ئوخشاشلا، تاجىكلار ياراتقان مەدەنىيەت دۇردانىلىرى بولغان تاشقورغاندىكى قەدىمكى سەلتەنەتلىك تاش شەھەر، مەلىكە قورغان، بۇركۇت نەي ۋە تاجىك بۇركۇت ئۇسسۇلى قاتارلىقلارمۇ دۆلەت، رايون، مىللەت ۋە ئېتىقاد پاسىلىدىن ھالقىپ دۇنياغا تارالغان، سەھىپىلەردىن ئورۇن ئالغان، بۇ توغرىلىق ماركوپولو (مىلادىيە 1254 — 1324 - يىللار)، ئاۋرېل ستەيىن (1862 — 1934 -

يىللار)، سۋېن ئاندىرىس ھېدىن (1865 ــ 1952 ـ يىللار) نىڭ خاتىرە ـ ئەسەرلىرىدە ئاجايىپ قىزىقارلىــق بايان ۋە تەسىرلىك تەرىپلەر بار.

تاجىك مىللىتى ئېلىمىزدىكى بىر قەدىمكى ئۇلۇغ مىللەت. ئۇلار شانۇ ـ شەۋكەتلىك تارىختا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتكىمۇ ئىگە. ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە گەرچە چەت ـ ياقا تاغلىق مۇھىت ئىچىدە ياشىــــمۇ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي ۋە مۇلايىم، كىشىلەرگە سېخى، مېھرىبان، دوستلۇق ۋە ئىنسانىـي ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قەدىرلەيدىغان، قارنى ـ كۆكسى كەڭ بولغان بۈيۈك مىللەت. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، ئۇلار ۋەتەن تۇپرىقىنـى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقىنــى قەدىرلەش، چەت ئەل باسمىچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا، زور بەدەل ۋە قۇربانلارنى بېرىپ، بىقىياس تۆھپىلەرنــى ياراتقان. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەت فورمىسىدا، ياخشـى سۆز ياخشى ھەرىكەت ۋە ياخشى پىكىرنى تەشەببۇس قىلىپ، يامان سۆز، يامان ھەرىكەت ۋە يامان پىكىرنى چەكلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى بەخت ئىقبالىغا تولۇپ ـ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ. ئۇلار يۇرتنى نامرات دەپ، ئۆزلىرىنىڭ پاك روھىنى نابۇت قىلمايدۇ، كەمبەغەل مەن دەپ، پاكىز قولىــــنـى بۇلغىمايدۇ. بۇ خىل مۇشكىلات مۇھىت، بۇ خىل نۇرانە تارىخ، بۇ خىل بىباھا ئەنئەنە، بۇ خىل يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت، تاجىك مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەربىر تاجىك كىشىلــــرىنــــڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، تىرىشىپ ئىزدىنىشىگە، روناق تېپىشىغا ئاجايىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## 2. تاجىك تىلى شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا

تاجىك تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئىران تىلى ئائىلىسى ئۆز ئىچىدىن يەنە غەربىي ئىران تىل تارمىقى ۋە شەرقىي ئىران تىل تارمىقى دەپ ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ. ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى پارس تىلى بىلەن بىرلىكتە ئىران تىلى ئائىلىسىنىڭ غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ماكرو جەھەتتىن ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تاجىك تىلىنىڭ مۇھىم دىئالېكتىكىلىرى بولغان پامىر تاجىكلىرىنىڭ تىلى (ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۇھ دىئالېكتى بىلەن ۋاخان دىئالېكتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىران تىلىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئادەتتە «شەرقىي ئىران تىللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دىئالېكتىلارنىڭ تاجىك ئەدەبىي تىلى، جۈملىدىن پارس تىلى بىلەن بولغان پەرقى خېلى زور. بۇنىڭغا گېئوگرافىيىلىك مۇھىت، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات، مەدەنىيەت شارائىتى ۋە تارىخىي، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سەۋەب بولغان. پامىر تاجىك تىللىرىنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرى بولغان ئارىيان تىلى، ساك تىلى، سوغد تىلى، توخار تىلى ۋە ھىندى سانسكرىت تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئىستېمالدىن قالغان يۇقىرىقى تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ «تىرىك لۇغىتى» ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تىلشۇناسلىق ئەھلى پامىر تاجىك تىللىرىنى «ھايات قالغان ساك تىلى» دەپ تەرەپلىمەكتە.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «سەرىكۇھ تىلى» بىلەن «ۋاخان تىلى» تاجىك ئۆلچەملىك تىلىنىڭ ئىككى

چوڭ دىئالېكتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرى بولغان ساك تىلى، سوغد تىلى ۋە توخار تىلىغا چېتىلىدۇ. چۈنكى بۇ تىللار ئوخشاش مەنبەگە ئىگە يىلتىزداش تىللار ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاجىك ئەجداتلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىن ئىلگىرى قەدىمكى مىدىيە يېزىقىنى قوللانغان. بۇ يېزىق مىلادىيىدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە دەجلە، ئىفرات دەريا بويلىرىدىكى بابىلۇنلار، ئاسۇرىيىلىكلەر ۋە كەلتىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان. ئەھمىنىيە خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى چاغلىرىدا، تاجىك ئەجدادلىرى يەنە ئارامى يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بۇ يېزىق كېيىنچە سوغدلار ۋە خارازىملىكلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، تارىختا يەنە «سوغد يېزىقى» دەپمۇ ئاتالغان.[1]

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن پارسنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا «خەتى مىخ» بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل شەكىللەنگەن. بۇ تىل قەدىمكى پارس تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. پروسىيە خاندانلىقىنىڭ شاھلىرىنىڭ نۇسرەت تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن تاش ئابىدىلەر «بېھىستون ئابىدىسى»، «نەقشى رۇستەم ئابىدىسى» قاتارلىق يادنامىلەر مانا مۇشۇ يېزىقتا ئويدۇرۇلغان. پارسنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا (ھازىرقى تاجىكىستان ۋە ئافغانىستان) قەدىمكى پارس تىلىغا پاراللېل ھالدا «زىندىي ئاۋېستا» خاتىرىلەنگەن تىل بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى زامان تاجىك تىلىدۇر. قەدىمكى پارس تىلى بىلەن قەدىمكى زامان تاجىك تىلى پەقەت

---

[1] «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1307 ـ، 1308 ـ بەتلەر.

دىئالېكت پەرقىغە ئىگە بولۇپ، ماھىيەتتە بىر تىلدۇر.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە، شەرقىي ئىران رايونلىرىدا ئارشاكلار خاندانلىقى قۇرۇلغان، بۇ چاغدا «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» شەكىللەنگەن. ئارشاكلار خاندانلىقىدىن تەخمىنەن 30 يىل كېيىن قۇرۇلغان ساسانىيە خانلىقى دەۋرىدە، هازىرقى ئىران دائىرىسىدە «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» شەكىللەنگەن. «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ تىلى بولۇپ، ماھىيەتتە، ئوتتۇرا قەدىمكى تاجىك تىلى ھېسابلىنىدۇ. «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» پارسلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى ھېسابلىنىدۇ. ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، «شىمالىي پەھلىۋى تىلى» بىلەن «جەنۇبىي پەھلىۋى تىلى» بىر تىل بولۇپ، تارىختا ئادەتتە «پەھلىۋى تىلى» دېگەن بىرلا نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

مىلادىيە Ⅷ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، «پەھلىۋى تىلى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، خۇراسان، باكتىرىيە ۋە سوغدىيانا تۇتىشىدىغان رايونىدا ساك تىلى، سۇغدى تىلى، تۇخار تىلى ۋە باشقا ئىران تىللىرى ئاساسىدا يېڭى بىر تىل — «دەرى تىلى» بارلىققا كەلگەن. بۇ تىل كۆنسېرى نۇسرەت قازىنىپ، تاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاكىمىيەت ۋە ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالغان، پارس - تاجىك مەدەنىيىتى مۇشۇ تىل بىلەن جاھانغا نامايان بولغان. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە، ئىران ۋە تاجىك مەدەنىيىتى مۇنبىرىدە دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان جافاررۇداكى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامىي گەنجەۋى، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، جالالىدىن بەلخي، مەۋلانە ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق مىڭ ئەدىب - شائىر دەل مۇشۇ «دەرى تىلى» بىلەن تونۇلغانىدى.

«دەرى تىلى» خېلى بىر زامانغىچە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇبارەك نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنىدى. يېقىنقى زامانغا

كەلگەندە، دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى، تارىخىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن، بۇ تىل ئىراندا «پارس تىلى»، تاجىكىستان، پاكىستان ۋە ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «تاجىك تىلى»، ئافغانىستان تاجىكلىرى ئارىسىدا بۇرۇنقى نامى بىلەن «دەرى تىلى» (ئۇلار ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتايدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى «دەرى تىلى» ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ يېزىق سىستېمىسى بولسا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

تاجىك تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئىنفورماتسىيە — ئۇچۇرلار بار. بۇيۇك تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بۇددا پىركاملى شۇەنزاڭ ئۆزىنىڭ «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى» ئەسىرىدە قىرپانە بەگلىكى ئۇستىدە توختالغاندا: «قىرپانلىقلارنىڭ تىل - يېزىقى قاسى (去沙国، قەشقەر) لىقلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن»[①] دەپ كۆرسەتكەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە» دە: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قاۋۇل، بەستلىك، چەبدەس بولۇپ، تەقى - تۇرقى ۋە تىل - يېزىقى ئودۇن (خوتەن) لۇقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ»[②] دەپ تەسۋىرلەنگەن. «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى» دە ئۇسسا بەگلىكى (يەكەن) تونۇشتۇرۇلغاندا، «ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى قەشقەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن»[③] دەپ يېزىلغان.

---

① ③ «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 983 -، 990 - بەتلەر.

② «يېڭى تاڭنامە»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1975 - يىل نەشرى 6234 - بەت.

بۇ توغرىلىق بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتاقلىق سانسكرىت تىلى مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور جى شيەنلىن باشچىلىقىدا يېزىلغان يېرىك ئەسەر — «‹بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى›گە شەرھ» دە دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئەمەلىيەتتە، بۇ تىل (قەدىمكى سەرىكۇھ تىلى ۋە ۋاخان تىلىنى دېمەكچى) بىر خىل شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، ئۇ قۇرۇلما جەھەتتىن قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ كۆپ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. ئۇ لېكسىكا جەھەتتىن ھىندى تىلىنىڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئىران تىلىغا ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بارچۇق ساك تىلى خوتەن ساك تىلىدىن خېلىلا پەرقلىنىپ، بىرقەدەر قەدىمكى ساك تىلى تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. خوتەن ساك تىلىمۇ قەدىمكى خوتەن ساك تىلى ۋە كېيىنكى خوتەن ساك تىلى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، چۈنكى بۇ ئىككى باسقۇچ ئۆزئارا خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر قەشقەر ساك تىلىغا ئائىت ھۆججەت — يازمىلار تېخى بايقالمىدى. بىر قىسىم پارچە - پۇرات ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ دەۋرىدىكى قەشقەر رايونىدا ئاھالىلەرنىڭ تىلىمۇ ساك تىلى بولۇشى مۇمكىن»، «مىلادىيە III ئەسىردىن تارتىپ تاكى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن رايونى، غەربىدىكى بارچۇق (ئېھتىمال قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ئىران تىل ئائىلىسى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ بىرقانچە دىئالېكتىنى قوللانغان. بۇ دىئالېكتلار ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى تاجىكلار قوللىنىۋاتقان شۇغنان تىلى (سەرىكۇھ تىلى) ۋە ۋاخان تىلى بىلەن بىر سىستېمىغا

مەنسۇپ»[1] «ساكلارنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. پامىر رايونى بولسا، قەدىمكى ساكلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىنىڭ بىرى. پامىرنىڭ كەڭ رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئاساسەن شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەردۇر. ئېلىمىزنىڭ تاشقورغان رايونىدىكى تاجىكلارنىڭ تىلىمۇ شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ. ساكلار بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتكە تەتقىقاتتا دىققەت ـ ئېتىبار قىلىشقا تېگىشلىك بىر تېما.»[2]

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىلى سوغد ۋە توخار تىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ ئۈچ خىل تىل ھەممىسى شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپ. ئىككىنچىدىن، سوغدلار قەدىمكى پامىر، جۈملىدىن تاشقورغان رايونىدا ئەڭ كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۈچىنچىدىن، توخار تىلى تاشقورغان رايونىنىڭ يېقىن قوشنىسى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونىدا بارلىققا كەلگەن. تۆتىنچىدىن، سوغدلار بىلەن توخارلار ئېلىمىز تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ئېتنىك تەركىب. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇشبۇ تىلنىڭ قەدىمكى ساك تىلى، سوغد تىلى ۋە توخار تىلى بىلەن بولغان تارىخىي مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا،

---

① «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى› گە شەرھ».

② ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تارماق يولىنىڭ ئېلىمىز چېگراسى ئىچىدىكى پامىر يوللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1983 ـ يىل، 2 ـ سان 12 ـ بەت.

پامىر ئېگىزلىكى مىسلىسىز كوھىستان بولۇپ، قاتناش شارائىتى ناچار، باشقا رايونلار بىلەن ئالاقىلىشىش قولايسىز بولغاچقا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان. بولۇپمۇ دېڭىز قاتنىشى بارلىققا كېلىپ، تارىخىي يىپەك يولى ئۆز سەلتەنەتىنى تەدرىجىي يوقاتقاندىن كېيىن، بۇ رايون تېخىمۇ بېكىنمە ھالەتكە چۈشكەن، مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىل تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تىل تەرەققىي قىلالماي، ھازىرقى زامان تاجىك ئۆلچەملىك تىلى، جۈملىدىن ھازىرقى زامان پارس تىلىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئېلىمىز تاجىك تىلى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكى ۋە ساپلىقى ئالاھىدىلىكى بىلەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساك تىلى، سوغد تىلى، توخار تىلى قاتارلىق شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ تىل ئامىللىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ، بۇ تىللارنى تەتقىق قىلىشنى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىن ئەتمەكتە، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تىل مۇتەخەسسىسلىرىنى جەلپ قىلماقتا. نۇرغۇن تىلشۇناسلار ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۇھ تىلى بىلەن ۋاخان تىلىنى قەدىمكى ساك تىلى، سوغد تىلى ۋە توخار تىلى بىلەن تومۇرداش تىل، ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى بىلەن پارس ئەدەبىي تىلىنى مۇشۇ تىلنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى دەپ قارىماقتا. ئەگەر بۇ خىل قاراش توغرا چىقسا، ئۇ چاغدا سەرىكۇھ تاجىك تىلى بىلەن ۋاخان تاجىك تىلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى شەرقىي ئىران ئۆلگەن تىللىرى بىلەن ھازىرقى ھايات قالغان تىللارنىڭ «ئانا تىلى» بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تەتقىقات قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئېلىمىز تاجىك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى، ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى ساك تىلى، سوغد تىلى ۋە

توخار تىلى بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا بۇ تىلنىڭ قەدىمكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى شەرقىي ئىران تىللىرى (قەدىمكى خوتەن ساك تىلى، قەشقەر تىلى) بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ھەمدە بۇ تىلنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئىقبالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش — تىلشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىقىدا تولىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان چىلىقارلىق مۇھىم تېما. كىشىلەرنىڭ جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ سەرىكۇھ تىلى بىلەن ۋاخان تىلىنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر پۈتۈن گۆھەر، قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرىنى، تەتقىق قىلىشنىڭ «تىرىك لۇغىتى» دەپ تەرىپلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

## 3. تاجىك تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

تاجىك تىلى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي جايلىرىغا تارقالغان. چۈنكى ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. يەكەن، پوسكام، ئاقتۇ ۋە گۇما ناھىيىلىرىدە تاجىك مىللىي يېزىلىرى تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق نوپۇس ئېنىقلاش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي سانى 40099 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 25653 ئادەم تاشقورغان

تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇ مەزكۇر ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 84.5%نى ئىگىلەيدۇ. 3385 ئادەم پوسكام ناھىيىسىدە، 1985 ئادەم يەكەن ناھىيىسىدە، 1639 ئادەم قاغىلىق ناھىيىسىدە، 4569 ئادەم ئاقتۇ ناھىيىسىدە، 863 ئادەم گۇما ناھىيىسىدە، 637 ئادەم شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئېلىمىز تاجىك تىلى سەرىكۇھ تاجىك تىلى ۋە ۋاخان تاجىك تىلى دەپ ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ.

تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دەفتەر يېزىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاخان تاجىك دىئالېكتىكىدا سۆزلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋەرشىدى كەنتى، تاغارما يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنتى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەرمۇ ۋاخان تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى ئاھالىلەرمۇ ۋاخان تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ۋاخان تاجىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەرنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ باشقا بارلىق يېزا ـ كەنتلىرى، پوسكام ناھىيىسى بويلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى، يەكەن ناھىيىسى زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقتۇ ناھىيىسى تار تاجىك مىللىي يېزىسى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تاجىك ئاھالىلىرى ئومۇميۈزلۈك سەرىكۇھ تاجىك تىلىنى قوللىنىدۇ. سەرىكۇھ تاجىك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشىدۇ. سەرىكۇھ تاجىك تىلى ئۆز ئىچىدىن شەرقىي شېۋە ۋە غەربىي شېۋە دەپ ئىككى شېۋىگە بۆلۈنىدۇ.

## 4. تاجىك تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى

تاجىك تىلىنىڭ سەرىكۇھ دىئالېكتى بىلەن ۋاخان

دىئالېكتى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن ئۆز ئارا جۈزئى پەرقلەنسىمۇ، لېكىن چوڭ جەھەتلەردىن يەنىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى خىل دىئالېكت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بۇ ئىككى دىئالېكتتا 9 سوزۇق تاۋۇش، 23 ئۈزۈك تاۋۇش، جەمئىي 41 فونېما بار.

(2) بوغۇم سوزۇق تاۋۇش فونېمىسىنى يادرو قىلىدۇ. تاق سۆزلەردە بىردىن ئۈچكىچە بوغۇم بولىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش بوغۇم بولىدۇ. بىر بوغۇمدا ئۈچكىچە ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كۆرۈلىدۇ.

(3) ئۇرغۇ سۆز ئۇرغۇسى ۋە جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قانداق قۇرۇلمىلىق سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇرغۇ ئادەتتە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا ئۇرغۇنىڭ يۆتكىلىشى مەنە ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(4) لېكسىكىسى مول بولۇپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچىلار ۋە سۆز ياسىغۇچى كەينى قوشۇمچىلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(5) سۆز ياساش ئۇسۇلى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بىرى، مورفولوگىيىلىك سۆز ياساش ئۇسۇلى، يەنە بىرى، سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى، سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى 10 خىلدىن ئاشىدۇ.

(6) سۆز قوبۇل قىلىش جەھەتتە، ئۇيغۇرتىلى، خەنزۇ تىلى، ياۋروپا تىللىرى ۋە ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

(7) سۆزلۈكلەر سىمانتىكىلىق مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، ئىسىملار، سۈپەتلەر، سانلار، رەۋىشلەر، ئالماشلار، پېئىللار، ئالدى قوشۇلغۇچىلار، كەينى

قوشۇلغۇچىلار، باغلىغۇچىلار، ئىملىق سۆزلەر، ئۈندەش سۆزلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسىملار بىلەن پېئىللار ئەڭ چوڭ ئىككى تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئالماشلار بىلەن سانلار ئىسىم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، سۈپەتلەر، رەۋىشلەر، ئىملىقلار، ئېنىقلاش تۈرىگە مەنسۇپ، ئالدى قوشۇلغۇچىلار، كەينى قوشۇلغۇچىلار ۋە باغلىغۇچىلار ياردەمچى سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئۈندەش سۆزلەر بولسا ئالاھىدە تۈر ھېسابلىنىدۇ.

(8) گراماتىكا جەھەتتە، سۆز بىرىكمىلىرى تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى، ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى، ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ جۈملىلەر ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ جۈملە بۆلەكلىرى ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت ۋە قىستۇرما بۆلەك دەپ بۆلۈنىدۇ؛ ئاددىي جۈملە شەكىللىرىدىن بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىلەر بار. قوشما جۈملە شەكىللىرىدىن تەڭداش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىلەر، تاللانما قوشما جۈملىلەر ۋە بېقىندىچىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملىلەر بار.

## 5. تاجىك تىلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى

ئېلىمىز تاجىك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، بۇ تىلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىمۇ نىسبەتەن چەكلىك.

بىرىنچىدىن، تاجىك تىلى ئائىلە تىلىدۇر. تاجىك يۇرتلىرىدا ھەربىر ئائىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلى ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا ۋە

پەرزەنتلەر ئارىسىدا، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا بىر دەك تاجىك تىلى ئىشلىتىلىدۇ. ئائىلىلەردە بوۋاقنىڭ تىلى تاجىك تىلىدا چىقىدۇ. بالىلار ئائىلىدە تاجىك تىلىدا تەربىيىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تاجىك تىلى جەمئىيەت تىلىدۇر. تاجىكلار جەمئىيەتتە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلىدا ئالاقىلىشىش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئۆزئارا سالام ـ ساھەت قىلغاندا، بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشقاندا، ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال ۋە كۆڭۈل ـ دىل ئىزھار قىلغاندا، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ، ھېيت ـ ئايەم، مېھماندارچىلىق، پەرز ـ پەرھىز، دىنىي پائالىيەت، سودا سېتىق، ئېلىم ـ بېرىم قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تاجىك تىلى ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتە، مىسالى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، مۇزىكا ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، ئەلنەغمە ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا بىردەك تاجىك تىلى قوللىنىلىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى چوڭلار كىچىك بالىلارغا ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، تەمسىل، لەتىپە ۋە ھېكايەت سۆزلەپ بەرگەندە، تاجىك تىلىنى ئىشلىتىدۇ. تاجىك ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ تېكستى بىردەك تاجىك تىلىدا ئىجاد قىلىنىدۇ ۋە ئوقۇلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، جەمئىيەتتە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى قوللىنىلسىمۇ، ئىشخانا ۋە دەرسخانا سىرتىدا كىشىلەر يەنىلا تاجىك تىلىدا پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ.

بەشىنچىدىن، تاجىكلار ئومۇمەن قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق ئىقتىدارغا ئىگە. تاجىكلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ، بىر قىسمى خەنزۇ تىلىدا

سۆزلىشەلەيدۇ. يەنە بىر قىسمى قىرغىز تىلىدا سۆزلىشەلەيدۇ. بىر قىسىم ئائىلىلەردە تېخى بىۋاسىتە پارس تىلىدا سۆزلەش ئادەت قىلىنغان. ئومۇمەن، تاجىك جەمئىيەتتە كۆپ تىللىق ھادىسە شەكىللەنگەن.

## 6. يېزىق مەسىلىسى

تاجىكلارنىڭ ئۆز يېزىقى بار، يەنە كېلىپ تاجىك يېزىقىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمىيلىككە ئىگە. ئېلىمىز تاجىكلىرى تارىختا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا سۆزلەشكەندىن تاشقىرى، يەنە دۇنيادىكى باشقا تاجىكلارغا ئوخشاشلا تاجىك ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقىنى قوللىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە تارىخىي ئەسەرلەردە مەلۇماتلار بار. بۇرۇنلاردا ئائىلە ۋە مەدرىسلەردە ئومۇمەن تاجىك تىل - يېزىقى قوللىنىلغان. بىر قىسىم تاجىكلار چەت ئەلگە چىقىپ، تاجىك تىل - يېزىقىدا ئوقۇغان. 1936 - يىلىغا كەلگەندە، تاشقورغاندا تۇنجى مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلغاندا، دەرسلىك، ئوقۇتقۇچى، مەتبۇئات قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل - يېزىقىنى قوللىنىش يولغا قويۇلۇپ، تاجىك تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تاجىكلار مەكتەپ مائارىپىدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى، بىر قىسىملىرى بولسا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

## 7. تاجىك تىلى تەتقىقات ئەھۋالى ۋە نەتىجىلەر

تاجىك تىلى بويىچە تەتقىقات خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. 1930 - يىللاردىن كېيىن، روسىيىلىك، چېخوسلوۋاكىيىلىك

ئۇچ تىلشۇناس ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەمەلىي تەكشۇرۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېلىمىز تاجىك تىلى توغرىسىدا بىر قانچە تونۇشتۇرۇش، سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل - يېزىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ت. خ. پاخالىنا 1956 - يىلى تاشقورغانغا كېلىپ، سەرىكۇھ تاجىك تىلى ئۈستىدە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىي تەكشۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى «سەرىكۇھ تىلى» نامى بىلەن 1966 - يىلى موسكۋادا رۇس تىلىدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. كىتابتا مۇقەددىمىدىن باشقا، سەرىكۇھ تاجىك تىلىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى، گرامماتىكىسى تەپسىلىي شەرھلىنىپ، سەرىكۇھ تاجىك تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قانۇنىيىتى بىر قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا سەرىكۇھ تاجىك تىلىدا 10 نەچچە پارچە رىۋايەت - چۆچەك تېكىستى بېرىلگەن. يەنە قوشۇمچە كىچىك لۇغەتمۇ بېرىلگەن. مەزكۇر ئەسەر بىر قەدەر يۇقىرى ماتېرىياللىق ۋە ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە.

ئېلىمىزدە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدىن تەتقىقاتچى گاۋ ئېرچاڭ ئەپەندى كۆپ قېتىم تاجىكلار رايونىغا بېرىپ، سەرىكۇھ تاجىك تىلى ئۈستىدە تەكشۇرۇش - تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەش خىل مەجمۇئەنىڭ بىرى بولغان جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل تەزكىرىسىدىن قىسقىچە مەجمۇئە — «تاجىك تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى» نامى بىلەن 1985 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. كىتابتا سەرىكۇھ تاجىك تىلىنىڭ

فونېتىكىسى، لېكسىكولوگىيىسى، مورفولوگىيىسى ۋە سىنتاكسىسى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا قىسقىچە لۇغەت بېرىلگەن.

ئاپتورنىڭ يەنە «تاجىكچە — خەنزۇچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى» مۇ نەشر قىلىندى. ئېلىمىزدە يەنە تاجىك تىل - يېزىقى تەتقىقات خادىملىرىدىن پولات مۇھەممەد، گۈلمىر، تابىلدى ھوشۇر، مەدەلىخان، راخمانقۇل، مۇنى تابىلدى قاتارلىقلارمۇ ئۆز ئۇن مۇددەت تاجىك تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بەكرەك ت. خ. پاخالىنا ۋە گاۋئېرچاڭنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇجەسسەملەشكەن. بىر قىسمى «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ئەسەردە ئەكس ئېتىلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. شېرىن قۇربان بىلەن مەدەلىخان بالۇن بىرلىشىپ يازغان «جۇڭگو تاجىكلىرى» (1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان) ناملىق مەخسۇس ئەسەرنىڭ تۆتىنچى قىسىم XII باب «تاجىك تىلى» تېمىسىدا تاجىك تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ۋە توغرا بايان قىلىنغان. ت. خ. پاخالىنا ۋە گاۋئېرچاڭلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەر تۈزىتىلگەن. بۇلاردىن باشقا، شېرىن قۇربان، مەدەلىخان، دېۋەن شيۇ قاتارلىقلار دۆلەتۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرى بولغان «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى مەدەنىيەت لۇغىتى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي

تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى» قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، تاجىك تىل - يېزىقى قىسمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇ كاتتا ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىندى، بىر قىسمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، گەرچە تاجىك تىلى تەتقىقاتىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاجىك تىلى بويىچە ئىختىساسلىقلارنىڭ ناھايىتى كەمچىلىكى، ئىقتىساد ۋە شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تاجىك تىلى تېخى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان بىر ساھە، ئېلىمىز تىلشۇناسلىق ئىلمىدىكى بىر بوشلۇق. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا خېلىلا ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «تاجىكلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. باباجان غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.

4. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. گاۋئېرچاڭ: «تاجىك تىلىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

6. پاخالىنا: «سەرىكۇھ تاجىك تىلى»، موسكۋا ئىلىم -

پەن نەشرىياتى، 1966 - يىلى رۇسچە نەشرى.
7. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىــــي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى.
8. «يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 1975 - يىلى نەشرى.
9. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىــــللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
10. گېزىت - ژۇرناللاردىكى تاجىك تىلىغا ئائىــت، ماقالىلەر.

# قوچو ئىدىقۇت دەۋرىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى توغرىسىدا

ئەخمەت يەھيا[1]



قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ IX ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە، جۈملىدىن مەدەنىيەت ساھەسىدە زور يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە بىر خىل يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولدى. بەزى تەتقىقاتچىلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا «ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان بۇ رايون قەدىمكى زامانلاردىلا غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن

---

① ئەخمەت يەھيا: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەنگەن رايون ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ، ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، غەربىي يۇرت تارىخىدا يېڭى بىر ۋەزىيەت پەيدا قىلدى ... شۇنىڭدەك ئۇلار غەربىي يۇرتنىڭ بۇ زېمىنىدا ئەنە شۇنداق ھەر خىل مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، بىخلاندۇرۇپ، ئۆستۈرۈپ تېخىمۇ گۈللەندۇردى، شۇڭا بۇ جايدىكى بۇرۇنقى خىلمۇخىل مەدەنىيەت ئۆز ئارا سىڭىشىپ، بىللە تەرەققىي قىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئارىلاش ۋە يېڭى بىر مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەندى»① دەپ يازىدۇ. دېمەك، قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەت، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتقانىدى. مۇشۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەر، ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر، دىنىي كىتابلار ۋە قېزىپ چىقىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىزگە قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى يەنە يىپەك يولىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلار پەيدىنپەي شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان رايونلارغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىمۇ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى جۇغلىنىدىغان نۇقتا بولۇپ قالغانىدى. تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يەنى ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مىسسوپوتامىيە مەدەنىيىتى

ھەمدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، زەردۇشت دىنى، خرىستىئان
دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق بىرقانچە مەشھۇر دىنلار بۇ رايوندا
ئۇچرىشىپ ۋە ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بۇ رايوندىكى كىشىلەرنى
خەنزۇ - تىبەت تىللىرى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ۋە
مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.
نەتىجىدە ئالتاي تىللىرى، خەنزۇ تىللىرى ۋە ھىندى - ياۋروپا
تىل سىستېمىسىنىڭ گىرەلىشىشى بۇ جايدا مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان تەرجىمە پائالىيىتىگە كەڭ
زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە تەرجىمان،
تىلشۇناسلار مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ،
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. قوچۇ
ئۇيغۇرلىرى بۇ رايوندىكى ئەسلىدىكى مول مەدەنىيەت
مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، چەت ئەل ۋە
ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى
داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، بىرىكىش خاراكتېرىنى ئالغان ئۆزگىچە
مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى،
بۇ مەدەنىيەت قوچۇ ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تارىخىدىلا شانلىق
سەھىپە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا،
غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ شانلىق سەھىپە ئاچتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە تىل - يېزىق
بىرلىككە كېلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمران
ئورۇندىكى نوپۇزلۇق يېزىقىغا ئايلىنىشى، مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ
راۋاجلىنىشى تەرجىمە پائالىيىتىگە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ماددىي
شارائىت ۋە كەڭ سورۇن بىلەن تەمىنلىدى. «كېيىنكى
يىللاردا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇرتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر
بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۇركۇم ئويما
باسما ئەسەرلىرى تېپىلغان. بۇ پاكىتلار قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە
باسما ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئەۋج ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.»②

قوچو ئىدىقۇت دەۋرىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى ھەر خىل تىللاردىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە تاڭغۇتچە ئويما باسما ئەسەرلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. بۇ ئويما باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ئىچىدە قەدىمدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرچىدىن قالسا خەنزۇچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوغد يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، براخما يېزىقى ۋە يۇنان يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن باسما ھۆججەتلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، بۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت سىستېمىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە كىرگۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەرجىمە ۋاستىسىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەنە شۇنچىۋالا كۆپ تىللىق باسما ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غايەت زور بىر كەسپىي قوشۇننىڭ بارلىقىنى، بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە باسما تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەنلەردىن باشقا، يەنە ھەر خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان كەسپىي تەرجىمە خادىملىرىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەينى چاغلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا بىرلا ۋاقىتتا تۈرك يېزىقى، سوغد يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، براخما يېزىقى، يۇنان يېزىقى ۋە توخار - كۆسەن يېزىقى (قارا شەھەر، كۇچا) قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلغان بۇ خىل نۇرغۇن يېزىقلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ھەر خىل تىل - يېزىقلارنى ئىگىلەش، چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىشتۇرۇش، تاللاش ئارقىلىق ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدلىرى تەرىپىدىن

قوللىنىلغان سوغد يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەيدىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان. شۇڭا بۇ دەۋردىكى تەرجىمە پائالىيىتى ئاساسەن مۇشۇ تىلنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ تىل - يېزىقتا خاتىرىلەنگەن. ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يېزىق بۇددا كىتابلىرىنىلا تەرجىمە قىلىشقا قوللىنىلىپ قالماستىن، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى، توختامنامە، تىلاۋەتنامە، شېئىر - نەزمە، ھېكايىلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. خان ئوردىسى ۋە خەلق ئىچىدە بۇ يېزىق يەنە ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، XIX ئەسىردىن بۇيان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە- چىلىرى، ئارخېئولوگلىرى مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى تاپتى. بۇ ھۆججەتلەر ھازىر دۇنيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. بىر قىسمى ئېلىمىزدە ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدە ئاساسەن بۇددا نوم سۇترالىرى، مانى - نېستورىيان پۈتۈكلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تېبابەتچىلىك كىتابلىرى، ئابىدە - خاتىرىلەر، كالېندار، ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر ھەمدە كۆسەنچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈك، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك (ساقۇرت پۈتۈك) قاتارلىقلار بار. تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەرجىمىنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، تۈرىمۇ كۆپ بولغان. قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچىلار كۆپ بولغاچقا، بۇ دەۋردە بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش يېڭى بىر پەللىگە ۋە سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە ئۇلار بۇ ساھەدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىمالىي ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن. ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى تېزلا بىرلەشتۈرەلىگەن، چۈنكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئورتاق مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئىگە بولغان. تۇرپان ئويمانلىقى شۇ چاغلاردىلا غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ مۇھىم بۇددا مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ياپونىيىلىك يۈي تېيەنخېڭ يازغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتا: «ئادەتتە ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا نوملىرى ئىچىدە تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىسىدا تەرجىمە قىلىنغان نەرسىلەرنى چېلىقتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ نوملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بۇددىزمچى تۈركلەرنىڭ (ئۇلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بولۇشى مۇمكىن) تۈركچىگە تەرجىمە قىلغانلىرىمۇ بار. ئەمما قېزىۋېلىنغاندا ئايرىلىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركچە بىلەن ئۇيغۇرچە ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ كېيىنچە ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان يېزىق بىلەن يېزىلغانلىرى كۆپرەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك «ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ زادىلا توغرا بولمىغان ئاتاشتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇددا نوملىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشتىن ئىلگىرى تىل ۋە يېزىق جەھەتتە ئۇيغۇرچىدىن

قىلچە پەرقلەنمەيدىغان تۈركچە بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم» ، «تۈركچە ئاتالغان نوملار ئومۇمەن ئۇيغۇرچە ئاتالغان نوملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ تىل جەھەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما ئېنىق ئېيتقاندا، تۈركچە نوملار IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن بۇرۇن شۇ يەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرگە مەنسۇپ بولۇشى، ئۇيغۇرچە دەپ ئاتالماسلىقى كېرەك» دەپ بايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ جايدا خېلى بۇرۇنلا بۇددا نوملىرىنىڭ تۈركچە ياكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىنىڭ سانسكرىتچە نوملىرىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان نوملار بولغان، شۇنداقلا توخار، كۈسەن، قەدىمكى خوتەن تىللىرىدىن، تاڭغۇت، خەنزۇ تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرىمۇ بولغان. ھەتتا جۇڭگودا يېزىلغان «ئاسمان ۋە زېمىندىكى سەككىز مۇزەككەر تەڭرى سۇتراسى» ( 天地八阳神咒经 ) دېگەن ساختا نوممۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. تۈرك يېزىقى قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى بولۇپ، ئورخۇن تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن، شۇڭا يەنە «توققۇز ئوغۇز يېزىقى» ، «ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى» ، «كۆك تۈرك يېزىقى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالىمى سىڭقۇ سەلى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ يېزىقنى «تۈرك - ئۇيغۇر يېزىقى» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتىدە ئۆز تارىخىدىكى بارلىق يېزىقلاردىن بىمالال ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ

كەلگەن. يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى ۋە پائالىيىتىدە قىلچىمۇ بوشلۇق ياكى ئۈزۈكچىلىك قالدۇرمىغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈركچە، ئۇيغۇرچە دېگەنلەرگە كەلسەك، ئۇ پەقەت يېزىق ئۆزگىرىش داۋامىدا پەيدا بولغان يېزىق شەكلىگە قاراپ قويۇلغان ناملار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈكىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 20 ـ بابىدا «ليۇشىچىڭ يات قەۋملەرنىڭ تىلىنى بىلىشتە ھەممىدىن كامىل ئىدى، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، ليۇ شىچىڭغا «نىرۋانا سۇترا»نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇنى تۈرك قاغانىغا تەقدىم قىلغان» دەپ بايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدىلا بۇددىزم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن كەلدى ـ باردى قىلىپ قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلگەچكە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مەزگىلدە «خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇنىڭ فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس كىتابلارمۇ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلگەن. بەزى غەربىي يۇرتلۇق ئالىملار، مەسىلەن، سۇلىلىق (قەشقەر) خۇيلىڭ خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئۇ خەنزۇ ۋە سانسكرىت تىللىرىنى ياخشى بىلگەچكە، قەدىمكى خەنزۇچە كىتابلار ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر بىلىملەردىن پايدىلىنىپ «بۇددا نوملىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەنىلىرى» دېگەن كىتابنى (جەمئىي يۈز جىلد) يېزىپ چىققان». ③ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 4 ـ يىلى (مىلادى 788 ـ يىلى) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «回纥» دېگەن خەتنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز

قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 回鹘 دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچە خەتنىڭ مەنىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆز شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. يېقىنقى چاغلاردا تۇرپان سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى تېپىلغان.④ مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان بۇددا نوم - بېتىكلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇددىزمغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇددىزم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەنىۋى پائالىيىتىگە ئايلانغان ۋە مەشھۇر تەرجىمانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، سىڭقۇ سەلى، پرتانراتكشت، ئامۇگا ئاچار، ساڭگا شىرى، ئارغۇن سەلى، بىلان ناسىلى، گارناداس، ئەنسارى قاتارلىق تەرجىمانلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە، سانسكرىتچە ۋە موڭغۇلچە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى «مائىترى سىمىت» دېگەن ئەسەر دەسلەپتە كۇچالىق كوماراجىۋا تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، IX ئەسىردە ئاندىن پرتانراكشت تەرىپىدىن توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، پرتانراكشت قۇچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە يەنى VIII — IX ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دېمەك، پرتانراكشت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە توخرى تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ھەمدە بۇددا دىنى ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشلۇق بولغان ماھىر

تەرجىمان بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇددا تەلىماتى بويىچە بىرقەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە شەخسدۇر.

«مائىترى سىمىت» بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا مۇرتلىرىنىڭ نەزەرىدە كەلگۇسىدە مەيدانغا چىقىدىغان تەڭرى مائىترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ ھەربىر ۋارىقى ئۇستىگە قانچىنچى پەردە ئىكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان. ھەربىر پەردىسىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىكنىڭ ئورنى، سەھنىگە چىقىقۇچى قەھرىمانلار، ئورۇنلىنىدىغان كۇيلەر خاتىرىلەنگەن. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تەرجىمە نۇسخىسىدا سەھنىگە چىقىقۇچى قەھرىمانلار ۋە ئورۇنلىنىدىغان كۇيلەر خاتىرىلەنمەي، پەقەت ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىلا يېزىلغان. شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىجادىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە قويۇق دراما تۇسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۇۋالايمىز.

«ئالتۇن يارۇق» — بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى سانسكرىتچى يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يى جىڭ دېگەن كىشى بۇ ئەسەرنى 703 - يىلى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. خۇي لىنىڭ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە شۇەنزاڭنىڭ پائالىيەتلىرى جۇملىدىن بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىش ئۇچۇن غەربكە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى كەچۇرمىشلىرى بايان قىلىنغان خەنزۇچە ئەسەردۇر. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن ئىزاھلاردىن بىز بۇ ئىككى كىتابنى قۇچۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا ياشىغان ئاتاقلىق تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە

قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «غەربكە ساياھەت» شۈەنزاڭ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان خەنزۇچە رومان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ دەۋردە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تېخى ئىشەنچلىك پاكىت يوق، ئەمما ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ھۆججەتلەر ئىچىدە بۇ روماندىكى بىر ھېكايە بايان قىلىنغان. تىل ۋە تەرجىمە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەرنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ ئەسەرنىمۇ سىڭقۇ سەلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. تەرجىمە قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ ئىككى ئەسەرنى سىڭقۇ سەلىنىڭ شۇنداق ماھىرلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن تەرجىمە قىلغانلىقى، باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەرجىمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ بىرقانچە تىللارنى بىلىدىغان ئۇستا تەرجىمان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ناھايىتى ئەتراپلىق بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» قىستۇرۇلغان ھەربىر قۇرى يەتتە خەتلىك خەنزۇچە بىر شېئىرنى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە 4 مىسرالىق 2 كۇبلىت قوشاققا ئايلاندۇرۇپ جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى شېئىرلارنى سانسكرىتچە «كاۋايا» شېئىرىغا مايىل بىر خىل نەسرىي ئۇسلۇب بىلەن تەرجىمە قىلىپ قويۇق مىللىي تۈسنى گەۋدىلەندۈرگەن. مانا بۇلار سىڭقۇ سەلىنىڭ تەرجىمە ماھارىتىدىكى پاساھەتلىك ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ.

قۇچۇ ئىدىقۇت جەمئىيىتىدە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈش بىلەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمنىڭ سەممىي ئېتىقادچىلىرى ۋە ئەڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىلىرىغا ئايلانغان.

بۇددىزمنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش «ساۋايلىق ئىش» دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇددا نوم - سۇترالىرىنى ھەر خىل مەنبەلەردىن يەنى قەدىمكى كۇچا تىلى، قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىن، سانسكرىت تىلىدىن، توبۇت تىلىدىن، خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، بەزى دىنىي كىتابلارنى ئۇيغۇرلار ئۆزى يازغان. ئامۇگا ئاچارى دەپ نام ئالغان راھىب «سەككىز مۇقەددەس ئورۇنغا مەدھىيە» ناملىق كىتابنى سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ساڭگا شىرى «ئارا يارا جاۋاۋاداكا سۇترا»نى توبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، قۇچۇلۇق كومارا بوتى، كۇچالىق موكسا گوپتا قاتارلىقلارمۇ بىرمۇنچە بۇددا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت خانلىقى ئۆز رازىلىقى بىلەن چىڭگىزخانغا بويسۇنغاچقا، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە ھوقۇق - ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى ۋە تەرجىمانلار ئىچكى رايونلاردا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئىچكى رايونلاردىكى بۇددىستلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان، 1047 - يىلى تاڭغىت خانى لى يۈەنخاۋ «ئېگىز پەشتاقلىق خانىقا» دەپ ئاتالغان كاتتا بىر ساڭرام سالدۇرغان. ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇ ساڭرامدا بەزى بۇددا نوملىرىنى توبۇت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. 1273 - يىلى قۇبلاي خان ئۇيغۇر راھىبى قاتاي سەلىنى بۇددا دىنىنى چۈشەندۈرگۈچى ئوكۇرداي قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مۇشۇ دەۋردە ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدىن چىققان نۇرغۇن ئالىم - ئۆلىمالار، ئەدىب - تەرجىمانلار

ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىغا ئۆز ئەقىل - پاراسەتلىرىنى تەقدىم قىلىشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنسارى، بىلان ناسالى، گارناداس ئارقۇن سارىينىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئەڭ زور. ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە يارلىقچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان، قوشۇمچە كوڭزىچىلىقنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشتا ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى «نەسىرنامە. پاراغەتكە بېرىلمەسلىك»، «جېنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، «ئىبرەتنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، پۈتۈن «نەسىرنامە»، «قىيىن كېسەللىكلەر» ۋە «دورا - گىياھلار» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان. يەنە خەنزۇچە «قەدىمنامە» نى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان. بىلان ناسالى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قومۇللۇق بۇددىست ئالىم ۋە تەرجىمان بولۇپ، خەنزۇچە، سانسكرىتچە ۋە توبۇتچە بىرقانچە تىللارنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، خەنزۇ تىلىدىن «سۇرانگاما سامارى سۇترا» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. سانسكرىت تىلىدىن «گاندىراۋا پراجنا سۇترا»، «ماخايانالانكارا سۇترا»، «ئۇلۇغ نىرۋانا سۇترا» ۋە «ماخايانا سۇتراغا مەدھىيە» قاتارلىق بۇددا نوملىرىنى، توبۇت تىلىدىن قىيىن بولغان «دىيانا سۇترا» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان، گاراناداس يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسى. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق زېرەك

بولغاچقا، ئەنسارى ئۇنى قۇبلايخانغا تونۇشتۇرغان. قۇبلايخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن گارناداس شۇ چاغدىكى دۆلەت ئۇستازى دەپ نام ئالغان كاتتا ئۆلىما باسبا (موڭغۇلچە باسبا يېزىقىنى ئىجاد قىلغان كىشى) دىن براخمان تىلى، توبۇت تىلى ۋە موڭغۇل تىلىنى ئۆگەنگەن. كېيىن قۇبلايخاننىڭ مەخسۇس تەرجىمانى ۋە ئوردا باش مىرزىسى بولغان، ئۇ بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ «ھىندىچە - توبۇتچە نوملار» دېگەن ناھايىتى زور ھەجىملىك كىتابنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. دېمەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇقىرىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش پائالىيىتىدىن بىز بۇددىزمنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە قانچىلىك راۋاج تاپقانلىقىنى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قانچىلىك سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

بۇ دەۋردە يەنە بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنى تىماتىك ئىدىيە بىلەن زور بىر تۈركۈمدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «دانىتى پالا»، «ئىككى تىكىن ھەققىدە قىسسە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى»، «چوڭ مايمۇن پاتمارالى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇرىۋايەتلەرنى تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن ياكى ئۆز تىلى ۋە ئەدەبىي ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇددىزم ئەقىدىسىنى ئىپادە قىلىدىغان بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. بۇ ئەسەرلەر قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى زور ئاساس سېلىپ بەرگەن.

مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى دائىرىسىدە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە

تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەنلىكى ئىدىقۇت تەرجىمە تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە خەت ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئورگان «ئىدىقۇت تەرجىمە مەھكىمىسى» دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت تەرجىمە مەھكىمىسى»گە مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەنگەن ۋە تەرجىمانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ تۇرلەرگە ئايرىلغان سېلىشتۇرمىلىق سۆزلۈكلىرىنى تۇزۇپ چىقىش ۋە يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ياكى تۆۋەندىن كەلگەن خەت - ئالاقىلەرنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مەركىزي ھۆكۈمەتكە يوللاشتىن ئىبارەت بولغان. تارىخي ماتېرىياللاردا بۇ «ئىدىقۇت مەكتۇبلىرى» دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى مەكتۇبلىرى» مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئارخىپىنىڭ مۇھىم تەركىبي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان «ئىدىقۇت مەھكىمىسى تەرجىمە كىتابى» ياكى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دېگەنلىرىمىز ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۇزۇلگەن. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

مىڭ سۇلالىسى مەركىزي تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۇيغۇرلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى خەت - ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىش مەسئۇلىيىتىنىلا ئۆتەپ قالماي، ئەلچىلەرگە ھەمراھ بولۇش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۇستىگە ئالغان. تەرجىمە خادىملىرىنىڭ چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدىكى بەزى چۈشەنچە پىكىرلىرى ھەمىشە مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا دائىر سىياسەتلەرنى تۇزۇشىگە تەسىر كۆرسىتىپ

تۇرغان. تەرجىمە مەھكىمىسى ئورگانلىرى قۇبلاي دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە تەسىس قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركەزدىلا ئەمەس، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ تەرجىمە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، رەسمىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىك، مۇنتىزىم ھالدا ئومۇملىشىشى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

قىسقىسى، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى، قىممەتلىك يازما مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇردى. بۇ يازما يادىكارلىقلار يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىنى، بولۇپمۇ مەدەنىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭمۇ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

### ئىزاھلار

① ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 627 - بەت.

② ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 247 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 205 - بەت.

④ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 10 - بەت.

# شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش

ئارسلان ئابدۇللا①



يەر ناملىرى ئىلمى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەن بولۇپ، توپونومىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەر ناملىرىدا تىل، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن بولغاچقا، بەزى ئالىملار ئۇنى ئۆتۈشمە پەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى جۇغراپىيىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ، كۆپ سانلىق غەرب ئالىملىرى ئۇنى خاس ئىسىملارنى تەتقىق قىلىدىغان ئونوماستىكا (onomastics) دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، شۇڭا ئۇ

① ئارسلان ئابدۇللا: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

تىلشۇناسلىقتا تەۋە دەپ قارىدى. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. چۈنكى يەر نامىلىرى ئىلمىدا تەتقىق قىلىنىدىغان مەزمۇنلار كۆپىنچە جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار يەر نامىلىرىنىڭ تىل شەكلى بىلەن ئىجتىمائىي مەزمۇنىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

مەلۇمكى، يەر نامىلىرى جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيەلەرنىڭ خاس ئىسىملىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ماكان ئۇقۇمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ۋە تىلدا كۆپ قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ھال يەر نامىلىرىنىڭ نىسپىي تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، تارىختا ھەربىر سۇلالە ياكى ھاكىمىيەت ئالماشقان ئەھۋالدىمۇ يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىككى پىرسەنتتىن ئاشمىغان، بەزى يەر نامىلىرى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن، بەزى يەر نامىلىرى ھەتتا مىللەت ياكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئەسلىي ماكانىدىن كۆچۈپ كەتكەن ياكى يوقىلىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ئەسىرلەر بويى ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. بىراق شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ناملار ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ۋارىيانتلانغان. بۇ ھال ۋە شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرلۇك تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى، تارىخ تەتقىقاتىدىكى بىرمۇنچە چېگىش، مۇجمەل مەسىلىلەر شىنجاڭدىكى يەر نامىلىرىنى جىددىي تۇتۇپ، ئەتراپلىق، كۆپ قاتلاملىق تەتقىق قىلىش تەققەززاسى ۋە زۆرۈرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرىنى

تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي قىممىتى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1) تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە تەقىقاتى ئۇچۇن دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشىش؛

2) مىللىتىمىز ياشىغان يەر - جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىش؛

3) ھەرقايىسى رايون خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش؛

4) ھەرقايىسى رايونلارنىڭ ئوخشىمايدىغان دەۋرلەردىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن خەۋەردار بولۇش؛

5) قەدىمكى تىل ۋە دىئالېكتلار تەتقىقاتىغا دائىر دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشىش؛

6) يەر نامىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەرىتە ئىشلەش، تەزكىرە يېزىش ۋە يەر - جاي، چېگرا ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش ئىشلىرىدا ئىلمىي ئاساسلارغا ئېرىشىش.

شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ ئاجايىپ زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ۋە بىرمۇنچىلىغان ياش، ئوتتۇرا ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ تەتقىقاتلار كۆپىنچە يەر نامىلىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر دەلىل - ئىسپاتلارغا ئېرىشىش بىلەنلا چەكلەندى، ئەكسىچە، ماكرولۇق تەتقىقاتقا سەل قارالدى ياكى ماكرولۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، يەر نامىلىرى تەتقىقاتىمىزنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق ئېلىپ

بېرىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن، بۇ ماقالىمىزدە، شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى، يەر ناملىرى تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەم نۇقتىلىرىنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز.

## 1. شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرى، يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى ئاتىلىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەر؛ يەنە بىرى، يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەر.

(1) يەر ناملىرىنىڭ ئاتىلىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەر.

يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ياكى ئاتىلىشى كىشىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيىلەرگە ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن نام قويۇشىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ ھادىسە بولۇپ، ئۇ، ئاساسەن، تەبىئىي مۇھىت ۋە تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇشى ۋە ئاتىلىشىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولۇپ، بىرى، شۇ يەر ـ جاينىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەسۋىرلەش خاراكتېرىدىكى يەر ناملىرى، يەنە بىرى، تارىخ، ئېتنوگرافىيە ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خاتىرىلەش خاراكتېرىدىكى يەر ناملىرى.

A تەسۋىرلەش خاراكتېرىدىكى يەر ناملىرى. بۇنداق يەر

نامىرى جۇغراپىيىلىك سۇبيېكتانسىيىلەرنى ئاتاشتىكى تۇرغۇنلۇق ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ:[1]

a . جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن قويۇلغانناملار. مەسىلەن، ئاداق (ئاياق)، بۇلاقبېشى، تۆۋەن غوگرات، يۇقىرى غوگرات قاتارلىقلار مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ.

b . يەر - جاينىڭ شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان ناملار. مەسىلەن، قوشقار بېشى، ئۇچەي داۋان، قولتۇقئېرىق، ئارال، تۆگىدۆڭ قاتارلىقلار.

c . يەر - جاينىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە قويۇلغان ناملار. مەسىلەن، تۇز كۆل، تۇز تاغ، شور بۇلاق، يامانسۇ، قارىقۇم، ئىلانلىق، توغراقكۆل قاتارلىقلار.

B . خاتىرىلەش خاراكتېرىدىكى يەر نامىرى. بۇنداق يەر نامىرى مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۇرلەرگە ئايرىلىدۇ.

a . تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئاساسەن قويۇلغان ناملار. مەسىلەن، جاپپار ئۆلدى، ئۇي ئاققان، تورپاق بوغدى، ساندۇق ياردى، سۇباستى قاتارلىقلار.

b . مىللەت - قەبىلە ئىسمىگە قويۇلغان ناملار. مەسىلەن، ئۇيغۇر غول، قارلۇق ئۆستەڭ، بەكىنغول، توققۇزاق (توققۇزساك)، غۇزبۇلاق قاتارلىقلار.

c . جەمەت لەقەملىرى بىلەن ئاتالغان ناملار. مەسىلەن، پالۋانتۇر، كارنايچىتۇر، چايچىتۇر، قايناقسۇتۇر قاتارلىقلار.

d . مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسمىگە قويۇلغان ناملار.

---

① ھەرقايسى تۇرلەرنىڭ ئېنىقلىمىلىرى، مىساللارنىڭ ئىزاھاتى بېرىلمىدى. تەپسىلاتى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىدىكى «يەر نامىرى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بەزى ساھەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىدىن كۆرۈلسۇن.

مەسىلەن، ئارسلانباغ، ئاپپاقتۇر، سۇپا بۇلاق، تەيجەبەگ كارىزى، قازبەگخى قاتارلىقلار.

(2) يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكلەر. يەر ناملىرى گەرچە زور تۇراقلىققا ئىگە بولسىمۇ، جەمئىيەت ۋە تىل تەرەققىياتى، ئاھالە تەركىبى ھەم تەبىئىي مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ:

A . ئەينى بىر جاينىڭ ئوخشىمايدىغان دەۋرلەردە ئوخشىمايدىغان ناملار بىلەن ئاتىلىشى. مەسىلەن، قارا شەھەر خەن دەۋرىدە «ئاگنى»، سوڭ دەۋرىدە «سولومى»، يۈەن دەۋرىدە «سالىش»، مىڭ دەۋرىدە «كېڭگىنت»، چىڭ دەۋرىدىن باشلاپ «قارا شەھەر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

B . ئەينى بىر يەر نامىنىڭ ئوخشىمايدىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمايدىغان دائىرىنى كۆرسىتىشى. مەسىلەن، قۇمۇل خەن دەۋرىدە «ئىۋىرغول» (توغرىسى ئۇيغۇر غول) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ نام پۈتكۈل قۇمۇل رايونىنى كۆرسەتتى. تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ، «ئىۋىرغول» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى «قامىل» دېگەن نام ئىگىلىدى. نەتىجىدە «ئىۋىرغول» دېگەن نام ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە بارغانسېرى تارىيىپ، پەقەت قۇمۇلنىڭ ئارا تۈرك ناھىيىسىنىلا كۆرسىتىدىغان بولدى. خەنزۇلار ئاراتۈركنى ھازىرمۇ «ئۇيغۇر غول» نىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى بويىچە «伊吾卢 ، 伊吾←» دەپ ئاتايدۇ.

C . ئەينى بىر جاينىڭ مەلۇم بىر دەۋردە باشقا ـ باشقا ناملار بىلەن ئاتىلىشى. مەسىلەن، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى «ئېمىل» بولۇپ، «ئېمىل دەرياسى» نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. خەنزۇلار بۇ نامنى ھازىرغا قەدەر قوللىنىپ، دۆربىلجىننى « 额敏 » دەپ ئاتايدۇ، دېمەك، بۇ جاي ئىككى

خىل نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭ يەرناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك ھېسابلىنىدۇ ۋە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، «مارالبېشى» بىلەن «بارچۇق» (巴楚) بىر جاينىڭ ئىككى خىل نامىدۇر.

D. بىر نامنىڭ باشقا ـ باشقا جايلارنى كۆرسىتىشى. مەسىلەن، باي، بۇگۇر، دۆربىلجىن، پەيزىۋات، بەشكېرەم، ئاستانە دېگەندەك ناملار كەم دېگەندىمۇ باشقا ـ باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئىككىدىن ئارتۇق جاينى كۆرسىتىدۇ. يەر ناملىرىدىكى بۇنداق ھادىسە كۆپ ھاللاردا ئاھالىلەرنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

E. يەر ناملىرىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەر. مەسىلەن، بۇيلۇق < بورلۇق (ئۈزۈملۈك دېگەن مەنىدە)، يورۇڭقاش < ئۈرۈڭقاش (ئاق قاش دېگەن مەنىدە)، ئىۋىرغول < ئۇيغۇرغول، خوتەن < ھۇدۇن < ئۇدۇن قاتارلىقلار.

## 2. يەر ناملىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى

(1) يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ئامىللار

يەر ناملىرى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيىلەرنى بىلدۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ قويۇلۇشى تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر ۋە مىللەت، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرى بىلدۈرگەن جۇغراپىيىلىك سۇبىستانسىيىلەر مەۋجۇتلا بولسا، شۇ يەر نامىنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئاساسىي بەلگىلەر ئۆزگىرىپ ياكى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ ۋەئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەنگەن تۈرلۈك تارىخىي ئامىللارنى ئوخشاش بولمىغان

دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ تارىخىي ئامىللار تارىخ تەتقىقاتىدىكى بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا دەلىل ـ ئىسپات ياكى يىپ ئۇچى بولۇپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، يەر ناملىرى، خۇسۇسەن قەدىمكى يەر ناملىرى تارىخ تەتقىقاتىدا شۇ قەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، بەزى تارىخشۇناسلار نوقۇل تارىخىي يازمىلارغىلا باغلىنىپ قېلىپ، يەر ناملىرىغا سەل قارايدۇ ياكى ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، تارىخىي يازمىلارنىڭ ھەممىسىلا تارىخنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى ناتايىن، چۈنكى، خۇددى پروفېسسور شياڭ يىڭجيې «ئوتتۇرا ئاسىيا: ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تارىخى تېرىمچى خەلقلەرنىڭ خاتىرىلىشى بىلەن تارقىلىپ كەلگەن. بىراق تېرىمچى خەلقلەرنىڭ بايانلىرىدا ھەممىشە ئۆزلىرى گۈزەللەشتۈرۈلۈپ، باشقىلار خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن، ئۆزلىرى كۆپتۈرۈلۈپ، باشقىلار چۆكتۈرۈلگەن. مۇشۇنداق ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، باشقىلارنى چۆكتۈرۈش نەتىجىسىدە تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە نۇقسان يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەردە كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن بىر مۇنچە خاتا تۇيغۇلار پەيدا بولغان. بۇنداق ئەھۋاللاردىن ھەتتا ھىرۇدوت ۋە سىماچيەننىڭ ئەسەرلىرىمۇ خالىي بولالمىغان». جۇڭگونىڭ دۇنياغا مەشھۇر تارىخىي يازمىلىرىدىن «24 تارىخ»نى ئالساق، ئۇنىڭدىمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ھەر خىل نۇقسانلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، تۇنجى تارىخ ــ «تارىخىي خاتىرىلەر»نى ئالساق، بۈيۈك تارىخشۇناس سىماچيەن مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىكى « 谈 » سۆزىنى تىلغا ئېلىشنى راۋا كۆرمەي، «تارىخىي خاتىرىلەر»دە جاۋمېڭتەن (赵孟谈)نى جاۋمېڭتوڭ

(赵孟同) دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن.① «24 تارىخ»نىڭ ئاخىرقى تارىخلىرىدىن ھېسابلانغان مىڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى ئالساق، شۇ زامانىنىڭ تارىخشۇناسلىرى ھەتتا «哈密» ۋە «哈梅里» دېگەن نامىلارنىڭ «قۇمۇل، قامىل،» دېگەن نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئىككى خىل يېزىلىشى ياكى ترانسكرىپسىيىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» (明实录) دە قۇمۇلغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «哈密传» ۋە «哈梅里传» دەپ ئىككى تارىخ يېزىشتەك كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلغان.

دېمەك، تارىخ تەتقىقاتىدا، تارىخىي يازمىلارنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە يەر ناملىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تارىخشۇناسلىقنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىق ۋە ئىلمىي بولۇشىدا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، يەر ناملىرى بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ:

1) بەزى يەر ناملىرى شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدا، مىلادىيە 840 - يىلى چەك قىلىنغان ھالدا، شىنجاڭدا قايسى مىللەتلەر ياشىغان، جۈملىدىن مىلادىيە 840 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا بارمۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىر مەھەل نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇبادا يەر ناملىرى تەتقىقاتىمۇ تەڭ ئېتىبارغا ئېلىنىپ، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولسا، بۇ بەس - مۇنازىرىلەر ئۇ قەدەر ئەۋج ئېلىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

① دوڭ جاۋ تۈزگەن «خەلق ئىچىدىكى تابۇ ۋە خەيرلىكلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىنىڭ 67 - بېتىگە قارالسۇن.

چۈنكى قەدىمكى يەر نامىلىرىنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە ئۇنىڭ يەر نامىلىرى ئىچىدىكى نىسبىتى ھەم دەۋرى قاتارلىقلار بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئىلمىي پاكىت بولالايدۇ.

پەقەت قۇمۇلنىڭ ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى قەدىمكى يەر نامىلىرىدىن، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر دېگەن نام بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرىدىن مىسال ئالساق، بۇ ھەقتە «بەلچىر ئۇيغۇر چوققىسى» ، «توپ ئۆيلەر ئۇيغۇر چوققىسى» ، «تۇركۆل ئۇيغۇر چوققىسى» ، «ئاداق ئۇيغۇر چوققىسى» ، «ئۆرگەي ئۇيغۇر چوققىسى» ، «قۇرساي ئۇيغۇر چوققىسى» ، «بۇرالىق ئۇيغۇر چوققىسى» ، «قۇتئوغۇل ئۇيغۇر چوققىسى» ، «نوم ئۇيغۇر چوققىسى» دېگەندەك نۇرغۇنلىغان يەر نامىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ياش تەتقىقاتچى سەمەت ئەسرانىڭ تەكشۈرۈشىچە، بۇ چوققىلارنىڭ بەزىلىرىدىن رەڭلىك ساپال قاچىلار، تاش يارغۇنچاق ۋە باشقا تاش قوراللار تېپىلغان. بۇ چوققىلار ئېھتىمال چارۋىچى - ئوۋچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى تۇرالغۇلىرى ياكى ئىبادەتگاھى بولۇشى مۇمكىن.

قۇمۇلنىڭ خەن دەۋرىدىن باشلاپ تارىخىي پۈتۈكلەردە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن قەدىمكى نامى «伊吾卢»نى (ھازىر ئۇيغۇرچىسى خاتا ھالدا «ئىۋىرغول» دېيىلمەكتە) ئالساق، تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە: «ھازىر بەزى ئالىملار خەن دەۋرىدىكى «伊吾» دېگەن نام ئۇيغۇر (Uigur) دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، يەنى [维吾尔] نىڭ باشقىچە يېزىلىشى دەپ قارىماقتا» دېگەن. ئۇ يەنە: «‹伊吾› (ئىۋىرغول) ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ ئۇلارنىڭ تاۋۇشلىرى ئوخشىشىپ كەتكەندىن باشقا، شۇ يەردە مۇشۇ خەلقلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا: «‹呼揭›،

‹乌揭›، ‹伊吾卢› دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامنىڭ بىر تىلدىكى ھەر خىل ئاتىلىشىدۇر» دېيىلگەن. لىۇيىتاڭ ئەپەندى يەنە شۇ ئەسىردە ياپونىيىلىك ئالىم بۇتيەن خېڭنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا نوملىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىردىكى مۇنۇ سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن:

«… كلاپروت (Klaproth) — بۇگۇنكى قۇمۇل خەن دەۋرىدە ‹伊吾›، دەپ ئاتالغان، ‹ئىۋىرغول› (伊吾) ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدۇر. خەن دەۋرىدىلا ئالدىنقى قوش ۋە كېيىنكى قوش ئەللىرىدە بۇ قەۋملەر بار ئىدى». مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «‹ئۇيغۇر› بىر ئەلنىڭ ئىسمى … بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار، ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار» دېگەن. بۇ سۆز قۇمۇلغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قۇمۇلدا ئاستانە، توغۇچى، سۇمقاغا، لاپچۇق ۋە قارا دۆۋىدىن ئىبارەت بەش قەدىمكى شەھەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ زامانلاردا قۇمۇللۇقلار ئىسلام دىنىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بۇددىستلار ئىدى.

ئىۋىرغول يەنى ئۇيغۇر غول دېگەن نام ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانلارنى قۇمۇلنىڭ غول - ئېقىنلىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋاللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارىغاندا، قۇمۇلنىڭ قەدىمكى نامى — خەنزۇچە «يىۋۇلۇ» نىڭ دەل «ئۇيغۇر غول» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى خېلىلا كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. چۈنكى، قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ غول ئېقىن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان، تەڭرىتاغدىكى قار - مۇزلار ۋە سانسىزلىغان بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن تويۇنغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يۈز كىلومېتىرچە كېلىدىغان، تۆۋەنكى ئېقىنى شەرقىي ۋە غەربىي تارماققا بۆلۈنگەن زور ئېقىن بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ئېقىننى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئەسىرلەر بويى تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

دېمەك، «ئۇيغۇر غول» دېگەن نامنىڭ ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر نامىغا قويۇلغان قەدىمكى يەر ـ جاي ئىسىملىرىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ بولۇشى شىنجاڭدا، جۈملىدىن قۇمۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ماكان تۇتۇپ ياشىمىغان جايلاردا، تىل تەۋەلىكى ئۇيغۇرچە، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر دېگەن نامغا قويۇلغان يەر نامىلىرىنىڭ كۆپلەپ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

2) بەزى يەر نامىلىرى شۇ جايدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ۋە ئېتنىك تەركىبلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالايلى، قۇمۇلدا «ساقا ياكى ساق» نامى بىلەن ئاتالغان «ساقا»، «ئالتىزاق»، «دۆڭگۈرساقا»، «جۇجەمساق»، «ئارىساق»، «بۇركۇت ساقا» قاتارلىق جايلار بولۇپ، بۇ ناملارنى قەدىمكى «ساك» لارنىڭ نامى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازمىلىرىدا قەدىمكى ساكلارنىڭ قۇمۇل ۋە قۇمۇل ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. ئالايلۇق، «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «ساكلار مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى (قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) شەرقىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ياشاپ كەلگەن، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، توخرى خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، شىمالىي شىنجاڭ تەۋەسىگە ئۆتكەن. ھونلارنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا، توخرىلارنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشى بىلەن ساكلار ئىران، ھىندىستان تەرەپلەرگە

---

① سەمەت ئەسرا: «قۇمۇل رايونىدىكى بەزى يەر ـ جاي نامىلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان.

كەتكەن»[1] دەپ قەيت قىلىنىدۇ. پروفېسسور شياڭ يىڭجيې «ئوتتۇرا ئاسىيا: ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرىدە، پارسلارنىڭ نەخشى رۇستەمى تاش پۈتۈكىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن، ساكلارنىڭ خائۇ - ماۋارگا ساكلىرى (مەنىسى: چارۋىچى ساكلار ياكى مۇقەددەس گىياھنى تۇمار قىلغان ساكلار)، تېگراھائۇدا ساكلىرى (مەنىسى: ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) ۋە تېئاي تارادراھا ساكلىرى (مەنىسى: دېڭىز ياكى دەريانىڭ نېرىسىدىكى ساكلار) دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىدىغانلىقىنى، چارۋىچى ساكلارنىڭ پەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر تاغلىرىدا ياشىغانلىقىنى، ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلارنىڭ قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، يەنى پامىرنىڭ شىمالى، تاشكەنت، تەڭرىتاغ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا ياشىغانلىقىنى، دەريانىڭ نېرىسىدىكى ساكلارنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، تۇزلۇق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سۇغدىيانا رايونىدا ياشىغانلىقىنى، ساكلارنىڭ بوستانلىقلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا ياشىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. يەنە بەزى مەلۇماتلاردا، يۇنانلىقلارنىڭ ئۇلارنى «سېكتىئان»، پارسلارنىڭ ئۇلارنى «ساك» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىك ھەم قاتتىق، ئۇستى تەرىپى ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ يۈرىدىغانلىقى، ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسى ئېسۋالىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار ھەتتا قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە دېگەن يېرىدىن چىققان قەدىمكى جەسەتلەرنى ساكلارنىڭ دەپ قارىغان.

ئومۇمەن، قۇمۇلدىكى «ساقا» ياكى «ساق» نامى بىلەن ئاتالغان قەدىمكى يەر ناملىرى، قۇمۇلنىڭ ئالتىزاق (ئالتە

ساك) رايونىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە يۇقىرىقى بايان ـ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلار «ساقا» ياكى «ساق»، پارسلار «ساك»، يۇنانلىقلار «سېكتىئان» دەپ ئاتىغان قەدىمكى مىللەتنىڭ قۇمۇلدا ياشىغانلىقىنى، ئەينى زامانلاردا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان جايلارغا ئۆزلىرىنىڭ نامى بىلەن ئىسىم قويغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە دەلىللەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇلدا «قارلۇق غول»، «قارلۇق مەھەللىسى»، «قارلۇق تۈگمەن»، «قارلۇق ئۆستەڭ»، «قارلۇق كارىز» دېگەندەك قەدىمكى يەر ناملىرى بولۇپ، ئۇلار قۇمۇللۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە قارلۇقلارنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3) بەزى يەر ناملىرى تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى يەر ناملىرى مىللەت، ئۇرۇق ـ قەبىلە ۋە ئاھالىلەرنىڭ تارىختىكى كۆچۈشلىرىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. يەر ناملىرى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ياكى مىللىتىنىڭ نامىنى يېڭىدىن بېرىپ ئولتۇراقلاشقان يەر ـ جايغا نام قىلىپ قويۇشى ياكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ كۆچمەنلەر نامىنى شۇ جايغا نام قىلىپ قويۇشى جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، كۇچانىڭ قەدىمكى نامى «كۇسەن» (خەنزۇچە 龟兹) نىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىكى بىر ناھىيىگە نام قىلىنىشى، ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى «ئونسۇ» (خەنزۇچە 温宿) نىڭ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىچۈەن ناھىيىسىدىمۇ بولۇشى، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى سۇلى (خەنزۇچە 疏勒) نىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىمۇ بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر

بىلەن شۇ جايلارغا كۆچۈپ بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە خېلى ئېنىق مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دىكى «كۇسەن» دېگەن سۆزلەمدە: «كۇسەن دۆلىتىدىن بەيئەت قىلىپ كەلگەنلەر مۇشۇ ناھىيىدە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بۇ يەر كۇسەن دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابتىكى «ئونسۇ دۆلىتى» دېگەن سۆزلەمدە: «يۇگۇجۇ ئايمىقى لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئونسۇ چوققىسى دېگەن بىر تاغ بار، خەن دەۋرىدە ئونسۇ دۆلىتىدىن كەلگەنلەر مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ جاي شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دېيىلگەن. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەنلىكىنى كۆرسەتسە، غۇلجىدا «خوتەن مەھەللىسى»، «دولان كەنتى» دېگەندەك يەرناملىرىنىڭ بولۇشى تارىختا خوتەن، مەكىت ئاھالىسىنىڭ غۇلجىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، «قازاق مەھەللىسى» (كۇنەستە)، «ئەنجان كوچىسى» (قەشقەردە) دېگەندەك يەر ناملىرى بىر قىسىم قازاق، ئۆزبېك ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كېيىنرەك كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، جەمەت لەقەملىرى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم يەر ناملىرى بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، قۇمۇلدىكى «قايناقسۇتۇرا» دېگەن نام مۇنداق بىر ۋەقەنى چۈشەندۈرىدۇ، يەنى 1911 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشلەر باشلانغان مەزگىلدە، شىنجاڭغىمۇ گېلاۋخۇي، تۇڭمېڭخۇي ئەزالىرى كېلىشكە باشلىغان ۋە كېيىنرەك ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ ۋەقەلەر

بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان. شۇنىڭ بىلەن، ئىلىدىكى پىيادە قىسىملارنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، تۇڭمىڭجۇيىنىڭ ئەزاسى ياڭ زەنشۈي جۇڭخۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقى يۈەن داخۇانى جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغان. نەتىجىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ياڭ زەنشۈي يۈەن داخۇانىڭ ئىلى كۈرەدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز قوشۇنى بىلەن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. بۇ ئەھۋالدىن ساراسىمىگە چۈشكەن يۈەن داخۇا ياڭ زەنشۈيگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتتىن خىللانغان 200 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر تەلەپ قىلغان. شاھمەخسۇت ۋاڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، روزىمەتبەگ باشچىلىقىدا 200 ئاتلىق ئەسكەرنى يولغا سالغان. بۇ ئەسكەرلەر بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلغان. يەنە بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ، ھېچقايسى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پېتىنالماي تۇرۇۋاتقان پەيتتە، قۇمۇل تەرەپنىڭ تۇغبېگى (بايراقدارى) ئۇسساپ كېتىپ، يېنىدىكى ئەسكەردىن سۇ تەلەپ قىلغان، بۇ ئەسكەر بۇ جىددىيچىلىكتە يېڭىلا قايناقسۇ قاچىلانغان سۇداننى تۇغبېگىگە گەپ قىلمايلا بەرگەن. راسا چاڭقىغان تۇغبېگى سۇداننى قولىغا ئېلىپلا ئىچكەن، بۇنىڭ بىلەن، تۇغبېگىنىڭ ئېغىزى كۆيۈپ، قولىدىكى سۇدان ئاتنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپ، ئاتنىڭ دۈمبىسىنىمۇ كۆيدۈرگەن، بۇنىڭدىن قاتتىق ھۈركىگەن ئات ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپقان، تۇغبېگى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ھۈركىگەن ئات ئۈستىدە بايراق تۇتقان ھالدا تەنھا ئىلگىرىلىگەن. بۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر ھۇجۇم بۇيرۇقى بېرىلگەن ئوخشايدۇ، دەپ بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە غەلىبە

قىلغان. جەڭدىن كېيىن قوماندان روزىمەتبەگ تۆغبېگىنى ئەيىبلەپ، «نېمە ئۈچۈن بۆيرۇققا بويسۇنماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىسەن؟» دېگەندە، ئاغزى كۆيۈپ كەتكەن تۆغبېگى گەپ قىلالماي، پەقەت «قايناقسۇ، قايناقسۇ!» دېيەلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، تۆغبېگكە قايناقسۇ دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ھەم ئولتۇرغان مەھەللىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

4) بەزى يەر ناملىرى خارابە ئىزلىرىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم يەر ناملىرى تارىختىكى مۇھىم شەھەر ـ قەلئە، ئوردا ـ قەسىرلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن، گەرچە ئۇلار بىلدۇرگەن يەر ـ جايلار خارابىلىككە ئايلىنىپ، ئىزى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، قەدىمكى يەر ناملىرى مۇئەييەن دەۋر تۇسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەۋر تۇسىنى تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن پەرقلەندۇرۇش ئارقىلىق، بىرمۇنچە خارابە ئىزلىرىنى ئېنىقلاشقا ۋە دەۋرىنى بېكىتىشكە ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوردىخىي، قازىبەگخىي، غوجامخىي، پارەشخىي، (بۇ ناملارنىڭ ئاخىرىدىكى «خىي» سۆزى كوچا، مەھەللە دېگەن مەنىدە)؛ بەشبالىق، بايبالىق، تاشبالىق، جامبالىق، خانبالىق؛ ئارسلانخان كەنتى، ئوردا ئالدى، ئوردا ئىشىكى، ھەزرەت كەنتى، بۇغرا كەنتى قاتارلىقلار ئوخشىمايدىغان ئۈچ دەۋرنىڭ تۇسىنى ئالغان يەر ناملىرى بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى شەھەر ـ قەلئە، ئوردا ـ قەسىرلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ خارابە ئىزلىرىنى بىلدۇرىدۇ.

(2) يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئامىللىرى مەلۇمكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، شۇ مەدەنىيەتنى

ياراتقان تەبىئىي ـ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مىللەت تۇپەيلىدىن، رەڭگارەڭ تۇس ئالغان بولىدۇ ۋە ھەر خىل تىپلارغا بۆلۈنىدۇ، شۇنداقلا، مەدەنىيەت تىپلىرى كۆپ ھاللاردا يەر ـ جاي ياكى مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، جۇڭگو مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى دېگەندەك. مەدەنىيەت تىپلىرى مەيلى ماكرو ياكى مىكرو جەھەتتىن بولسۇن، دەسلەپتە ئۆزىگە خاس رايون ياكى مىللەت خاراكتېرى بىلەن روشەن پەرقلەنسىمۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ مىللەت ياكى رايون خاراكتېرى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ياكى يوقىلىشى ئارقىسىدا سۇسلىشىدۇ. لېكىن يەر ناملىرى تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلاردا مىكرولۇق مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى، خۇسۇسەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ.

شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ مەلۇم بىر رايوندا كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىقى، باشقا رايونلاردا بولسا ئازراق ئۇچرايدىغانلىقى، ھەتتا بەزى رايونلاردا پەقەتلا ئۇچرىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكنى بايقايمىز. بۇ دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس ئېتىشىدۇر.

مەسىلەن، قەشقەردە قوناق بازىرى، ياغ بازىرى، ئۆرۈك بازىرى، قاسقان بازىرى، پاختا بازىرى، تاش بازىرى، سەي بازىرى دېگەندەك «بازار» نامىدىكى ئىسىملار، شۇنىڭدەك، شامچى، ئەگلەكچى، قازانچى، كوزىچى، زەرگەر، سىركىچى قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپ نامىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ بولۇشى قەشقەردە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مىكرو جەھەتتىن كۆرسەتسە، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسەكلىكىنى ماكرو جەھەتتىن

كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، «بازار» لارنىڭ ھەرقايسى سودا ـ تىجارەت تۈرلىرى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپلەر بويىچە ئايرىلىپ، مۇقىم ئورۇنغا ۋە خاسلىققا ئىگە بولۇشى، بۇ بازارلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەرۋلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بارغانسېرى كېڭىيىشى، ھەتتا يەر ناملىرىغا ئايلىنىپ كېتىشى ھەرگىزمۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە بولىدىغان تەسادىپىي ئىش ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ھۈنەر ـ كەسىپ، تىجارەت ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان جايلاردا ۋە شەھەر مەدەنىيىتىگە كېيىنرەك قەدەم قويغان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بۇنداق يەر ناملىرىنىڭ كەم ئۇچرايدىغانلىقى ياكى بولماسلىقىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا «يەكشەنبە بازار»، «دۈشەنبە بازار»، «سەيشەنبە بازار»، «چارشەنبە بازار»، «پەيشەنبە بازار»، «ئازنا بازار»، «شەنبە بازار» دېگەندەك يەر ناملىرى بار، بۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ ۋە يەرمەنكە تۈسىنى ئالغان ئايلانما تىجارەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى، كۇچادا «چىلانباغ»، «ئامۇتلۇقباغ»، «گۈلباغ»، «سايباغ»، «شامالباغ»، «دۆلەتباغ»، «ئىسپارباغ»، «خامپاباغ»، «پەيزىباغ»، «بىھىشباغ»، «چىنەباغ»، «مازارباغ»، «قوشباغ»، «بېشباغ»، «ئويباغ» دېگەندەك باغ نامىدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ بولۇشى كۇچادا باغۋەنچىلىكنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى مىكرو جەھەتتىن كۆرسەتسە، يېزا مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ماكرو جەھەتتىن كۆرسىتىدۇ.

### (3) يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئامىللار

يەر ناملىرى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى رايونلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى، ھاكىمىيەت ئالمىشىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، بەزى يەر

نامىلىرى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تۈرلۈك دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئامىللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالايلۇق، قۇمۇلدا ئەلكىتۈر، بوزتۈر، تۆۋەنتۈر، پالۋانتۈر، چوقايتۈر، چۆلتۈر، تالتۈر، چوپاقتۈر، دۆشتۈر، قۇچقاچتۈر، قۇمتۈر دېگەندەك «تۈرا» نامىدىكى ئىسىملاردىن يۈز نەچچىسى بار.

مەلۇمكى، «تۈرا» يېغىلىق زامانلىرىدا خەۋەرلىشىش، دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش رولىنى ئوينىغان ۋاستىلەردىن بولۇپ، شىنجاڭدىكى جۇملىدىن قۇمۇلدىكى تۈرالاردىن تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇنلىرى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەينى زامانلاردا بۇ تۈرالاردا مەخسۇس خادىملار كۆزەتچىلىك قىلغان، تۈرالار كۆپىنچە شەھەر سىرتىدا بولغانلىقتىن، ئۇلارنى بېقىمسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئەتراپلىرىدا مۇقىم ئادەم ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بارا ـ بارا ھەربىر تۈرا بىر مەھەللە ياكى كەنت بولۇپ قالغان. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى چاغاتايخان ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ھەربىر تۈرا بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش بىرلىكى قىلىنىپ ئىدارە قىلىنغان.

غۇلجىدا كېپەكيۈزى، جىلىلىيۈزى، تۈرپانيۈزى، موللاتوختىيۈزى، خۇدىيار يۈزى، توخۇچىيۈزى، ھېدىلىيۈزى، ھاسانيۈزى، تايىر يۈزى، ساقىيۈزى، تۈردىيۈزى، ئىسلاميۈزى، ئۈچئون، ئالتىئون، ئارائون، تۆتئون دېگەندەك يەر نامىلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ نامىلارنى قۇمۇلدىكى تۈرالار بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، قۇمۇلدا بىر تۈرا بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش بىرلىكى قىلىنغانلىقى، غۇلجىدا بولسا يۈز ۋە ئون ئادەم بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش بىرلىكى قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مانا بۇ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئامىللارنىڭ يەر نامىلىرىدا ئەكس

ئېتىشىدۇر.

(4) يەرناملىرىدا ئەكس ئەتكەن تىل ئامىللىرى

يەر ناملىرى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئوخشىمايدىغان رايون، دەۋرلەردە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن قويۇلۇپ، رايون، دەۋر ۋە مىللىي تۇسلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەرقايسى تىللار، دىئالېكتلار ياكى مەلۇم بىر تىل، مەلۇم بىر دىئالېكتنىڭ دەۋر ۋە رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

مەسىلەن، قۇمۇلدىكى تۆمۈرتى، قالغايتى، ئىرغاتى، شۈيتى، تاراتى، كۆشۆتى، ھورتى، دۆرتى دېگەن يەر ناملىرىنى ئالساق، بۇ ناملارنىڭ تولىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ناملار ئىچىدىكى «تۆمۈر»، «قالغاي (خالخاي)»، «ئىرغاي» دېگەن سۆزلەر ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆزلەر بولۇپ، «لىق / لىك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى تى / تۇ قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن، تۆمۈرتى = تۆمۈرلۈك، قالغايتى = قالغايلىق، ئىرغايتى = ئىرغايلىق دېگەندەك. زۇركى، سەرۋەڭ، خامۇر داۋان دېگەن نامىلارنى ئالساق، بۇلارنىڭ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قويۇلغانلىقى ئېنىق. چۈنكى زۇركى (يۈرەك)، سەرۋەڭ (چوققا)، خامار (بۇرۇن، قاڭشار) دېگەن سۆزلەر موڭغۇل تىلىغا خاس سۆزلەردۇر.

ئەمدى، ئوردىخىي، شاڭخىي، قازىبەگخىي، خوجامخىي دېگەن نامىلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىن قويۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ناملار ئىچىدىكى «قازىبەگخىي» دېگەن نامدا «قازى» دېگەن ئەرەبچە ھەم دىنىي تۇس ئالغان سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلدا ئومۇملىشىشى بىلەن سىڭىپ كىرگەن. ئىسلام دىنى بولسا قۇمۇلغا XVI ئەسىردىن باشلاپ تارقالغان. بۇ ناملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «خىي» سۆزىنى ئالساق،

ئۇ ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق بولغان، «كوچا، كەنت، مەھەللە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كوى»، تۈركچىدە «كۆي»، موڭغۇل تىلىدا «خۇي / خىي») سۆز بولۇپ، تاۋۇش شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ناملار دەسلەپ قويۇلغاندىلا، قۇمۇل خەلقى ئۇلارنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ۋارىيانتىدىن پايدىلانغان. چۈنكى، موڭغۇللارنىڭ قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى باشقا جايلارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولۇپ، بۇ جەرياندا قۇمۇل شېۋىسىگە بىرمۇنچە موڭغۇلچە سۆزلەر سىڭىپ كىرگەن.

«چاغاننور»، «كۆكنور»، «لوپنور ...» دېگەندەك ناملارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ناملار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ناملار تەركىبىدىكى «نور» سۆزى «كۆل» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي تىللاردىمۇ ئۇچرايدىغان ئورتاق ئالتاي تىلى سۆزىدۇر. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ناملار تەركىبىدە ئەرەب، پارسچە ئېلېمېنتلار يوق، شۇڭا، بۇ ناملارنى ھېچبولمىغاندا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. چاغاننور = ئاقكۆل، كۆكنور = كۆككۆل، لوپنور = لوپ كۆلى.

ئومۇمەن، شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنى كۆپ ساھە، كۆپ قاتلام بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى توپلىمى»، B نۇسخا.
2. «ئارا تۈرك ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى».
3. «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى».

# سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا

كۇرەش مەھمۇتجان[1]



سەپسەتە — ئوبيېكتىپ رېئاللىق بۇرمىلانغان ۋە ھەقىقەتكە قارىمۇقارشى قويۇلغان بىر خىل ساختا نەزەرىيە بولۇپ، لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، فورمال لوگىكىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق خاتالىق سەپسەتە دەپ ئاتىلىدۇ. سەپسەتە توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار، چۈشەندۈرۈشلەر ۋە شەرھلەشلەر بار. بۇلاردىن بىرى، سەپسەتە تەپەككۇر ۋە تىلنى ئىپادىلەش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان بارلىق لوگىكىلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۇ لوگىكىلىق قانۇنىيەت ۋە لوگىكىلىق قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان

---

[1] كۇرەش مەھمۇتجان: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى.

بارلىق لوگىكىلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى بىر خىلى، پەقەتلا ئىسپاتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان بارلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇ ماقالىدە، پەقەت سەپسەتىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

سەپسەتىنىڭ تەپەككۇر ۋە تىلدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا توختىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر ئۇقۇم — نەيرەڭۋازلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا سەپسەتە بىلەن نەيرەڭۋازلىقنى بىر قاتاردا قويىدۇ. دەرۋەقە، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىزمۇ ئەمەس. بۇ ئىككىسى ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە، لېكىن ئىككىسى يەنە ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ باغلىنىشلىقى شۇ يەردىكى، نەيرەڭۋازلىق مەلۇم بىر سەپسەتىنى ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ھەقىقىي دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر نەيرەڭۋازلىق تەۋەلىك جەھەتتىن سەپسەتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، نەيرەڭۋازلىقتا مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، لوگىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن خىلاپلىق قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سەپسەتە بولسا، لوگىكىلىق قانۇنىيەت ۋە قائىدىلەرگە ئاڭسىز ھالدا خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەيرەڭۋازلىق — قەستەنلىك بولسا، سەپسەتە — سەۋەنلىكتۇر. ئەگەر ئىككىسىنى بىر نەرسە دېگەندىمۇ، نەيرەڭۋازلىق سەپسەتە ئىچىدىكى ئەڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر. قانداقلا بولمىسۇن، نەيرەڭۋازلىق بىلەن سەپسەتىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. مەلۇم بىر ساختا نەزەرىيە ياكى پىكىر زادى ئۇ نەيرەڭۋازلىقمۇ ياكى سەپسەتىمۇ

بۇنى كونكرېت ئەھۋالغا، ئۇلارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇددىئا - مەقسەتنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، نەيرەڭۋازلىق ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بىر خىل رەزىل، بىمەنە نەزەرىيە، لوگىكىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، نەيرەڭۋازلىق بىر خىل ساختا ئىسپاتتۇر. نەيرەڭۋازلارنىڭ پىكىر قىلىش مېتودولوگىيىسى شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدۇكى، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ياكى ئىچكى باغلىنىشىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىدۇ. ئۇلار يەنە شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئەمەس، ئايرىملىق ياكى جۈزئىيلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر سەپسەتىنى ھەقىقىي دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، ساختىپەزلىك بىلەن شۇغۇللىنىش — مانا بۇلار نەيرەڭۋازلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار كىشىلەر ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيدىغان نەزەرىيىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساختىلىق ماھىيىتىنى پەردازلايدۇ، ياپىدۇ ياكى ئاقلايدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا سەپسەتە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ، بىز بۇ يەردە پەقەت سەپسەتىنىڭ بىرقەدەر تىپىك بولغان ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەنمەكچىمىز. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، كۆرسىتىلگەن مىساللارنىڭ كۆپىنچىسى گېزىت - ژۇرناللاردىن، رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدىن، بىر قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىدىن ئېلىندى. سەھىپە چەكلىمىسى بىلەن مىساللارنىڭ مەنبەسى بېرىلمىدى.

## 1. سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق (ئىككى خىل مەنىلىك) بولۇپ ېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق مۇجمەللىك خاتالىقى بىر خىل سەپسەتە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) خۇش خەۋەر

ماگىزىنىمىز بۇگۇندىن باشلاپ باھاسى چۈشۈرۈلگەن ئايال ـ قىزلارنىڭ پوپايكىسىنى ساتىدۇ، خېرىدارلارنىڭ سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

××× شەھەرلىك كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنى.

(2) «بۇ خەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇپ تۇرغۇچى ئابدۇسالام ئابباسنىڭ ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئابباسقا تېگىدۇ».

بۇ ئىككى مىسالنىڭ ئالدىنقىسىدا، «باھاسى چۈشۈرۈلگەن» دېگەن ئېنىقلىغۇچى «ئايال ـ قىزلار»نى ئېنىقلاپ كېلەمدۇ ياكى «پوپايكا»نى ئېنىقلاپ كېلەمدۇ؟ بۇ، ئىككى بىسلىق بولۇپ قالغاچقا، مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كېيىنكى مىسالدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ۇقۇپ تۇرغۇچى» ئابدۇسالام ئابباسمۇ ياكى ئۇنىڭ ئىنىسى ابدۇرېھىم ئابباسمۇ؟ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىدىن زادى ايىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇيدىغانلىقىنى ەزىملەشتۈرۈش تەس.

سۆزنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىش خاتالىقى كۆپىنچە انداش ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھالەت بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنىڭ وغرا بولماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. «سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ھەر خىل لېي فىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلماقتا» دېگەن مىسالدىمۇ «ھەر خىل» دېگەن ئېنىقلىغۇچى جايىنى اپالمىغان.

## 2. جۈملىنىڭ ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئىككى بىسلىق بولۇپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ ئوخشاشلا سەپسەتە جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە ئايال زاۋۇت باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

(2) شىخەنزىدە 18 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار.

بۇ ئىككى مىسالدىكى جۈملىلەر ئىككى بىسلىق بولۇپ، ئوي - پىكىر ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن. ئالدىنقى مىسالنى «ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە ئاياللار زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى» ۋە «ئۈرۈمچىدىكى 20 نەچچە زاۋۇتنىڭ ئايال باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى» دېگەن ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. كېيىنكى مىسالنى «شىخەنزىدە 18 دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار» دەپ چۈشىنىشكىمۇ ۋە «شىخەنزىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 18 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى بار» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. «ئاشكارا قىمار ئويناشنى توسۇش لازىم» دېگەن جۈملىمۇ ئىككى بىسلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيىنى خاتا ئوقۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

ئۇرغۇ - ئىنتوناتسىيىمۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر جۈملىنىڭ ئۇرغۇ -

ئىنتوناتسىيىسىنى ئۆزگەرتسەك، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «ياخشى ئۆگەن داداڭدەك ئېشەك بولما» دېگەن جۇملىنى ئالساق، بۇنى «ياخشى ئۆگەن داداڭدەك» دەپ بىر تىنىقۇېلىپ، ئاندىن «ئېشەك بولما» دەپ ئاخىرلاشتۇرساق، بىر خىل مەنىنى ئىپادىلىسە، «ياخشى ئۆگەن» دەپ بىر تىنىقۇېلىپ، ئاندىن «داداڭدەك ئېشەك بولما» دەپ ئاخىرلاشتۇرساق يەنە بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق مۇنداق پەرقلەندۇرۇلىدۇ:

(1) ياخشى ئۆگەن داداڭدەك، ئېشەك بولما.

(2) ياخشى ئۆگەن، داداڭدەك ئېشەك بولما.

يەنە بىر مىسال:

(1) بۈگۈن، پراكتىكىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن بار.

(2) بۈگۈن پراكتىكىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىن بار.

## 4. بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ياكى خەۋەرسىزلىكىنى ئىسپاتتا ئىسپات ئاساسى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ سەپسەتە دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۇ ئارتىس ئەمەس. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىرەر جايدا ناخشا ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغان ياكى ساز چالغانلىقىنى كۆرمىگەن.

(2) مەن جىن يوق دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، ھازىرغا قەدەر ھېچكىم جىن يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ چىققىنى يوق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان

سەپسەتىلەردۇر. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەسلىكى پەقەت شۇ كىشىنىڭلا بىلمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەرگىزمۇ شۇ ئىشنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

## 5. ئېچىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە

ئېچىنىش ۋە ئىچ ئاغرىتىشنى ئىسپاتتا ئىسپات ئاساسى قىلىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ بىر خىل سەپسەتىدۇر. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئادۋوكات سوتتا جاۋابكارنى ئاقلىغاندا، دەلىل ـ ئىسپات ۋە پاكىتلار بىلەن قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسەن جاۋابكارنى گۇناھسىز دەپ قارىماي، ئەكسىچە، جاۋابكارمۇ بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ قېرى ـ چۆرىلىرى، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى بار ئەمەسمۇ! ؟ دەپ كىشىلەرنىڭ جاۋابكارغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا ئۇرۇنغان. مانا بۇ ئېچىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە ھېسابلىنىدۇ.

## 6. ئىشەنچىنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىسپات ئاساسلىرىدىن پايدىلانماي، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتى، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى، ئاتاق ـ ئابرۇيى، تارىخ ـ ستاژى ياكى خەلق بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى پەش ۋە دەستەك قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە، كۆز قارىشىغا شەرتسىز ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەپسەتە ئىشەنچىنى دەستەك

قىلىش سەپسەتىسىدۇر. مەسىلەن:

(1) دىلشاتنىڭ سۆزلىگەنلىرى توغرا. چۈنكى، ئۇ بۇ سۆزلەرنى دادىسىدىن ئاڭلىغان. ئۇنىڭ دادىسى ئېھتىياتچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىقتىدارلىق كاتتا شەخس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورگىنىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

(2) دىئالوگ:

A. سىزنىڭ ھازىرقى سۆزىڭىزدە بىر نۇقتىئىنەزەر خاتا بولۇپ قالدى.

B. نېمە، مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرىم خاتا؟ مۇمكىن ئەمەس. مەن دېگەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان، نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەسىر قوزغىغان، مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرىم قانداقسىگە خاتا بولۇپ قالغاي؟! سىزدەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن، جازالانغان، يەنە كېلىپ قولىدا ئۇنۋان ـ دەرىجە كېنىشكىسىنىڭ پۇچىقىمۇ بولمىغان ئادەمنىڭ نەدىمۇ باشقىلارنى تەنقىد قىلىش سالاھىيىتى بولسۇن؟

## 7. مەنپەئەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە

ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشتىن كېلىپ چىققان لوگىكىلىق خاتالىقمۇ ئوخشاشلا ئىسپاتلاشتىكى سەپسەتە بولىدۇ. بۇ خىل سەپسەتىدە، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئىسپات تېمىسىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش

ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىگە ياكى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. مەسىلەن، «بەزىلەر ئوقۇتۇشتا سوئال ئامبىرى تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، سوئال ئامبىرى تەسىس قىلىنسا، ئوقۇتقۇچىدا ئىمتىھان ئېلىش، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈش قورالىغىلا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئابرۇيى، ھۆرمىتى قالمايدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، سىلەر زىيان تارتماسىلەر؟».

## 8. ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

مەلۇم بىر شەخسنى ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئىسپات تېمىسىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىق ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) دادىسى: بالام تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى كۆپ، ئازراقمۇ پايدىسى يوق. مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ، گېپىمنى ئاڭلا، سەن بىر ئامال قىلىپ تاماكىنى تاشلىۋەت.

بالىسى: دادا، تاماكىنى ئۆزۈڭ چەكسەڭ، ئەجەبا تاماكىنىڭ زىيىنىلا بار، پايدىسى يوق دېمەيدىكەنسەنغۇ!

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دادا بالىسىنىڭ تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلىماي، ئۆزىنىڭ دادىلىق سالاھىيىتىنى ئىسپات ئاساسى قىلىشقا ئۇرۇنغان. مانا بۇ دەل ئادەمنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسىدۇر.

(2) مېنىڭچە، بۇ بەش ئوقۇغۇچىدىن ئاسپىرانتلىققا بەختىيارنى تاللىساق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ دادىسى مەكتەپنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىدا مۇھىم خىزمەتتە. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىمىز بار، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز. شۇڭا، خىزمەتتە ئۆزىمىزگە قولايلىق يارىتىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، بۇ ئوقۇغۇچى تاماكا چەكمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ساز - پازلاردىن خەۋىرى بار. فاكۇلتېتتا بەزىدە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ يولداشلارنىڭ مېنىڭ بۇ پىكرىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 9. ئايرىملىقنى ئومۇمىيلىق ئۈستىگە دەسسىتىش سەپسەتىسى

ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، يەنى ئايرىملىق ئىگە بولغان خاراكتېرگە ئومۇمىيلىقمۇ جەزمەن ئىگە بولىدۇ دەپ قاراش (ياكى ئومۇمىيلىق ئىگە بولغان خاراكتېرگە ئايرىملىقمۇ جەزمەن ئىگە بولىدۇ دەپ قاراش) ئايرىملىقنى ئومۇمىيلىق ئۈستىگە دەسسىتىش سەپسەتىسى ھېسابلىنىدۇ.
مەسىلەن:

(1) «ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر دوختۇر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قارىغاندا، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىدىغان ئوخشايدۇ. قارىمامسىز، چېخوپ ئەسلىدە دوختۇر ئىدى. كونان دويل، لۇشۈن گومورولارمۇ ئەسلىدە دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن».

(2) «هازىرقى ياشلار بەكلا قاملاشماي كېتىپ بارىدۇ،

بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىر قانچە ياشنى ئالساق، ئۇلار كۆن بويى غەيرىي ياسىنىۋېلىپ، بۇرۇت قويۇپ، تاماكا چېكىپ، هاراق ئىچىپ، لاغايلاپلا يۈرۈشىدۇ. ئۇلاردا غايە، ئىستىقبال دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق.»

3. دىئالوگ:

A. ئالىمجان 95 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ ئۇچتە ياشى ئوقۇغۇچىسى.

B. قىزىق گەپ، ئۇ سىنىپ مەكتەپ بويىچە نامى چىققان قالاق سىنىپ تۇرسا، ئۇ سىنىپتىن قانداقسىگە ئالىمجاندەك ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى چىقىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن مالۇمكى، B نىڭ سۆزىدە «ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش» خاتالىقى كۆرۈلگەن. چۈنكى، «ئۇ سىنىپ مەكتەپ بويىچە نامى چىققان قالاق سىنىپ» دېگەندە، بۇ، شۇ سىنىپتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنىڭ بەلگىسى. بۇنىڭ بىلەن شۇ سىنىپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ قالاق بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا، مەلۇم بىر سىنىپ «مەكتەپ بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» بولغاندىمۇ، شۇ سىنىپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلغار بولۇشى ناتايىن، ئالدىنقى ئىككى مىسالدىمۇ ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. يەنى ئايرىملىق ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا، ھەر ئىككىسى خاتا.

## 10. ئاڭلىغۇچىلارنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

ئىسپاتلاش جەريانىدا پاكىتنى ئاساس قىلماي، لوگىكىلىق ئىسپات ئارقىلىق ئىسپات تېمىسىنى ئىسپاتلىماي، ئەكسىچە، هاياجانلىق ھېسسىيات، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ،

ئۇلارنىڭ دىلىنى جەلپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئىشەندۇرىدىغان قىلىش مۇشۇ جۇملىگە ياتىدۇ. مەسىلەن، «يېڭى يۇلتۇز» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا ھاكىم گۇرۇڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا پارتكوم شۇجىسى لى شياڭنەنگە مۇشۇنداق ۋاستە بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ، لى شياڭنەن تەرىپىدىن جازالانغان بىر توپ كادىرلارنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچكەن، پارىخورلۇق قىلغان، خىزمەتتە بيۇروكراتلىق قىلغان تەرەپلىرىنى قىلچە ئېغىزغا ئالماي، ئەكسىچە «لى شياڭنەن پېشقەدەم كادىرلارغا زەربە بەردى، ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلدى» دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقىلىق خاتالاشقان، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كادىرلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىپ، لى شياڭنەنگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. مانا بۇ ئاڭلىغۇچىلارنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 11. كىشىلىك سالاھىيەتكە ھۇجۇم قىلىش سەپسەتىسى

ئىسپات جەريانىدا، قارشى تەرەپكە رەددىيە بەرگەندە ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بەرمەي، ئەكسىچە، ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشمۇ بىر خىل رەزىل سەپسەتىدۇر. بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئىپادىسى بار. بىرى، قارشى تەرەپنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئەيىبلىرىگە ھۇجۇم قىلىش. مەسىلەن:

(1) سەن دېگەن تاز، تاز نېمىنى بىلەتتى! ؟

(2) ۋاي، ئۇنداق توكۇرنى قويە، توكۇرنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنگىلى بولاتتىمۇ! ؟ يەنە بىرى، قارشى تەرەپنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئەيىبلىرىگە ھۇجۇم قىلىش. مەسىلەن: «سەن

دېگەن ئوغرى، داداڭ تۇرمىدە ياتقان، ئاپاڭ ئۇنداق، ئۇكاڭ مۇنداق ...» دېيىش. يەنە مەسىلەن مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: ئاپتوۋۇز بېكىتىدە كىشىلەر ئۆچىرەتتە تۇرغاندا، بىر قىز كېلىپ ئۆچىرەتنى بۇزۇپتۇ. بىر ئىشچى ئۇنىڭغا: «ئۇكام ئۆچىرەتنى بۇزماڭ، كەينىگە بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇڭ» دەپتۇ. قىز ئۇنىڭغا: «هوي، سەت تومپاي، ئۆچىرەتنى سەن باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مېنى باشقۇرىمەن دېمەي، ئۆيۈڭگە بېرىپ قېرى خوتۇنىڭنى باشقۇرساڭ بولمىدىمۇ؟» دەپتۇ.

ئومۇمەن، مۇھاكىمە ـ مۇنازىرىدە، ئىسپات ـ رەددىيە، تالاش ـ تارتىشتا قائىدە سۆزلىمەي، قارشى تەرەپنىڭ كىشىلىك سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىق (سەپسەتە) بولۇپلا قالماستىن، ئەخلاق ـ پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۇششۇقلۇقنىڭ، نامەردلىكنىڭ، چىدىماسلىقنىڭ، ئاجىزلىقنىڭ، رەزىللىكنىڭمۇ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 12. سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى

سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە سەۋەبنى نەتىجە، نەتىجىنى سەۋەب دەپ قاراش سەۋەب نەتىجىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، سىبىرىيىلىكلەر «ساغلام ئادەمدە پىت پەيدا بولىدۇ، كېسەل ئادەمدە پىت بولمايدۇ» دەپ قارىغان. ئۇلار مۇشۇ خىل قاراشقا ئاساسەن، «پىت ئادەمنى ساغلام قىلىدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان. ئەمەلىي ئەھۋال قانداق؟ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، ئادەمنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىگەندە ھەتتا پىتمۇ ئارامسىزلىنىپ

كېسەل ئادەمدىن قاچىدىكەن. شۇڭا، سالامەتلىكنىڭ ياخشى بولماسلىقى پىتنىڭ ئادەمدىن قېچىشىنىڭ سەۋەبى دېيىش كېرەككى، سىبىرىيىلىكلەردەك سەۋەب ـ نەتىجىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

يەنە مەسىلەن، «ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغاندىلا، ماددىي تۇرمۇش ياخشىلىنىدۇ» دېيىش كېرەكمۇ ياكى «ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېيىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭدا قايسىسى سەۋەب، قايسىسى نەتىجە؟ ئەلۋەتتە «ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغاندىلا، ماددىي تۇرمۇش ياخشىلىنىدۇ» دېيىش كېرەك. ئۇنداق بولماي، «ماددىي تۇرمۇش ياخشىلانغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېيىلسە، روشەنكى، بۇ سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش سەپسەتىسى بولىدۇ.

## 13. مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش سەپسەتىسى

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان يەكۈن گەرچە مۇقەررەرلىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەتتە يەنىلا قوللىنىلىدۇ. لېكىن مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاش جەريانىدا، ماھىيەتلىك تەرەپلەر سېلىشتۇرۇلماي، مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش يەنى بىر تەرەپلىمىلىك ياكى يۈزەكى سېلىشتۇرۇش قوللىنىلسا، روشەنكى، بۇنىڭدىن سەپسەتە ۋە بىمەنىلىك شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بىر دوختۇرنىڭ بالىسى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭدىن سورىغاندا، ئۇ يالغان گەپ قىلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم دەپتۇ. كېيىن دادىسى ئۇنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئاچچىقى بىلەن: «ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ نېمىشقا ئۆتتۇم دەپ يالغان گەپ قىلىسەن» دەپ

سورىغاندا، بالىسى: «دادا، سىزمۇ ھەمىشە كىسىلى ئېغىر ئادەملەرگە ‹كېسىلىڭىز ئېغىر ئەمەس› دەپ يالغان گەپ قىلىسىزغۇ» دەپتۇ.

مانا بۇ مېخانىكىلىق ھالدا بىر تەرەپلىمىلىك ياكى يۈزەكى سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان سەپسەتە. بالا دادىسىنىڭ كېسەل كىشىلەرگە تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن ئېيتقان يالغان گەپلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دادىسىغا دېگەن يالغان گېپىنىڭ يوللۇقلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

تۆۋەندىكى ئىككى مىسالدا «مېڭە» بىلەن «ماشىنا»، «دادا» بىلەن «بالا» سېلىشتۇرۇلۇپ يەكۈن چىقىرىلغان. ھالبۇكى، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش مېخانىكىلىق سېلىشتۇرۇش بولۇپ، يەكۈنى خاتا. يەنە كېلىپ بۇ خىل سېلىشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق مەنتىقىيلىقى يوق.

(1) مېڭە كۆپ ئىشلىتىلسىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى دىئالېكتىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئادەم مېڭىسىمۇ بىر خىل ماددا، خۇددى ماشىنا ئۇزاق ئىشلىتىلسە ئۇپرىغانغا ئوخشاش، ئادەم مېڭىسىمۇ كۆپ ئىشلىتىلسە ئۇپرايدۇ.

(2) دىئالوگ:

A: دادا بىلەن بالىدىن قايسىسى ئەقىللىق؟

B: ئەلۋەتتە بالىسى دادىسىدىن ئەقىللىق، ئالايلۇق، «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نى ئېينىشتېيىننىڭ دادىسى ئەمەس، بەلكى ئېينىشتېيىننىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان.

A: خاتا دېدىڭ، دادىسى بالىسىدىن ئەقىللىق. چۈنكى، «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان دەل ئېينىشتېيىننىڭ ئۆزى، ئېينىشتېيىننىڭ بالىسى ئەمەس.

## 14. نەقىلنى دەستەك قىلىش سەپسەتىسى

باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، تارىخىي يازمىلاردىن،

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مۇۋاپىق نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ ھەم بۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ. ئەمما، باشقىلارنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرگەندە، تارىخىي شارائىت، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كونتېكىستىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئۇنداق قىلماي، ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان يەرلەرنى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ قۇراشتۇرۇپ، ئۆزىگە پايدىسىز يەرلەرنى قالدۇرۇپ نەقىل كەلتۈرسە ياكى نەقىلنىڭ روھىي ماھىيىتىنى بۇرمىلاپ قوبۇل قىلسا، بۇنىڭدىن سەپسەتە شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بىر خىزمەتچى خىزمەتكە كېچىكىپ بېرىپتۇ. بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «نېمىشقا كېچىكىپ كېلىسىز؟ ئەمدى تەنقىدلىنىدىغان بولدىڭىز» دەپتۇ. ئۇ: «تەنقىد قىلسا قىلسۇن، مەن تەنقىدتىن قورقمايمەن» دەپتۇ، «نېمە ئۈچۈن تەنقىدتىن قورقمايسىز؟» دېسە، ئۇ: «مەن دېگەن كوممۇنىست، كوممۇنىستلار تەنقىدتىن قورقامدىكەن! ؟ ماۋجۇشى: ‹كوممۇنىستلار تەنقىدتىن قورقمايدۇ› دېگەن ئەمەسمۇ؟ !» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مانا بۇ تىپىك ئالغاچ سەپسەتە بولۇپ، ئۇنىڭدا نەقىلنىڭ روھىي ماھىيىتى پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

## 15. پىكىردىكى زىددىيەتتىن شەكىللىنىدىغان سەپسەتە

سۆز قىلغاندا، مۇنازىرە ـ مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا، نەزەرىيە ۋە تەلىمات تىكلىگەندە، ئەگەر ئۇلار زىددىيەتلىك پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالسا، يەنى ئۇلاردا بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مۇئەييەنلەشتۈرۈش كۆرۈلسە، ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە لوگىكىلىق

قايىل قىلىش كۈچىنى يوقىتىپلا قالماستىن، يەنە كۈلكىلىك سەپسەتە شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئېلان

بۇ سىم تاناپتا تېگىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. 500 ۋولتلىق يۇقىرى بېسىملىق سىمغا كىم تەگسە، شۇ هامان ئۆلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ.

××× ئېلېكتر ئىستانسىسى بىخەتەرلىك بۆلۈمى

بۇ ئېلاننىڭ مەزمۇنى زىددىيەت بىلەن تولغان. چۈنكى، 500 ۋولتلىق يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تېگىپ شۇ هامان ئۆلگەن ئادەمگە جەرىمانە قويۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر جەرىمانە قويۇش مۇمكىن بولسا، «ئۇنىڭغا تەگسىلا، شۇ هامان ئۆلىدۇ» دېگىنى يالغان.

يەنە تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

(1) «كلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، تارىخىزملىق نۇقتىئىنەزەر ھەم سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك. بىز هازىرقى زامان نەزەرى بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى باھالىماسلىقىمىز كېرەك. ئەمما، بىز يەنە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانلىرىنى هازىرقى زامان نەزەرىمىز بىلەن تەھلىل قىلمايمۇ تۇرالمايمىز».

(2) بىر تىلشۇناس ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئەسىرىدە، باشتا: «ھەربىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا بېكىتكىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ دېگەنلىك، جۈملىسىز سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ دېگەنلىك، بىراق مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باشتا ئېيتقان نەزەرىيىنى چەتتە قالدۇرۇپ: «قۇياش»، «كۆۋرۈك»، «كىتاب» دېگەنلەر ئىسىم تۈركۈمىگە، «ئىللىق»، «ئۇزۇن» دېگەنلەر سۈپەت تۈركۈمىگە ...

ۋەھاكازا دەپ ئېيتقان. بۇ دېگەنلىك، جۈملىسىزمۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكىنى بېكىتكىلى بولىدۇ دېگەنلىك، شۇنداق قىلىپ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكى مەسىلىسىدە «سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا بېكىتكىلى بولىدۇ» بىلەن «سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جۈملىدىن ئايرىپمۇ بېكىتكىلى بولىدۇ» دېگەن روشەن لوگىكىلىق زىددىيەتلىك نەزەرىيە كېلىپ چىققان.

## 16. ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ۋە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەپسەتىسى

ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا، ئىشلىتىلگەن ھەربىر ئۇقۇم باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكىنى (تۇراقلىق مەزمۇنى ۋە ھەجىمىنى) ساقلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ تەلەپكە خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ياكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەپسەتىسى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل سەپسەتە ياكى خاتالىق كۆپىنچە، پىكىر قىلىش جەريانىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى پەرقلەندۇرمەي ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «ھازىر بەزى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوغۇل بالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلدى. بەزىلەر مۇنازىرە قىلىپ مۇنداق دېيىشتى: ‹ئوغۇل بالا ھەرگىزمۇ يارىماس بولماستىن، بەلكى غايىلىك، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك ۋە قاتتىق ئۇستىخانلىق ئەردۇر. ئۇ باتۇر، قەيسەر، كۈچلۈك قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئىسىم›. ئەپسۇسكى، ھازىر ئېلىمىزدە ئوغۇل بالا بەك ئاز، بېيجىڭ شەھىرىنىلا مىسالغا ئالساق، ئونمىڭلىغان قىزلار

يىگىت تاپالمايۋاتىدۇ، بىراق، نوپۇس تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى ستاتىستىكىلىق سانلار كۆرسەتتىكى، ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ نىسبىتى ھەرگىزمۇ تەڭسىز ئەمەس. دېمەك، ئېلىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ئاز ئەمەس، گەپ ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدە بولسا كېرەك».

بۇ ئابزاستا «ئوغۇل» سۆزى بىرقانچە يەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، دەسلەپتە ئۇ «مەردلىك»، «يارامliق» مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، كېيىنكى جۈملىلەردە باشقىچە مەنىدە، يەنى «ئەر جىنس» مەنىسىدە قوللىنىلغان. نەتىجىدە، ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا «ئوغۇل» سۆزى ئۆزىنىڭ مەنە ۋە ھەجىم جەھەتتىكى ئەينەنلىكىنى يوقىتىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش تەس بولۇپ قالغان.

ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش خاتالىقى كۆپرەك تېمىدىن چەتنەپ كېتىش، گەپنى باشقا يەرگە ئېپقېچىش، كاللا دېسە، پاچاق دېيىش، لىڭگىر تاقتاقلىق ۋە تايىنىسىزلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر نوپۇزلۇق كىتابتا ئەلشىر نەۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىك مەسىلىسى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەلشىر نەۋائىنى بەزىلەر ئۆزبېك دەيدۇ، بەزىلەر ئۇيغۇر دەيدۇ، بەزىلەر ئافغانىستانلىق دەيدۇ، يەنە بەزىلەر چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دەيدۇ. مېنىڭچە، ئەلشىر نەۋائىنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دېيىش بىر ئاز توغرا. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئەلشىر نەۋائى موڭغۇل - چاغاتاي خان جەمەتىدىكى بەراس ئۇلۇسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دادىسى غىياس سەبزەبەرنىڭ باش ۋالىيسى بولغان. ئىككىنچىدىن، نەۋائى مىلادىنىڭ 1441 - يىلى خۇراساننىڭ ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1501 - يىلى مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ 60 ياشلىق ھاياتىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. ھىرات XV ئەسىردە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ مەركىزى بولغان. ئەلشىرنىڭ بۈيۈك شائىر بولۇپ يېتىشىشى ھىراتتىن ئىبارەت

مۇشۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھىرات بولسا، ئافغانىستانغا تەۋە، لېكىن بۇ يەر ئوتتۇرا ئەسىردە تۈركلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. XV ئەسىردە ئاندىن بۇ يەر چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولغان. شۇڭلاشقا، نەۋائىينى ئۆزبېك دەپ قاراشقا بولمايدۇ، يەنە ئۇنى ئۇيغۇر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، ئافغانىستانلىق دېيىش تېخىمۇ ئاقمايدۇ، ئۇنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى دېيىش كېرەك».

ناھايىتى روشەنكى، ئەلشىر نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئىسپاتلاش سېپى ئۆزىدىن سەپسەتىدۇر. چۈنكى، بۇ خىل ئىسپاتتا «مىللەت»، «سىياسىي ھاكىمىيەت». «يەر ـ جاي» ئۇقۇملىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەزكۇر كىتابتا ئېيتىلغان «چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئادىمى» دېگەن بۇ بەلگە نەۋائىينىڭ مىللىتى ئەمەس، بۇ پەقەت نەۋائىينىڭ سىياسىي ـ مەمۇرىي تەۋەلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس. ئومۇمەن، يۇقىرىقى بايانلار بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال:

يېرىم كېچىدە، ئوغرى بىر ماگىزىنىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ مال ئوغرىلاۋاتقاندا، تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ھۆكۈم قىلىنىدىغان كۈنى سوتچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمىشقا يېرىم كېچىدە ماگىزىنىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرىسەن؟

— سوتچى ئەپەندى، دەپتۇ ئوغرى ئۆزىنى ئاقلاپ، — مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم ماگىزىن ئالدىغا چاپلانغان ئېلانغا قىلچە مۇخالىپ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا: «قارشى ئالىمىز! مال ئالامسىز، ئالمامسىز ئىختىيارىڭىز، خالىغان چاغدا ماگىزىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز» دەپ يېزىلغانىكەن.

دېمەك، بۇ بىر ئابزاس بایاندىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوغرى ماگىزىن ئالدىغا چاپلانغان ئېلاندىكى

«خالىغان چاغدا ماگىزىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز» دېگەن جۈملىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش» نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان.

تەپەككۇر ۋە تىلنى ئىپادىلەش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان سەپسەتىنىڭ يەنە ھەر خىل ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. سەپسەتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئۇنى پاش قىلىش، سەپسەتىگە قارشى كۈرەش قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. شۇڭا، بىز تەپەككۇر ۋە تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ياخشى ئىگىلەپ، سەپسەتە ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشقا، ھەقىقەتكە يېتىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


(1) «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(2) «ئومۇمىي لوگىكا»، شائخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

(3) «ئومۇمىي لوگىكىدىن كونسۇلتاتسىيە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(4) «ئومۇمىي لوگىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(5) «لوگىكا لۇغىتى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

(6) ئاپتورنىڭ «كونتېكىست ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سان) ناملىق ماقالىسى.

# مۇھەممەد سىددىق رەشىدى ۋە «سىددىقنامە»

ئابلىمىت ئەھەت[1]

«ئاقىللارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزۈڭگە نەسىھەت دەپ قوبۇل قىل، چۈنكى ياخشى سۆز تەسىر قىلسا ئىنساننىڭ قەلبىگە سىڭىدۇ.»

— مەھمۇت قەشقەرى.



ئەل ئىچىدە «سىددىقنامە» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ ئەسەر XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا — كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قايتىدىن بىر قەدەر گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن دەۋردە، خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان تىلشۇناس، ئەخلاقشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەد سىددىق رەشىدى[1] نىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يىرىك ئەمگەك نەمۇنىسىدۇر.

---

① ئابلىمىت ئەھەت: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن.

ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگ② نىڭ تەشەببۇسى، تەۋسىيىسى ۋە قوللىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاس دىداكتىك خاراكتېردىكى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، قولىيازما نۇسخىسى ئەدەبىي تەرجىمان موللا تۆمۈر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان 40 بابتىن تەركىب تاپقان مۇھىم ئەخلاق ئوقۇشلۇقى «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق ئەسەر بىلەن بىللە كۆچۈرۈلۈپ، بىللە تۈپلەنگەن. كىتاب جەمئىي 166 ۋاراق (332 بەت)، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» جەمئىي 64 ۋاراق (128 بەت)، «سىددىقنامە» جەمئىي 102 ۋاراق (204 بەت)، ھەر ئىككىلا ئەسەر بىر كاتىپ تەرىپىدىن، يەنى خوتەن شەھىرىنىڭ توساللا يېزىسىدىكى موللا مەقسۇد ناملىق خەتتات تەرىپىدىن ھىجرىيە 1269 - (يىلان) يىلى («ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى، «سىددىقنامە» ھىجرىيە ئاي ھېسابى بويىچە 10 - ئايدا) كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان. قولىيازما ناھايىتى چىرايلىق نەستەلىق خېتىدە كۆچۈرۈلگەن. فورماتى 32×23 س. م. باش - ئاخىرى تولۇق. چوڭ - كىچىك ماۋزۇ ۋە ئەرەبچە ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل سىيادا يېزىلغان. بۇ قولىيازما ئىملاسىنىڭ ئىزچىل توغرىلىقى، ئېنىقلىقى، خەت شەكلىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ.

## 1. رەشىدىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى

كلاسسىك ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «سىددىقنامە»نى نەپىس ئۇيغۇر تىلى بىلەن ۋۇجۇدقا

چىقارغان مەشھۇر ئەخلاقشۇناس ئالىم، يېتۈك تىل ئۇستىسى مۇھەممەد سىدىق رەشىدى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ئىزدەنگۈچىلەر تەرىپىدىن:

«… مۇھەممەت سىددىق بەرشىدى ھىجرىيە 1131 ـ يىلى (مىلادى 1715 ـ يىلى) ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاتۇش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرى ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن …»③.

«… بۇ ئەسەر XVIII ئەسىردە ياشىغان ئەخلاقشۇناس ئالىم مۇھەممەت سىددىق بەرشىدى تەرىپىدىن يېزىلغان، … ئاپتور تەرىپىدىن ‹سىددىقنامە›، نىڭ كىرىش سۆزىگە ۋە ئايرىم بابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن قىسمەن ماتېرىياللارغا، ئامما ئىچىدىكى بەزى دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت سىددىق بەرشىدى مىلادى 1715 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئاتۇش ۋە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان …»④ دېگەندەك تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلغان. بىراق قولىمىزدىكى قوليازما بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بارلىقى بايقالدى (بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە).

دەرۋەقە، قولىمىزدىكى ھىجرىيە 1269 ـ (مىلادىيە 1852 — 1853) يىلى كۆچۈرۈلگەن قوليازمىدىمۇ رەشىدىنىڭ ھاياتى ـ تەرجىمىھالى توغرىسىدا تەپسىلىرەك مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەمما مەزكۇر قوليازمىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا:

«… مەلۇمكى، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرى بىخەستىلىك قىلىپ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا (يەنى، ‹قابۇسنامە›، دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا) ھەرىكەت قىلىشمىدى. شۇ سەۋەبلىك ئول

ئېسىللىك سەدەپىنىڭ يىگانىسى، قەدىمكى خاندانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆڭ بەگ ئىبنى خاجەكەفەك كۆڭ بەگ ئىبنى ئەۋەزبەگ ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ رەھمىتۇللاھى ئەلەيھىم ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ، ھىدايەت تونى بىلەن قورشىنىپ، بۇ ئۇلۇغ مەرىكىگە كىرىپ، نامدارلىق چېگىسىگە ئۆزىنى ئوراپ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىم - مۇشكۇللۇكىنى بىلىپ [«قابۇسنامە»نى] چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا ئېلىپ بېرىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بۇسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئالەم ئىچىدە مەخپىي، ئەھلى ئالەم ئارا يوشۇرۇن قالغان نەسىھەت گۆھەرلىرى — پەند - ساۋاق جاۋاھىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىدىن ۋە ياكى ھېچ كىشىنىڭ ئاچقۇسى يوقلۇقىدىن، بۇ خەزىنىلەر ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئەلھال ئىمكانىم ئىلكىگە چۈشتى. ئاخىر، خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، بۇدۇر - جاۋھىرلارنى ئەتراپ - ئالەمگە چېچىپ، جاھان ئەھلى ئىچىدە ئامۇخاسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن ‹دالالىتى سەندىن، سەئيى ۋە ئىستىقامەت مەندىن›، مەزمۇنىچە قۇۋۋەت تېپىپ، ‹يادىكارى مەندىن قالغان، تۆھپىسى خاندان خەزىنىسىدىن يەتكەي›، دېگەن ئۈمىدتە، بۇ دەرگاھنىڭ خېرىدارى، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى، يەنى ساداقەتمەن، كەمتەر، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل - مەلەققەب (لەقەبلەنگەن، لەقەبلىك) بىر - رەشىدى شۇ بۇ كىتابنى يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە، نەزمە:

قارىغاندا كۆرەشتىم تاغ بىرلە،
قازىدىم تاغنى تىرناغ بىرلە.⑤

ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز (مىلادىيە 1785 — 1786) دە

باشلىدىم. ئىككى يۈزبىر (1786 ــ 1787) دە، زۇلقەئىدە⑥ ئېيىنىڭ ئون بەشى ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۈم ...» ⑦ دېيىلگەن.

ئەلۋەتتە بۇ پاكىتلار ئارقىلىق ۋە ئىزدەنگۈچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان «سىددىقنامە» دەپ ئاتالغان ئۇشبۇ دىداكتىك ئەسەرنى 1785 ـ يىلى 75 ياشتا ئىشلەشكە كىرىشكەنلىكى بويىچە ھېسابلىغاندا، رەشىدىنىڭ مىلادىيە 1710 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

## 2. ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

ئىلىم ـ پەن تەرغىپ قىلىنغان، ئىنسانلارنى مەنىۋى جەھەتتە گۈزەللىككە، تىنچ ـ ئىناقلىــقتا باراۋەر دوستلۇق ۋاپادارلىقتا يېتەكلەيدىغان ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىنغان بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد سىددىق رەشىــــدى خوتەندە ھىجرىيە 1200 ـ يىلى (مىلادىيە 1785 ــ 1786) باشلاپ، 1201 ـ يىلى (مىلادىيە 1786 ــ 1787) زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى تاماملىغان.

قولىيازمىنىـــڭ مۇقەددىمىـــــــــدىكــــى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر ئەسەرنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىــرى رەشىدى ئەخلاقشۇناسلىقتا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللار بىــلەن ئەتراپلىق تونۇشقان. رېئال تۇرمۇشنى پىششىــق ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ، رەشىدى ئۆزى ئېيتقاندەك: «... ئول ئېسىللىــك سەدەپىنىڭ يېگانىسى، قەدىمكى خاندانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم كۆك بەگ ئىبنى خاجەكەفەك كۆك بەگ ئىبنى ئەۋەز بەگ ئىبنى مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ...» نىــڭ تەشەببۇسى بىلەن، IX ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەخلاقشۇناس

ئالىم ۋە دۆلەت ئەربابى شەمسۇل مەئالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىگىر قابۇسنىڭ ئۆز ئوغلى گىلان شاھقا ۋەسىيەت ئورنىدا يېزىپ قالدۇرغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئىراننىڭ مەشھۇر ئالىمى، ‹شائىرلار پادىشاھى› باھار (1851 — 1866) تەرىپىدىن ‹ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى› دەپ تەرىپلەنگەن» ⑧ دىداكتىك ئەسەر «قابۇسنامە»نى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۇنى نەمۇنە - ئاساس قىلىپ، «قابۇسنامە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنغان ئۇشبۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇناسىۋەتلىك بىرقاتار تۈرتكىلىك مەزمۇنلارنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق، ياشلىق - يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقانلارنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەش مەقسىتىدە، ئۇشبۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

ئەربابلار، دانىشمەنلەرگە مەلۇم، ساھابىلەر، ۋاپا ئەھلىگە روشەن بولغايكى، «قابۇسنامە» ناملىق كىتاب ھىجرىيە تۆت يۈز ئەللىك بەشتە يېزىلغانىكەن. شۇ زاماندىن تا بۇ دەمگىچە قۇدرەتلىك پادىشاھلار ۋە نامدار ئەمىرلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، بۇ نامە سىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈپ ۋە ئىشلىتىپ، پەم - پاراسىتى يەتكىچە ئەمەل قىلىپ، ئەقىل - ئىدراكلىرىغا بېقىپ [مەزكۇر كىتابتا قەيت قىلىنغان] پەند - نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ جاھاندارلىق قىلىپ، پادىشاھلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ، نامدارلىق بىلەن نام چىقىرىپ، ئالەم شەھرىستانىدىن زامانە سەھىپىسىگە ۋۇجۇدلىرىنى نىسبەت قىلىپ ئۆتكەندۇر.

زامانە شۇنداق پۈتكەنكى، كىشى تارىخ كىتابلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىدىن ئاگاھ بولۇپ، كىتاب مەزمۇنىچە پادىشاھلىق، ۋەزىرلىك ۋە ئەمىرلىك قىلماقنى ئىزدەيدىغان ۋە خېرىدارلىق قىلىدىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى ھەرقانداق زېرەك كىشمۇ ئىلىمدىن بەھرى ئالمايدىكەن، يىلتىزسىز دەرەخكە

ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇ ئون سەككىز شەھەر موغۇلىيە مەملىكىتىدۇر. ئۇنىڭ ئىستىلاھاتى (تىل - يېزىق بىلەن بولىدىغان ئەمىر - پەرمان ۋە ھۆكۈمرانلىقى) تۈركىي تىل بىلەن جارى بولغاندۇر. ئىلىم گۆھەرىدىن نىسىۋە قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. [ئەپسۇس] ئۆلىمالار ۋە ئىلىمدىن نىسىۋە ئالغان پادىشاھلار، ۋەزىر ۋە ئەمىرلەردىن باشقىلىرى [بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن] خەۋەرسىزدۇر ... ئەمدىلىكتە بولسىمۇ، سەلتەنەت ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇ كىتابتىن خەۋەردار قىلىش ھېچكىشىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىدى. بۇ نەپىس جاۋاھىرنى ئالەم بازىرىغا سېلىپ، ئامۇ خاسلارنى بەھرىمەن قىلىش پىكرى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرىنىڭ خاتىرىسىگە كەچمىدى.

مەن دۇنيانىڭ مال - ماتالىرىدىن تۈرلۈك - تۈمەن ۋە ھېسابسىز يىغدىم. لېكىن [ئۇلار] پانىي ۋە باقاسىزدۇر. شۇڭا مەن بىر «گۆھەر»نى قولغا كەلتۈرمەكچى: ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك سەررىشتىسى (تۈتىشىش ئۇچى) باقىي ئالەمگە باغلىق، ۋۇجۇدى ئىسلام تورىغا ئۇلاقلىق بولغاي! ئۈمىدىم شۇكى، جاھاندارچىلىق سەھىپىسىگە قارىغانلارنىڭ كۆزى مېنىڭ ئىسمىمگە چۈشسە، رەھمەت بىلەن ياد قىلغاي! ئالەم دەپتىرىنى مۇلاھىزە قىلغانلار مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى كۆرگەندە مەرھەمەت ۋە دوستلۇققا نىشان، ئاخىرەتلىكىمنىڭ نەتىجىسىگە ۋاستە، ئالەم ۋە ئەھلى ئالەم ئارا ياخشى تەرىپلىرىمنىڭ قېلىشىغا سەۋەب بولغاي! ...

## 3. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى

زامانداشلىرىغا نىسبەتەن ئوقۇمۇشلۇق، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ نادىر ئۇستىسى مۇھەممەد سىددىق رەشىدى ئەھلى

ئالەمنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلەرگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە، ئانا تىلىنىڭ گۈزەل ھەم پاساھەتلىك دۇردانىلىرى بىلەن سەھىپە تۈزۈپ، ئۆز ئىلمى، ھاياتى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن نەپىس ئۇيغۇر تىلى بىلەن رويابقا چىقارغان بۇ ئەسىرىنى: «مۇندەرىجىسى بىلەن بۇ كىتابنى قىرىق تۆت باب بويىچە بىنا قىلدىم. بابلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۆۋەندىكىچە تۈزۈپ چىقتىم» دەپ ئىزاھلايدۇ.

دەرۋەقە، ۋەقەلىكنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېما شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، تىلىنىڭ نەپىسلىكى، تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتىن كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ ئەسەر مەزمۇنى، تېما شەكىللىرى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن «قابۇسنامە» ئۈلگە ۋە ئاساس قىلىنىپ، تەقلىدىي ۋە ئىجادىي بېيىتىش ئاساسىدا «مۇقەددىمە» سىدىن باشقا 44 باب بويىچە تۈزۈلگەن. ھەربىر باب بىر تېما، بىر مەزمۇننى كەڭ دائىرىلىك يورۇتۇپ بېرىدۇ. تېمىلىرى ئۆزگىچە. ئائىلىۋۇق: دىن، ئېتىقاد، تائەت ـ ئىبادەت، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىش، تىل گۈزەللىكى، تۈرلۈك پەند ـ نەسىھەتلەر، ياشلىقنى قەدىرلەش، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدا ـ زىيىنى، مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشنىڭ تەرتىپ ـ مىزانلىرى، مۇغەننىيلىك ۋە شاھمات ئويناش قائىدىلىرى، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرى، خوتۇن ـ قىزلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش، ھاممامغا بېرىش، ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شىكار قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە چەۋگان ئويناشنىڭ تەرتىپلىرى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش، مال ـ مۈلۈك جەم قىلىش ۋە

ئىقتىسادچىل بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، خىزمەتكارلارغا بولغان مۇئامىلە، سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرى، ئۆيلىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر، پەرزەنت ـ ئەۋلادلارنى پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى، دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋاپادارلىق، دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش، دوستلار ئارا ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزلەشنىڭ پايدىسى، تىبابەتچىلىك ۋە تىببىي ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمى) ئۆگىنىش، شېئىر ۋە شائىرلىق قائىدىلىرى، مۇزىكا ئىلمى، مۇنشىيلىق (كاتىپلىق) ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى ساقلاش شەرتلىرى، پادىشاھلارنىڭ سۇپەتلىرى ۋە ۋەزىرلىك قائىدىلىرى، ھەربىي سەركەردىلىك، دېھقانچىلىق ئىشلىرى، مەردلىك ۋە سېخىيلىكنىڭ پەزىلىتى ··· قاتارلىقلار.

ھەربىر تېما مۇكەممەل بىر مۇنازىرىنى ـ مۇلاھىزە، شەرھلەرنى، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە ۋە پەلسەپىۋى بايانلارنى قىسقا، ئىخچام، چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايەت، ئەقلىيە سۆز ـ ئىبارە، ماقال ـ تەمسىل، بېيىت ـ نەزمە بىلەن ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە ··· قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، ئاممىباب تىل ۋاستىسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، چېتىشىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدىل ـ ئادالەت، ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى، تىل گۈزەللىكى، سەمىمىي ۋە كەمتەر، راست سۆزلۈك ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش، ۋاقىت ـ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىش، ئۆرپ ـ ئادەت، نىكاھ، مۇھەببەت ···

قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلار پەند ـ نەسىھەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بەلگىلىك نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاپتور ھەربىر بابتا ئەجدادلارنىڭ كېيىنكىلەرگە تەربىيە ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەقلىيە خاراكتېرىنى ئالغان نەسىھەتلىرىنى «ئوغلۇم، سەن بىلەمسەن؟» ياكى «ئوغلۇم، ئاڭلىشىمچە ...»، «ئەي ئوغۇل، ...» دېگەندەك قاراتمىلىق ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەتكە، ئوقۇرمەنلەرگە ئاددىي، ئاممىباب، تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئالدى بىلەن تەربىيىلەش، ئاندىن تەدبىر قوللىنىش شەكلىدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ماقال ـ تەمسىل، بېيىت ـ نەزمە ۋە ھېكايەتنى ئۆزئارا سىڭدۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلىدۇ. نەزەرىيە نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ. ئەسەرنىڭ جۈملىلىرى راۋان، ئوبرازلىق ھەم گۈزەل، ۋەقەلىكى ئاددىي، قىزىقارلىق، تەبىئىي ۋە ئىخچام.

ئاپتور دەسلەپتىلا ئەلنىڭ روناق تېپىشى، ئاۋام خەلقنىڭ ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسى بولغان ئەدىل ـ ئادالەت توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

«بىلگىل، ئەي ئوغۇل، ھەقسۇبھانە ۋە تائالا بۇ جاھاننى ھاجەتمەن بولۇپ ئاپىرىدە قىلمىدى. نە ئويۇن ئۈچۈن ۋە نە جەۋر ـ زۇلۇم ئۈچۈن ياراتمىدى. بەلكى ئادالەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدى ...»

ئارقىدىنلا يەنە ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا توختىلىپ:

«ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ... سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سەۋەبى بىلەن دۇنياغا ئاپىرىدە بولدۇڭ ... ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرمەك پەرزەنت ئۈچۈن ۋاجىبدۇر، ... ئاتا ـ ئاناڭ سېنى پەرۋىش قىلىپ، ساڭا ياخشىلىق ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقنى ئۆگەتتى. ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن ساقلان!

... مىسالى ئادەمنى مېۋىگە ئوخشاتساق، ئاتا - ئانا دەرەخ مەسەللىكتۇر. دەرەخنىڭ تەربىيىتى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى مېۋە بېرىدۇ. ئوخشاشلا ئاتا - ئاناڭنى قانچە كۆپ رازى قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە شۇنچە تېز ئېرىشەلەيسەن ...» دەيدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش تولىمۇ زۆرۈركى، ئاپتور ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ئىلىم - پەن — ھۈنەر ئۆگىنىش بىلەن تىل گۈزەللىكى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالاقە ۋاسىتىسى بولغان تىلنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى قىزىقارلىق ھېكايەتلەرگە كىرىشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. جۈملىدىن، ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇش، ئىلىم - پەن ئىگىلەش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىمۇ تىلدىن توغرا پايدىلىنىش، تىل گۈزەللىكىگە سەل قارىماسلىق توغرىسىدا تىرەن مەزمۇنلۇق جۈملىلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن، تىلنى ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى بولۇشنىڭ يەنە بىر ئۆلچىمى قىلىدۇ.

«ھۈنەردىن — ئىلىم ئۆگىنىشتىن قول يىغماق، يەنى ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلماسلىق نادانلىق ۋە موھتاجلىقتا رازى بولغانلىق بىلەن باراۋەردۇر» دەيدۇ رەشىدى، — «... ئەي ئوغۇل، پەم - پاراسەتلىك ۋە ساھىبى ئاقىل بولاي دېسەڭ، ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن. چۈنكى، ھۈنەر (ئىلىم) سىز «دانا» كىيىمسىز تەن ۋە جانسىز سۈرەتكە ئوخشايدۇ. مالدار (پۇلدار) نادان، ئىلىمسىز بولسا، پات ئارىدا گاداي ۋە موھتاج بولىدۇ. ئاقىل (ئىلىم ئەھلى) نىڭ مېلىنى ئوغرى ئالالماس، ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس ...»

«گۆھەر (پۇل - مال) نىڭ كۆپ بولۇشىدىن ھۈنەر (ئىلىم) نىڭ كۆپ بولۇشى ئەۋزەلدۇر. ئەي ئوغۇل، بىلگىلكى، ھۈنەرسىز كىشى مۇغىلان (چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك

ئۆسۈملۈك) دەرىخىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ (مۇغىلانىنىڭ) غولى بار، سايىسى يوقتۇر. نە ئۆزىگە پايدىسى تەگمەس، نە غەيرىگە. ئېسىل نەسەبلىك كىشىمۇ ھۈنەر (ئىلىم) سىز بولسا، خەلق ئارىسىدا ئىززەت - ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، كىشى ھۈنىرى بىلەن ئىززەت تاپىدۇ. ئەمما، گۆھىرى (پۇل - مېلى) نىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك ئىززەت تېپىشى ناتايىن ...»

ئاپتور بۇ قاراشلىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقىل، بىلىمى ئارقىلىقلا شۆھرەت تاپىدىغانلىقى، جۈملىدىن، ئەقىل بىلەن بىلىم ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنساننىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى ئۇزۇن ياشىغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل پاراسىتى، بىلىمى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، جەمئىيەتتە بىلىمى ئارقىلىق تۆھپە ياراتقانلىقى تۈپەيلى ئىنساننىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك ۋە باقىي بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانغا خاس خىسلەت بىلەن ياشىشى ئۈچۈن يەنىلا كېرىكى «ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئەمەلدە ئىشلىتىش» ئىكەنلىكىنى؛ بىلىمنىڭ كىشىنى ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك قىلىدىغانلىقىنى؛ بىلىمنىڭ كىشىنى ئالىيجاناب ئىدىيىگە، توغرا ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى؛ بىلىمنىڭ كىشىنى سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئاخىرەتتە ئەزىز قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«... شەرەپ نەسەبتىن ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن ھۈنەر (ئىلىم) دىن؛ ئۇلۇغلۇق پۇل - مال ۋە ياكى ئاتا - ئانا قويغان ئىسىمدىن ئەمەس، بەلكى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ھاسىل بولىدۇ. ھەقىقىي شەرەپ، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم - ھۈنەر ئارقىلىق ئۆزۈڭ تاپقايسەن! شۇنى بىلگىلكى، ئىلىم - ھۈنىرىڭ بىلەن

ئۆمرۈڭ باقىيدۇر، ... ئىلىم ئەھلىنىڭ پەم - پاراسىتىگە باق، ... ھۈنەر - ئىلىم ئۆگەنگىن. ئۆگەنمەك ۋە ئاڭلىماقتىن نومۇس قىلما! ... ئۆزۈڭنى ئىلىم ۋە پاراسەت ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈر ...»

ئاپتورنىڭ قارىشىچە: «ھەممە ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ناتىقلىقتۇر.» ئاپتورنىڭ سۆز، نۇتۇق توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھۈنەر (ئىلىم) نىڭ ئەسىرى مەلۇم بولمىغان سۆز سۆز ھېسابلانمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي ئوغۇل، سۆز سۆزلىگىل، ئەمما يالغان سۆزلىمىگىل. ئۆزۈڭنى يالغانچىلىق بىرلە مەشھۇر قىلما. راست سۆزلۈك ۋە راستچىللىق بىلەن شۆھرەتلەن ... ئىمكانى بار يالغانغا ئوخشايدىغان راست سۆزنى ھەم دېمە. تىلىڭنى ھەر ۋاقىت چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بېزە. چىرايلىق سۆزلىمەكنى ئادەت قىل. ھۈنەر (ئىلىم) نىڭ ئەسىرى بولمىغان سۆزنى دېمىگەن ياخشىدۇر. ھۆكۈمالار سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەم خۇمار رەنجى، ھەم ئازار رەنجى بولغانلىقىدىندۇر. بىھۇدە ۋە ئورۇنسىز سۆزلىمەكتىن پەرھىز قىل، تا سۆزنى جايىدا، ئورنىدا ۋە توغرا ئىشلەت ...»

ھېكايەت: ھارۇن رەشىد ئاغزىدىن ھەممە چىشلىرى تۆكۈلۈپ چۈش كۆردى. ئەتىسى مۇئەببىر (چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچى) نى چىللىتىپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى.

— ئەي ئەمىرۇل - مۆئمىنىن، — دېدى مۇئەببىر، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن ئۆلگۈسىدۇر. سىز ئۇلاردىن كېيىن تەنها قالغۇدەكسىز. سىزدىن كېيىن ھېچبىر تۇغقىنىڭىز قالمايدۇ.

ھارۇن پەرمان قىلىپ دېدىكى:

— ئانداقچى، مۇنداقچى، ... كۆڭۈلگە ئازار بېرىدىغان بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە ئېيتقىنىڭ نېمىسى؟! ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم كەتسە، مەن كىم بىلەن بارىمەن؟

بۇ گادايىنى يۈز تاياق ئۇرۇپ قوغلاڭلار!

ھارۇن رەشىد يەنە بىر مۇئەببىرنى چاقىرتىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— سىزنىڭ بۇ چۈشىڭىز شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇكى، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆمرىدىن سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇزۇنراق بولغۇسىدۇر.

— بۇ ئىككى تەبىر، — دېدى ھارۇن، — ئەقىل يۈسۈنى بىرلە بىر مەنىدىدۇر. ئەمما، ئىپادىلەشتە پەرقى كۆپتۇر، بۇ كىشىگە يۈز ئالتۇن بېرىڭلار!»

ئاپتور ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن كىشىلىك بەخت - سائادەتنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ئىنسان ئىنسانلىق ماھىيىتى بىلەن ئۆزئارا مېھرىبان، دوستانە، كۆيۈمچان ۋە شەخسىيەتسىز، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، كەمتەر، سەممىمىي ۋە پەزىلەتلىك بولۇش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كىشىلەرگە باھا بېرىشتە، «پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى — ياخشىلىق قىلىشتۇر، سېنىڭ كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭ كىشىلەرنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن چىقارغان خالىس باھا ۋە ھۆكۈملىرى ئارقىلىق زاھىردۇر» دېگەنلەرنى، جۈملىدىن بىلىملىك، ئادىللىق، توغرىلىق، پاكلىق ۋە سەممىيلىكتىن ئىبارەت تارازىنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ.

شۇنداق، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق مەۋجۇت دېيىلسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالدى بىلەن بىلىمنىڭ مېۋىسىدۇر. ئوخشاشلا جاھالەت، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئىپتىداسى نادانلىقتۇر.

«ئەدەب — ئەخلاقنىڭ سۈرىتىدۇر» — دەيدۇ رەشىدى، ... — ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئىپتىداسى شەرم - ھايادۇر؛ يامانلىقنىڭ ئىپتىداسى بىشەرمىلىكتۇر. ئەمما، نادان

ۋە جاھىللارنى ئادەم سانىما؛ ئالىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى ئادەم ۋە دانا بىل. نادان ۋە جاھىل پەرھىز ـ كارلارنى زاھىد دەپ بىلمە. جاھىل ۋە نادان كىشىلەر بىلەن … خۇسۇسەن، ئۆزىنى «دانا» تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ جاھالىتىگە خۇرسەن بولغان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولما. بەرھەقكى:

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇنچە ياخشىنىڭ يامانى بول،
قارامۇق [نىڭ] دانەسى بولغۇنچە بۇغداينىڭ سامانى بول.»

تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش؛ سەمىمىي، تۈز ۋە ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل بولۇش، توغرا يول تۇتۇش، ھالال ياشاش، زىيانكار بولماسلىق، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش؛ غەيۋەت قىلماسلىق، ئۆزىنى پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇتۇش؛ ئىچى تارلىق. ھەسەتخورلۇقتىن خالى بولۇش؛ چېقىمچى، خۇشامەتچىلەردىن ئېھتىيات قىلىش ئەسەردە تەشەببۇس قىلىنغان ئەخلاقىي قاراشتىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ:

«قوشۇلسە مۇشك ئەگەر تۇفراغ بىرلە،
بولۇر تۇفراغ مۇشك، مۇشك تۇفراغ.

چۈنكى، كۈنجۈت يېغى گۈل ياكى بىنەفشىگە قوشۇلسا ھەمدە نەچچە مۇددەت بىر شىشىدە تۇرسا، ئۇنى كىشىلەر گۈل يېغى ياكى بىنەفشە يېغى، … دەپ ئاتايدۇ.

… ئەي ئوغۇل، زىيانكار بولما. يەنى زىيانلىق ئىش قىلمىغىلكى، زىيانلىق ئىشتىن موھتاجلىق، موھتاجلىقتىن نامراتلىق ھاسىل بولىدۇ.

… ئەي ئوغۇل، جاھىل ۋە ئاچچىقى يامان بولما. ھەر ئىشتا ئىتتىكلىك قىلمىغىل … مۇلايىم ۋە كىچىك پېئىللىقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. مەگەركى، قۇمچاقنىڭ پاناھىدا تىرىكلىك قىلغۇنچە، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن خوبراقتۇر، … بارنى يوققا خىراجەت قىلىدىغان، يەنى قولىدىكىنى قولغا كەلمەيدىغان

نەرسىگە سەرپ قىلىدىغان كىشىگە ئالدانما. بىراۋنىڭ ھاجىتى چۈشسە، شۇ ھاجەتنى ئادا قىلغۇدەك قۇدرىتى تۇرۇپمۇ ئادا قىلمىغان كىشى جاھاندا ھەممىدىن نامرات كىشىدۇر. بىرسى سېنى يامان دېسە، ئۇ كىشىدىن بۇ سۆزنى ساڭا يەتكۈزگەن كىشىنى يامانراق بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر.

... ئەي ئوغۇل، بىلگىلكى، ... ھەر قۇش ئۆز جىنسى بىرلە پەرۋاز قىلىدۇ!»

«ئىقتىسادچىل بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق» ئەسەردە تەكىتلەنگەن يەنە بىر مۇھىم نۇقتا. ئاپتور: «... ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ»⑨ دېگەن ئىبارىلەرنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىقتىسادچىل بولۇشقا، ئىسراپچىلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئېھتىياجدىن زىيادە چىقىم قىلىش ئىسراپچىلىق جۈملىسىدىندۇر، ... ئەي ئوغۇل، سەن ھېچقاچان ئىسراپ قىلغۇچىلاردىن بولما. ھەتتا ئىسراپ قىلغۇچىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتىمۇ بولما. چۈنكى، ھەر ئاپەتنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ. نامراتلىقنىڭ سەۋەبى ئىسراپچىلىقتۇر.»

بۇلاردىن باشقا يەنە ئەسەرنىڭ شائىرلىق ۋە شېئىرىيەت توغرىسىدىكى بابىدا ئاپتور:

دەرد ئېلىگە رەشىدى بولۇپ ھەمزە بان،

يىغلا نەۋائى كەبى تارتىپ فىغان.» دەپ يېزىپ نەۋائىي، مەشھۇرى، ناسىر ئەلى ... قاتارلىق لىرىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش يولى ئارقىلىق شائىرلىقنىڭ قائىدىلىرى، شېئىرنىڭ شەكىل، تۈرلىرى، مەسلەن، بېيىت ۋە قەسىدىنىڭ شەكىل، تۈرلىرى، تۈزۈلۈشى ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق توختىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ: پەرزەنت تەربىيىلەش، دوستلۇق، تىببىي ئىلىم، ئاسترونومىيە

ئىلمىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، يېمەك - ئىچمەك ۋە مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرى، دېھقانچىلىق قاتارلىق مەزمۇنلارغىمۇ ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ، بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تەھقىقلەش ئاساسىدا رەڭدار بايان قىلىش ۋە ئىپادىلەش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ ….

ئومۇمەن، ئۆزگىچە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بۇ ئەسەر XVIII ئەسىر كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى — مۇھىم ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇشقا مۇناسىپتۇر.

## ئىزاھاتلار

① مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئاپتورنىڭ نامى مۇھەممەت سىددىق بەرشىدى (ياكى بەرشىدى) دەپ ئاتالغان. ئەسلى بۇ مۇھەممەت سىددىق ئەل - مۇلەققەب بىر - رەشىدى بولۇپ، بۇ رەشىدى (توغرا يول تاپقان، مەرد) دەپ لەقەبلەنگەن مۇھەممەت سىددىق دېگەنلىكتۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاپتورلار كۆپىنچە ئۆزلىرىگە ئەدەبىي لەقەب، يەنى تەخەللۇس قوللىنىشنى ئادەت قىلغان. بۇ خىل تەخەللۇسلار ئاساسەن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئى» ئارقىلىق سۈپەتلەشتۇرۇلگەن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن، ھەمدە بۇ خىل شەكىللەر ياكى قىسمەن بىر - بىرىگە ئۇلىنىدىغان سۆزلەر بەزىدە ئەرەبچىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى بولغان (ھەرفى تەئرىف) «ئەلفلام» («ال») قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئەل - مۇلەققەب بىن - نەۋائىي (نەۋائىي دەپ لەقەبلەنگەن. «نەۋائىي ئەسەرلىرى لۇغىتى» 42 - بەت) دېگەندەك. شۇڭا بۇ نامنى مۇھەممەت

سىددىق بەرشىدى ئەمەس، مۇھەممەد سىددىق رەشىدى دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. رەشىدى بولسا، ئاپتورنىڭ (مۇھەممەد سىددىقنىڭ) ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

② مۇھەممەد ئىبراھىم كۆڭ بەگ — 1750 ـ يىللاردىن كېيىن قەشقەرگە هاكىم بولغان كەفەك كۆڭ بەگنىڭ ئوغلى. ئۇ دادىسى كەفەك كۆڭ بەگ ۋاپاتىدىن كېيىن قەشقەرگە هاكىم بولغان (ۋاهىتجان غوپۇر، ئەسقەر هۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 856 ـ بەت).

③ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 267 ـ بەت.

④ ۋاهىتجان غوپۇر، ئەسقەر هۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 854 ـ بەت. هاجى ئەخمەت: «دېڭىز ئۇنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 161 ـ بەتلەر.

⑤ بۇ بېيىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ۋە «دېڭىز ئۇنچىلىرى» ··· قاتارلىق كىتاب — ماتېرىياللاردا: «يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە كۆرەشتىم تاغ ئىلە، قازدىم بەهرى يەتكەي دەپ تاغنى تىرناقىم ئىلە» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

⑥ زۇلقەئدە / زىلقەئدە ـ هىجرىيە يىل هېسابىدا 11 ـ ئاينىڭ نامى.

⑦ ئەسلى قول يازمىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن.

⑧ «ئىران ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1993 ـ يىلى نەشرى.

⑨ ماقالە ئىچىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر (ئىزاهات بېرىلگەنلىرىدىن باشقىلىرى)، ئەسلى قولىيازمىدىن ئېلىندى.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سىمۋوللۇق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى

پەرىدە هامۇت[①]



سىمۋولىزم رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، رېئاللىقنىڭ چەك - چېگراسىدىن هالقىپ ئۆتۈش ئارزۇيىمىزنىمۇ قاندۇرالايدىغان، بىزگە كونكرېت نەرسىلەر بىلەن ئابستراكت نەرسىلەرنى تەڭلا ئاتا قىلالايدىغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستىدۇر (لاڭ يىڭ: «قۇتادغۇبىلىك ۋە شەرق هەم غەرب مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 141 - بەت)، ئۇ، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تەسىرچانلىقىنى ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن لەززەتلىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن،

---

① پەرىدە هامۇت: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

ھەرقانداق سەنئەت سىمۋوللاشتۇرۇش ئارقىلىق ئالاھىدە بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىشقا تىرىشىدۇ. تىل سەنئىتىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق.

مەلۇمكى، سىمۋوللۇق سۆزلەرمۇ سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كونكرېت شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ ناملىرى ياكى بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق، مۇئەييەن كۆز قاراش، پەلسەپۋى پىكىر، ھېسسىيات، كەيپىيات ياكى ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ھەم بىر مىللەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ، شۇنداقلا، شۇ مىللەت ياشىغان تەبىئىي - ئىجتىمائىي مۇھىت يېتىلدۈرگەن ئىجتىمائىي - مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئوخشىمايدىغان نۇقتا ۋە دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، سىمۋوللۇق سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى سېمانتىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، سۆزلەرنىڭ ئىجتىمائىي - مەدەنىيەت مەنىسى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سىمۋوللۇق سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئاساسەن ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگە خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا شەيئى ھادىسىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق مەلۇم بىر شەيئىنى باشقا بىر شەيئىگە تەققاسلاش يولى بىلەن ياكى مەلۇم شەيئى - ھادىسىنى ئۆزىدە ئەسلىدە بولمىغان بەلگە - خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلىپ، ئاندىن باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇنى شۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە باشقا شەيئى - ھادىسىلەرگە تەققاسلاش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلاردا «قوي» يۇۋاشلىققا، «ئاي، كۈن» گۈزەللىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنىسى «بوزەك قىلىمەن دېسە، يۇۋاش ئادەممۇ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ» دېگەنلىك بولۇپ، «قوي» يۇۋاشلىققا

سىمۋول قىلىنغان. «قوي» سۆزىنىڭ بۇ سىمۋوللۇق مەنىسى قويدىكى «رايىشلىق» خۇسۇسىيەتىنىڭ باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يۇۋاش ئادەملەرگە تەققاسلىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئەمدى مۇنۇ قوشاققا قارايلى:

تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۈتىدۇق تۇمار.
سۇدىن چىققان لەئىل تاشتەك،
كۆزلىرى خۇمار.

بۇ قوشاقتىكى «تولۇن ئاي» گۈزەل قىزغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆك» تەڭرى ئېتىقادى ياكى ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشتەك قەدىمكى ئېتىقادىنىڭ ئىنىرتسىيىسى بىلەن، ئايدىن ئىبارەت بۇ شەيئى «گۈزەللىك» خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنىش ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە شەيئىلەرگە تەققاسلىنىش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سىمۋوللۇق سۆزلەر يەنە ۋاكالەتلەندۈرۈش ۋە ئوخشىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ياردىمى بىلەن، يەنى ئۆزۈن مۇددەتلىك تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدە مەلۇم شەيئى - ھادىسىنى باشقا بىر شەيئى - ھادىسىگە تەكرار - تەكرار ۋاكالەتلەندۈرۈش ياكى ئوخشىتىش يولى بىلەنمۇ ھاسىل بولىدۇ. ئومۇمەن، سىمۋوللۇق سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن ھامان ماسلىشىدىغان بولغاچقا، سىمۋوللۇق سۆزلەر قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلاردا «قىزىلگۈل» سۆيۈملۈك يارنىڭ، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى، «بۇلبۇل» بولسا ساداقەتمەن ئاشىقنىڭ

ۋە ئىرادە ـ جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇدا ئادەمنى يارىتاندا، نەغمە ـ ناۋا ۋە خۇش پۇراق ئارقىلىق جان كىرگۈزگەن ئىكەن، ئاشۇ نەغمە ـ ناۋا بۇلبۇلنىڭ ساداسى بولۇپ، خۇش پۇراق بولسا، قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى ئىكەن. بۇلبۇل ياخشى روھلار بىلەن كۆكتە تۇرىدىكەن، قىزىلگۈل بىھۇش كۆكۈللەرنىڭ شىپالىق دورىسى سۈپىتىدە جەننەتتە تۇرىدىكەن. قىزىلگۈل ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر قېتىم ۋىسال ئاچىدىكەن، لېكىن بۇلبۇل مەشۇقىنىڭ (قىزىلگۈلنىڭ) دىدارىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن قىزىلگۈلنىڭ ئىشقىدا كەچكىچە نالە قىلىپ سايرايدىكەن، تاڭ سەھەرگە يېقىن ھۇشسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالىدىكەن، بۇلبۇل ئويغىنىشى تاماملاپ بولغۇچە قىزىلگۈل ۋىسال ئېچىپ بولىدىكەن. (ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 548 ـ، 549 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى).

دېمەك، خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان مۇشۇ رىۋايەت تۈپەيلى، قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇلنى مەدھىيىلەش، ئۇلۇغلاش ئادىتى ھەمدە ئۇلارنى سۆيۈملۈك يار، ئەركىن مۇھەببەت، ساداقەتمەن ئاشىق قاتارلىقلارغا ئوخشىتىشتەك بەدىئىي تىل ئادىتى شەكىللەنگەن، شۇنداقلا، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدە نىھايەت، بۇ سۆزلەر خەلقنىڭ گۈزەللىك ئېڭىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان سىمۋوللۇق سۆزلەرگە ئايلانغان.

رەڭ سۆزلىرىنى ئالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ئاق رەڭ پاكلىقنىڭ، كۆك رەڭ ئۇلۇغلۇق، مۇقەددەسلىكنىڭ، قارا رەڭ يامانلىق، ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. پەقەت كۆك رەڭنىڭ ئۇلۇغلۇق، مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولى قىلىنىشىنى ئالساق، بۇمۇ شامان

دىنىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بارلىق مەۋجۇداتتا روھ بار دەيدىغان كۆپ خۇدالىق شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنىدا كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقاچقا، ئەجدادلىرىمىز كۆكنى (ئاسماننى) «تەڭرى» دېگەن مۇقەددەس سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «خۇدا ئۇرغۇر كاپىرلار ئاسماننى ‹تەڭرى› دەيدۇ» دېيىشىمۇ بۇنىڭ مۇھىم بىر ئىسپاتىدۇر. شامان ئېتىقادىدىكى كۆك تەڭرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆك رەڭنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ، «ئىلاھىي رەڭ» سۈپىتىدە شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى ئاسماننىڭ كۆك رەڭدە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئومۇمەن، كۆك رەڭنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولى قىلىش ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق مىراسلىرىمىزدىن ۋە رىۋايەت ـ چۆچەكلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلق ئىچىدىكى نۇرغۇن مەشرەپ ـ مۇراسىملاردا، خەلق قوشاقلىرىدا كۆك رەڭنىڭ مۇقەددەسلىكى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۆك كىگىزنى ئۆيگە سالدىم،
يانتاققا ياپسۇن جايناماز.
شۇ خېنىمنىڭ ئەقلى بولسا،
بىزنى ئۈنچە قىينىماس.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

مانا بۇ قوشاقتا كۆك رەڭنىڭ مۇقەددەسلىكى ئىنتايىن يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن. يەنى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «جايناماز» ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى مۇقەددەس نەرسە بولغاچقا، ئۇنى خالىغان يەرگە قويۇشقا، تاھارەتسىز تۇتۇشقا بولمايدۇ، دەيدىغان ئەقىدە بار. لېكىن، كۆك رەڭ مۇقەددەسلىك ئېڭىنىڭ ئىنېرتسىيىسى بىلەن، بۇ قوشاقتا «كۆك كىگىز» ئەتىۋارلىنىپ ئۆيگە سېلىنىپ، «جايناماز» ئەرزىمەس يانداققا يېپىلىدىغان نەرسە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ — كۆك رەڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇنداق مىساللارنى يەنە كۆپلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتىدە،
بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكۈم.
شاھى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل ئۈستى كۆكۈم.
ئاق بوز ئاتنى ماختايسەن،
كۆك بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
سەن يارىڭنى ماختايسەن،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.
كۆك بوز ئاتنىڭ يورغىسىنى،
مىنىپ - چېپىپ بىلەرسىز.
بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى،
يار قاشىدا بىلەرسىز.

(قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى)

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقى تىنچ - ئىناق، خەيرلىك، باياشات ھەم ساغلام ياشاشنى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى قىممەت قارىشىنى ئىپادىلىگەن

بولسا، باتۇرلۇق، مەردلىك، پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، كەمتەرلىك، ئىشچانلىق قاتارلىقلارنى مىللەتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىسىل پەزىلىتى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ياۋۇزلۇق، زوراۋانلىق، ھىيلىگەرلىك، ئاچكۆزلۈك، قورقۇنچاقلىق، شەخسىيەتچىلىك، ساختىلىق، ھورۇنلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قامچىلاش ئارقىلىق ئەخلاق قارىشىنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇنداق قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى بولۇپ، سىمۋوللۇق سۆزلەردىمۇ خېلى ئەتراپلىق گەۋدىلەنگەن. سىمۋوللۇق سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئاساسەن مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى باشقا شەيئى ـ ھادىسىلەرگە تەققاسلاش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، سىمۋوللۇق سۆزلەرنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تۈرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە، بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان سىمۋوللۇق سۆزلەرنى تۈرلەر بويىچە ئۆرنەك تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر

تال: كۆپىنچە قىز ـ ئاياللارنىڭ نازۇكلۇقى، زىلۋالىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
ئۇچلاپ قويغان ئۇن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنسىز.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

گۈل / قىزىل گۈل: كۆپىنچە مەشۇقنى، ئامەتكە ۋە گۈزەللىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەي، گۈلۈم، قىزىل گۈلۈم،
يامان چاغدا خازان بولدۇڭ.
مېنى مەيخانىدا قويۇپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.
(2) ياشلىقىم ــ پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن،
شۇ گۈللەر قايدىن كېلۇر.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

تىكەن: كۆپىنچە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ رەقىب ـ كۈشەندىلىرىگە، زەھەرخەندىلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يالغۇزۇم، يالغۇز تېرەكنىڭ،
يانىدا ئاي ياتىدۇ.
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى،
بىر گۈل ئۈچۈن يار تارتىدۇ.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

چىنار: كۆپىنچە مەزمۇتلۇق، چىدام، جاسارەتكە؛ بەزىدە كېلىشكەن قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئايدەك بالىنى بىز بەردۇق،
چىنار قىلىپ ساقلىسىلا.
ئەمگەك قىلىپ ياغ چايناپ،
ئەركىن خۇشال ئۆيىنىسىلا.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

(2) بۇ چىنار ــ نازۇك چىنار،
تەگمە ئۇنىڭ شاخى سۇنار.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)
رەنا: كۆپىنچە گۈزەللىككە، نازۇكلۇققا ۋە چىرايلىق قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
دىلبىرىم سەندەك جاھاندا،
ھېچلا كىم رەنا ئەمەس.
بۇ سېنىڭ رەنالىقىڭغا،
ھېچ كىشى شەيدا ئەمەس.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)
سەرۋى (سرو): كۆپىنچە سۆيۈملۈك يارنىڭ گۈزەل قامىتىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
كېچە كەلدىم شۇ داۋانغا،
سەرۋى بويلۇق كەلمىدى.
سەرۋى بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمىدى.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)
شۇمبۇيا: كۆپىنچە دوست - يارەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق پەيدا قىلىدىغان، سۇخەنچىلىك قىلىدىغان كىشىلەرگە ۋە كۇندەشلىك، پۇتلىكاشاڭغا سىمۋول قىلىنىدۇ. (ماقالە ھەجمىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، بەزى سۆزلەر ئۇچۇن مىسال كۆرسىتىلمىدى ۋە بەزى سۆزلەر قىسقارتىلدى.)
چاققاق: كۆپىنچە دۈشمەنلىك، زەھەرخەندىلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ.
سامان: كۆپىنچە قەدرى يوق، قىممەتسىز نەرسىلەرگە

سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئارچا: كۆپىنچە قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ساغلام، مەزمۇت كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بارچە ئايەتنىڭ بېشى ياسىن دۇرۇر،
ئوق ئاتالمىغان يىگىت ياسىن دۇرۇر.
ئوق ئېتىپ تەگسە نىشانە - پەللىگە،
ئارچا بىلەن غۇنچە رەڭلىك يارىشۇر.
(قوشۇق نەزمىسى)

## 2. هايۋانات تۈرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر

قۇرغۇي: كۆپىنچە گۈزەل يار، ۋاپادار ھەمراھقا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتە ئاي ئوتتۇردا كۆيدۈم،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.
(قوشۇق خەلق قوشىقى)

قارچۇغا: كۆپىنچە سۆيۈملۈك يارغا، كۆزى ئويناق، گۈزەل قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالتە ئاي يوللار مېڭىپ،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچۇغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.
(قوشۇق خەلق قوشىقى)

قاغا: شۇملۇق، پالاكەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) قاغىلار قاتار - قاتار،
بىر بالا بولدىمىكىن.
يۈزى ئاق، قېشى قارا،
مەندىن جۇدا بولدىمىكىن.
(2) گۈل بىلەن ئۇرسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار،
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

قارلىغاچ: كۆپىنچە دوستلۇق، ياخشىلىقا ۋە بەزىدە باھارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قارلىغاچ تۈڭلۈككە كەلدى،
ئۆيىقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ.
ئۆيىقۇدىن نېمە چىقادۇ،
ئويناپ - كۈلۈپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

بۇلبۇل: كۆپىنچە يار ۋەسلىگە ئىنتىلىۋاتقان ئاشىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىم بىلۇر قەدرىمنى يارىم،
دەردمەن كۆڭۈللەر بولمىسا.
ناز ئېتەر كىملەرگە گۈل،
قاشىدا بۇلبۇل بولمىسا.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

ئىلان: كۆپىنچە دۈشمەنلىك، زەھەرخەندىلىك ۋە پۇتلىكاشاڭغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاي خېنىم، ئاپئاق خېنىم،
ئاي يۈزۈڭگە بوستان سالاي.
يولدا ياتقان چار ئىلانغا،
مەن نىچۈك زەنجىر سالاي.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

پەرۋانە: كۆپىنچە ئاشىقلىق، پىداكارلىقتا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ساي بۇلاقنىڭ قېشىدا،
ئۇندۇرگىنىڭ بىر باش پىياز.
سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدا،
پەرۋانە بولدۇم قىشمۇ ياز.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

ئولار (ئولان): كۆپىنچە ئەركىنلىك، ئازادلىقتا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆزۈمنىڭ شەھرىدە،
ئۇلان ئىدىم، بىر خان ئىدىم.
كىشىنىڭ شەھرىگە كېلىپ،
غېرىپ بولۇرنى بىلمىدىم.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

كاككۇك: كۆپىنچە يار ۋىسالىغا ئىنتىلگەن ئاشىقتا، تەشنالىقتا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يارىمنىڭ بۇلاقىدا،
مۇز توڭلاپتۇ قات - قاتلاپ.
قاچانغىچە يۈرىمەن،
كاككۇك بولۇپ قان يىغلاپ.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

ئاھۇ: شەھلا كۆزلۈك گۈزەل يارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
مەسىلەن:

بىر كۆرۈپ پەرۋانە بولدۇم،
ئاھۇ يارىم قايدىسەن.
سارغىيىپ سامانچە بولدۇم،
ئاي جامالىم بارمۇ سەن.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

ھۆپۈپ: كۆپىنچە مەنمەنچىلىككە، سەھەتخورلۇققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ھۇقۇش: كۆپىنچە شۇملۇققا، يامانلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

تۈلكە: ھىيلىگەرلىككە، قۇۋلۇق - شۇملۇققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئۆچكە: ئۇششۇق، ھاياسىز قىز - ئاياللارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

مايمۇن: ئىككى يۈزلىمىچىلىك، مەۋقەسىزلىك ۋە دورامچىلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

كالا: دۆتلۈككە، تويماسلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئېشەك: ھاياسىزلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

بۆرە: ياۋۇزلۇققا، ئاچكۆزلۈككە سىمۋول قىلىنىدۇ.

قوي: يۇۋاشلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئىت: كۆپىنچە بەتقىلىقلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

چايان: كۆپىنچە زەھەرخەندىلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ.

كەپتەر: كۆپىنچە تىنچلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

سېغىزخان: كۆپىنچە خەۋەرچىگە، ۋاتىلداقلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

يولۋاس / شىر: كۆپىنچە باتۇرلۇققا، قاراملىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.
قوزا / تايچاق: كۆپىنچە ئامراق، ئۇماق بالىلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
شاتۇت: كۆپىنچە دورامچىلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

## 3. ئادەم ئەزالىرى تۈرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر

باش: رەھبەر، سەردارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
كاللا: كۆپىنچە ئەقىل ـ زېھىن، ھۇشقا سىمۋول قىلىنىدۇ.
كۆز ـ قۇلاق: كۆپىنچە كۆزىتىش، كۆڭۈل بۆلۈشكە سىمۋول قىلىنىدۇ.
پۇت ـ قول: كۆپىنچە ياردەمچى، ھەمكارلاشقۇچىغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
قورساق / ئۈچەي: كۆپىنچە نىيەت، غەرەزگە سىمۋول قىلىنىدۇ.
جىگەر: كۆپىنچە ۋىجدان، غۇرۇرغا سىمۋول قىلىنىدۇ.
سۆڭەك: كۆپىنچە غۇرۇر، مەۋقەگە سىمۋول قىلىنىدۇ.
ئومۇرتقا: كۆپىنچە مەۋقە، ئىرادىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.
ئېغىز: گەپ ـ سۆزگە سىمۋول قىلىنىدۇ.
دىماق: كۆپىنچە ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەقىيدە ياماق يوق،
ياخشىدا دىماق (يوق).
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

## 4. ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى تۇرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر

ئاي / يۇلتۇز: كۆپىنچە گۈزەللىككە ۋە چىرايلىق قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ.

كۈن / ئاپتاپ: كۆپىنچە گۈزەللىككە ۋە سۆيۈملۈك يارغا، چىرايلىق قىزلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) بىر كىتاب، ئىككى كىتاب،
يار قويىنىدا ئالتۇن كىتاب.
بارمۇ سەندەك بۇ جاھاندا،
شۇنچە چىرايلىق ئاپتاپ.
(2) ئوڭ يانىمدا ئاي ماڭار،
سول يانىمدا كۈن ماڭار.
ئايغا باقسام كۈن قالار،
نە خىجالەتتۇر ماڭا.

(قومۇل خەلق قوشاقلىرى)

دەريا: كۆپىنچە بىرەر نەرسىنىڭ كۆپلۈكى، موللۇقى، كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.

دولقۇن: كۆپىنچە بىرەر ئىشنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئەۋجىگە چىققانلىقى، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.

تاغ: كۆپىنچە مەزمۇتلۇقا، تايانچ ـ يۆلەنچىكە سىمۋول قىلىنىدۇ.

بوران ـ چاپقۇن: كۆپىنچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش، كەچۈرمىشكە سىمۋول قىلىنىدۇ.

مۇز: كۆپىنچە شەپقەتسىزلىككە، مۇئامىلىدىكى توڭلۇققا سىمۋول قىلىنىدۇ.
بۇلۇت / تۇمان: كۆپىنچە شۇملۇق - يامانلىق ۋە قايغۇ - ئەلەمگە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئاينىڭ ئايدىكى يوق،
بۇلۇت قېشىدا بار ئۇچۇن،
مەن يارنىڭ يادىدا يوق،
يارى يېنىدا بار ئۇچۇن.
(2) هاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى شامال ئاچتى.
ئۆلۈپ كەتكەن كۆڭۈلنى،
قەدىرلىك يارىم ئاچتى.
(قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى)

ئوت: ئاشىقلىق، كۆيۈك ۋە قىزىقىشقا سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئايمۇ بولدى، يىلمۇ بولدى،
ئوتلىرىدا كۆيگىلى.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەپ،
هەسرەتلىرىدە ئۆلگىلى.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

## 5. رەڭ - تۈس ۋە ئورۇن - تەرەپ تۈرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر

ئاق: كۆپىنچە ياخشىلىق، پاكلىق، بەخت - ئامەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاق ئۆيۈڭ، ئاپئاق ئۆيۈڭ ئوردا بولۇر،
ئۆيۈڭدە بىر ئوغلۇڭ بار موللا بولۇر.
رەببىم ئاللاھ، رەببىم ئاللاھ رەمىزان،
مۇھەممەد ئۇمبەتلىگەن شۇ رەمىزان.
(رەمىزان قوشىقى)

كۆك: كۆپىنچە مۇقەددەسلىك، ئۇلۇغلۇقنى سىمۋول قىلىنىدۇ.
قارا: كۆپىنچە يامانلىق، شۇملۇق، بەتنىيەتلىك، نادانلىقنى سىمۋول قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قاپقارا بوران كەلدى،
تار كوچىدا ۋاڭ كەلدى.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
ئۆزى كىچىك نادان كەلدى.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

سول: كۆپىنچە يامانلىقنى، پېشكەللىككە، تەلەيسىزلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ.
ئوڭ: كۆپىنچە ياخشىلىقنى، تەلەيگە، خەيرلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئوڭ ۋە سولنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. مەسىلەن:

(1) ئىرۇر ياخشىلىق ئوڭ،
يامانلىق ئۇ سول،
جەھەننەم سولۇڭدا،
بېھىش ئوڭدا ئول.
(«قۇتادغۇبىلىك»)

(2) يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى،
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.
(قۇمۇل خەلق قوشىقى)

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سىمۋوللۇق سۆزلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا يەنە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق تۇرلەردىمۇ سىمۋوللۇق سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئائىلىۋق، كىيىم ـ كېچەك تۇرىدىكى «قالپاق» سۆزى ئەمەل ـ مەنسەپكە، بەتنامغا؛ يېمەك ـ ئىچمەك تۇرىدىكى «كاۋاپ» سۆزى ئاشىقى بىقارار بولغانلىقنى سىمۋول قىلىنىدۇ. بىراق، ماقالە ھەجمىنىڭ چەكلىمىسى تۇپەيلىدىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق.

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئۇسمان[1]



مۇنازىرە — شېئىرىيەتنىڭ بىر خىل ئالاھىدە تۈرى. ئۇ دراما ژانىرىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسەل، يۇمۇر ژانىرى بىلەنمۇ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بار.

مۇنازىرە شەكلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆپرەك شېئىرىيەتتە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە شەكلىدىكى شېئىرلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەكىلنىڭ قەدىمكى زاماندا قانداق ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئەسلىدە «مۇنازىرە» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى

---

① غەيرەتجان ئۇسمان: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشماق، بەھىس قوزغىماق، مۇنازىرە يۈرگۈزمەك دېگەنلەردىن ئىبارەت. دېمەك، «مۇنازىرە» نوقۇل شېئىرىيەتكىلا مۇناسىۋەتلىك بىر ئاتالغۇ ئەمەس.

مۇنازىرە شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۈرى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» دەپ ئاتالغان بىر شېئىر پارچىسى بار، يەنە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ بىرقانچە بابلىرى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان. بۇلاردىن بۇرۇنراق دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدىغان «مايتىرى سىمىت»مۇ شۇنداق شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىراق ئەھۋالنى ئالساق، «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى»دىمۇ بەزى دىئالوگلۇق جۈملىلەر بار. ئالىملارنىڭ ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ چىققان ئىلمىي خۇلاسىسىگە قارىغاندا، ئەرەب، پارسلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ خىل شەكىل بولمىغان[①].

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇنازىرە تۈرىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرگە، كۆز قاراشقا، مەسىلىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغان ئوبيېكتلارنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۆز كۆز قارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش، ئىنكار قىلىپ مەسخىرە قىلىش، خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ خىل شەكىل ئۆزىدە ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋى شېئىر،

---

① شى شىلوڭفۇ (ياپونىيە) «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، 45 ـ بەت

كومېدىيە ۋە يۇمۇر قاتارلىق ژانىر تۇرلىرىنىڭ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرىنى خېلى مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ئۇنىڭدا كىنايە ـ مەسخىرە قىلىش، جانلاندۇرۇش، توقۇلما، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر كۆپرەك قوللىنىلغان. بۇ خىل بەدىئىي تۇرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردە مۇنازىرە جەريانىنى شېئىر شەكلىدە ئىپادىلەش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. گېزى كەلگەندە شېئىرىي بايان بىلەن نەسرىي بايان گىرەلەشتۇرۇلگەن. مۇنازىرە شەكلىدىكى بۇ خىل ئەسەرلەردە پېرسوناژ، سيۇژىت ھەم مۇھىت تەسۋىرى رېئاللىقتىكى ئەينى پاكىتلار ئاساسىدا تىپىكلەشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتكەن. شۇنداقلا بۇلار، بولۇپمۇ پېرسوناژلار ئەدەملەشتۇرۇلگەن، غەيرىي ئادەم تىپىدىكى نەرسىلەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى، ئىپادىلەش يوللىرى، سىمۋوللۇق ۋاستىلەر خىلمۇخىل ۋە جانلىقتۇر.

ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتتا مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ. بۇ ئەسەرلەرنى سيۇژىت قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلىرى، مۇھىت تەسۋىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قوللانغان بەدىئىي ۋاستىلىرىگە قاراپ مۇنداق بىرقانچە خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

## بىرىنچى، ئادەملەر ئوبرازى يارىتىلغان مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەر

مەلۇمكى، خاس بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولغان ئەدەبىيات كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كارتىنىسى. ئۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بىلەن ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. قىسقىسى، ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىش ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى

ئىقتىدارى، قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكىللىك شېئىرلارمۇ دەل شۇنداق ئىقتىدارغا، قانۇنىيەتكە ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنازىرە ئالاھىدىلىكى بار ئەسەرلىرىدە بەزى ئەينەن قىياپەت بىلەن بەزىدە مەجازى (سىمۋوللۇق) يول بىلەن ئادەملەر خاراكتېرى يارىتىلغان.

«مايتىرى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ قومول نۇسخىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 ــ 1250) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگىت تۇتۇق تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن. ئەسەردە سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بادارى براھمانىنىڭ چۈشىدە «ۋايشىر ۋانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپال) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ، قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرىلىق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ ـ غارايىپ تەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئېلىمىز ۋە چەت ئەلدىكى «مايتىرى سىمىت» نى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇنداق بىر ئورتاق قاراشقا كەلدىكى، ئۇ بىر سەھنە ئەسىرى بولۇپ[1]، 27 پەردىدىن تەركىب تاپقان، ھەربىر پەردە (بۆلۈم) نىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق

---

① ئا. فون. گابائىن (گېرمانىيە): «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان.

يورۇتۇپ بېرىلگەن[1]

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ تىپتىكى داستان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرنىڭ خېلى كۆپ سەھىپىلىرىدە مۇنازىرە شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. داستاننىڭ 41 ـ ۋە 46 ـ بابلىرىدا قانائەت سىمۋولى بولغان زاھىد ئۇدغۇرمىش بىلەن ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىككى قېتىملىق مۇنازىرە ئۆتكۈر ۋە جانلىق بولۇپ، قويۇق دراماتىك تۈس ئالغان. شائىر مۇشۇ قېتىملىق مۇنازىرە كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلق، جەمئىيەت، دۆلەت، بىلىم، قانۇن ھەققىدىكى بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل شەرھلەپ ئۆتىدۇ، كىشىلەرنى جىددىي، ئۆتكۈر ۋە كەسكىن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ھالىتىدە تۇرغان پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەينى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، ئۇنى بىلىشكە ئىمكانىيەتلەر تۇغدۇرىدۇ.

داستانلاردىكى ھالقىلىق يەرلەردە مۇنازىرىدىن پايدىلىنىش «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىن يېزىلغان بىر قاتار داستانلاردا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن بىر خىل شەكىل. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۇلۇغ شائىر ناۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى خۇسرەۋ بىلەن پەرھادنىڭ ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تولغان سۆھبەتلىرى، يەنى كەسكىن مۇنازىرىلىرى

---

[1] ئى. يۈسۈپ، ئا. خوجا، د. قەمبىرى نەشرگە تەييارلىغان «مايتىرى سىمىت» I توم «كىرىش سۆز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

تەسۋىرلەنگەن بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. پەرھاد چىن ماچىن (خوتەن) شاھزادىسى بولۇپ، چېچەن، بىلىملىك، ھۈنەر ۋە ھەربىي ماھارەتكە پىششىق، ۋاپادار، جىگەرلىك يىگىت. ئۇ گۈزەل ۋە ئەقىللىق قىز شىرىننىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تاغ يېرىپ، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ، ئەرمەن ئېلىنى باغۇ - بوستانغا ئايلاندۇرۇش ھېسابىغا گۈزەل ئارزۇ - ئارمىنىغا يەتمەكچى، يەنى شىرىن بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ، خۇسرەۋ قىرىغىنىغا قارىماي، ئەرمەن ئېلىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىپ، شىرىننى مەجبۇرلاش ھېسابىغا ئۆز ئىختىيارىغا ئالماقچى بولىدۇ. پەرھادنىڭ مۇنازىرە جەريانىدا ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە، ئاق كۆڭۈل، يىراقنى كۆرەر، ئىشچان، ئىنسانپەرۋەرلىك روھقا ئىگە يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ، كىشىلەردە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتسا، خۇسرەۋنىڭ سۆزلىرىدىن قۇۋ، مۇستەبىت، قارا نىيەت، شەخسىيەتچى بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، داستاندىكى ئاساسلىق ئوبراز ھېسابلانغان بۇ پېرسوناژلارنىڭ مۇنازىرىلىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۈنۈملۈك بىر ۋاستە بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن داستان سەھىپىسىدىمۇ ئەڭ تەسىرلىك تەپسىلات سۈپىتىدە كىتابخان قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇدبىر خۇدبىن بىلەن مۇقبىل روشەندىل دېگەن ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە (سوئال - جاۋاب) ئارقىلىق شائىرنىڭ ئاساسىي غايىسى، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەردلىك بىلەن نامەردلىك، جاھىللىق بىلەن مۇرۇۋۋەتلىك، ساپ دىللىق بىلەن پاسىقلىق، تىرىشچانلىق بىلەن يالقاۋلىق، ئۈمىدۋارلىق بىلەن چۈشكۈنلۈك، دانالىق بىلەن نادانلىق، پاكلىق بىلەن

ناپاكلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرى نەزم ۋە نەسرىي ئۇسۇلدا، پەندى ـ نەسىھەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەملەر ئوبرازى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ مەنبەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەكشۈرسەك، مىلادى 717 ـ يىلى تىكلەنگەن «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»نى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭ بىرمۇنچە جايلىرى دىئالوگلۇق جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ ئۆزىدىن كېيىنكى خېلى بىر قىسىم ئەسەرلەرگە تەسىر قىلغان.

مۇنازىرە شەكلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلغان. بۇ ئادەتتە «ئېيتىشىش» دەپ ئاتالغان. ئېيتىشىش پائالىيىتىدە خۇددى مەشرەپكە ئوخشاش بىر يۇرت كىشىلىرى بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، خۇددى ئويۇن قويغاندەك قىز ـ يىگىت ياكى بىر ئەر، بىر ئايال ۋە ياكى ئەرلەر بىلەن ئەرلەر، ئاياللار بىلەن ئاياللار ئۆزئارا ئېيتىشىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ زېھنى، سۆز ماهارىتى ۋە هەرىكەت ـ قىياپىتى هەم كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنى چۆكۈرىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، بۇ يېڭىش ۋە يېڭىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئېيتىشىش شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى تەرەپ ئېيتقان قوشاق ـ بېيىتلار قاپىيىداش، ۋەزىنداش ۋە مەزمۇنداش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت ئىلى ئۇيغۇرلىرى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى، دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە لوپنور ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانغان.

**ئىككىنچى، تەبىئەت هادىسىلىرى، هەر خىل شەيئىلەر ۋە هايۋانلار ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر**

تەبىئەت هادىسىلىرى توغرىسىدىكى مۇنازىرە شەكلىگە

مەنسۇپ ئەسەرلەردىن «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، مەزمۇنىنىڭ قىزىقارلىقلىقى ۋە كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. بۇ تۆتلۈكتىن ئون كۇپلېت بولۇپ، بۇ خىل شەكىلنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھەرقايسى بابلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

Yay ꝁix· bilə ꝁarixti,
ərdəm yasin· ꝁurixti.
qərk tutup kürəxti,
Oꝁta ali θtrüxür.

(يەشمىسى: ياز قىش بىلەن قېرىشتى، ئۇلار ھۇنەر ياسىنى قۇرۇپ، بىر بىرى بىلەن سەپ تارتىپ كۈرەش قىلدى، بىر بىرىنى ئوقتا تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ).

دېمەك، بۇ شېئىردا ياز بىلەن قىش ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مەيلى ياز بولسۇن، مەيلى قىش بولسۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەل تەرەپلىرى بار. بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر سۆھبەتلىرى ئارقىلىق نۇقسانسىز نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەم يوق ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق يوسۇندا تەسۋىرلەيدۇ. قىش بىلەن يازغا ئىجتىمائىي تۈس، ئادىمىيلىك خاراكتېر بەخش ئېتىدۇ.

XIV — XV ئەسىرلەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان بىرقانچە پارچە مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەر بارلىققا

كەلدى. بۇلار «سازلار مۇنازىرىسى»، «ئوق ۋە يا»، «بەڭ ۋە چاغىر» (نەشە بىلەن مەي) دىن ئىبارەت.

«سازلار مۇنازىرىسى» ئەھمىدى دېگەن بىر شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ XV ئەسىردە ياشىغان، بۇ ئەسەر XVII باپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ خەلق قوشاقلىرى ۋەزنىگە يېقىن. شائىر بۇ داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرقانچە چالغۇ ئەسۋابنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سالىدۇ. بۇ مۇنازىرە دەسلەپ تەمبۇردىن باشلىنىدۇ. يالغانچى، ماختانچاق، تۆھمەتخور، ئۇرۇشقاق قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە قىلىنىپ، جانلاندۇرۇلغان تەمبۇر مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە، باشقا چالغۇ ئەسۋابلار قارشى تەرەپتە تۇرىدۇ. تەمبۇرنىڭ قاتتىق ئىبارىلىك سۆزلىرىدىن ئازار يېگەن باشقا چالغۇ ئەسۋابلار ئۆزىنى ئۇنىڭدىن چەتكە ئالىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ غەۋغالىرىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن پىر بۇ جاڭجالنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىپ يېتىپ، تەمبۇرغا ئۇنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىسىز كۈن كەچۈرەلمەيدىغانلىقى، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشى لازىملىقى توغرىلىق نەسىھەت قىلىدۇ. تەمبۇر بۇنى ئاڭلاپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ، باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. چالغۇ ئەسۋابلار ئارىسىدا ئىناقلىق - ئۆملۈك كەيپىياتى تىكلىنىدۇ. دېمەك، بۇ داستان بەلگىلىك بىر ئىدىيىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ ئەسەردە ئوتتۇرىغا چىقارغان پېرسوناژلىرى يېڭى، چالغۇ ئەسۋابلارنى سىمۋوللۇق ئوبراز قىلىپ تاللاش ئەھمىدى ئىجادىيىتىدىكى بىر ناۋاتورلۇق. شائىر بۇ ئوبرازلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان چىقىشالماسلىق،

مەنمەنچىلىك، بىشەملىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ ساۋىداپ، زىيانلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىك، بىرلىك، ئۆملۈككە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق پىكىرلەر ئاساسىدا تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئەھمىدىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىشى شۇكى، ئۇ قوبۇز، كۆڭگۈرە، يوتۇغان قاتارلىق قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن.

«بەڭ ۋە چاغىر» XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ماۋارەئۇننەھىردە ياشىغان يۈسۈپ ئەمىرى دېگەن شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر نەسىر، نەزم ئارىلاش يېزىلغان. بىر قىسىم نەزملەرنىڭ بەزى مىسرالىرى پارسچە يېزىلغاندىن باشقا، قالغانلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

داستاندىكى بەڭ (نەشە) يېشىل كىيىم كىيگەن تەركىي دۇنيا سوپى، دەرۋىش سۈپىتىدە، مەي قىزىل كىيىم كىيگەن پالۋان يىگىت قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى داڭلاپ، قارشى تەرەپنى چۆكۈرۈش، ھاقارەتلەش داۋامىدا «قۇرئان»غا ۋە شەرقنىڭ داڭلىق مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مەي: «... تاشقى شەكلىمىز ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئىچكى ماھىيىتىمىز ئوخشاشتۇر ...، مېنىڭ خاسىيىتىم يۈزنى قىزارتماقتۇر ۋە سېنىڭ ئادىتىڭ سارغايتماقتۇر» دەيدۇ. بەڭ خۇش بولۇپ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

«ئوق ۋە يا» يەقىنى دېگەن شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ XV ئەسىردە ماۋارەئۇننەھىردە ياشىغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. ناۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە يەقىنىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. يەقىنى «ئوق ۋە يا» ناملىق داستانىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان، يەنە

ئايرىم جايلاردا پارسچە شېئىرلارنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتكەن.

شائىر بۇ داستاندا قەددى ئېگىلگەن چال — يا بىلەن قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئوقنى مۇنازىرىلەشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا ئېغىر جەبىر - زۇلۇم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ئوقنىڭ يا بىلەن بولغان ئۆتكۈر زىددىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرى ئوقنى غالىپ ئورۇنغا چىقىرىدۇ. شائىر مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەللەيدۇ.

«بۇ مۇنازىرىدىن مەقسەت ئولكىم، بۇ دەۋرنىڭ كاج تەئبىلەرنىڭ قاشىدا ھەركىم يادەك ئەگرى بولسا، يانلىرىدىن يىراق بولماس ۋە ھەركىم ئوقتەك راست بولۇپ تۈز يۈرسە، يەقىنىدەك يىراق تۈشەر».

بۇ بايانلار يەقىنىنىڭ ئىلغار پىكىرگە، خەلقچىللىق روھقا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر ناھەقچىلىق، قاتتىق زۇلۇمنى ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. مۇستەبىت، ئاچكۆز ھۆكۈمران كۈچلەرنى ئەگرى يا تىمسالىدا مەسخىرە قىلسا، دەھشەتلىك ئېغىرچىلىق، ئازاب - ئوقۇبەت دەستىدە خارلانغان ھوقۇقسىز ئاددىي پۇقرالارنى مەزمۇت، قامەتلىك ئوققا ئوخشىتىپ، ئۇلارغا سەممىمىي ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

بەزىلەر يەقىنى بۇ داستانىدىكى ئوق ۋە يا ئوبرازىنى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دىكى ئوق ۋە يا تەسۋىرىدىن ئالغان دەپ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، شائىرنىڭ بۇ داستانىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلەپچىقىرىش شۇنداقلا ئۇرۇش قوراللىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ يەنى جانلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي قىياپەتكە ئىگە قىلىشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ.

**ئۇچىنچى، ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنى ئوبراز قىلىپ تاللىغان مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەر**

بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير»، يۈسۈپ خوتەنىنىڭ «مەنتىقۇتتەير»، سەبۇرىنىڭ «ماقالات»، خىسلەتنىڭ «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ۋە «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ناۋائى 1498 ــ 1499 ـ يىللىرى يازغان «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىنى يېزىشقا باشلىغىنىدا مۇنازىرە شەكلىگە مۇراجەت قىلىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئاساسىي كۆز قارىشىنىڭ تۈگىنىنى ئاچىدۇ، نەسرىي يەشمىسى:

بىر كۆنى باغ ـ گۈلىستان، دېڭىز ۋە باياۋاندىكى قۇشلار بىر ئورۇنغا يىغىلىپ، سۆھبەت قۇرىدۇ. ئولتۇرۇشتا قۇشلار ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇندا ئەمەس، ئۇدۇل كەلگەن ئورۇندا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك توغرىسىدا مۇنازىرە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقىدۇ، قۇشلارنىڭ ھەربىر تۈپى ئۆزلىرىنى ئېزىز ۋە ئەقىللىق سانىسىمۇ، لېكىن ھەممە ئەقىللىقلارغا باش بولغۇدەك بىر شاھ قۇشقا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئەقىللىق ھۆپۈپ كېلىپ سۇمۇرغنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىڭ غايەت مۇشكۈللۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ، قۇشلاردا سۇمۇرغقا زور قىزىقىش ئويغىنىدۇ ۋە سۇمۇرغنى تېپىش يولىدا ھۆپۈپنىڭ ئۆزلىرىگە باش بولۇشنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ.

ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى 1774 ــ 1775 ـ يىللىرى يازغان «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىنى، قەشقەرلىك شائىر ئىمىرھۈسەيىن سەبۇرى

1842 ــ 1843 ـ يىللىرى يازغان «ماقالات» ناملىق ئەسىرىنى، ناۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» ئەسىرىنىڭ سيۇژىتىنى ماتېرىيال قىلىپ يازغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي ئىدىيە ئوخشاش، ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبىدىمۇ پەرق چوڭ ئەمەس.

خىسلەت XIX ئەسىردە ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق داستانىدا مۇشۇك بىلەن چاشقاننىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئېلىشىشىنى ئاساسىي ئورۇندا، دە ـ تالاش، مۇنازىرىسىنى ئازراق تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرگە سىمۋول قىلىنغان بۇ ئوبرازلار خاراكتېرىدىن ئۆتكۈر زىددىيەتكە تولغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

«ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»[1] خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق كىچىك بىر داستان بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئاپتورى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدا ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى سۆزلەنگەن.

## تۆتىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ نامى ئوبراز قىلىنغان ئەسەرلەر

بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملىشىشى كەڭرەك، ئوبرازلىرى كۆپرەك، تەسىرى چوڭقۇرراق بولغان. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرگە مەھزۇننىڭ «قوغۇنلار مۇنازىرىسى»، موللا نىيازنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «تائاملار مۇنازىرىسى»،

---

[1] «خەزىنە» ۋە «مىراس» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 4 ـ سان.

ئەھمەدشاھ قاراقاشنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ۋە «شەكەرىستان»، «داستۇرخاندىكى ماجرا» قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئىسمائىل مەھزۇن XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشىغان شائىر، ئۇنىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق توپلىمىنىڭ ئاخىرىدا بىر داستان ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئۇنىڭغا «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇنىڭدا جەمئىي 19 خىل قوغۇن تۈرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ بىر - بىرىنى مەنسىتمەيدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى بولسا تۇرداشلىرىغا قارىغاندا قابىل دەپ مەنمەنچىلىك قىلىدۇ. كېيىنچە «ھاشىمى» ئاتلىق قوغۇن پادىشاھلىققا سايلىنىپ، باشقىلىرى ھەر خىل ئەمەل - مەنسەپكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قوغۇنلار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن غەۋغالار بېسىقىپ، ئۇلار ئۆملۈك يولىغا ماڭىدۇ.

موللا نىياز تەخمىنەن XIX — XVIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «دىۋانى نىيازى» ناملىق توپلىمىغا ئىككى داستان كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستان ئۆزىدىن كېيىن يېزىلغان ئەھمەد شاھ قاراقاشى (1750 — 1828) ۋە ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924) نىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىغا ماتېرىيال مەنبەسى بولغان. موللا نىياز بىلەن ئەھمەد شاھ قاراقاشنىڭ داستانلىرىدا 14 خىل، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ داستانىدا 17 خىل مېۋە يەنى شىنجاڭدىكى مېۋىلىك باغلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ياڭاق، ئانار، چىلان، بېھى، نەشپۈت، جىنەستە، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئۆزئارا قاتتىق مۇنازىرىگە چۈشۈپ، بىر - بىرىدىن ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىن تۈس ئالىدۇ،

ئاقىۋەتتە خورما پادىشاھلىققا سايلىنىپ، جىدەل بېسىقىدۇ. بۇ داستانلاردىكى ئوبرازلار باش ـ باشتاق، مەنمەنچى، جىدەلخور، ئۆكتەم ئوبرازلار بولۇپ، نوپۇزلۇق، قابىلىيەتلىك بىرسى ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارمايدۇ. شۇنىسى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇكى، مەزكۇر ئاپتورلار جىدەلخور مېۋىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۆسىدىغان خورما مېۋىسىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىدۇ. مەلۇمكى، شىنجاڭدا ئەزەلدىن خورما چىقمايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭلىق مۇسۇلمانلار ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىپ قايتىشىدا تەۋەرۇك سۈپىتىدە شۇ يەرنىڭ خورمىسىدىن ئالغاچ كېلىپ، هاردۇق سوراپ كىرگەنلەرگە بىرەر تال بولسىمۇ تېتىپ بېقىشى ئۈچۈن ئالدىغا قويىدۇ. كىشىلەر ئەرەبىستاننىڭ (ھەرەمنىڭ) خورمىسى دەپ ئۇنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شائىرلار خەلق ئارىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلەرگە ئەرەبىستاننىڭ خورمىسىنى شاھ قىلىپ، خورمىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق يەرلىك ئۇرۇشقاق مېۋىلەرنى ئۆملەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. بۇ، دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشىغا ئاپتورلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ.

«شەكەرىستان» خەلق ئارىسىدا تارقالغان بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى يازما نۇسخىسىمۇ بار[1]. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستانلىرى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش، ئەمما «شەكەرىستان» دا ئىككى ئۆزگىچىلىك

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ساقلانغان. ئۇنىڭ بىرى، بۇ داستاندا جىدەلخور مېۋىلەرگە خورما پادىشاھلىقتا سايلىنىپ، ئۇلار ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى پىياز ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى تارتىپ، ۋەزىنلىك، ياخشى گەپلىرىنى مارجاندەك تىزىپ، ئۇلپەتداشلىرىنى ئىناق، دوست بولۇپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. يەنە بىرى، داستاندا مېۋە - چىۋىلەردىن باشقا قاپاق ۋە سەۋزە، چامغۇر، پىياز قاتارلىق ئوتياشلار، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، زىغىر، شال قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ بۇ سوقى - سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇلۇپ ئوبرازلار كېڭەيتىلگەن.

موللا نىيازنىڭ يەنە بىر داستانى «تائاملار مۇنازىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ تائام تۈرلىرى، يەنى قازان تائاملىرى بىلەن تونۇر تائاملىرىنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىشتىھاسىغا ماسلىشىش ماسلىشالماسلىق جەريانىدىكى مۇنازىرىسى قىزىقارلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

«داستۇرخاندىكى ماجرا»[1] خەلق ئارىسىدا نەسرىي شەكىلدە تارقالغان لەتىپەسىمان چۆچەك بولۇپ، بۇمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا چوڭ بىر سورۇنغا سېلىنغان داستىخان ئۈستىدىكى تائاملار، مېۋە - چىۋىلەر ۋە داستىخانغا ئالاقىدار بىر قاتار سايمان - ئەسۋابلارنىڭ مۇنازىرىسى بايان قىلىنىپ، مۇنازىرە ئاخىرى داستىخاندىكى بارلىق نازۇ - نېمەتلەرنىڭ قورساققا كىرگەندىن كېيىن ئارام ئېلىپ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىدەك خۇلاسە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## بەشىنچى، ھۈنەر - كەسپلەرنى ئوبرازلاشتۇرغان ئەسەرلەر

ئۇيغۇر خەلقى يەنە ئۆزلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى ماھىرلىقى، چىۋەرلىكى بىلەنمۇ مەشھۇر. ئەدىبلەر بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولغاچقا، بىرمۇنچە ئەسەرلەردە ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەسپلەرنىڭ يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ جەھەتتە شائىر تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى گەۋدىلىك بولدى. ئۇنىڭ 1841 - يىلى يازغان «كىتابى غېرىب» ناملىق كىتابىنى مەزمۇنغا ئاساسەن كىشىلەر «كەسپلەر مۇنازىرىسى» دەپمۇ ئاتاپ كېلىشمەكتە. شائىرنىڭ 36 ماۋزۇ، 58 سوئال - جاۋابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2150 مىسرالىق بۇ كىتابى بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان 33 خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر - كەسپنىڭ بەس - مۇنازىرىسى ئارقىلىق، كاسىپلار ۋە كەسپلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى، ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرى، ھەربىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ. غېرىبى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، كەسپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلاھىي كۈچكە باغلاشتۇرسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئەمگىكىنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى ئالاھىدە مەدھىيىلىگەنلىكى شائىرنىڭ دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىۋاتقان خاھىشنى بىلىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

## ئالتىنچى، تىللار مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر

ئۇلۇغ شائىر نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرى 1499 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرمۇ ئومۇمىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە - مۇنازىرە ژانىرىغا مەنسۇپ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر قاتار ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدا مۇنازىرە ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئاپتور تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنى ئۆزئارا مۇھاكىمىگە قويۇپ، ئىلمىي مۇنازىرە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇ تىللارنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەللىكلىرىنى ئىللا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنىمۇ ئايىماي بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆز زامانىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «تۈركىي تىلدا ياخشى، سۈپەتلىك ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ» دېگەن بىمەنە قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، تۈركىي تىل بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شېئىرلارنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەسەر مۇنازىرە - مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچە بىر ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىياتى تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

## يەتتىنچى، جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان شېئىرلار

ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدا تەسەۋۋۇر پىكىرلىرىنى شېئىرىي مىسرالار بىلەن بايان قىلىنىپ، خاس ئىدىيىۋى سىستېما ياراتقان مەشھۇر شائىر ئەھمەد يەسەۋى (1005? ? — 1116) نىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق پەلسەپىۋى

شېئىرلار توپلىمىدا «بېھىش دەۋرەخ تالاشور تالاشماقتا بايان بار» دېگەن قۇر بىلەن باشلانغان 26 مىسرالىق بىر غەزەل بار بولۇپ، بۇنىڭدا بېھىش (جەننەت) بىلەن دوزاخ بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ. شائىر دوزاخ تىلىدىن زالىم پادىشاھلار، ئاچكۆز بېخىللار، مۇناپىقلار، بىنامازلار، زالىم قۇللار (قۇلدارلار بولسا كېرەك — نەقىلچىدىن) نىڭ دوزاختا ماكانلىشىدىغانلىقى؛ پەيغەمبەرلەر، مۆمىن قۇللار (خەلق ئاممىسى)، ئالىملار، زاكىر قۇللار (ئاللانى سېغىنغۇچى قۇللار) نىڭ بېھىشكە كىرىپ، ئۇنىڭدىكى نازۇ - نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ قاتتىق مۇنازىرىدە دوزاخنىڭ ھەيۋىسى چوڭ، سۆزلىرى ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى بېھىش ئۇتۇپ چىقىدۇ. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلار، ئەزگۈچى قارا كۈچلەرگە قارىتا ئەيىبلەش مەيدانىدا تۇرغانلىقى، مۆمىن پۇقرالار، ئالىملار ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ئۇلۇغ كىشىلەرنى بولسا، قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى بىلىنىپ[1]، كۈچلۈك سىياسىي نۇقتىئى-نەزەر ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى مۇنازىرە — مۇھاكىمە شەكلىگە مەنسۇپ بىر قاتار ئەسەرلەر ئىچىدە «سازلار مۇنازىرىسى»، «بەڭ ۋە چاغىر»، «ئوق ۋە يا»، «تاماقلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» قاتارلىقلار چوڭقۇر دەۋر پۇرىقىغا، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە، روشەن خائىشچانلىققا، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ ئورگانىك بىردەكلىكىگە شۇنداقلا كۈچلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1985 - يىل (ئومۇمىي 16 - سان) 177 -، 178 - بەتلەر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان.

شۇ نەرسە روشەنكى، بۇ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن دەۋر فېئودالىزم جەمئىيىتى چىرىكلىشىشكە، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇۋاتقان، قانۇن، تەرتىپ بوشىشىپ كەتكەن، ئەكسىيەتچى مۇستەبىت دائىرىلەرنىڭ ئۆكتەملىكى، زورلۇق - زومبۇلۇقى، ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەددىدىن ئاشقان، تۆۋەن قاتلامدىكى مېھنەتكەش خەلق قاقتى - سوقتى قىلىنىپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئېغىر كۈنلەر ئىدى. ئەھمىدى، يەقىنى، يۈسۈپ ئەمىرى قاتارلىقلار تۆمۈرىلەر دۆلىتىنىڭ چىرىك سىياسىتى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە ياشىغان بولسا، مەھزۇن، موللا نىياز، ئەھمەد شاھ، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى زور دەرىجىدە ئېغىرلاشقان، يەرلىك مەمۇرىي، ھەربىي ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ قارا نىيىتى كۈچىيىپ، بالادەك نەپسى ھوقۇق - مەرتىۋە، پۇل - مال بىلەن تولدۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن چاغلار ئىدى. داستان ئاپتورلىرىنىڭ ياشىغان تارىخىي دەۋرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي مۇھىتى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى، ئاشۇ جەمئىيەتتىن چىقارغان ئوبرازلىق خۇلاسىسى ۋە ئەقلىي يەكۈنى جەھەتتىن چوڭ پەرق يوق.

ئەدەبىياتشۇناسلارغا مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ جېنى چىنلىق. بىز تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ، ئەسەر يېزىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. بۇ ئاپتورلار شۇ دەۋردىكى كىشىلىك ئەخلاقىي مەسىلىلەردىن تارتىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگىچە چوڭقۇر كۆزىتىش

ئېلىپ بارغان.

يەقىنى «ئوق ۋە يا» ناملىق ئەسىرىدە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى فېئودال خانلارنىڭ ئۆز ئارا ھاكىمىيەت تالىشىش قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلق بېشىغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئالغان بولسا، مەھزۇن، موللا نىياز، ئەھمەد شاھ، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېئودال ھاكىم بەگلەر، يەرلىك ۋاڭلار، خوجا تەبەقىسىدىكىلەر ۋە روھانىي كۈچلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، خەلق بېشىغا بالا ـ قازا ئېلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر خانلىق — دۆلەت قۇرۇلۇشىدا ئەڭ ئىلغار كۆز قاراش بىلەن مەركەزلەشكەن يىرىك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئېستېتىك غايىسىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بىلەن ئۆز داستانلىرىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىي ئەسەر ئەدىبلەرنىڭ رېئال ھاياتنى ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئاساسىدا تىپىكلەشتۈرۈپ، قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن كارتىنىدۇر. تۇرمۇشنى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەدىبلەرنىڭ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي ئىمكانىيەتلىرىگە قاراپ، سىمۋوللۇق ئوبراز ۋە رېئال ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شائىرلار ياشىغان دەۋر تۆمۈرىلەر دۆلىتى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىنتايىن چىرىكلەشكەن دەۋر بولۇپ، رېئال ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن زۇلمەتلىك فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئىستىبدات جەمئىيەتنى پاش قىلىش، ئۇلارنى توغرىدىن توغرا

ساتىرا ۋە يۇمۇر قامچىسى ئاستىدا ئېلىپ كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سىمۋوللاشتۇرۇلغان نەرسىلەر ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆز ئېستېتىك غايىسىنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش، بۇ شائىرلار تاللىۋالغان بىر خىل ئىجادىيەت يولى بولۇپ قالغانىدى. سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىشنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل شائىر ـ يازغۇچىلارغا، ھەرقانداق دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردىمۇ، سىياسىي ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان جەمئىيەتتىمۇ، ئەدىبلەر ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئال چىنلىقىنى نىقابلاپ ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۆز ئېستېتىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. شۇڭا بۇ شائىرلارنىڭ بىر قاتار سىمۋوللۇق ئوبراز مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى شۇنداقلا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقانلىقىنى بۇ شائىرلارنىڭ جاسارىتى دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقىقىي تەرىپىنى، چىنلىق بىلەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرەلىگەنلىكىنى بۇ داستانلاردىكى يۇكسەك بەدىئىيلىكنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بۇ داستانلاردىكى، سىمۋوللۇق ئوبرازلار روشەن تىپىكلىككە ئىگە. ئۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك فېئودال مەنسەپپەرەسلىك ئىللەتلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇ خىل خاراكتېر روشەن ھالدا ئىنىدىۋىدۇئاللاشقان.

«قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى»، «ئوق ۋە يا»، «بەڭ ۋە چاغىر»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «تاماقلار مۇنازىرىسى»،

«قوغۇنلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «شەكەرىستان» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە سيۇژىت ئىخچاملىققا، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللىككە، ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژ ئوبرازلىرى روشەن خاھىشچانلىققا ئىگە قىلىنغان. ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلى ئۆزئارا زىچ ماسلاشقان.

بۇ داستانلارنىڭ ھەممىسى جانلىق خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان. ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستانىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان داستانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قوشاق، مەسنەۋى شەكلىدە يەڭگىل، ئەپچىل، جانلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان. سۆز جۈملىلەر ئېنىق، چۈشىنىشلىك، بەدىئىي بويىقى قېنىق، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە باي ئوبرازلىق تىللار بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ پىشقان بەدىئىي تىل پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى كومپلېكس (زىددىيەت - توقۇنۇشى) نى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئېستېتىك غايىسىنى روشەن نامايان قىلىپ كىتابخانلارغا يەتكۈزۈشتە ياخشى خىزمەت قىلغان.

بۇ داستانلار تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردا چەت ئەل تىللىرى بولۇپمۇ ئەرەب، پارسچە سۆز ئاتالغۇلار يوق دېيەرلىك ياكى بەك ئاز بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بىرمۇنچىلىرىدا مېۋە - چېۋىلەر، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھۈنەر - كەسىپ ناملىرى، بەزى زىرائەتلەرنىڭ ناملىرى يازما ھالەتتە ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتىمۇ ماتېرىياللىق قىممىتى بار.

مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستانلاردىكى ئىپىك بايانلارغا شائىرلارنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى،

داستانلاردا قىزىقارلىق بەدىئىي مۇھەددەسسەككەلىككىكتەرنى يارىتىش،

كىتابخانلارنى شۇ بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلىش، بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەسىرچانلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن.

مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە ئېچىلغان ئېسىل بىر دەستە گۈل. ئۇ 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى خۇش پۇراق چېچىپ، نۇرغۇن ئەدەبىياتخۇمار كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلدى. رەڭگارەڭ ئوبرازلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەپلىرىنى، ئىنچىكە جايلىرىنى چىۋەرلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي مەسىلىلەرگىچە بولغان ساھەلەرنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسى قىلدى. ئادەم، ھايۋان قاتارلىق جانلىق نەرسىلەردىن تارتىپ، جانسىز نەرسىلەرگىچە، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تارتىپ ئۆسۈملۈكلەرگىچە بولغان بارلىق ئوبيېكتلارنى ئوبراز يارىتىش دېتالى — ئېلېمېنتلىرى قىلىپ ئالدى. تۇرمۇشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈشتە رېئال ئوبرازلارغا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى دەۋر تەلىپى نۇقتىسىدىن مەجازى يەنى سىمۋوللاشقان ئوبرازلار ئارقىلىق يوپۇقدالغان ھالدا سۈرەتلىدى. بۇلاردا سىمۋولىزم بىلەن رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى تولىمۇ ماسلاشقان ھالدا ئىجادىيەتكە تەتبىقلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئۆرنىكى بولۇشقا مۇناسىپ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى)، II توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 -

يىلى نەشرى.
2. ش. ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
3. ش. ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.
4. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.
5. غ. ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، ئىككى قىسىم، 1996 - يىل مىخ مەتبەئە نۇسخا.
6. ۋ. غوپۇر، ئە. ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 1982 - يىل مىخ مەتبەئە نۇسخا، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
7. ھ. ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 -، 1990 - يىللىرى نەشرى.
8. ب. ئەرشىدىنوف: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، قازاقىستان «نائۇكا»، (پەن) نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
9. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھوزورىدا تۈزۈلگەن)، قازاقىستان «نائۇكا» (پەن) نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.
10. جۇشاۋزۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ئەربابلىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
11. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 1 - سان.
12. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىدىكى ژانىرلار»، قازاقىستان «نائۇكا» نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

# قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سان كاتېگورىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

بۇھەيرا ئابلەت[1]



قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ، سانلار مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. مەن بۇ ماقالىدە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدىكى (تۈرك - رۇنىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدىكى) سانلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

## بىرىنچى، سانلارنىڭ تۈزۈلۈشى

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈزۈلۈشى جەھەتتە

① بۇھەيرا ئابلەت: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلارغا ئوخشاش ئاددىي سان
ۋە مۇرەككەپ سان دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلغان.

ئاددىي سانلار بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، شەكلى
مۇنداق بولغان:

1. ئاددىي سانلارنىڭ بىردىن ئونغىچە بولغانلىرى
(قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرىنى نەزەردىن ساقىت
قىلغاندا) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشايدۇ.
مەسىلەن، bir (بىر)؛ ɛki~iki (ئىككى)؛ ytʃ (ئۈچ)؛ tɵrt
(تۆت)؛ bis~biʃ (بەش)؛ alti (ئالتە)؛ jiti (يەتتە)؛
sikiz~sɛkiz (سەككىز)؛ tuʁuz~toquz (توققۇز).

2. ئاددىي سانلاردىن ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان
ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق خانىلىق سانلار ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي سانلار بىلەن ئوخشاش ئىپادە
قىلىنىسمۇ، فونېتىكا جەھەتتىكى قىسمەن ئوخشىماسلىقى ۋە
رەت تەرتىپى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان ئاددىي
سانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، on 10؛ jigirmi 20؛
otuz 30؛ qiriq 40؛ ɛlig 50؛ altmis (ʃ) 60؛ jitmis (ʃ) 70؛
sɛkizonsɛksɛnk 80؛ toquz on~toʁuz on~toqsan 90؛
jyz~birjyz 100؛ miŋ~birbiŋ~biŋ 1000؛
bɛn~bir tymɛn~tymɛn 10000.

ئاددىي سانلاردىن «sɛkiz on» ، «toʁuz on» دېگەنلەر
شەكىل جەھەتتە ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، مەنە
جەھەتتە يەنىلا «80» ۋە «90» نى بىلدۈرگەن. «يۈز»، «مىڭ»،
«مىليارد» سانلىرىنىڭ ئالدىغا بەزىدە «بىر» سۆزى قوشۇلغان،
لېكىن بۇ «بىر» سۆزى بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر
كۆرسەتمىگەن، شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان ھېسابلانغان.

مۇرەككەپ سانلار ئاددىي سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە

بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق خانىلىق مۇرەككەپ سانلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن بىرىككەن:

1) ئىككى خانىلىق مۇرەككەپ سانلار. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسى، ئاندىن ئونلار خانىسى ئوقۇلغان، ئونلار خانىسىدىكى سان ئەسلىدىكى ساندىن ئون ئۇقۇمى كېمەيتىلىپ مەنە بەرگەن. مەسىلەن، 17 jiti jigirmi؛ 23 ytʃ otuz؛ 28 sɛkiz otuz؛ 31 bir qirq.

2) يۇقىرىدىكى شەكىل ئۈچ خانىلىق مۇرەككەپ سانلاردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: يۈزلەر خانىسى ئالدىدا كېلىپ، ئاندىن بىرلەر خانىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئونلار خانىسى ئوقۇلغان. مەسىلەن، 112 jyz iki jigirmi.

3) بۇ شەكىل بەش خانىلىق مۇرەككەپ ساندا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ئالدىدا مىڭلەر خانىسى، ئاندىن ئون مىڭلەر خانىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە كەلگەن. مەسىلەن، 18000 sɛkiz jigirmi tymɛn.

4) ئونلار خانىسى باشتا كەلگەن، بۇ شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دەسلەپ ئونلار خانىسى ئوقۇلغان، ئاندىن «ئارتۇقى» دېگەن سۆز قوشۇلغان، ئاخىرىدا بىرلەر خانىسى ئوقۇلغان. مەسىلەن،

88 sɛkiz on artuqï sɛkiz؛

96 toƙuz on artuqi altï؛

47 qïrq artuqi jiti؛

34 otuz artuqi tørt؛

5) ئۈچ خانىلىقتىن ئارتۇق سانلاردىمۇ بىرلەر خانىسىنىڭ ئالدىغا «ئارتۇقى» دېگەن سۆز قوشۇلغان، بىراق قوشۇلماي

كېلىدىغان شەكىللەرمۇ بولغان. مەسىلەن،

؛tϕrt jyz toquz on artuqï biʃ 495

؛bɛs jyz artuqï iki 502

؛bir tymɛn artuqi jiti biŋ 17000

؛jyz jigirmi 120

؛jyz iki 102

؛bɛs tymɛn 50000

.ɛki bïŋ 2000

**ئىككىنچى، سانلارنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىرى**

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار ساناق سان، مۆلچەر سان، تەرتىپ سان، كەسىر سان، تەقسىم سان ۋە ئۆملۈك ساندىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلۈنگەن. تۆۋەندە بۇ تۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن:

ساناق سان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سانلار تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن:

1) ساناق سانلار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كەلگەندە مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش ھاسىل قىلماي، مىقدار سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرماي، بىۋاسىتە ئىسىمغا ياندىشىپ كەلگەن. مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| ئىككى تىللىق | ikki tillig |
| مىڭ (تۇياق) ئات | biŋ jont |
| ئىككى كۆزى ئەلەس | iki kϕzi qiŋïr |
| بەش بارماق تەكشى ئەمەس | bɛʃ ɛɜrɜngɛk tyz ɛrmɛz |
| قىرىق جوزا | qïrq ʃirɛ. . . |

2) ساناق سانلار يىل، ئاي، كۈنلەرنى ئېنىقلاپ كەلگەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

qïrq kyn قىرىق كۈن

εlig jil ئەللىك يىل

sy on kyn yryk boldï

قوشۇن بىر جايدا ئون كۈن تۇرۇپ قالدى.

тоʁuz aj on kyn توققۇز ئاي ئون كۈن

3) ساناق سانلار كۆپ هاللاردا مىقدار سۆزلەرگە بېقىنىپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى هاسىل قىلغان. مەسىلەن،

bir kyri بىر كۈرە

bεʃ joli بەش قېتىم

bir adut nεŋ بىر ئوچۇم نەرسە

bir ɸpym myn بىر يۇتۇم شورپا

bir syngi turqï بىر نەيزە بويى

bir syryk qoj بىر توپ قوي

4) ساناق سانلار 3 ـ شەخسنى كۆرسىتىدىغان كىشىلىك ئالماشلىرىدىن كېيىن كېلىپ، مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش هاسىل قىلماي، ئالدىدا كەلگەن كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىسىمنىڭ رولىنى ئويناپ، پېئىلنى ئىنىقلاپ كەلگەن. مەسىلەن،

olar iki osuruʃdi ئۇلار ئىككىسى ئوسۇرۇشتى

olar iki arïʃdï ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئالداشتى

olar iki ajrøʃdø ئۇلار ئىككىسى ئايرىلىشتى

olar iki sɸkyʃti ئۇلار بىر ـ بىرىنى سۆكۈشتى

olar iki jyfyʃti ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياردەملەشتى

5) ئوخشاش ئىككى ساناق سان بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، 3 ـ شەخسنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلىك ئالماشلىرىدىن كېيىن كەلگەن ھەمدە بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىملىشىپ، پېئىلنى ئېنىقلىغان. مەسىلەن،

bɛglɛr bir brigɛ jaʁjʃdi بەگلەر ئۆزئارا دۈشمەنلەشتى
ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئات يەتكۈزۈپ بېرىشتى
olar iki bir birgɛ at jɛtryʃdi
ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشتى
olar iki birbirgɛ qajiʃdi
6) ساناق سانلار پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولغاندا، مىقدار سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرماي، بىۋاسىتە پېئىلغا بېقىنىپ، پېئىلنى ئېنىقلىغان. مەسىلەن،
tabʁatʃqa jiti jigirmi syŋysdi qitajqa jɜti syŋysti, oʁuzqa biʃ syŋysti.
تابقاچقا 17 قېتىم، قىتانغا يەتتە قېتىم، ئوغۇزغا بەش قېتىم هۇجۇم قىلدى.
sysi ytʃ biŋ ɛrmis biz ɛki biŋ ɛrtimiz.
قوشۇنى 3000 ئىكەن، بىز 2000 ئىدۇق.
7) ساناق سانلار خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن،
ɛr sɸzi bir, ɛdɛr kɸki ytʃ.
ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئىگەرنىڭ كۆكى ئۈچ.
8) ساناق سانلار قىسمەن جۈملىلەردە سۈپەت رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،
jɛti baʃliʁ jɛl bɸkɛ يەتتە باشلىق يالماۋۇز
jɛti qat kɸk. يەتتە قات ئاسمان
ɛd tavar miŋ miŋ tymɛŋ qurla buʃi bɛrdimiz
مال دۇنيانى نۇرغۇن قېتىم سەدىقە بەردۇق.
9) ئوخشاش ساناق سانلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاسىتە كېلىش قوشۇمچىسى «ئېن» بىلەن تۈرلىنىپ بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كېلىپ، رەۋىش هاسىل قىلغان. مەسىلەن،
bīrïn bīrïn miŋ bolur, tama tama kɸl bolur.
بىرلەپ ـ بىرلەپ مىڭ بولۇر، تاما ـ تاما كۆل بولۇر.

10) ساناق سانلارغا «- لا // - لە» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ رەۋىش ھاسىل قىلىنغان. مەسىلەن،

ئۇ ئوغۇللار ئىككىنچىلەپ ... ol urïlar ikilɛ ...

11) ساناق سانلارغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «- لان // - لەن»نى قوشۇپ پېئىل ياسالغان. مەسىلەن،

ئىككى غاز ئۈچ بولدى. iki qaz ytʃlɛndi.

12) ئوخشاش ئىككى ساناق سان قاتار كېلىپ، جۈملىدە رەۋىش رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن:

bïr bïr ɛmϕk oʁlaʁu oʁlanï ...

بىردىنبىر ئەركە ئوغلانى ...

13) ساناق سانلار باشقا سان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولغان. مەسىلەن،

بىرىنچى birintʃ؛ ئىككىنچى ɛkindi~ikinti؛ ئۈچەيلەن ytʃɛgyn~ytʃɛgy؛ يۈزدەك jyztʃɛ؛ بىرنەچچە birgɛry.

2. مۆلچەر سان. مۆلچەر سان تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدا ياسالغان:

1) ساناق سانلارغا «- چا // - چە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر سان ياسالغان. مەسىلەن،

bɛʃ jyztʃɛ ɛrin ilgɛry tɛzip bardï.

بەش يۈزدەك ئەر بىلەن قېچىپ كەتتى.

ɛligtʃɛ ɛr tudtïmïz.

ئەللىكچە (ياكى ئەللىكدەك) ئەرنى تۇتتۇق.

2) ساناق سانلارغا «- ئار // - ئەر، - رار // - رەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ مۆلچەر سان ياسالغان. مەسىلەن،

ئۈچتەك ytʃɛr؛ ئىككىدەك ikirɛr؛ بىرەر birɛr.

3) بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ساناق سانىنىڭ كەينى - كەينىدىن كېلىشى بىلەن مۆلچەر سان ياسالغان. مەسىلەن،

ɛki ytʃ bĩŋ sysimiz kɛltɛtʃimiz bar munɛ.

كېلىدىغان ئىككى ـ ئۈچ مىڭدەك قوشۇنىمىز بار يەنە.

bĩʃ on jiʃ qart bolup bytmɛsɛr jaqʁu ol.

بەش ـ ئون يىلغىچە ساقايمىغان جاراھەتكە سۇرتۇش كېرەك.

4) ساناق سانلاردىن كېيىن كەلگەن پېئىلغا پۈتمىگەن سۇپەتداش قوشۇمچىسى «ـ يۇر // ـ يۇر» نى قوشۇپ مۆلچەر سان ياسالغان. مەسىلەن،

ol avĩtʃqa sɛkiz on jalajur ɛrdi.

ئۇ بوۋاي 80 ياشلاردا بار ئىدى.

5) ساناق سانلارغا قىسمەن سۈپەتلەرنىڭ تىركىلىپ كېلىشى بىلەن مۆلچەر سان ياسالغان. مەسىلەن،

jyz artuq opun urdĩ. يۈزدىن ئارتۇق ئوق ئاتتى.

ikidin ylgysiz. ئىككىدىن ئارتۇق ...

6) مۆلچەر سانلار تەكرارلىنىپ كېلىپ، جۈملىدە رەۋىش رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

birɛr birɛr. ئاندا ـ ساندا؛ ئانچە ـ مۇنچە

3. تەرتىپ سان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سانلارغا «ـ نچ // ـ نچى، ـ نتى // ـ ندى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەرتىپ سان ياسالغان. بۇ قوشۇمچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

1) «ـ نچ» قوشۇمچىسى بىر خانىلىق ۋە ئىككى خانىلىق سانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق شەكىل قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى يازما يادىكارلىقلىرىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى يازما يادىكارلىقلاردا قىسمەن ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئىككىنچى ikintʃ؛ ئۈچىنچى ytʃintʃ؛ تۆتىنچى tɸrtyntʃ؛ بەشىنچى biʃĩntʃ؛ ئونىنچى

onuntʃ.

2) «نچى» قوشۇمچىسى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئاساسەن «- نچى» قوشۇمچىسى قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئىككىنچى ikintʃi؛ ئۈچىنچى ytʃintʃi؛ تۆتىنچى tørtintʃi

3) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىككى»نى ئىپادىلەيدىغان سانغا «- نچ // - نچى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «ئىككىنچى» دېگەن تەرتىپ سانىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، يەنە «- نتى // - ندى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپمۇ «ئىككىنچى» دېگەن تەرتىپ سان ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| ɛkindi ŋɛŋ | ئىككىنچى نەرسە |
| ikinti aj | ئىككىنچى ئاي |
| ɛkinti ɛrig. . . | ئىككىنچى ئەرنى |
| ɛkinti kyn | ئىككىنچى كۈنى |

4) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بىرىنچى»، «دەسلەپ»، «تۇنجى»، «ئاۋۋال» قاتارلىق سۆزلەر «بىرىنچ» (بىرىنچى) دېگەن شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەندىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك شەكىللەر بىلەنمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

| | |
|---|---|
| aŋ ilki oʁlïnïŋ atï ··· ··· | تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ··· |
| ilki kyn | بىرىنچى كۈنى |
| baʃtïŋ | ئاۋۋال |
| aʃnu | تۇنجى، دەسلەپ |

5) بىرىنچى ئاينى ئىپادىلەشتە، «- نچ // - نچى، - نتى // - ندى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلماي، «ئاي» سۆزىنىڭ ئالدىغا «ئاڭ ئىلكى»، «ئارام» (مەنىسى تۇنجى، دەسلەپكى، بىرىنچى) دېگەنگە ئوخشاش ۋاقىت رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

aŋ ilki aj — دەسلەپكى ئاي

aram aj — تۇنجى ئاي

بەزىدە يىل نامى ئالدىدا كېلىپ، يىل نامىدىن كېيىنلا كۈن ئىپادىلەنسە، يەنىلا بىرىنچى ئاي دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن،

kyltïgin qonj jïlqa jïtï jigirmikɛ utʃtï.

كۈلتېگىن قوي يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۇنيادىن ئۆتتى.

6) كۈننى ئىپادىلىگەندە، يېڭى ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تەرتىپ سانىنىڭ قوشۇمچىسى «ـ نچ // ـ نچى»، «ـ نتى // ـ ندى» قوشۇلماي، «ياڭى» (مەنىسى يېڭى) دېگەن سۈپەت سۆزىنى كۈننى بىلدۈرىدىغان سانغا ياندىشتۇرۇپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

aŋ ilki aj altï jaŋïqa — 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

sɛkizintʃ aj bir jaŋïqa — 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

aram aj altï jaŋïqa — 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

7) تەرتىپ سانلار ئىسىمنىڭ شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

ytʃɛrkɛk oʁulnï tuʁurdï birintʃisiŋɛ kyn at qojdïlar, ikintisiŋɛ aj at qojdilar ytʃyntʃisiŋɛ julduz at qojdïlar.

ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، بىرىنچىسىگە كۈن دەپ، ئىككىنچىسىگە ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويۇشتى.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «دەسلەپكى»، «تۇنجى»، «بىرىنچى»، «چوڭى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «ئاڭ ئۇلۇغى»، «ئاڭ ئىلكى»؛ «ئوتتۇرانچى»، «ئىككىنچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «ئورتۇن»؛ «كەنجى»، «ئۈچىنچى»، «كىچىكى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «ئاڭ كىچىكى» دېگەنگە

ئوخشاش سۆزلەرمۇ جۈملىدە تەرتىپنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينىغان، شۇنداقلا جۈملىدە سۈپەت بولۇپ كەلگەن. سۈپەت رولىدا كېلىشى مۇنداق بولغان: «تۇنجى» مەنىسىنى بىرىدىغان سۆز جۈملىدە سۈپەت رولىدا كەلگەندە، تەرتىپ سان «بىرىنچى» تىلغا ئېلىنماي، پەقەت «تۇنجى» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان «ئاڭ ئىلكى» ، «ئاڭ ئۇلۇغى» دېگەن سۆز بىلەنلا ئىپادىلەنگەن. بۇ شەكىل تەرتىپ ۋە مەزمۇن جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن باپباراۋەر. مەسىلەن،

aŋ uluʁï tigin maxadavï. . .

ئەڭ چوڭ شاھزادە ماخادىۋى.

aŋ ilki oʁlïniŋ atï maxabalï ɛrdi ɛrdï.

تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخابالى ئىدى.

«ئوتتۇرانچى» سۆزى سۈپەت بولۇپ كەلگەندە، ئالدى بىلەن تەرتىپ ساننىڭ ئىسىملاشقان شەكلى «ئەكىنتىسى» (ئىككىنچىسى) ، ئاندىن «ئورتۇن» (ئوتتۇرانچى) دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن،

ɛkintsï ortun oʁlïniŋ ati maxadīvï ɛrti.

ئىككىنچى، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخادىۋى ئىدى.

«ئاڭ كىچىكى» (كەنجى، ئەڭ كىچىكى) دېگەن سۆز سۈپەت بولۇپ كەلگەندە، ئالدىدا تەرتىپ سان «ئۈچىنچ» (ئۈچىنچى) ئۈنىڭدىن كېيىن «ئاڭ كىچىكى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن،

ytʃyntʃ aŋ kitʃigi oʁlïniŋ ati maxasatvïʁ ɛrti.

ئۈچىنچى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخاساتوۋىخ ئىدى.

8) تەرتىپ سانلار بېرىش - كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىملىشىپ، جۈملىدە باغلىغۇچى رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن،

ikidɛ biri bol ytyntʃtɛ qatʃ.

ئىككىدىن بىرى بول، ئۆچىنچىدىن قاچ.

9) «تۈنجى»، «دەسلەپ»، «ئاۋۋال» مەنىسىنى بىرىدىغان «ئىلكى» سۆزى تەكرار كېلىپ، تەرتىپ سان ھەم باغلىغۇچى رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

kɸry kauziki ilki ilki …

قارالڭ كاۋزىكى بىرىنچىدىن …

10) ساناق سانغا ياندىشىپ كەلگەن تەرتىپ سان بىرىش كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

bir ikindigɛ oʁrï jaʃïʃdï.

بىر - بىرىگە ئوغرى دەپ بالا (ياكى قازا) چاپلاشتى.

budun bir ɛkindini juluʃdï.

خەلق بىر - بىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتى.

11) «بىر» نى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان بىلەن «ئىككى» نى ئىپادىلەيدىغان تەرتىپ سان قاتار كەلگەندە، تەرتىپ سانغا يەنە «بىرلە» (بىلەن) تىركەلمىسى تىركىلىپ كېلىش بىلەن ئىسىملىشىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

bɛglɛr bir ikindi birlɛ aʁïʃtï.

بەگلەر بىر - بىرىنى قوغلاشتى.

olar bir ikindi birlɛ oquʃdïlar.

ئۇلار بىر - بىرىنى چاقىرىشتى.

12) ئوخشاش ئىككى ساناق سان بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەندە، كەينىدىكى سانغا بىرىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىملىشىپ، جۈملىدە ھالەت رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن،

bɛglɛr bir birgɛ jaʁïʃtï.

بەگلەر بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشتى.

ïvïq bir birgε udlaʃtï.

تاغ ئۆچكىسى بىر - بىرى بىلەن سوڭداشتى.

13) تەرتىپ سانلار جۈملىدە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە كۆپ ھاللاردا كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن،

jitintʃ εrig ··· يەتتىنچى ئەرنى ···

جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ، بىۋاسىتە ھالەت رولىنىمۇ ئوينىغان. مەسىلەن،

tørtyntʃ tʃuʃ baʃïnda···

تۆتىنچى قېتىم چۈش دېگەن بۆلاقتا.

14) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يىلنامە ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ نامى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن،

taqïʁu jil aram aj ······ توخۇ يىلى بىرىنچى ئاي ······

laʁzïn jïl bïʃïntʃ aj···· چوشقا يىلى بەشىنچى ئاي ····

kyltïgin qonj jïlqa jïti jigirmikε utʃdï.

كۈلتېگىن قوي يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۇنيادىن ئۆتتى.

bïtʃïn jïlqa jïtïntʃ aj jïtï otuzqa qop alqïndïmïz.

تاش پۈتۈك مايمۇن يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى.

køsky jïlï altïntʃ aj ······ چاشقان يىلى 6 - ئاي ······

15) قەدىمكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىلىدا ھەپتە كۈنلىرىنىڭ نامى يوق، «ھەپتە» دېگەن ئۇقۇم ئىسلامىيەتتىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان. ئايلارنىڭ نامىغا كەلسەك، ئەينى ۋاقىتتا شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ناملىرى قوللىنىلغان، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، نەۋرۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق

ئاي» دېگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي»
دەپ ئاتىغان، چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ
چاغدا يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال - ۋارانلار
سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ».

4. كەسىر سان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كەسىر سانلار
تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ياسالغان:

1) ساناق سانلار «قىسىم»، «بۆلەك»، «ئۈلۈش»
مەنىسىنى بېرىدىغان «ئۈلۈگ» دېگەن ئىسىمغا بېقىنىپ ئىسىم
بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن كەسىر سان
شەكىللەنگەن. مەسىلەن،

εki ylygi atlïʁ εrti, bir ylygi jadaʁ εrti.

ئۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق ئىدى، بىر ئۈلۈشى پىيادە
ئىدى.

2) «مىقدار، نىسبەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئۈلۈش»
دېگەن سۆز سۈپەتلەرگە تىركىلىپ كەسىر سان ھاسىل بولغان.
مەسىلەن،

kεkεlik ɸdin ʃεkεr birlε tyz ylyʃ qïlïp...

كەكلىك ئۆتىنى شېكەر بىلەن تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ···

5. تەقسىم سان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تەقسىم سانلار
تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ياسالغان:

ساناق سانلارغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «- دىن //
- تىن» ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «- دا // - تا، - دە
// - تە»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەقسىم سان ياسالغان ھەمدە
سۈپەت ياكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە بېقىنىپ
كەلگەن. مەسىلەن،

ikidε biri bol ···        ئىككىدىن بىرى بول ···

6. ئۆملۈك سان. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۆملۈك
سان ساناق سانلارغا «- ئاغۇ»، «ئەگۈ»، «- ئەگۈن»

قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ياسالغان. مەسىلەن،

ikɛgy — ئىككەيلەن

ytʃɛgy~ytʃɛgyn — ئۈچەيلەن

tϕtɛgy — تۆتەيلەن

biʃɛgy — بەشەيلەن

ئۆملۈك سان جۈملىدە ئادەم سانىنى ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ چاغدا جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن،

ytʃgyn qabisib sylɛlim.

ئۈچەيلەن بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرايلى.

ikɛgy barŋlar. — ئىككىڭلار بېرىڭلار.

ئۆملۈك سان ئىسىمنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «- دا // - تا، - دە // - تە» بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن،

biz ikɛgydɛ... — ئىككىمىزدە

bu tϕrtɛgydɛ qajusi bolsar...

بۇ تۆتەيلەندىن قايسى بولسا ...

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سان كاتېگورىيىسى مۇستەقىل تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قۇرۇلما تىپلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، شۇ ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىققان. شۇڭا، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. ئۇ بىزنى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

# ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تىياتىرچىلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش

مۇھەممەت ئەيسا جامى①



بىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەتنىڭ تىياتىر سەنئىتى ئەڭ دەسلەپ يۇنان تراگېدىيىسى بىلەن يۇنان كومېدىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. كېيىنكى رىم تىياتىرچىلىقى، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى كلاسسىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزم تىياتىرچىلىقىمۇ ماھىيەتتە يۇنان تىياتىرچىلىقىدىن كەلگەن. شەرق تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق بىر قىسىم ئالىملارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىسى بۇ مەسىلىنى خېلى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەردى. پروفېسسور گىئورگى. گائايانىڭ 1952 ـ يىلى يازغان «قەدىمكى ئەرمىنىيە تىياتىرى» ناملىق ئىككى

---

① مۇھەممەت ئەيسا جامى: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

توملۇق ئەسىرى؛ جونتىرىنىڭ 1959 ـ يىلى يازغان «قەدىمكى دەۋردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان گىرۇزىيە تىياتىرى» ناملىق ئەسىرى؛ سەنئەت پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور مەمەتجان راخامنوپنىڭ 1975 ـ يىلى يازغان، ئۆزبېكلەرنىڭ قەدىمكى دەۋردىن XVIII ئەسىرگىچە بولغان تىياتىر تارىخىنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان «ئۆزبېك تىياتىرى» ناملىق ئەسىرى ··· قاتارلىقلار تىياتىر تارىخى تەتقىقاتىدىكى بەزى قاتمال نەزەرىيىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىنسانىيەت تىياتىر تارىخىنىڭ باشلانمىسىنى قەدىمكى يۇنان تىياتىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي قاراشنى يەنىمۇ ئىشەنچلىك دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى.

ئامېرىكا ئالىمى ۋېيسمانمۇ «يەتتە سۇ رايونىدىن تېپىلغان بىر كۇمۇش قۇتىنىڭ سىرتىغا كۆپتۈرمە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن نەقىشنىڭ يۇنانلىق ئىۋرىپىدنىڭ تراگېدىيىسىنى ئورۇنلاۋاتقان مەيداننىڭ كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى؛ ئىۋرىپىدنىڭ بىر يۈرۈش تراگېدىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن يەتتە سۇ رايونىدا كەڭ ئوينالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى»①. قاپارتما نەقىشلىك بۇنداق قۇتىغا يەنە قەدىمكى يۇنان تىياتىرلىرىدىن «مەجنۇن ھېركىل»، «بوسىئوس»، «ھېسلودوس» قاتارلىقلارنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىمۇ چۈشۈرۈلگەن. مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ياپونىيىگە چىققاندا يازغان «جاپاغان ئېلىگە زىيارەت» ناملىق زىيارەتنامىسىدە: «ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 مېتىر كېلىدىغان، ھېركىلنىڭ تىياتىر ئورۇنلاۋاتقان ھالەتتىكى مىستىن ياسالغان تەقلىدىي ھەيكىلىنى ياپونىيىنىڭ دۆلەتلىك مۇزېيىدا كۆرگەن»② لىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەندى.

قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى پىروتاكىنىڭ «يۇنان ۋە رىمدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 33 ـ

بۆلىكىدە پاتىرا دەۋرىدە پادىشاھ ھىرودوت Ⅱ نىڭ ئوردىسىدا ئۆزرىپىدىنىڭ «شاراپ خۇداسىنىڭ ئاشىقى» ناملىق تىياتىرىنىڭ سەھنىدە قويۇلغانلىقى، شۇ يەرلىك ياساڭ دېگەن كىشىنىڭ مەجنۇن ئاگاۋنىڭ رولىنى ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىدەك تىياتىر ئورۇنلانغان كۆرۈنۈشلەر نەقىشلەنگەن كۇمۇش قۇتىنىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان يەتتە سۇ رايونىدىن تېپىلىشى، «مەجنۇن ھېركىل» تىياتىرىدىكى ھېركىلنىڭ ھەيكىلىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ ياپونىيە دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى، يۇنان تىياتىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىلا ئەمەس، بەلكى يىراق شەرققىچە تارقىلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. پىروتاكىنىڭ «يۇنان ۋە رىمدىكى مەشھۇر كىشىلەر تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئۈچ مىڭ ئارتىسنى بىللە ئېلىپ كەلگەن»③ لىكى ھەققىدىكى بايانلارمۇ بىزنىڭ باشتىكى ھۆكۈمىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھىندى تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىۋاسىتە دەلىللەيدىغان ماتېرىياللار نىسبەتەن كەم. ئەمما ھىندى تىياتىرچىلىقىنىڭ مەنبىيى «ۋىدا دەۋرى» (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 500 ـ يىللارغىچە) دىن كېيىن پەيدا بولغان ئىككى چوڭ ئېپوس «ماخاپخاراتا» بىلەن «رامايانا» دىكى ھېكايىلەر ئاساسىدا ئېلىنغانلىقى، «بۇ ھېكايىلەر يالغۇز ھىندىستاندىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو، بىرما، تايلاند، مالايشىيا، ۋېيتنام، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەر تىياتىرچىلىقىنىڭ مەنبىيى بولۇپ قالغان، ھەتتا ياپونىيىگىمۇ تەسىر قىلغان»④ لىقى ھەققىدە خېلى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ھىندىستاندا ساكيامونىنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىنى ھېكايە قىلغان «بۇددا نومىنىڭ بارلىققا كېلىشى» ناملىق تىياتىرى بارلىققا كەلگەن بولسا، مىلادى Ⅱ - Ⅲ - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا «بۇتساتۋا» ناملىق يەنە بىر ئېپوس خاراكتېرلىك شېئىرىي دراما مەيدانغا چىققان. بۇ تىياتىرلار ئومۇمەن بۇددىزم ھېكايىلىرىنى، بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەشنى، ئۇنى تەشۋىق قىلىشنى، ساكيامونىغا سېغىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. ئۇيغۇر كلاسسىك تىياتىرچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولغان «مايترى سىمىت» مۇ بۇددا دىنىي تۈسى قويۇق بولغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ كەلگۈسى بۇرخان - ساكيامونىنىڭ ئون چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرى بولغان مايترىنىڭ، ئىلاھ ساكيامونى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئۇيغۇر كلاسسىك تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنى - پۈتكۈل جەنۇبىي ۋە شەرقىي ئاسىيا تىياتىرچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن بۇددىزم مەزمۇندىكى ھىندى تىياتىرچىلىقىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇنان ۋە ھىندى تىياتىرچىلىقىنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىغا بولغان تەسىرىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزى ئىلمىيلىق ئەمەس، ئەمما ئۇنى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي مەنبە قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھازىر يېڭىدىن تېپىلغان بەزى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار يۇنانلىقلار شاراب ۋە دېھقانچىلىق ئىلاھى دىئونسوسقا سېغىنىپ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ، ئەتىياز پەسلىدىكى ھوسۇل تىلەش بايرىمىدا ئېيتقان ناخشا ۋە قەسىدىلىرى ئاساسىدا گرېك تراگېدىيىلىرى شەكىللەنگەن زامانلاردىن خېلى بۇرۇنلا، غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۈزۈم شارابى ئىچىپ سى ياۋكىن ۋە سۇ ئىلاھى خوبىنى

تەبرىكلەيدىغان، قويۇق دراماتىك سۇژېتقا باي ئويۇنلارنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. گرېك تارىخچىسى ئائۇيرۇنمۇ ئۆزىنىڭ «ئالېكساندىرنىڭ يىراققا سەپەر قىلىشى» ناملىق ئەسىرىدە: «يۇنانلىقلار بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا، بۇندىكى يەرلىك خەلق گرېكلارنىڭ شاراب ئىلاھى بايرىمىغا ئوخشاش ئۈزۈم شارابى ئىچىشىپ، ئەلنەغمە تىياتىرىنى ئورۇنلىغان ئىدى»⑤ دەپ يازغان. گرېك تارىخچىلىرىنىڭ پىشۋاسى ھىرودوتمۇ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماساگىتلارنىڭ گۈلخان يېقىپ، ھەرخىل مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ شۆپەكلىرىنى ئوتقا تاشلاپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۇسسۇل، تىياتىر ئوينايدۇ»غانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، بولۇپمۇ تۇرپان، خوتەن، كۇچا، ئىلى قاتارلىق يەرلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل ھەرىكەتلىك رەسىم، ھەيكەللەر، قىياتاش رەسىملىرىدىكى ھەرىكەتلىك سۈرەتلەر، ئويما ياكى قاپارتما نەقىشلەر، مىڭ ئۆيلەردىكى بۇددىزم ھېكايىلىرىگە، بۇددىزم ئۇسسۇل، تىياتىرلىرىغا ئائىت سۈرەتلەرمۇ ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى ھەققىدە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تىياتىر ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت. شۇڭا ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەئىنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «چى قەبرىگاھلىقىنىڭ سالنامىسى»، «خەننامە: شەرقىي خەلقلەر تەزكىرىسى»، «موتيەنزى تەزكىرىسى» ۋە ئۇنىڭدىن

كېيىن يېزىلغان خېلى نوپۇزلۇق قامۇس ۋە كىتابلاردا، مىلادىيدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تۆت تەرەپ ياقا يۇرتلۇق خەلقلەر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ تەسىر قىلىشقا باشلىغانلىقى؛ چىن شىخۇاڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى دەۋردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى بىلەن شۇ چاغدا گەنسۇ رايونىدا ياشىغان ياۋچى، ئويسۇن قەبىلىلىرى جۇملىدىن شىمالىي خۇاڭخې ۋە ھازىرقى موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى دى، دىڭلىڭ ۋە ھونلارنىڭ زىچ ئالاقىدە بولۇپ، غەربىي رايوننىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، مۇزىكىلىرىنىڭ يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

جاڭ چيەننىڭ غەربىي خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرت (شىنجاڭ)، مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تېخىمۇ كۆپلەپ كىرگەنلىكى، بولۇپمۇ جاڭ چيەن شىنجاڭدىن يالغۇزەك (نەي)، بۇرغا ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى، «موقدۇر نەغمىسى» دېگەن كۈينى چاڭئەنگە ئۆزى ئېلىپ بارغانلىقى، خەن ۋۇدىنىڭ ھەربىي ئوركېستىردا بۇرغىدىن پايدىلانغانلىقى، ساۋساۋنىڭ ئوغانلارغا بارغاندا، ئۇيغۇر بالىمىنى ئىشلەتكەنلىكى، جاڭ چيەندىن كېيىن ئىچكىرى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۇچا چالغۇسى پىپا، بەرباپ قاتارلىقلارنىڭمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەنلىكى توغرىلىقمۇ ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بار. «سۇينامە: مۇزىكا تەزكىرىسى» دە يەنە ئەگرى بويۇنلۇق پىپا، غۇڭقانىڭ غەربىي دىياردىن چىققانلىقى، «ئاق قۇلان»، «خوتەن بۇغرا نەغمىسى»، «شادىيانە»، «باياشات» ··· قاتارلىق ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلارنىڭ غەربىي يۇرتلۇقلار (شىنجاڭلىقلار) نىڭ مۇزىكىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. مۇزىكا ئالىمى فارابىمۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا

توغرىلىق يازغان كىتابىدا سۇناي (sornay) ئاتالغۇسى بىلەن «ئۇد» مۇزىكىسىنى تىلغا ئالغان.

يۇقىرىقى تارىخىي مەلۇماتلاردىن غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپلا توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ساۋپۇلۇمىن، ساۋرىڭفۇ، ساۋمىياۋدا بىلەن ئەنەمورو، ئەنە ماجۇن قاتارلىق مۇزىكانتلارنىڭ بولغانلىقىنى؛ كۇچالىق مەشھۇر كۇيشۇناس، پىپا ماھىرى، ئاتاقلىق ناخشىچى سۇجۇپ، ماندا ئاقارى قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۇيشۇناسلىق سىستېمىسىنى مىلادىيە V ئەسىردىلا مەيدانغا چىقارغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا قابىلىيىتىنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «شىر ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «توخۇ ئۇسسۇلى» ... قاتارلىق تەقلىدى، نىقابلىق ئۇسسۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ئەجدادلىرىمىز ئاشۇ ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە توتېم قىلغان توتېمىزم ئىدېئولوگىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ دەسلەپتە كۆپ خۇدالىق دىنغا چوقۇنۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي تۇردە بىر خۇدالىق دىنغا چوقۇنۇشقا باشلىغان. شامان دىنى بىر خۇدالىق دىن سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بىرقەدەر بۇرۇن تارقالغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «پىرە ئۇسسۇلى»دا شامان دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مىلادىيە I ئەسىرلەر ئەتراپىدا بۇددا دىنى (شىنجاڭغا) كىرىشكە باشلىغان، شۇندىن تارتىپلا «ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا

بۇددىزم تۈسىنى ئالغان ناخشا ـ ئۇسسۇللار پەيدا بولغان، قەدىمكى كۇسەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، سولى (قەشقەر) ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، ئۇدۇن (خوتەن) ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، ئىۋىرغول ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى مۇشۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ»⑥. تاڭ ۋە سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ئالاھىدە گۈللىنىپ، تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى ئوردا ـ سارايلىرىدا كۆپلەپ ئوينالغان. شۇ چاغدىكى «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ‹جەڭگىۋار ھەيۋەتلىك ئۇسسۇللار›، ‹نەپىس، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللار›، ‹ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللار›، ‹تەقلىدى نىقابلىق ئۇسسۇللار›، ‹دىنى ئۇسسۇللار›، ‹چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار›، دەپ ئالتە تۈرگە بۆلۈنگەن»⑦. شۇ دەۋردە يەنە «ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ئەتلەس›، ‹قىيىققاش›، ‹تاش بالىق›، ‹ئىۋىرغول›، ‹ئۈچ كۆكتۈرك قوشىقى›، ‹قەشقەر تۈزى›، ‹بۇغار›، ‹كانىلسىران›، ‹بوستانگاھ›، ‹خوتەن بۇددا نەغمىسى›، ‹كىچىك ساما›، ‹كۇچا نەغمىسى›، ‹شادىيانە› قاتارلىق ئۇسسۇللۇق نەغمىلىرى»⑧ بولغان.

بىز ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ھەرىكىتىگە ئەڭ بۇرۇن تەقلىد قىلىنغىنى رىتىم، رىتىمدىن مۇزىكا، مۇزىكىدىن ناخشا، ناخشىدىن شېئىرىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شېئىرىيەت كېيىنچە ۋەقەلىك شېئىر، لىرىك شېئىرغا بۆلۈنگەن، ۋەقەلىك شېئىردىن ئېپوس، رومانلار، لىرىك شېئىردىن شېئىرىي درامىلار مەيدانغا كەلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، درامىنىڭ پەيدا بولۇشىدا شېئىر (ئەدەبىيات) مۇھىم رول ئوينىغان. تارىخنى ئاقتۇرۇپ قارىساق ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغا تۇتىشىدۇ. خەنزۇ تارىخى مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن — ھازىرغىچە

ئۇيغۇرلار ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرلار دەپ قارىلىۋاتقان «ھون قوشىقى»، «تۈلەس قوشىقى»، «تال سۇندۇرۇش قوشىقى»، «قالدىم ھەسرەت ئىچىدە»، «بەگ قۇلى بەگ ھەققىدە قوشاق»، «تۇرا قوشىقى» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ تارىخى مىلادىدىن ئاۋۋالقى خېلى ئۇزۇن دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. «خوتەن خانى سامىرانىڭ قىزى ساجۇغا ياتلىق قىلىنغان چاغدا ئاتىسىغا يېزىپ ئەۋەتكەن سېغىنىش شېئىرلىرى، تىبەت تىلىدا يېزىلغان (خوتەن خانلىقى تارىخى) دا كۆرسىتىلگەن خوتەن شائىرلىرىنىڭ باھار ھەققىدىكى شېئىرلىرى، كۇچادىن تېپىلغان شېئىرىي ھېكمەتلەرمۇ مىلادىيە I — II ئەسىرلەر ئەتراپىدىلا يېزىلىپ بولغان»⑨.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىباب سەنئەت ئىقتىدارىنىڭ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا يارىتىلىپ بولغانلىقىنى، تىياتىر ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئەدەبىيات ... قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردىكى ئاممىباب سەنئەت ئىقتىدارىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى تىياتىر ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكىگە ھازىرچە ئېنىق بىرنېمە دېيىش قىيىن، شۇنداقتىمۇ، نۆۋەتتە بۇ ھەقتىكى تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ 2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىلىق خېلى كۆپ ئىلمىي پاكىتلار بار. مەسىلەن، بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن غەربىي يۇرتقا كەلگەن جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ «ساياھەتنامە» سىدە: «غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز تىل - يېزىقلىرىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىگە خاس ئاھاڭ فورمۇلىلىرىغا ئىگە بولغان مۇزىكا، ئۇسسۇل،

تىياتىرچىلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن مول مىراسلارغا ئىگە»⑩ دەپ يازغان بولسا، «‹چى قەبرىگاھلىقى سالنامىسى›، دېگەن كىتابتا، ‹كېيىنكى خەننامە› دە ۋە ‹شەرقىي ياقا يۇرتلۇقلار تەزكىرىسى›، دېگەن كىتابلاردا، مىلادىدىن 2100 يىل بۇرۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، تۆت تەرەپتىن ياقا يۇرتلۇق خەلقلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇرغا، دۇمباق ۋە قوڭغۇراق ئېسىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش سەنئەت شەكلى، يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، قاشتېشى كارۋانلىرى ۋە ئات سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ...»⑪ توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئارخېئولوگ ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى قۇربان ۋەلى «بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭدا دراما ئوينىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ مىلادىيە IV ئەسىرگە كەلگەندە تازا ئەۋجىگە يەتكەن. ‹مايتىرسىمىت›، ئەنە شۇ زامانلاردا غەربىي يۇرت ‹شىنجاڭ›، سەھنىلىرىدە ئوينالغان مەشھۇر درامىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى، ئۇ دۇنيا دراما تارىخىدىكى بىر چوڭ نامايەندە، ئېلىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى دراما قوليازمىلىرى ئىچىدە، يىل دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان كۆپ كۆرۈنۈشلۈك سەھنە ئەسىرى»⑫ دەپ كۆرسەتكەن. تەتقىقاتچى گېڭ شىمىن ئەپەندى: «شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى قەدىمدىن تارتىپ يالغۇز ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، دېگەن نام بىلەن داڭلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ھەممىدىن بۇرۇن ئوينالغان تىياتىرلىرى بىلەنمۇ داڭلىقتۇر. تارىختا شىنجاڭ تىياتىرچىلىقى — ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ تىياتىرچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا نىسبەتەن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ توغرىلىق قەدىمكى ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىزنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ‹خەننامە: جاڭ چيەن

تەزكىرىسى› دە، خەن دەۋرىدىلا غەربىي يۇرتتا دراما بولغانلىقى تىلغا ئېلىنسا؛ ‹جىننامە لۇيگۇۋاڭ تەزكىرىسى› دە، ئەينى دەۋردە كۇسەندە ئاجايىپ - غارايىپ درامىلارنىڭ ئوينالغانلىقى سۆزلىنىدۇ» ⑬ دەپ يازغان. ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك تىياتىر تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ۋاڭ گوۋېي ئەپەندىمۇ خەنزۇ درامىلىرىنىڭ مەنبىيى ئۈستىدە توختالغاندا: «قەدىمدىن تارتىپلا قىزىقچى ئارتىسلار بولغان، ئەمما ناخشا - ئۇسسۇل ياكى دراما ئارقىلىق مەلۇم ۋەقە ۋە ئىشنى ئىپادىلەپ ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى ئويناپ چىقىش بولسا خەن سۇلالىسىدىن كېيىن باشلانغان. ناخشا - ئۇسسۇل ئارقىلىق بىرەر ۋەقەنى ئورۇنلاپ چىقىش، ئەڭ بۇرۇن شىمالىي چى سۇلالىسىدىن تارتىپ رەسمىي باشلىنىپ ۋېي، چى، جۇ سۇلالىلىرىغا تارقالغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەتلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سىڭىپ كىرگەنىدى. جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغاچقا كۇچا، ھىندىستان، سوغدى، بۇخارا قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكىلىرىمۇ جۇڭگوغا كىرگەن، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن باشلاپ تارقالغان كۇچا مۇزىكىلىرى تا ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي قوللىنىلماقتا. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرت دراما تىياتىرلىرىمۇ چالغۇلىرى بىلەن تەڭ كىرىپ كەلگەن. مەسىلەن، ‹كونا تاڭنامە مۇزىكا تەزكىرىسى› گە كىرگۈزۈلگەن درامىلار ئىچىدە ‹باتۇر› دېگەن دراما ئەڭ داڭلىق درامىدۇر. ‹مۇزىكا تەزكىرىسى› دە قەيت قىلىنىشىچە ‹باتۇر› درامىسى غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ھايات كەچۈرىدىغان خۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ ھايۋانلارنى ئوۋ قىلىش ھەرىكەتلىرى - ئۇسسۇل شەكلى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن» ⑭ دەپ يازغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدا، ۋاقىت

جەھەتتىن تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان، كۇسەن، قارا شەھەر تىلىدا ۋە سانسكرىت تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان بىر قىسىم دراممىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. بۇلار ئىچىدە «قەدىمىي كۇچا، قارا شەھەر تىلىغا مەنسۇپ بولغان دراممىلاردىن ‹مايترى سىمىت›، ‹نەندانىڭ سەپىرى›، ‹پادىشاھ ئارانىمى› توغرىسىدا يېزىلغان دراممىلارنىڭ پارچىلىرى؛ سانسكرىت تىلىدىكى دراممىلاردىن تۇرپاندا تېپىلغان - مامىڭ دېگەن كىشى يازغان 9 كۆرۈنۈشلۈك دراما ‹ساراپۇترا› قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى»⑮. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇچاغا يېقىن بىر جايدا تىياتىر قويۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئىككى دانە جەسەت كۆلى قۇتىسى تېپىلدى. بۇنىڭ بىرىنچى قۇتىسىنى ياپونىيىنىڭ داگۇ - شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906 - يىلى تاپقان. يەنە بىرىنى 1907 - يىلى فرانسىيىلىك پېللىئوت بىلەن ياپونىيىنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تاپقان. بىرىنچى قۇتىنىڭ ئۈستىدىكى رەسىمدە تىياتىردىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىياپەت تەسۋىرى بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ يۈزىدە نىقاب بار، كىيىۋالغان كىيىمىمۇ باشقىچە بولۇپ، بۇلار تىياتىر قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ (شيۇڭگۇجى دېگەن كىشى بۇ خىل ھالەتنى ياپونلىقلارنىڭ قەدىمكى تىياتىر ئۇسلۇبىغا ئوخشايدىغان دەپ قارىغان). ئىككىنچى قۇتىنىڭ ئۈستىدە تۆت ئادەمنىڭ رەسىمى بار، ئۇلارمۇ نىقاب تاقىۋالغان، كىيىۋالغان كىيىمى بەدىنىگە چىڭ كەلگەن بولۇپ، بىرىنچى قۇتىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ماتېرىياللارمۇ قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تىياتىردىن ئىبارەت بۇ ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

پروفېسسور تەتقىقاتچى مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمـ

مىن «شىمال ـ جەنۇب سۇلالىلەر دەۋرى (420 ـــ 581) دە غەربىي يۇرت تىياتىرلىرىنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر (550 ـــ 577) دەۋرىدىلا ‹بېلىق بىلەن ئەجدىھا›، ‹بۇغا قوشقان ئەۋلىيا ھارۋىسى›، ‹خەنجەر يۇتۇش›، ‹ئوت پۈركۈش› قاتارلىق تىياتىرلارنىڭ ئوينالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرسە؛ ‹ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تىياتىر تەزكىرىسى› ۋە دراماتورگ ئابلەت قېيۇمنىڭ ماقالىسىدە: «مىلادى 435 ـ يىلى كۈسەنلىك بۇددا ئالىمى كۇمراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خانىم يازغان ‹سۇمۇزا› ناملىق تۆت پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە سەھنىلەشتۈرۈلگەنلىكى» ⑯نى قەيت قىلىدۇ. مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇجىڭباۋ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە، غەربىي يۇرت مۇقاملىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «كۈسەن نەغمىلىرى» نىڭ شەرققە تارقىلىشى ھەققىدە توختىلىپ «ۋېينامە» نىڭ 95 ـ جىلدىدىكى «لۇيگۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلغان «خۇجيەن لۇيگۇاڭنى شىرمەت سانغۇنلۇققا تەيىنلىگەن، ئۇ يەتتە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغان ... لۇيگۇاڭ ئىككى مىڭ ياخشى تۆگە ئارقىلىق يات ئەللىنىڭ ھەر خىل زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن تىياتىر ئارتىسلىرىنى سەنئەتچىلىرىنى، مىڭ خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل ھايۋانلارنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئارغىماقنى ئېلىپ كەتكەن» ⑰ دېيىلگەن بۇ بىر ئابزاس نەقىل ئارقىلىق، شىنجاڭ تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەن. لۇيگۇاڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغان ۋاقتى شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 10 ـ يىلى، ئاۋۋالقى چىن دەۋرىدىكى فۇجيەننىڭ 21 ـ يىلى يەنى مىلادى 385 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن مىلادىيە Ⅳ ئەسىردىلا قەدىمىي كۈسەندە

مەخسۇس تىياتىر ئوينايدىغان كەسپىي تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى 982 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا: «ئوردىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى چېلىنىپ، زىياپەت باشلاندى، ئاندىن كومېدىيىلىك قىزىقچىلىقلار كۆرسىتىلدى، بۇ تاكى كەچقۇرۇنغىچە داۋام قىلىندى»⑱ دەپ بايان قىلىدۇ.

مانا بۇ تارىخىي پاكىتلاردىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا بىرقەدەر مۇقىم ھالەتتىكى دراما - تىياتىرلارنىڭ ئوينىلىشقا باشلانغانلىقىنى، بۇ خىل تىياتىرلار كېيىن بارغانچە گۈللىنىپ، يالغۇز غەربىي يۇرت ‹شىنجاڭ› تەۋەسىدىلا ئوينىلىپ قالماي، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغىمۇ تارقىلىپ، شىمال - جەنۇب سۇلالىلەر (420 — 581) دەۋرىدىكى شىمال دراملىرى ( 北曲 ) بىلەن جەنۇب تىياتىرى ( 南戏 )لىرىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى ۋە كېيىنكى سۈي - تاڭ دەۋرى (581 — 907) دىكى نەزمىلىك تىياتىر ( 词曲 ) بىلەن ئوردا تىياتىرلىرى ( 院本 )نىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇلار ئىچىدە يالغۇز «بېلىق بىلەن ئەجدىھا» ، «خەنجەر يۇتۇش» ... قا ئوخشاش كىچىك تىپتىكى سېھرىي خاراكتېرلىك تىياتىرلار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە سەنئەت قابىلىيىتىنى بەلگىلىك ۋەقە ئېگىزىدە، تاۋلانغان دىئالوگ شەكلى ئارقىلىق مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۇرگەن، مۇقىم پەردە - كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىلغان، ۋەقە، پېرسوناژلىرى بىرقەدەر تولۇق بولغان، ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن ئېنىق كۆرسىتىلگەن «مايترى سىمىت»قا ئوخشاش چوڭ تىپتىكى دراملارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋ ئالالايمىز.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان،

سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان دراما «ساراپوترا» (ساراپوترا ـ ساكيامونىنىڭ ئون چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى) خۇددى «مايترى سىمىت» قا ئوخشاشلا كۆپ كۆرۈنۈشلۈك، چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرىدۇر. بۇنىڭدا بۇددا دىنىنىڭ ئىككى چوڭ شاگىرتى ـ ماخاما ئورگاليانا بۇرخان بىلەن ساراپوترا بۇرخاننىڭ براھمان دىنىدىن ۋاز كېچىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر سۆزلەنگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك تىياتىرچىلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇش دائىرىسىنى كۆزەتكەندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇقتىن ـ قەبىلە، قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقى، قەبىلە ئىتتىپاقىدىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بېسىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي كۈرەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى ئىچىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ خېلى كۆپ سۆرەتلەنگەنلىكىنى؛ مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل ئۇرۇشلار ۋە فېئودالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقلار بىلەن، ئۇيغۇرلار ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دىنىي قاراشلارنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن مىلادىنىڭ باشلىرىغا تەۋە دەپ قارالغان ھەر خىل تىياتىر پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپتۈرمە نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن ساپال قاچىلار تېپىلدى، بۇلار ئىچىدە قوللىرىغا پىيالە تۇتقان ھالدا رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژلارمۇ، مايمۇن سىياقىدا ياسانغان ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىمۇ، ھەر خىل كومېدىيە ئارتىسلىرىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار ئىدى. سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقلىق خوتەن قەدىمىي ھۆججەتلىرى تەتقىقاتچىسى دىياكونوۋا بۇ سۈرەتلەر ھەققىدە توختىلىپ: «ئۈچىسىغا ھەييارلىق كومېدىيىسى ئۈچۈن ئالاھىدە تىكتۈرۈلگەن كىيىملەرنى كىيگەن، كەڭ ياقىلىق ئۇزۇن يەكتەككە كىچىك قوڭغۇراقلارنى ئېسىۋالغان، بېشىغا ئۇچلۇق تۇماق كىيگەن بۇ ئادەملەر، ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ»⑲ دەپ قارىغان. قۇربان ۋەلى نۇرغۇن تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ: «ئۇچلۇق تۇماق ـ شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىق كىيىلىپ كېلىۋاتقان باش كىيىم تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»⑳ دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان.

كۇشان خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان خاركا خارابىلىقى، بۇخاراغا يېقىن بولغان بەدەخشان قەدىمىي ئىزلىرى، سەمەرقەنتكە يېقىن بولغان ئافرا سىياپ سارىيى خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان تىياتىر ئارتىسلىرىنىڭ نىقابلىرى ۋە نىقابلىق ئارتىسلارنىڭ ھەيكىلى، قول تۇتۇشۇپ تۇرغان ئارتىسلارنىڭ نىقابى، بېشىغا ئۇچلۇق تۇماق كىيگەن ئارتىسلارنىڭ ئۆرە تۇرغان ھەيكىلى ... قاتارلىقلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر قەدىمكى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تېخىمۇ ئىشەنچلىك پاكىتلارنى تېپىپ چىقالايمىز.

مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان تىياتىر نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتاب «ئونەرەڭ» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ چاغلاردا ھىندىستاننىڭ تىياتىر تۈرى 10 خىلغا يەتكەن. ئۇلار ماتېرىيالنى كۆپىنچە قەدىمكى رىۋايەتلەردىن ئالغان. تىياتىردا پادىشاھ ۋە پەرىزاتلارنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئۇرۇش ۋە ئىشق ـ مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەن، بۇ تىياتىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى بەش پەردىدىن 10 پەردىگىچە بولغان پېرسوناژلىرى

2 ــ 3 كىچە بولغان، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يەتتىدىن ئېشىپ كەتمىگەن. ئەمما مىلادى Ⅶ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىياتىرى «مايترى سىمىت»تا بولسا 30 دىن ئارتۇق پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن. 27 كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان. پېرسوناژلارمۇ بۇددا دىنىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە تۇتاشقان، خۇدالار، ئەۋلىيالار، ئاددىملەردىن باشقا، يەنە يولۋاس، بۇغا ـ مارال، پىلدىن تارتىپ ھەر خىل قۇشلارغىچە؛ يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق ساھەلىرىگىچە تەسۋىرلەنگەن. سىلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق «مايترى سىمىت» يالغۇز ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ كۆپلىكى، رەڭدارلىقى، ئوبراز يارىتىش ماھارىتى ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى جەھەتتىنمۇ ئەينى دەۋردىكى ھىندى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىياتىرلىرى بىلەن ھۆسن تالىشالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتكەن.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

①②③⑤⑲ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىننىڭ «غەربىي دىيار تىياتىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبئى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، «تىياتىرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە غەربىي دىيار تىياتىرى تارىخى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

④ خې جۇدېڭفۇنىڭ «تىياتىر نەزەرىيىسى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن، جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑥⑦⑧⑨ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

⑩⑪ ئېلى ئېزىزنىڭ «شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىرچىلىق سەنئىتى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑫⑳ قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقچىلىقلىرىمىز» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

⑬⑭⑮ گېڭ شىمىننىڭ «‹مايتىرى سىمىت› ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، «جۇڭگو تىياتىرچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑯ ئابلەت قېييۇمنىڭ «جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئاقسۇ تىياتىر سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىغا قارالسۇن، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 6 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑰ جۇ جىڭباۋنىڭ «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، 91 ـ بەت ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑱ ئابدۇكېرىم راھماننىڭ «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىكى «ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

# ئابدۇللا ھاپىز ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە

ئەنەيتۇللا قۇربان*

## 1. ئابدۇللا ھاپىز ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى



ئابدۇللا ھاپىز 1875 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيار يۇزى يېزىسى قۇمۇل-لۇق مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، 1956 - يىلى 81 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ئاي، كۈن ۋە باشقا كونكرېت مەلۇ-ماتلار بىزگە تازا ئېنىق ئەمەس.

ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىل-غان تەتقىقاتلار ئابدۇللا ھاپىزنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىسىدە ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللاردىن تولۇق

* ئەنەيتۇللا قۇربان: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

ئابدۇللا ھاپىزنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ھاياتى ئۆز يېزىسىدا ۋە ئەتراپىدىكى يېزا - مەھەللىلەردە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش، مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن ئۆتتى. شۇ چاغدىلا زېرەك، خۇشچاقچاق ئابدۇللا خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر قىزىقچىلارغا، ھاپىز، مەدداھلارغا ھەمدە خەلق سەنئەتكارلىرىغا زور ئىشتىياق بىلەن مەپتۇن بولغانىدى. رىۋايەت - قىسسەلەر، شۇنداقلا مەشرەپلەردە يېقىملىق مۇزىكىلار ئىچىدە ئېيتىلىدىغان خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ خىل سەنئەتكە نىسبەتەن بالىلارچە قىزىقىش، بېرىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلغانىدى. خەلق سەنئىتىنى ئاسانلا ئېسىدە قالدۇرۇش، ئۇنى قايتىدىن ئىجرا قىلىش ماھارىتى ھەققىدە بۇ خىل سەنئەتنى ئىزچىل ئۆگىنىش، ئۇنى بىر كەسىپ قاتارىدا تۇتۇش ئارزۇسى ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىلا پەيدا بولغان. بۇ خىل ئارزۇ ئۇنى كېيىن مۇشۇ خىل كەسىپ يۆنىلىشىدە ئىزچىل ماڭغۇزدى.

ئۇ قوللانغان «قەلەم» تەخەللۇسىنىڭ ئېستېتىكىلىق مەنە قاتلىمىدا ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانتى، خەلقنىڭ «قەلەم»ى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەم مەنىۋى تارىخىنى يېزىش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش ئىستىكى ئاساسىي نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. «قەلەم» ھەققىدە شائىر غەزەللىرىنىڭ ئىككىنچىسىدە مۇنداق يازىدۇ:

كېچە - كۈندۈز يازغىلى مەقسەتنى خۇمارى قەلەم،
قانچە يازسام شۇنچە زىبا دەردى گۇفتارى قەلەم.
....................................
مەن خىيال قىلسام سېنى سەندەك چىرايلىق بولمىغاي،

ئۇچ ھەرپتىن* ئىبرەت ئالدىم مەن گىرىپتارى قەلەم.

«قاف» ـ قانائەت ئەيلىسەڭ، سىڭگەن توقاچىڭنى يىگىن،
بەك ئەجەپ راھەت ئىكەن، دەپ يازدى ھۇشيارى قەلەم.

«لام» كەبى ئەگرى بولۇپ كىرمە يامانلىق يولىغا،
«مىم» مۇرادىڭغا يېتەرسەن دەيدۇ گۇلزارى قەلەم.
شائىرى، ئۇشبۇ قەلەمنىڭ يولىدىن ئايرىلمىغىل،
توغرا يولغا سېنى باشلار ھەم مەدەتكارى قەلەم.

دېمەك، ئابدۇللا ھاپىز «قەلەم» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە مەدەنىيەت قاشاشلىقى، جاھالەتلىك ئاڭ ئىپادىلىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلىگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان «گۈدۈك» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئابدۇللا ھاپىزنى تونۇشتۇرغان قىسمىدا شائىرنىڭ دەۋرداشلىرىنىڭ ئەسلىمىسى، ئىسپاتى بېرىلگەن. غۇلجا شەھىرىدىكى ئابلىمىت مەخسۇم شائىر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللا ھاپىز غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندە كۆپ ۋاقتىنى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ بەزمىلىرىدە، ساراي ـ دەڭلەردە، يېزا ـ بازارلاردىكى چايخانىلاردا ئۆتكۈزەتتى ۋە شەھەر بايلىرىنىڭ، شەيخ ـ سوپىلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان شېئىرلارنى تۈزۈپ بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى؛ قىمارۋاز ـ لۈكچەك، بەڭگە، ھايانكەش ـ دەللاللار ھەققىدە ھەجۋىي قوشاقلارنى كۆپ يازاتتى، بىز دائىم

---

* ئۇچ ھەرپ ــــ «قلم» سۆزىدىكى «ق» (قاف)، «ل» (لام)، «م» (مىم).

ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خورام سۆھبەتلىشەتتۇق.» دېمەك، ئۇنىڭ قوشاقچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ھازىر جاۋاب، ھەجۋىي، ساتىرىك تۈس ئالغان ئىجادىيىتى دەسلەپتىلا رېئال مەسىلىلەرگە قارىتىلىپ، خەلقچىللىق روھقا ئىگە قىلىنغان.

ئۇنىڭ ھاياتى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش، ساۋاقداش ھەم ئۇنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆرگەن - ئاڭلىغانلارنىڭ ئىنكاسىچە، ئابدۇللا ھاپىز 25 ياش ئەتراپىدا يەنى 1900 - يىللاردا قوشاق ئوقۇش ۋە يېڭىلاپ تولۇقلاپ توقۇش، لەتىپە ئېيتىش، جەڭنامە - ھېكايەت سۆزلەش، شېئىر يېزىشتىن ئىبارەت ئەدەبىي ھاياتىنى باشلىغان. «ھاپىز» دېگەن نام ئۇنىڭ فامىلىسى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ خەلق سەنئەتكارلىق ماھارىتىگە ئاساسەن بەرگەن نام، يەنى ئەدەبىي تەخەللۇس. «ھاپىز» سۆزىنى خەلق «شائىر، بېيىت ئېيتقۇچى، ناخشا ئېيتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلغان.

ئابدۇللا ھاپىز مەدرىسىنى تاماملاپ چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن يېزىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بىراق كۆپ ۋاقتىنى سەيلە - ساياھەت، يۇرت ئارىلاش ئىشىغا بەردى. ئۇ، ئىلىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ئاساسلىق پائالىيىتى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش رېئاللىقى، ئۆرپ - ئادىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشۇش، خەلق سەنئەتكارلىرىدىن ماھارەت ئۆگىنىش، ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ھەر خىل ئەسەرلەرنى توپلاپ رەتلەش، ئۆگىنىش، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىگە بەدىئىي ئۈلگە قىلىش بولدى. رىۋايەت - ھېكايەت سۆزلەش، ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنى ھېكايەت قىلىپ بېرىش، جەمئىيەتتىكى يارىماس ئىللەتلەرنى ھازىر جاۋاب

ئىجادىيىتى بىلەن سۆكۈش، ساتىرىك قامچىلاش ھەم يۇمۇرىستىك تۇستە ئىپادىلەپ بېرىش تەرەپلىرىدە ئورتاق ئىلگىرىلىدى. بىز بۇ خىل ھالەتنى ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قوشاقلىرىدىن، چاقچاق - لەتىپىلىرىدىن، كېيىنكى ھەر خىل تېمىلاردىكى شېئىرلىرىدىن ھەمدە داستانىدىن ھېس قىلالايمىز. شائىر بىرقەدەر بۇرۇن يازغان «ئاقئۆستەڭ ھەققىدە»، «دېھقانلار ھەققىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى يازغان بولسا، «ئىلىم ئۆگىنىش ھەققىدە»، «نادان يىگىت» قاتارلىقلاردا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى. «شىكايەتلەر» ماۋزۇسىدىكى ئەسەرلىرىدە، يارىماس ئىللەتلەر، بولمىغۇر قىلىقلار، ئاجىز روھىي ھالەت ۋە زەئىپ، مىشچان پسىخىكىنى چوڭقۇر پاش قىلغان بولسا، «شەيخلەر ھەققىدە»، «تەمە ھەققىدە» قاتارلىقلاردا، ساتىرىك ئۇسلۇبتا دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۇزۇلغان روھىي قاتلىمىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەجۋىيلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «يېتىملار ھەققىدە»، «سائادەتخانىنىڭ زارى»دا، ئاپتور زۇلۇم - خورلۇق ئاستىدا يەنجىلگەن يۈرەكلەرنىڭ ھەسرەت - پىغانىنى چىنلىق بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

## 2. ئابدۇللا ھاپىز شېئىرىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول

ئابدۇللا ھاپىز 1900 - يىلى 25 يېشىدا ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلىغان. دەسلەپ قوشاقچىلىق شەكلىدە، كېيىن تەدرىجىي مۇنتىزىم شېئىر شەكىللىرىگە كۆچكەن ئىجادىيىتىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل بەھرلىرىدە يېزىلغان كلاسسىك شېئىرىيەت بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي

ئۆلگىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى.

ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «قەلەم ھەققىدە غەزەللەر» نامىدىكى قولىيازما توپلىمى 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجىدىن تېپىلدى. بۇ، شائىر ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ۋە ئۆزى قولىيازما توپلام قىلغان ئوخشاش مەزمۇندىكى ئۈچ نۇسخا توپلامنىڭ بىرى.

شائىر بۇ توپلامنى 1944 — 1948 ـ يىللار ئارىلىقىدا تۈزگەن بولۇپ، توپلامغا شائىر ئىجادىيىتىدىن باشلاپ تاكى 1948 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان ئەسەرلىرىدىن بىرقەدەر ئۆتۈقلۇق چىققانلىرىنى تاللاپ كىرگۈزگەن. قولىيازمىنىڭ 154 ـ، 155 ـ بەتلىرىدە توپلامنى تۈزۈش ھەققىدە ئۈچۈر قىستۇرغان «تارىخ بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىشىنچى يىلدا، يىل ئاراسى سەككىزىنچى ئاي كۈز ۋاقتىدا، يازغۇم كەلدى بۇ ئەدەبىياتنى* ئۈشبۇ ۋاقىتتا، كۆڭلۈمدىكى غەم ـ غۇسسىلەر بولسۇن ئادا.» بۇ ھەقتە، 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا سىستېمىلىق ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىلمىي خادىملارنىڭ ئەمگىكى ۋە شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېقىن دوستى ھەم شاگىرتى يۇقىرىقى كېپەكيۈزلۈك نىزامىدىن خۇرشىد، تۇرپانيۈزلۈك ئابدۇرەھمان قارى، شائىرنىڭ ساۋاقدىشى، شىرەم تۇغقىنى شەمى ئىمام، نىلقا مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ساپاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ئىسپاتى بىزنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شائىر ئەسەرلىرىنى ئۈچ نۇسخا توپلام قىلىپ مۇقاۋىلاپ، ئەسلى نۇسخىنى كېپەكيۈزىگە، كۆچۈرۈلگەن ئىككى نۇسخىنى تۇرپانيۈزى بىلەن خۇدىيارىيۈزىگە قالدۇرغان، بۇ ئىككى نۇسخا كېيىن شېئىر ھەۋەسكارلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. ئەسلىي نۇسخىنى نىزامىدىن

---

* ئەدەبىيات — بېيىتلار دېگەن مەنىدە.

خۇرشىد ئاكا ساقلىغان بولۇپ، 282 بەت، ساقلىنىپ قالغىنى 238 بەت. توپلام قۇمۇش قەلەم، قارا سىياھ بىلەن رۇس قەغىزىدىن ياسالغان دەپتەرلەرگە كۆچۈرۈلگەن. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكى ئىجادىيەتلىرى شەكىل جەھەتتە خەلق قوشاقچىلىقى تۈسىدە بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «قەلەم ھەققىدە غەزەللەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلار مەزمۇنىغا قاراپ ئىككى چوڭ باب، 42 پەسىلگە ئايرىپ جەملەنگەن. دېمەك، شائىر شېئىرلىرىنى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە، تېمىلارنىڭ خاراكتېر ئايرىمىسى جەھەتتە، يېزىلىش ۋاقىت ـ تەرتىپىگە قاراپ باب، بۆلۈملەرگە ئايرىغان، ئادەتتە، بىر خىل مەزمۇن، ئوخشاش تېماتىك قاتلامدىكى ياكى بىر خىل ئىدىيە سىستېمىسىدىكى، ئوخشاش ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى بىر «پەسىل» گە يىغىنچاقلىغان.

توپلامنىڭ ئالدىنقى «پەسىل» لىرى ئاقئۆستەڭ ھەققىدە، دېھقانلار، زىرائەت، دەل ـ دەرەخ، مېۋە ـ چېۋە، ئات ـ ئۇلاغ، غىزا ـ تاماقلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ۋە بايتوقاي، قاينۇق، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق يېزا ـ سەھرالار كۆرۈنۈشى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردا ئاپتور ئۆز يۇرتىغا، يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، تەبىئىي بايلىقى قاتارلىق جەھەتلەرنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ تارىخى، ھازىرى ھەققىدە چوڭقۇر كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي قىياپىتى ھەم تەقدىرى ھەققىدە كۆپ قىسىملىق بەدىئىي خاتىرە يېزىپ چىققان.

«ئاقئۆستەڭ» شېئىرىدا تۇرمۇش چىنلىقىنى بىرقەدەر تەپسىلىي گەۋدىلەندۇرۇش ئىستىلى بويىچە، غۇلجا ئاقئۆستەڭنىڭ تارىخى، ئۇنىڭ كەچۇرمىشلىرى، خاسىيىتى ۋە ئاقئۆستەڭ بويىدىكى تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى يورۇتقان.

كۆك بۇغداينى كۆكلەتكەن كارامەتلىك ئاقئۆستەڭ،
ئىلى ئاله خەلقىگە ساخاۋەتلىك ئاقئۆستەڭ.
......................................
چورۇق ھېكىم چاپقاندا، غەزىنىلەرنى ئاچقاندا،
كەتمەنچىنى قاخشاتقان تالاپەتلىك ئاقئۆستەڭ.
نەچچە ھېكىملەر ئۆتتى، نەچچە دوغىلار ئۆتتى،
نەچچە قىسما بەگ كەلدى سالاپەتلىك ئاقئۆستەڭ.
......................................
مىراب بەگلەر كەلگەندە، شاڭيۇ ئاتقا مىنگەندە،
كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن قاباھەتلىك ئاقئۆستەڭ!
......................................

ئاقئۆستەڭنى ئاللېگورىيىلەشتۇرۇش ئۇسۇلىدا جانلىق ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئارمانلىرىنى، شائىر نۇقتىئىنەزەرىنى قويۇق سىڭدۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ.

تويلامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «پەسىل» لىرىگە كاسىپلار، ئىلىم - پەن، مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەققىدىكى شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن. شائىر «ئىلىم ئۆگىنىش ھەققىدە» ناملىق شېئىرىدا:

كىرپىكىمدە كان قېزىپ مەن ئىلىمنى باش ئەيلىسەم،
شۇ ئىلىم رەشتىدە بىر ئاقىلنى يولداش ئەيلىسەم.

ئىككى ئالەم ئابرۇيى ئىلىمدىن ئارتۇق ئەمەس،
بۇ دىلىمنىڭ باغىغا ئىلىمنى سىرداش ئەيلىسەم.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئىلىم ـ پەننىڭ خاسىيىتى، قۇدرىتىنى، ئىلىم ئۆگىنىش پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتىگە قارىتا ئىلغار تونۇشنى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي ھالىتى ۋە تەقدىرىنى پەقەت مەرىپەت ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەن يولى نۇرلۇق يول، چىقىش يولى دېگەن چاقىرىقنى ياڭرىتىدۇ.

«شىكايەتلەر» چوڭ ماۋزۇسى ئاستىدىكى نۇرغۇن شېئىرلاردا ئاپتور جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسىپ، ساھە، ھەر خىل گۇرۇھ ـ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھاياتى، مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش زىددىيىتى جەريانىدىكى يارىماس ئىللەتلەر، چاكىنا روھىي ھالەتلەر ھەمدە شەخسىيەتچىلىك، نەيرەڭۋازلىق، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى كەسكىن پاش قىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇش ھەققىدە ھەم ساتىرىك نەزەر، ھەجۋىي خۇلاسە يۇرگۈزگەن ھەم دىداكتىك پوزىتسىيە، پەلسەپىۋى ئىبرەت سورىقىنى بەرگەن گەۋدىلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى «ھەركىم ئېيتۇر ئادەملەردە ئىنساپ يوق دەپ» دېگەن شېئىرىدا ئالدى بىلەن ئاپتور تۇرمۇشنى تۇرمۇش قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن بەدىئىي خۇلاسىلەپ مۇنداق سۇرەتلەپ بېرىدۇ:

ھەربىر كىشى ئۆز ئىشىغا پۇختا بولدى،
پۇلى بارلار كەمبەغەلگە نۇقتا سالدى.
بەزىلىرى قوي ـ بۆرىگە ئوخشاپ قالدى،
بىر جاڭگالدا بىللە ئوتلاپ يۈرەلەمدۇ؟

بەزىلەرنىڭ ئىنساپى يوق ئادەم ئۆزى،
گادايلارنى كۆرمەس ئەسلا باينىڭ كۆزى.
پۇلى يوقلار داۋا قىلسا ئاقماس سۆزى،
ھالىن ئېيتىپ شەرىئەتكە كىرەلەمدۇ؟

ئەرزىم بار دەپ شاگىۋۇلارغا بارسا پېقىر،
يۈز بېگى دەر: «سوراق ھەققىم دەرھال چىقار!
پۇل بولمىسا سورالمايدۇ دەۋا بىكار»
سوراق ھەققىن بېرىپ پېقىر چىدالامدۇ؟

بۇلاردا ئاپتور ئەينى دەۋردىكى ئەھۋالنى رېئالىستىك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ چوڭقۇر قازغان بولسا، داۋامىدا دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى، بۇزۇلغان كىشىلىك ئەخلاق، دىيانەت ۋە ساپانى كەسكىن پاش قىلىدۇ.

بۇغداي بەرسەڭ سەندىن ئارتۇق مۇسۇلمان يوق،
يوغان سەللە مويسىپىتنىڭ قورسىقى توق.
ئاچتىن ئۆلۈپ زار يىغلىسا چاتىقى يوق،
يالغان خوتۇن يالغان ئىمام يوقالامدۇ؟

ئاپئاق ساقال قېرىلارنىڭ ھاياسى يوق،
قارا ساقال ياشلىرىنىڭ ساپاسى يوق.
ساقىلى يوق ساقالنىڭ باھاسى يوق،
كېچە ـ كۈندۈز ئويۇن ـ كۈلكە تۈگىمەمدۇ؟

يۇقىرىقى ئىككى شېئىر جانلىق، ئوبرازلىق يېزىلغان. ئۇنىڭ «شەيخلەر ھەققىدە»، «تەمە ھەققىدە»، «ئەلۋىدا»

قاتارلىق شېئىرلىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ خەلقچىللىق مەيدانىنى ۋە ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرگەن، تراگېدىك تۈسى قويۇق ھەمدە ئىجتىمائىي مەنە قاتلىمى چوڭقۇر شېئىرى «يېتىملار ھەققىدە» بىلەن «سائادەتخانىنىڭ زارى» گەرچە بۇ شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگىنى يېتىملار ۋە نىكاھدىن بەختى كۆلمىگەن نامرات قىز بولسىمۇ، ئەمما بەدىئىي باغلانمىلىق، ئوبرازلىق ئىپادە، ئەسەردىكى خاھىش ئىزچىللىقى بىزگە بۇ شېئىرلارنىڭ شائىر ئىجادىيىتىدىكى خەلقچىللىق روھىنى، تراگېدىك تۈستىكى نادىر ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 3. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر

ئابدۇللا ھاپىز ئۆز ئىجادىيىتىنى كۆپ خىل بەدىئىي تۈرلەردە باشلاپ، رېئاللىقنى، تارىخنى، ۋەقەلەر ھەم رىۋايەت ـ قىسسەلەرنى قايتا، بىۋاستە ئوبرازلاشتۇرۇش ئىجادىيەت ئىستىلى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ تاكى داستان قەلەمگە ئېلىنغىچە بولغان قىرىق يىللىق ئىجادىي ھاياتى جەريانىدا نۇرغۇن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. نوقۇل خەلق سەنئەتكارى، ئەلنەغمىچى، مەھەللىۋى ھاپىزلىق دەرىجىسىدىن پۈتكۈل دەۋرنى، مىللەتنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرەلەيدىغان، شېئىرىي يول بىلەن بەدىئىي تارىخ قالدۇرالايدىغان، رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. مانا مۇشۇنداق ماھارەت ئاساسى «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىدىكى ئۆزگىچە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى شەكىللەندۈرەلىدى.

ئابدۇللا ھاپىز مىسىر تەۋەلىكىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان «يۈسۈپ - زىلەيخا» رىۋايىتى ھەققىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا داستان يېزىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا مۇھىم بەدىئىي نەمۇنىنى تىكلىدى. ئۇ، بۇ داستانىنى يېزىشتا ھەقىقەتەن ئىجادىي ئىزدەندى. قەدىمكىلەر ماڭغان ئەنئەنىۋى نەسرىي بايان، نەزمىي يېشىم قۇرۇلمىسىنى شۇ پېتى قوبۇل قىلماستىن، نەسرىي قىسمىنى بەدىئىي ئىخچاملاش، ئەزەلدىن بىر خىل قۇرۇلمىدا بېرىلىپ كەلگەن نەسىر ھېكايەت قىسمىنى نەزم شەكلىدە قىستۇرۇپ بېرىش، ئەنئەنىۋى نەزم ئىپادە قىسمىغا يەنە ئەسلىي ۋەقەلىك تەرەققىياتى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ شېئىرىي باھا بايانى، ھېس - تۇيغۇسىنى يانداشتۇرۇپ بېرىشتەك شەكلىنى ياراتتى. مەزمۇن جەھەتتە، داستاننى ئەسلىي رىۋايەت ھالىتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رېئاللىققا يېقىنلاشتۇردى. ئۇنىڭ زىددىيەت تەرەققىياتىدىكى تەپسىلاتلار، خاراكتېر ئۆزگىرىشى ۋە يېشىمىدىكى تراگېدىك تۈس، تراگېدىك ئاڭ ئىپادىسىنى شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمىغا، ئېستېتىك ئېڭىغا ۋە تەسەۋۋۇر مايىللىقىغا يېقىنلاشتۇردى.

داستاننىڭ ئاخىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، داستان 1939 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 25 - كۈنى (ھىجرىيە 1358 — 1359 - يىللار 1 - ئاي) يەكشەنبە غۇلجا شەھىرىدە يېزىپ تاماملانغان. بۇ دەل شائىرنىڭ 64 ياشقا توشقان ۋاقتى. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا 40 يىل ئەتراپىدا بولغان مەزگىل. دېمەك، ھەر تەرەپتىن پىشقان، يېتىلگەن مەزگىلى، شۇنداق بولغاچقا، ئەسەر مەيلى ئۇسلۇب، تىل، قۇرۇلما، مەيلى مەزمۇن، پىكىر، سۇژىت تەرەققىياتى، قاراتمىلىق جەھەتلەردىن بولسۇن ئومۇمەن ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارەتتە يېزىلغان. بۇ بەلكى، شائىرنىڭ

داستان ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئاپتور ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە، ئالدى بىلەن ئىخچام نەسرىي تاپشۇرما بېرىپ، ئاندىن ئىككى كۇبلېتلىق نەزمىدە ئۆزىنىڭ «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» داستانىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يەردىكى شېئىرىي پىكىردە، شائىرنىڭ ئىلغار رېئالىزم ئىجادىيەت پرىنسىپى، تارىخ بىلىمى، بەدىئىي ئىپادىلەش كامالىتى يەنى ئىستىلىستىكىلىق گىرەلەشتۈرمە ئىپادىلەش شەكلى تولۇق گەۋدىلەنگەن.

قېنى يۇسۇپ، قېنى ئانداغ زىلەيخا بى جاھان ئارا؟
قېنى مەجنۇن، قېنى لەيلى، قېنى ئەل ۋامۇتى ئۇزرا؟
نەگۇل قالدى جاھاندا، نە چىمەندە بۇلبۇلى شەيدا؟
كى غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئابدۇللا ۋاۋەيلا،
يۇسۇپ بىرلە زىلەيخا قىسسەسىن داستان قىلدى.

مۇقەددىمە ئورنىدىكى مۇشۇ ئىخچام بەدىئىي قۇرۇلمىدا شائىر كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلما تىپى، نەۋائىيچە ئوبرازلىق كارتىنا ھەم بەدىئىي بوشلۇق ئىچىگە ھازىرقى زامان ئېڭى، تراگېدىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرىدۇ.

دېمەك، ئابدۇللا ھاپىز ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدا بەرگەن ئىخچام، يىغىنچاق نەسرىي تاپشۇرما ھەم نەزمىي يېشىم ئارقىلىق كىتابخانلارغا داستاننىڭ مۇھىم مەنە قاتلىمىدىن بىشارەت بېرىدۇ. شۇنداقلا يېڭى ئۇسۇلدا، ئەركىن، جانلىق لىرىك ئىپادە شەكلىدە داستانچىلىقنىڭ يېڭى يولىنى ئاچىدۇ.

«يۈسۈپ - زىلەيخا» ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىلا مىسىردا كەڭ كۆلەمدە تارالغان چىن سۆيگۈ، ۋاپا، ئەقىدە تېمىسىدىكى زور ھەجىملىك، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىك ھەم تراگېدىك تۈسى قويۇپ رىۋايەت بولۇپ، رىۋايەتنىڭ قىسسەلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، شېئىرىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى ھەمدە ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ پسىخىك جەلپ قىلىش كۈچى ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېلىپ بارغان. ھەربىر دەۋردە ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىش قوشۇش ئارقىلىق ۋاھىز، ھاپىزلار قەلەمگە ئېلىپ كەلگەن. ھەرقايسى دەۋردىكى شائىر - يازغۇچىلار ئەسەرنىڭ ئاساسىي سۇژىتىنى، ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى، تراگېدىك توقۇنۇشلارنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا ئۆز رايونى، ئۆز دەۋرى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ بەلگىلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوشۇش، ئۆز خاھىشى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق يېزىپ كەلگەن.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ رىۋايەت ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن سۇغىرىلىش ئارقىلىق ئەرەب ئىسلام تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئاساسقا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى زىددىيەت، توقۇنۇش، چۈش، خاراكتېر ئۆزگىرىشلىرى ئىسلام ئەقىدىچىلىكى ۋە ئۆلچەملىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ رىۋايەتنىڭ دىنىي تۈسى، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەم - پرىنسىپلىرى ئاساسەن ئۆزگەرتىلمىگەن. پەقەتلا ئۆز تىل ئادىتىگە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئەلنەغمە - قىسسە شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ راۋاجلاندۇرۇلغان. مۇشۇ ئاساستا قەدىمدىن ئىجاد قىلىپ كەلگەن بۈيۈك داستانلىرى «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر -

زۆهرە»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مۇھەببەت، ۋاپا، چىن ئىنسان تۇيغۇسى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى يارىتىش تۇيغۇسى سىڭدۇرۇپ ئىپادىلەنگەن.

بۇ تۇشنى بۇ كېچە كۆردۇم ئاڭا ئەقلىمە ھەيراندۇر،
ئۇنىڭ تەبىرىگە يەتمەي ئەقىللەر لال ۋەيراندۇر.
ئەگەر لۇتىف ئەيلىسە ئاللا ئۆزى رېھمى رەھماندۇر،
ۋەگەر ئەدل ئەيلىسە ئاللا ھېكىمى ھۆكمى ئاساندۇر،
بىلەلمەم باشىمە ئەمدى نە كەلگەي ئۇشبۇ دەۋراندىن.

ئىسلام تۇسى قويۇق يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلاردىن باشقا بۇ داستان شۇ دەۋر پۇرىقى، دىنىي كەيپىيات، مىللىي پۇراققا تويۇنغان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭى بىر دەۋردىكى تەرەققىيات ئىپادىسىنى گەۋدىلەندۇرگەن. مەسىلەن، «ئاللا، خۇدا، تەخت، سۇلتان، باھارىم، ئىلاھىم، پەرۋەردىگارىم، چىراغ ...» دېگەندەك سۆزلەرنى، كۆپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئەسەرنى ئەرەب ـ پارس تىل شەكلىدىن ئىمكان بار ئايرىپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە يېقىنلاشتۇرغان. ئەسەرنىڭ ئالدىنقى مەزمۇن بۆلىكىدە پەيدا بولغان دراماتىك توقۇنۇشتىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇپكە بولغان قانماس مېھرىدىن، يۇسۇپنىڭ سۈپەت ـ كامالەتلىرىدىن، ئەلنىڭ ئالقىش ـ سادالىرىدىن ھەمدە ئەل سۆيگەن يۇسۇپنى قارا نىيەتنىڭ سىمالىرى بولغان ئاكىلىرىنىڭ دۈشمەن كۆرۈپ، ھالاكەت يولىغا باشلىغانلىقىدىن بىز ئاپتورنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر خىل بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئىككى خىل مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئەسەر ئابدۇللا ھاپىزنىڭ قەلىمىدە كۈچلۈك دراماتىك

خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان. شائىر بۇ يەردە ئەسەرنىڭ بەدىئىي راۋاجى ئۈچۈن، زىددىيەتنىڭ شاخلىنىشى ۋە كۇلمىناتسىيە باسقۇچى ئۈچۈن ئاساس سالغان. بولۇپمۇ بۇ بۆلەكتە بەدىئىي دىئالوگ شەكلىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئىككى خىل دىئالوگ شەكلىنى يېزىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىخچام، پۇختا ھەم جانلىقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

«دېدى: يەئقۇپ ئايا ئوغلۇم، ساڭا بۇ سىر ئايان ئولسۇن،
ئۈنىڭ تەئبىرىنى ئەيتاي ساڭا مەندىن بايان ئولسۇن،
بەقاسىز دۇنيادا بىرنەچچە كۈن جانىڭ ئامان ئولسۇن،
ساڭا ھەركىم يامانلىق ئويلىسا ئۆزى يامان ئولسۇن،
دۇئا گۇيلار دېگەي ھەردەم دائىم ئاماندۇر.»
«دېدى: يۇسۇپ جاۋاھىردىن ياسالغان تەخت كەلتۈردى،
ئەجەپ ئايدانى كەيۋانى مۇنەققەش كى ئاينە قويدى،
كۆتۈرۈپ كۆپ خالايىقلار مېنى تەختكە مىندۈردى،
ئۇشۇل بەختكە مىنمەككە مېنى ھەركىم راۋا كۆردى،
بىلەلمەسمەن ئايا ئىبنا مېنىڭ كۆڭلۈم پەرىشاندۇر.»

ئابدۇللا ھاپىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مىللىي شەكىللىرىدە تەڭ يېتىلگەن شائىر بولۇپ، داستاندا ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزات شەكىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، شۇنداقلا مۇشۇ خىل شەكىللەرنىڭ ھەر خىل بەھرلىرى بويىچە ئىجاد ئەتكەن. ئۇ، ھەر خىل شەكىل ۋە بەھر تۈرلىرىنى قوللىنىشتا پىكىر تەرەققىياتىنى، مەزمۇن ئۆزگىرىشىنى، ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى ۋە خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان.

يۇسۇپ دادىسىدىن مىڭ تەسلىكتە ئىجازەت ئېلىپ، ئاكىلىرى بىلەن بىللە سەيلىگە مېڭىشى بىلەن داستان ۋەقەلىكى

ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى باسقۇچىغا كىرىدۇ. يۇسۇپنىڭ ساددا، غۇبارسىز پەزىلىتى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ قارا نىيىتى، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى، ھەسەتخور، كۆرەلمەس خاراكتېرى ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇلار يولبويى يۇسۇپنى قىينايدۇ، ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ ئىدا - نالىسىگە قۇلاق سالمايدۇ. دادىسىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. ئاپتور بۇ يەردە، ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆرۈنۈشىنى خۇددى ھازىرقى زامان رېئاللىقىدىكى توقۇنۇشلارغا ئوخشاشلا جانلىق، تەپسىلىي سۈرەتلەيدۇ ھەمدە تىل، ھەرىكەت، زىددىيەت ھالىتىنى ئەسلىي رىۋايەت ھالىتىدىن ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، داستاننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە رېئال قىممىتىنى يەنى قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

ئومۇمەن، «يۇسۇپ - زىلەيخا» قىسسىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى زېمىنىدا ئىجادىي تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى دەۋردىكى نۇسخىلىرىدا شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، مەنىۋى كەيپىياتى ۋە يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي خاھىشى، ئېستېتىك ئېڭى ھەم ئىدىيىسى ئەسەرگە سىڭدۈرۈلدى. ئۇيغۇرلاردا ئۇيغۇر يازغۇچىسى، تارىخچى نەسىرىددىن رابغوزى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە بۇ داستاننىڭ چاغاتايچە نەسرىي ئۆرنىكىنى يېزىپ قالدۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ رىۋايەت ئۇيغۇر ھاپىزلىرى، مەدداھلىرى تەرىپىدىن خەلق داستانى شەكلىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا نەسىر، نەزمىي بايان ئۇسۇلىدا كېڭەيتىلدى. ئابدۇللا ھاپىزنىڭ بۇ ئەمگىكى قىسسە - رىۋايەتنى ئىجادىي داستان شەكلىگە كىرگۈزگەن ئىلمىي ئۆتۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇللا ھاپىز داستاننى «يۇسۇپ - زىلەيخا» رىۋايىتىگە، ھېكايەت - قىسسىلىرىگە ئاساسلىنىپ يازغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ھېس قىلىمىز:

غېرىپ ئابدۇللا يازدىڭسەن زىلەيخانىڭ مۇناجاتىن،
كىتابلاردا كۆرۈپ ئېردىڭ بۇلارنىڭ كۆپ ھېكاياتىن،
خۇدا قۇرئاندا ياد قىلدى قىسسەسىن ئەمسالى ئايەتىن،
خۇدا دەپ يىغلىسا ھەركىم قىلۇر مەقسۇدى ھاجەتىن،
تەلەپ بىرلە كېچە ـ كۈندۈز قولۇمغە مەن قەلەم تۇتتۇم.

داستاننىڭ ئىجادىي ئۇسلۇبى كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى چاغاتايچە يازما ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنى بىرلەشتۇرۇش؛ سۇژىتتىكى ئەسلىي رىۋايەت ھالىتىگە ھەم ئىسلام چۈشەنچىلىرىنى قوشۇش ھەم ئىجتىمائىي تۈس بېرىش؛ ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر ـ تەقدىرىنى ئەنئەنىۋى ھېكايەت شەكلىدە بايان قىلىش ھەم مەنتىقىي ئېچىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىش؛ داستان زىددىيىتىنىڭ ئەقىدىچىلىك، ھەمدۇسانلىق تۈسىگە تارىخىي ۋەقەلەر ئىزلىرىنى قوشۇش ھەمدە نوقۇل پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسە بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇش؛ خەلق چۈشىنەلەيدىغان تىل ھەم شەكىلدە، خەلق قىزىقىدىغان فورمىدا ئەسەرنى تاماملاش قاتارلىق تەرەپلەردىن بىز ئابدۇللا ھاپىزنىڭ بۇ داستاننى يېزىپ چىقىشتىكى ئىلمىي ئۇتۇقىنى، ئىجادىي ئەمگىكىنى تولۇق ئىگىلەش بىلەن بىرگە داستاننى نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن يازغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلەيمىز.

ئابدۇللا سەن يۇسۇپ بىرلەن بىر يەردە،
ھېچكىم نالە ئىشىتمەيدۇ بۇ يەردە،
ئېيتۇرمۇ سەن ئىشتكەنگە بىر پەردە،
ئۇلفەت بولدى ساڭا يۇسۇپ پەيغەمبەر.

قېرىغاندا بولۇپ شائىر بۇ ئابدۇللا يازار ئەمدى،
ئاجايىپ قىسسىلەر باردۇر بۇ ھېكمەتتە يازار ئەمدى،
فىراقى ھەسرىتى يەئقۇب يۇسۇپكە ئىنتىزار ئەمدى،
يېزىپمەن خەلقى ئالەمگە ئوقۇسۇن دەپ ھەزار ئەمدى،
بىلەلمەم ماڭا بۇ يولدىن ساۋاپدۇر يا ئازاب ئولدى.

داستان ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يازغان مۇشۇنداق خۇلاسە، كىرىشتۇرمە، تارىخ بىلەن رىېئاللىقنى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى، رىۋايەت ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى ئۇچراشتۇرۇش شەكلىدىكى شېئىرلار 80 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ ھال بىزگە شائىر داستانچىلىقىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى، قاراتمىلىقى ۋە تەسىر كۈچىنى تەبىئىي، بەدىئىي شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆرنىكىنى تىكلەپ بەرگەن.

داستاندا يەنە ئاپتور ھېكايەت - قىسسەنى بايان قىلىش، مەدداھلىق سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئەڭ يېقىن ئىزچىل مىسرا شېئىر قۇرۇلمىسىنى، تۇتاش قاپىيە، ئىچ قاپىيە قاتارلىق شەكىللەرنى مۇۋاپىق قوللىنىشتىن باشقا، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇخەممەس، غەزەل، مەسنىۋى، مۇسەددەس، مۇستەھزات شەكىللىرىنى ھەر خىل بەھرلەردە ئىجرا قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا داستان سۇژىتىنى، ئوي - پىكىر ھەم ھېسسىياتىنى جانلىق ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

دېمەك، ئابدۇللا ھاپىزنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەتلىنىپ «ھاپىز» دەپ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلۈپ تارقىلىشى ۋە مەشرەپ - سورۇنلاردا كەڭ نۇردە ئىجرا قىلىنىشى بەلكى شۇنىڭدىن بولغان بولسا كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «گۇدۇك» (ۋاپات بولغان بىر قىسىم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

2. نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى (4)» (ھازىرقى زامان قىسمى)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

3. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىن نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى.

4. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىئوملار توغرىسىدا

يارى ئەبەيدۇللا①



«ئىدىئوم» سۆزى تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق گرېك تىلىدىكى idioma دىن كىرگەن بولۇپ، «ئالاھىدە قىسقا بىرىكمىلەر (سۆز بىرىكمىسى)» دېگەن مەنە بىلدۈرەتتى، لېكىن ھازىر «قۇرۇلمىسى تۇراقلىشىپ بىر پۈتۈن كۆچمە مەنىدە كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا. دېمەك، تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ يەككە لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مۇئەييەن بىر كۆچمە مەنىنى (ئۇقۇمنى) بىلدۈرىدىغان، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى ئاساسەن تۇراقلاشقان لېكسىكىلىق بىرلىك «ئىدىئوم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى شۇ

---

① يارى ئەبەيدۇللا: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن.

ئىدىئومنى ھاسىل قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە مەنىلىرى ئاساسىدا ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈپ ئېلىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق يارىتىلغان بىر خىل يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «دىلى سۇ ئىچمەك» دېگەن ئىدىئوم رازى بولماق، قانائەتلەنمەك دېگەن مەنىنى، «بەل باغلىماق» دېگەن ئىدىئوم نىيەت قىلماق، ئىرادىگە كەلمەك دېگەن مەنىنى، «تاش يۈرەك» دېگەن ئىدىئوم شەپقەتسىز دېگەن مەنىنى، «قولى گۈل» دېگەن ئىدىئوم ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئۇستا دېگەن مەنىنى، «تۆتىنىڭ بىرى» دېگەن ئىدىئوم ئابرۇيلۇق دېگەن مەنىنى، «ئوقۇرى ئېگىز» دېگەن ئىدىئوم ھالى چوڭ، نەزىرى ئۈستۈن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ۋەھاكازا.

سۆز تىلدا ھەم لېكسىكىلىق بىرلىك ھەم گراممانىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىدىئوملارنىمۇ ھەم لېكسىكىلىق بىرلىك ھەم گراممانىكىلىق بىرلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، لېكسىكىلىق مەنە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىدىئوملار ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىدىئوملار سۆزگە ئوخشاش نام، خۇسۇسىيەت، ھەرىكەت، ھالەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ سۆز تۈركۈملۈك خاراكتېرىنى ئالغان، تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. سىنتاكسىسلىق رولى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىدىئوملار سۆزگە ئوخشاش جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. ئىدىئوملار يەنە تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مەلۇم سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا كېلىدىغانلىقى جەھەتتىن سۆز بىرىكمىسىگىمۇ ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئىدىئوملار ئۈستىدە توختالغاندا، مانا بۇ بىر قاتار تەرەپلەردىن ئەتراپلىق كۆزىتىش،

تەھلىل قىلىش كېرەك.

## 1. ئىدىئوملارنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

1. ئىدىئوملار لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە، تۇراقلىقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە. ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىئومنى ھاسىل قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر تەركىبىي قىسىملارنىڭ يەككە تۇرغاندىكى مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى شۇ ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە مەنىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بىر خىل كۆچمە مەنىدۇر. بۇ خىل كۆچمە مەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ياكى تونۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاغزىنى بۇزماق» دېگەن ئىدىئوم تىللىماق دېگەن مەنىنى، «تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن ئىدىئوم سىنىماق دېگەن مەنىنى، «ئالا كۆڭۈل» دېگەن ئىدىئوم ساداقەتسىز دېگەن مەنىنى، «تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك» دېگەن ئىدىئوم تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت دېگەن مەنىنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش. دېمەك، لېكسىكىلىق مەنە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئىدىئوملار بىلەن ئادەتتىكى سۆزلەر تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىدىئوملارنىڭ ئادەتتە لېكسىكولوگىيە دائىرىسىگە قويۇلۇشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىدىئوملارنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدۇ.

2. ئىدىئوملارنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان مەنىسى پەقەت مۇئەييەن كونتېكىستتا روشەنلىشىدۇ. كونتېكىست ئىدىئوملارنى ئىدىئوملۇق سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ

مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «تومۇرنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن بىرىكمە «تېۋىپ نېمەتنىڭ تومۇرنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ... ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ ـ دە: — بۇ ئوغۇلنىڭ كېسىلى ئىچىدە، — دەپتۇ» دېگەن كونتېكىستتا ئەركىن سۆز بىرىكمىسى سالاھىيىتى بىلەن تومۇرلىرىغا بارماقلىرىنى تەككۈزۈپ، يۈرەك ۋە قان ھەرىكىتىنى ئېنىقلىماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، «ئۇ ئاخىر بۇنىڭ تېگىگىمۇ يەتتى، بىر كۈنى ئاخشىمى، ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغدا ئۇيەر ـ بۇيەردىن گەپ ئېلىپ، خۇماخاننىڭ تومۇرنى تۇتۇپ بېقىپ، كىچىك ئاخۇنغا مەيلى بارلىقىنى بىلىۋالدى» دېگەن كونتېكىستتا پوزىتسىيىسىنى، رايىنى سىناپ كۆرمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، ئىدىئوملۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولغان.

3. ئىدىئوملاردىمۇ تۈس مەنە بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ خىل تۈس مەنىلەرمۇ تۇراقلاشقان، مۇقىملاشقان ھەم شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ تۈس مەنىسى ئوبرازلىق تۈس، ھېسسىي تۈس، ژانىر تۈسى، مىللىي تۈس، دىنىي تاس، يەرلىك تۈس قاتارلىق تۈسلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىدىئوملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈپ كېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھاسىل قىلىنغان بىر خىل ئوبرازلىق مەنىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماق» دېگەن ئىدىئومدىن مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوڭىيىشى ئۈچۈن قۇتراتقۇلۇق قىلماق دېگەن مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇش ھەققىدىكى ئوبرازمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «پۈتى كۆيگەن توخۇدەك» دېگەن ئىدىئومدىن بىر جايدا تۇرالماي تېپىرلاپ

كەتمەك دېگەن مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە توخۇنىڭ ئوتقا دەسسىۋالغاندىن كېيىنكى ھالىتى ھەققىدىكى ئوبرازىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلەنگەن.

ئىدىئوملار يەنە قويۇق ھېسسىي تۈس مەنىسىگە ئىگە. شۇ سەۋەبلىك بەزى ئىدىئوملار مەخسۇس ئىجابىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلسە، مەسىلەن، يۈرىكى ئويناپ كەتمەك، گۈلقەقەلىرى ئېچىلماق، قول قويماق، قورسىقى كەڭ، قولى گۈل، يىگىتنىڭ گۈلى دېگەندەك، يەنە بەزىلىرى مەخسۇس سەلبىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بېشىنى يېمەك، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماسلىق، چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك، ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشماق، ئىچى قوتۇر، قولى ئەگرى دېگەنگە ئوخشاش.

ئىدىئوملار ژانىر تۈسىگىمۇ ئىگە. دېمەكچىمىزكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىئوملىرى ئېغىز تىلى ژانىرى ۋە يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەت ژانىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. يېزىق تىلىنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكا ژانىرىدا كۆپ قوللىنىلمايدۇ. «ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرمەك، ھارۋىدا ئولتۇرۇپ توشقان ئوۋلىماق، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلماق، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزماق، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق، ئاغرىققا قاراپ دورا بەرمەك، يېشىل چىراغ يانماق» دېگەندەك تەرجىمە يولى ئارقىلىق كىرگەن بىر قىسىم ئىدىئوملار پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدا (ئەمەلىيەتتە، يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ سىياسىي ـ مۇھاكىمە ژانىرىدا) كۆپ قوللىنىلىدۇ.

ئىدىئوملار يەنە قويۇق مىللىي تۈس، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. ئىدىئوملارنى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بەزى ئىدىئوملار يەنە دىنىي تۈس ئالغان بولىدۇ.

مەسىلەن، «ئاچ كىرمەك، جىن چاپلىشىۋالماق، جىن تەگكەن، جىننى ئۇسسۇلغا سالماق، نان تۇتماق» دېگەندەك ئىدىئوملاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىغا خاس پۇراق ئىپادىلەنسە، «تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەسلىك، تاھارەتتىكە سۇ بەرمەك، ئۇ دۇنياغا كەتمەك، تەقدىرگە تەن بەرمەك، تەرىتى بوش» دېگەن ئىدىئوملاردىن ئىسلام دىنىغا خاس بىر خىل پۇراق ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە بەزى ئىدىئوملار يەرلىك تۈس ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، «بىر تېيىننىڭ ئۇستىدە تىك تۇرماق» دېگەن ئىدىئوم ئىلىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلسا، «بىر پۇڭنىڭ ئۇستىدە تىك تۇرماق» دېگەن ئىدىئوم جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

4. خۇددى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەردە دىئالېكت ـ شېۋىلەر ئارا پەرق بولغىنىدەك، ئىدىئوملاردىمۇ بۇ خىل پەرق بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل پەرق دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىدىكىدەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، مەسىلەن، «جاپاكەش، تەلەيسىز» مەنىسىدىكى «يىلىكى خور»، «مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلماق، ماغدۇرسىزلانماق» دېگەن مەنىدىكى «يىلىكى خورىماق» دېگەن ئىدىئوملار قەشقەر شېۋىسىدە؛ «نەس باسماق» دېگەن مەنىدىكى «ئەمگىكى قېيىشماق»، «قىلچە تەسىر قىلماسلىق» دېگەن مەنىدىكى «يۇمۇرىغا يۇقماسلىق» دېگەن ئىدىئوملار قۇمۇل شېۋىسىدە؛ «ھۆل خىشقا دەسسەتمەك» دېگەن مەنىدىكى «پاشنا قويماق»، «پىسەنت قىلماسلىق» دېگەن مەنىدىكى «بۇرنىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويماق» دېگەن ئىدىئوملار ئىلى شېۋىسىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

5. ئىدىئوملارنىمۇ لېكسىكا نۇقتىسىدىن مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر مەنىلىك ئىدىئوم، كۆپ مەنىلىك

ئىدىئوم، مەنىداش ئىدىئوملار، ئاھاڭداش ئىدىئوملار، قارشى مەنىلىك ئىدىئوملار دەپ تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) بىر مەنىلىك ئىدىئوم — يەككە بىرلا مەنە بىلدۈرىدىغان ئىدىئوملار بىر مەنىلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. بىر مەنىلىك ئىدىئوملار تىلىمىزدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، توخۇ يۈرەك، پۈتىغا ھۆل خىش قويماق، چىشىغا تەگمەك، پۈرچىقى پىشماسلىق، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك، قولى ئەگرى قاتارلىقلار.

(2) كۆپ مەنىلىك ئىدىئوملار — تىل تەرەققىياتى جەريانىدا مەنىسى كېڭىيىپ كۆپ مەنىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە بىلدۈرىدىغان ئىدىئوملار كۆپ مەنىلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، باش كۆتۈرمەك: ① ئۆرلىمەك، كۆتۈرۈلمەك؛ ② پەيدا بولماق، قايتا جانلانماق، تىرىلمەك؛ ③ قوزغالماق، قارشى چىقماق؛ ④ قەد كۆتۈرمەك؛ ⑤ داڭق چىقارماق. قولغا ئالماق: ① بىرەر ئىشقا كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق؛ ② ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش. ئادەتتە پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملاردا كۆپ مەنىلىكلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

(3) مەنىداش ئىدىئوملار — بەزى ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى باشقا بىر ئىدىئومنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش ياكى يېقىن بولىدۇ. بۇنداق ئىدىئوملار مەنىداش ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالماق» بىلەن «ئىچ - پەش تارتىشىپ قالماق»؛ «ئېغىزىنى ياغلىماق» بىلەن «ئارقا ئىشىك قىلماق»؛ «تېپىلماسنىڭ خورىمىسى» بىلەن «ئەنقانىڭ تۇخۇمى» ۋە «توخۇ سۈتى»؛ «ئىچى دەريا» بىلەن «قورسىقى كەڭ»؛ «توخۇ جىرىم غاجىلىغاندەك» بىلەن «مۈشۈك پىياز يېگەندەك» دېگەن ئىدىئوملار مەنىداش ئىدىئوملار ھېسابلىنىدۇ.

مەنداش ئىدىئوملارنىڭ ئۇقۇم مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكى، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ۋە تۇس مەنىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «يەر بىلەن يەكسان قىلماق»، «كۆلىنى كۆككە سورىۋەتمەك» دېگەن مەنداش ئىدىئوملاردىن «كۆلىنى كۆككە سورىۋەتمەك» دېگەن ئىدىئومنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق. «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»، «بۆرۈتىغا چاڭگا تىزماق» دېگەن ئىدىئوملار ئوخشاشلا «ئالدىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «بۆرۈتىغا چاڭگا تىزماق» دېگەن ئىدىئوم ئاساسەن كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارنى ئالدىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» دېگەن ئىدىئوم ھەممىگە ئورتاق قوللىنىلىدۇ. «ئالەمدىن ئۆتمەك، بېشىنى يېمەك» دېگەن ئىدىئوملار ئوخشاشلا «ئۆلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقىسى ئىجابىي ئوبيېكتقا، كېيىنكىسى سەلبىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىدۇ.

(4) ئاھاڭداش ئىدىئوملار — بەزى بىر مەنىلىك ئىدىئوملار مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە كۆپ مەنىلىك ئىدىئوم بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش كىشىلەر پەرق ئېتەلمىگىدەك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەن. بىز بۇنداق ئىدىئوملارنى ئاھاڭداش ئىدىئوم دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. مەسىلەن، كۆزگە قارىماق I : رايىغا باقماق، كۆزگە قارىماق II : ئېھتىيات قىلماق، كۆزگە قارىماق III : بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىشقا قىيماسلىق. ئاغزىغا قاراپ قالماق I : قىلىنىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە ھەيران قالماق. ئاغزىغا قاراپ قالماق II : بىراۋنىڭ يولىيورۇقى، مەسلىھەتىگە

قاراشلىق بولۇپ قالماق، دېگەندەك.

(5) بەزى ئىدىئومىلارنىڭ مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ. بۇنداق ئىدىئومىلار قارشى مەنىلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «دىلى يۇمشاق» بىلەن «باغرى ـ قاتتىق»، «بەل باغلىماق» بىلەن «بەل قويۇۋەتمەك»، «قولى قىسقا» بىلەن «قولى ئۇزۇن»، «بېلى چىڭ» بىلەن «بېلى بوش»، «كۆككە كۆتۈرمەك» بىلەن «يەرگە ئۇرماق»، «ئاغزى بوش» بىلەن «ئاغزى چىڭ»، «ئالا كۆچۈكلىرى كەلمەك» بىلەن «ئالا كۆچۈكلىرى كەتمەك» دېگەن ئىدىئومىلار قارشى مەنىلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئىدىئومىلارنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى

1. ئىدىئومىلار خۇددى سۆزگە ئوخشاش قۇرۇلما جەھەتتە تۇراقلىقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە. لېكىن، بۇ خىل تۇراقلىقلىق، مۇقىملىق ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۇراقلىقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا قارىغاندا نىسپىي بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

1) بىر قىسىم ئىدىئومىلارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەر بەزىدە قىسقارتىۋېتىلىسىمۇ لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئەسلىدىكى «يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپمەك، يوق يەردىن پۇتاق چىقارماق، بېشىدىن ياغاچ ئۇشۇتماق، ئادەمنىڭ جىنىنى چىقارماق، تاپان توزاق قورماق، ئالەم ـ مالەمنى بېشىغا كەيمەك» دېگەن ئىدىئومىلار بەزىدە ئىخچاملىنىپ «يارىغا تۇز سەپمەك، پۇتاق چىقارماق، ياغاچ ئۇشۇتماق، جىنىنى چىقارماق، توزاق قورماق، بېشىغا كەيمەك» دېگەن شەكىللەردە

قوللىنىلىدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

2) كونتېكستتا بىر قىسىم ئىدىئوملارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا بەزى سۆزلەر قوشۇپ ئىشلىتىلىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلەن:

(1) توختىئاخۇننىڭ ئاغزى ئەمدىلا ئاشقا تېگىۋېدى، ئارقا- ئارقىدىن كەلگەن بالا- قازا بىچارىنى يەنە ھالىدىن كەتكۈزدى.

(2) ئەلنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر چۈشەركىن ...

(3) ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىغا زادى ئارىلاشمايمەن، ئۆتكەندە ئارىلىشىپ بۇرنۇمغا خېلى سۇ كىردى.

مىسال (1) دىكى «ئېغىزى ئاشقا تەگمەك» دېگەن ئىدىئوم تەركىبىگە «ئەمدىلا»، مىسال (2) دىكى «بېشىغا كۈن چۈشمەك» دېگەن ئىدىئوم تەركىبىگە «يەنە نېمە»، مىسال (3) تىكى «بۇرنىغا سۇ كىرمەك» دېگەن ئىدىئوم تەركىبىگە «خېلى» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر يەتمىگەن.

3) كونتېكستتا بەزى ئىدىئوملارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ ئېيتىلىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۇراقلىقلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مەسىلەن:

(1) مۇبادا بىرەر قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، بېشىڭغا كۈن چۈشىدىكەن، سېنىڭ بېشىڭغا چۈشكەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەنگە ئوخشاش.

(2) دۈشمەننىڭ دوپپىمىزغا سالغان جىگدىسىنى «پۇف» دېمەي ھاپ ئېتىپ، كۆرگەن كۈنىمىز ئازمۇ؟

مىسال (1) دە «بېشىغا كۈن چۈشمەك» دېگەن ئىدىئوم تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان. مىسال (2)

ده «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»، «كۆن كۆرمەك» دېگەن ئىدىئوملارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئىدىئوملارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكى ۋە تۇراقلىقلىقىغا يەنىلا تەسىر يەتمىگەن.

ئىدىئوملارنىڭ قۇرۇلمىسى ئومۇمەن تۇراقلىق بولىدۇ دېگەندە، تۆۋەندىكى نۇقتىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

(1) ئىدىئوم تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئومۇمەن خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، ئىدىئوملۇق سالاھىيىتى ۋە ئىدىئوملۇق مەنىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەركىن سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» نى «جىگدىنى دوپپىسىغا سالماق» دەپ، «قورسىقىغا جىن كىرمەك» نى «جىن قورسىقىغا كىرمەك» دەپ، «ئىچىدە زەھەر قاينىماق» نى «زەھەر ئىچىدە قاينىماق» دەپ، «چۆچۈرىنى خام سانىماق» نى «خام چۆچۈرىنى سانىماق» دەپ، «شەيتانغا دەرس بەرمەك» نى «دەرسنى شەيتانغا بەرمەك» دەپ، «پۈتى كۆيگەن توخۇدەك» نى «توخۇنىڭ پۈتى كۆيگەندەك» دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

بەزىلەر: «ئۇلارنىڭ (ئىدىئوملارنىڭ) قىسمەنلىرىنىڭ تەركىبلىرىنى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ‹ئاچ كۆز› نى ‹كۆزى ئاچ›، ‹قاپاقباش› نى ‹بېشى قاپاق› دېيىش مۇمكىن» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان 11 ـ بەت) دەپ قارايدۇ. بۇنداق قارالسا، بۇ تۈردىكى ئىدىئوملارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇلمىسى تۇراقسىز بولىدۇ، دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بىزچە ئۇلارنىڭ تەركىبلىرىنى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلار شۇ ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىپ تۇراقلاشقان، بۇلار

قاتاردا يەنە «قارانىيەت» بىلەن «نىيىتى قارا»، «ئۇزۇن قۇلاق» بىلەن «قۇلىقى ئۇزۇن»، «يۇمشاق كۆڭۈل» بىلەن «كۆڭلى يۇمشاق»، «ئۇزۇن تۇمشۇق» بىلەن «تۇمشۇقى ئۇزۇن»، «تۇز كۆڭۈل» بىلەن «كۆڭلى تۇز»، «كەڭ قورساق» بىلەن «قورسىقى كەڭ»، «بىر تاغار» بىلەن «تاغاردا بىر» دېگەندەك نۇرغۇن ئىدىئوملارنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ تۈردىكى ئىدىئوملارنى ۋارىيانتلىق ئىدىئوملار دېگەن مۇۋاپىقراق.

(2) ئىدىئوم تەركىبىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى شۇ ئىدىئوم تەركىبىدە بولمىغان باشقا بىر سۆزگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، يەنىلا ئىدىئوملۇق سالاھىيىتىنى ۋە ئىدىئوملۇق مەنىسىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى بىرىكمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «ئارپىسىنى خام ئورىماق»نى «بۇغدىيىنى خام ئورىماق» ياكى «ئارپىسىنى پىشىرىپ ئورىماق» دەپ، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق»نى «بىر چالمىدا ئىككى قاغىنى سوقماق» دەپ، «چۆچۈرىنى خام سانىماق»نى «جۇۋاۋىنى خام سانىماق» دەپ، «يۇمىلاق تاۋۇز»نى «يۇمىلاق قوغۇن» ياكى «ئۇزۇنچاق تاۋۇز» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەمدى «قاپىقىدىن مۇز ياغماق» بىلەن «قاپىقىدىن توڭگۇز ياغماق»، «ئېغىزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك» بىلەن «ئېغىزى كېپىشتەك بولۇپ كەتمەك»، «گېپى ئۆتمەك» بىلەن «گېپى ئاقماق»، «بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالماق» بىلەن «بېشىنى قولتۇقىغا تىقىۋالماق»، «ئىچى زەھەر» بىلەن «ئىچى قوتۇر» دېگەندەك ئىدىئوملارغا كەلسەك، قارىماققا ئۇلاردا «مۇز»نىڭ ئورنىغا «توڭگۇز»، «يالاقتەك»نىڭ ئورنىغا «كېپىشتەك»، «ئۆتمەك»نىڭ ئورنىغا «ئاقماق»، «ئىچ»نىڭ ئورنىغا «قولتۇق»، «زەھەر»نىڭ ئورنىغا «قوتۇر» سۆزلىرى ئالماشقاندەك قىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تىلىمىزدا مەنە

جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا يۇقىرىقىدەك ئايرىم - ئايرىم ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىشتەك تىل ئادىتىگە ئىگە. شۇڭا، بۇ تۈردىكى ئىدىئوملارنى ۋارىيانتلىق ئىدىئوم دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق.

(3) ئىدىئوملارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەرنى شۇ سۆزنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا، يەنىلا ئىدىئوملۇق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى بىرىكمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك»نى «تۇخۇمدىن يۇڭ ئۈندۈرمەك» دەپ، «قولى ئەگرى»نى «قولى مايماق» دەپ، «قولى قىسقا»نى «قولى كالتە» دەپ، «دۆلەت قۇشى قونماق»نى «بايلىق قۇشى قونماق» دەپ، «قىلنىڭ ئۈستىدە تۇرماق»نى «يۇڭنىڭ (ياكى تۈكنىڭ) ئۈستىدە تۇرماق» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئەمدى «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» بىلەن «بۆكىگە جىگدە سالماق»، «بىر پۇڭنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق» بىلەن «بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق»، «يۈرىكى ئورنىغا چۈشمەك» بىلەن «يۈرىكى جايىغا چۈشمەك»، «بېشى كۆككە تاقاشماق» بىلەن «بېشى ئاسمانغا تاقاشماق»، «ساقىلىغا ياماشماق» بىلەن «ساقىلىغا ئېسىلماق»، «قۇيرۇقىنى خادا قىلماق» بىلەن «قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋالماق» دېگەندەك ئىدىئوملارغا كەلسەك، قارىماققا ئۇلاردا «دوپپا»نىڭ ئورنىغا «بۆك»، «پۇڭ»نىڭ ئورنىغا «تىيىن»، «ئورۇن»نىڭ ئورنىغا «جاي»، «كۆك»نىڭ ئورنىغا «ئاسمان»، «ياماشماق»نىڭ ئورنىغا «ئېسىلماق»، «خادا قىلماق»نىڭ ئورنىغا «دىڭگايتىۋالماق» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەر ئالماشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىپ تۇراقلاشقان.

2. ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە - خەۋەرلىك باغلىنىش،

تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىش ۋە ھالەتلىك باغلىنىش (سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ھالەتلىك باغلىنىش بۇنىڭ سىرتىدا) تىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن ئەركىن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈردىكى بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكىمۇ، تارايتىشقىمۇ بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىگە - خەۋەرلىك باغلىنىش، تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىش ۋە ھالەتلىك باغلىنىش (سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ھالەتلىك باغلىنىش بۇنىڭ سىرتىدا) تا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر قىسىم ئىدىئوملارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەكسىچە شۇ ئىدىئومنىڭ مەنىسى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى ئاشىدۇ. مەسىلەن:

(1) خۇماخانىنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى، ئۇ كىچىك ئاخۇنىنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى سىناپ بېقىشى، ناۋادا تەقدىر كېيىنچە شۇنداق بولۇپ قالسا، كىچىك ئاخۇنىنىڭ تومۇرى قانداقراق سوقىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى.

(2) — بىز ئۇ ساقچىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايمىز.

— ئەمىسە، ئاغزىنى تېزرەك تۇۋاقلاڭلار، ھازىرلا.

(3) روزىخان ... ئىچى سىيرىلغان ھالدا: سەن دوپپامغا يەنە جىگدە ساپسەن - دە، — دېدى.

(4) سىلەرنى ئاياشنىڭ يولى، ئەلۋەتتە، نەسىھەت قىلىشلا ئەمەس، بۇرنۇڭلارغا ئانچە - مۇنچە سۇ كىرگىنىمۇ تۈزۈك.

مىسال (1) دە ئىگە - خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى «تومۇرى سوقماق» دېگەن ئىدىئومنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «قانداقراق»، مىسال (2) دە تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىشتىكى «ئاغزىنى

تۇۋاقلىماق» دېگەن ئىدىئومنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «تېزرەك» ، مىسال (3) ، (4) لەردە ھالەتلىك باغلىنىشتىكى «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» ، «بۇرنىغا سۇ كىرمەك» دېگەن ئىدىئوملارنىڭ تەركىبلىرى ئارىسىغا «يەنە» ، «ئانچە ـ مۇنچە» دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان.

3. ئىدىئوملارنىڭ سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار ئومۇمەن جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. (ئىدىئوملارنىڭ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىشى ئۇلارنىڭ گرامماتىكىلىق تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شۇ مەزمۇنلارغا قالدۇرۇلدى).

4. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە بىر قىسىم سۈپەتلەرگە «ـ لىق // ـ لىك // ـ لۇق // ـ لۈك» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئىسىملاشتۇرغىلى بولغىنىدەك، بەزى سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوملارغا بۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئىسىملاشتۇرۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «توخۇ يۈرەك ← توخۇ يۈرەكلىك» ، «يۇمىلاق تاۋۇز ← يۇمىلاق تاۋۇزلۇق» ، «تۈز كۆڭۈل ← تۈز كۆڭۈللۈك» ، «ئاچ پاقا ← ئاچ پاقىلىق» ، «قولى قىسقا ← قولى قىسقىلىق» دېگەندەك.

بىر قىسىم ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىئوملارغا بەزى ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، بوينى قاتتىقلىق قىلماق، باغرى تاشلىق قىلماق، قولى قىسقا بولماق، ئەستەرلىك گەپ قىلماق، توققۇزى تەل بولماق قاتارلىقلار.

ئىدىئوملارنى گرامماتىكا نۇقتىسىدىنمۇ ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئىدىئوملارنى ئۇلارنىڭ گرامماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن، ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىئوم، سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوم، رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىئوم ۋە پېئىل

خاراكتېرلىك ئىدىئوم دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىئوم: ئىسىمنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى رولى ئىسىملارغا ئوخشاش بولغان ئىدىئوملار ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەستەرلىك گەپ، يۇمىلاق تاۋۇز، تۈيۈق يول، ئارقا ئىشىك دېگەندەك.

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىدىئوملار جۈملىدە ئىسىملارغا خاس تۈرلۈك گراماتىكىلىق شەكىللەردە كېلىپ، كۆپ ھاللاردا ئىگە، تولدۇرغۇچى، ھالەت ۋە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئورمىدىن كېيىنلا خامانىنىڭ باش بۈرنى سېنىڭ، تۆلىۋېتىمىز، ئازراق قەرز بەرگىن. (ئىگە)

(2) سىز بۇ قوش ئەستەرلىك گەپنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

(3) ئابلىكىم گەپنى تۈگىتىپ رومكىدىكى ھاراقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى ۋە گويا كۆكسى - قارنى بوشىغىدەك ئۇلۇغ بىر «ئۇف» تارتتى. (ھالەت)

(4) بۇ خۇنپەر بىلەن مەخسۇت بەگ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. (خەۋەر)

2. سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوم: سۈپەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى رولى سۈپەتكە ئوخشاش بولغان ئىدىئوملار سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، يېنى توم، ئوقۇرى ئېگىز، ئىچى قوتۇر، تەرىتى بوش، تۇخۇمى بۇزۇق، قولى ئەگرى، يۈزى تۆۋەن قاتارلىقلار.

سۈپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوملار سۈپەتلەرگە خاس قىسمەن تۈرلىنەلەيدۇ (مەسىلەن، قولى قىسقا ← قولى قىسقىرا، يۈزى تۆۋەن ← يۈزى تۆۋەنرەك ...)، ھەم سۈپەتلەردەك دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ، لېكىن رەۋىشلەر ئادەتتە

ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، دەرىجە رەۋىشلىرى بۇ تۈردىكى ئىدىئوملارنى ئېنىقلىغاندا، بەزىدە شۇ ئىدىئوملارنىڭ ئالدىغا بىرىكسە، يەنە بەزىدە شۇ ئىدىئوم تەركىبىدىكى سۆپەتكە بىۋاستە بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىچى قوتۇر ← ئىچى بەك قوتۇر ← بەك ئىچى قوتۇر.

قولى ئۇزۇن ← قولى خېلى ئۇزۇن ← خېلى قولى ئۇزۇن.

قورسىقى كەڭ ← قورسىقى ئىنتايىن كەڭ ← ئىنتايىن قورسىقى كەڭ.

سۆپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوملار جۈملىدە سۆپەتلەرگە ئوخشاش كۆپ ھاللاردا ئىسىملارنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى، پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۇ تىلى ھەسەل بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر ئادەم. (ئېنىقلىغۇچى)

(2) تىلى چۈچۈك بۇ قىز تۈردىغا بەكمۇ ياقاتتى. (ئېنىقلىغۇچى)

(3) ئىش بالدۇرراق تەكشۈرۈلسە بولاتتى، قاچانغىچە تىلىڭ تۇتۇق يۈرىسەن؟ (ھالەت)

(4) ئۇ يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، يۈرىكى پوك - پوك يۈرەتتى. (ھالەت)

سۆپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوملار ئىسىملاشقاندا جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) بۇ باغرى تاشلار سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. (ئىگە)

(2) بېلى بوشنىڭ گېپى بوش. (ئېنىقلىغۇچى)

(3) سەندەك تېگى پەسلەرگە مىڭ لەنەت. (ھالەت)

سۆپەتداش شەكلىدە تۈراقلاشقان ئىدىئوملارنىمۇ سۆپەت خاراكتېرلىك ئىدىئوم تۈرىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى

ئۇلارنىڭمۇ گراممانىكىلىق رولى، يەنى جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سوُيۇقئاش بارمىغان نېمىلەرنى، ... (ئىنىقلىغۇچى)

3. رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىئوم: جۈملىدىكى رولى رەۋىشلەرگە ئوخشاش بولغان ئىدىئوملار رەۋىش خاراكتېرلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ:

(1) رەۋىشداش شەكلىدە تۇراقلاشقان بىر قىسىم ئىدىئوملار. مەسىلەن، ئات يىلىدىن ئىشەك يىلىغىچە، تۇكۇرۇك يەرگە سىڭگۈچە، چۈشۈپ قالغان كەشىگە قارىماي، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ دېگەندەك.

(2) ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ئىدىئوملار. مەسىلەن، توخۇ قونداققا چىقماستا، قوُم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە، يەڭ ئىچىدە قاتارلىقلار.

(3) «ـ دەك // ـ تەك» قوشۇمچىسى بىلەن تۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ئىدىئوملار. مەسىلەن، ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئاغزىدا تۇغقاندەك، پايپاققا نال قاققاندەك، باپكارنىڭ موكىسىدەك، توخۇ جىرىم غاجىلىغاندەك قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى ئىدىئوملارنىڭ گراممانىكىلىق رولى، يەنى جۈملىدىكى ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار پېئىللارنى ئېنىقلاپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ھەممە ئىشلار يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېنىق بولدى.

(2) مەن ھازىرلا، تۇكۇرۇك يەرگە سىڭگۈچە كېلىمەن، — دەپ ئۇچقاندەك ئۆيدىن چىقتى ئالىم.

(3) 11 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا سىدىق ئاكا كارخانىنىڭ خوجىلىق خىزمەتلىرىنى پۇتى ـ پۇتىغا تەگمەي ئىشلەشكە

باشلىدى.

(4) سەن تېخى يەر خېتىنى قولۇڭغا ئالغىنىڭ بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ باقمىدىڭ، توخۇ قونداقتا چىقماستا ئىشىكنى تاقايسەن، كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگۈچە ئۆيدىن چىقمايسەن، قانداق تۇگىمىگەن ئۇيقۇ بۇ!

(5) پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ.

4. پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوم: پېئىلنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، جۈملىدىكى گرامماتىكىلىق رولى پېئىلغا ئوخشاش بولغان ئىدىئوملار پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماق، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك، ئاغزىنى تاتلىق قىلماق، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق قاتارلىقلار.

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملارنىڭ مەلۇم گراممatik شەكىلدىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرى، مەسىلەن، مەلۇم زاماندىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرى، بولۇشسىز شەكلىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىرى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمى پېئىللارغا خاس دەرىجە، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز، شەخس، سان، زامان، راي قاتارلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئومۇمەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) كىشىلەر مېنى ئۇلۇغ پادىشاھ دېيىشىدۇ، ماڭا باش قويۇشىدۇ. (ئۆملۈك دەرىجە، خەۋەر)

(2) قىسمەت چورۇق ئۆمرىدە بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكۈزگەنىدى. (مەجبۇرىي دەرىجە، خەۋەر)

(3) ئەمما ئۇمىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى. (بولۇشسىز، خەۋەر)

(4) كىم بىلسۇن، شۇنچە يۇگۇرۇپ، ئەمدى بىر تەرەپ بولىدىغان چاغدا ئىشىمىزغا چىۋىن چۈشتى. (ئۆتكەن زامان، خەۋەر)

(5) قانداق نىمە بۇ، باغدىن سورىسا، تاغدىن جاۋاب بىرىۋاتىدۇغۇ. (هازىرقى زامان، خەۋەر)

(6) ئايسە ئاپپا شامەخسۇتنىڭ گۈلقىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەستە تۇتۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولدى. (كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى، خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملار يەنە پېئىللارغا ئوخشاش شەخسسىز پېئىل (ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش) شەكلىدە كېلىپ، جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئالالايدۇ.

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملار ئىسىمداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) كوپىراتىپلار قوشۇلۇپ كەتسە سەمرىپ قالىمەن دەپ خام خىيال قىلما! باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەش — بۇ ئانچە ئابرۇيلۇق ئەمەس، بىلىپ قوي! (ئىگە)

(2) پاھ، چۆچۈرىنى خام ساناشنى كۆرۈڭ، — دېدى شائىر قەتئىيلىك بىلەن. (تولدۇرغۇچى)

(3) ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ياپونىيە جاهانگىرلىكى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئۈچۈن ئانتانتا تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. (هالەت)

(4) لۇتپۇللا چاقچاقتا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى - دە، مۇزىكانت كۈلكىگە زورلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن باشقا ئىلاج تاپالمىدى. (ئېنىقلىغۇچى)

(5) ئۇنىڭ مەقسىتى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش. (خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملار سۈپەتداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە پېئىللىق خۇسۇسىيىتى بىلەن خەۋەر، سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) بۇ مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن، سەن مېنىڭ گېپىمنى يىرما، ... (خەۋەر)

(2) ئەمدى بولار ئىش بولدى دېسەك ئىچىڭ ئېچىشىدۇ، دەسمايىمۇ غالتەككە چىققان، ... (خەۋەر)

(3) مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتكەن يېرىم يوق. (ئېنىقلىغۇچى)

(4) قىسقىسى، مەكتەپتىكى سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان ساۋاقداشلىرىمنىمۇ ئوقۇتالايتتى. (ئېنىقلىغۇچى)

سۈپەتداش شەكلىدە كەلگەن پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملار يەنە خۇددى سۈپەتلەردەك ئىسىملىشىپ، جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىدىمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) غەلىبە مېۋىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا چاڭگال سالىدىغانلار، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغانلار دەرھال ئۇلىشىپ كېتىدۇ. (ئىگە)

(2) قارىسىلاچۇ، ئۆزلەنى يۈزلىرىدىلا ماختاپ، پۇتلىرىغا ھۆل خىش قويۇۋاتقىنىنى. (تولدۇرغۇچى)

(3) بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە سەن نەدە ئىدىڭ؟ (ھالەت)

(4) كادىرلارنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېيىش — ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك. (خەۋەر)

پېئىل خاراكتېرلىك ئىدىئوملار رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئاساسەن ھالەت، بەزىدە خەۋەر (بېقىندىلىق

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) بىز بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، بىر – بىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى بىلىشىمىز. (ھالەت)

(2) سۇلتان ئەلىنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە غەزەپلەنگەن ھالدا گۈلشەن بىلەن خوشلاشتى. (بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى)

ئىككىنچىدىن، ئىدىئوملارنى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا ئاساسەن ئىگە – خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار، تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار، ئېنىقلىغۇچىلىق باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار، ھالەتلىك باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار ۋە تەڭداش باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئىگە – خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار: يۈرىكى چوڭ، قولى قىسقا، ئىچى زەھەر، دۈمبىقى يېرىلماق، ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالماق، جىن چاپلاشماق، تىلى تۇتۇلماق، ئاغزى تۈۋاقلانماق، پىچىقى كەسمەك، قۇيقا چېچى تىك تۇرماق قاتارلىقلار.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، ئادەتتە ئىدىئوملار بىر پۈتۈن ھالدا جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن ئىگە – خەۋەرلىك باغلىنىشتىكى ئىدىئوملارنى جۈملە ئىچىدە گراماتىكا نۇقتىسىدىن ئىگە، خەۋەر دەپ پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇ ئاھۇزار ئالدىدا يۈرىكىم سۇ بولدى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى «يۈرىكى سۇ بولماق» دېگەن ئىدىئومنىڭ «يۈرىكى» نى ئىگە، «سۇ بولماق» نى خەۋەر، «بۇ خوتۇننىڭ تىلى ھەجەپ زەھەر ئىكەن» دېگەن جۈملىدىكى «تىلى» نى ئىگە، «زەھەر» نى خەۋەر دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

(2) تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار:

تىرنىقنى تاتلىماق، كەشنى توغرىلىماق، قۇيرۇقىنى قىسماق، جۇۋسىنى تەتۈر كەيمەك، قورساق سوقۇشتۇرماق، قىلنى قىرىققا يارماق قاتارلىقلار.

(3) ئىنىقلىغۇچىلىق باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار: توخۇ يۈرەك، تۈلكە مىجەز، يۇمىلاق تاۋۇز، تۆتىنىڭ بىرى، يىگىتنىڭ گۈلى، تىپىلماسنىڭ خورمىسى، پەرىشتە سۈپەت، بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى قاتارلىقلار.

(4) ھالەتلىك باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار: ئارقىسىدىن غاجىماق، يىلتىزىدىن قۇرۇتماق، يارىسىغا تەگمەك، چويلىدا توختىماق، يولدىن چىقماق قاتارلىقلار.

(5) تەڭداش باغلىنىشتىكى ئىدىئوملار: قولغا قول، پۇتىغا پۇت بولماق؛ بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاقماق؛ بىر جان، بىر تەن بولماق؛ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ؛ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان؛ چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلماق قاتارلىقلار.

ئۈچىنچىدىن، ئىدىئوملارنى قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ ئاز كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئىدىئوم ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىدىئوم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

پەقەت بىرلا خىل باغلىنىشلىق ئىدىئوملار ئاددىي قۇرۇلمىلىق ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بېلى بوش (ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش)، كىگىز تاتىلىماق (تولدۇرغۇچىلىق باغلىنىش)، يېنىغا تارتماق (ھالەتلىك باغلىنىش)، ئەستەرلىك گەپ (ئېنىقلىغۇچىلىق باغلىنىش) قاتارلىقلار.

ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئىدىئوملار مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاغزى ئاشقا تەگمەك، ئاشقا چۈشمەك، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك، ئاسماندىكى غازنىڭ

شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك، ئارپىسىنى خام ئورىماق، قاسقانغا تىزغان مانتىدەك، بېشىدىن كىرگەن تۈتۈن مېڭىسىدىن چىقىپ كەتمەك دېگەندەك ئىدىئوملار مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئىدىئوم ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.

2. ئابدۇسالام ئاباس: «ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيەسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

3. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

4. غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

5. ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىئوملار توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 2 - سان.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پائۇزا قۇرۇلمىلىرى توغرىسىدا


## رەيھان ھوشۇر[1]




پائۇزا — (1) توختىماق، توختاپ قالماق؛ (2) تىنماق، دەم ئالماق، ھاردۇق ئالماق، تەنەپپۇس قىلماق؛ ئارىلىقتا ئارام ئالماق، ئارىلاپ دەم ئالماق؛ (3) توختاش بەلگىسى (نوتىدا) قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

پائۇزا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، مەزمۇنى، شۇنىڭدەك جانلىق تىلدىكى ئاھاڭ تەرتىپى، ئۇرغۇ، گراماتىكىلىق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ رولى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ياكى چۈشەندۈرۈشتە، جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ، ئاددىي جۈملە بىلەن مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ پەرقى ياكى چېكىنى ئايرىشتا ھەممە بىر قىسىم شەكىلداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە

---


① رەيھان ھوشۇر: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدىن.

قۇرۇلما تەھلىلىنىڭ مىزانلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخولوگىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىر پۈتۈن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاساسىي ۋاستە①. سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

سۆز، سۆز بىرىكمىسى (جۈملە تەركىبىدە) ياكى جۈملە جانلىق تىلدا بىر خىل تەلەپپۇز ياكى ئاھاڭ تەرتىپى بىلەن كىشىلەرنىڭ پىسخولوگىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى ناتايىن. ئەكسىچە بۇ خىل پىسخىك ئالاھىدىلىكنى پائۇزا ئارقىلىقلا بىرقەدەر ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى پائۇزا جەھەتتە ئۆزگىرىش بولىدىكەن، ئەسلىدىكى جۈملىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىسىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولۇشى چوقۇم. شۇنىڭدەك گىراماتىكىلىق ھەربىر تىنىش بەلگىلىرىمۇ مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتىكى توختاشقا (تىنىشقا) بېرىلگەن سىگنال. تىنىش بەلگىلىرى ئاغزاكى نۇتۇقتا ئىنتوناتسىيىنىڭ مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، گىراماتىكىلىق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ پائۇزا ئاساسىي ۋاستىدۇر.

پائۇزا سىنتاكسىسلىق فونېتىكىنىڭ ماھىيەتلىك ئامىلىدۇر. ئۇ ئۇرغۇ، سۆز گۇرۇپپىلىرى (سىنتاگما)، جۈملە، ئىبارە ۋە ئىبارىدىن سىرت بىرلىكلەرنىڭ چېكىنى ئايرىشتا ئىنتايىن ياخشى ۋاستە بولىدۇ. پائۇزىنىڭ تىل بىرلىكلىرىنى ئۇزۇتىغا تىزىلغان تەرتىپ بويىچە ئايرىپ چىقىرىش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پائۇزىنىڭ ئۆزى ئاجرىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ①.

پائۇزا پەيدا بولۇش ئورنىغا قاراپ ئىچكى پائۇزا (سۆز

---

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، (ماي باسما).

گۇرۇپپىلىرىنىڭ چېكى) ۋە تاشقى پائۇزا (جۈملىنىڭ چېكى) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن ئاخىرقىسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تىل بىرلىكلىرى ئارىسىدىكى پائۇزىغا نىسبەتەن ئىچكى پائۇزا بولىدۇ. تىل بىرلىكلىرى ئارىسىدىكى پائۇزىلار شۇنىڭ ئۈچۈن تىل بىرلىكلىرىنى ئايرىپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇكى، ئۇ يەنە نىسبەتەن چوڭراق تىل بىرلىكلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆز گۇرۇپپىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. نۇتۇقنىڭ ئۇزۇن بۆلىكىدىن كېيىن ئۇزۇن پائۇزا كەلسە، ئوتتۇرىدىكى ئاجرىلىش يەنىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئوزۇن پائۇزا — ئاجراشتۇرۇلغان مەنىلىك بۆلەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ بوشلۇقىنى، قىسقا پائۇزا — شۇنداق باغلىنىشنىڭ چىڭلىقىنى (زىچلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ئالامەت[1] .

پائۇزا مەنە جەھەتتىن نىسبەتەن مۇستەقىل بولغان تىل بىرلىكلىرىنىڭ چەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ تۈزۈلمە تەركىبىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ كۆپ خىل ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تىل ھادىسىسى ۋە سۆز گۇرۇپپىلىرىنىڭ بۆلۈنۈش بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پائۇزا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى سۆز گۇرۇپپىلىرىغا، سۆز گۇرۇپپىلىرىنى جۈملىلەرگە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش ياكى باغلىنىش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە باغلانغان بۆلەكلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق، سىمانتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق مەنىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

---

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (ماي باسما) .

پائۇزىلار قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە قاراپ گىراممانىكىلىق، لوگىلىكىق (مەنتىق) ۋە پسىخولوگىك پائۇزىلارغا بۆلۈنىدۇ. پائۇزىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرغۇ ۋە ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇرغۇسى

سۆز ئۇرغۇسى سۆزدىكى مەلۇم بوغۇمنىڭ باشقا بوغۇمغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلغانلىقى ھەمدە بوغۇم ياسىغۇچى سوزۇق تاۋۇشتا بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىرەر تاۋۇشنىڭ ئۇرغۇلۇق بولۇشى نۇتۇق ئورگانلىرى ھەرىكىتى ۋە نەپەسنىڭ چىقىش كۈچىگە، تاۋۇش بۆلەكلىرىنىڭ كۈچلۈك ۋە تېز ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان تاۋۇش ئارىلىقىنىڭ كېڭىيىشىگە باغلىقتۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئۇرغۇسى كۆپىنچە ئاخىرقى بوغۇمغا (ئاساسىي بوغۇمغا) چۈشىدۇ. سۆزلەر تۈرلەنگەندە بولسا، ئۇرغۇ كۆپىنچە سۆز ئاخىرىدىكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەرگە كۆچىدۇ.

لېكىن، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئۇرغۇسىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشىشى ۋە ئارقا قوشۇمچىلەرگە كۆچىشى مۇتلەق ئەمەس. بەزى قوشۇمچىلەردە سۆزلىگۈچى ئاساسىي مەنىنى شۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تۈپ سۆزدىكى ئايرىم بوغۇمنى تەكىتلەپ ئۇقتۇرغانلىقى ئۈچۈن تەكىتلەنگەن بوغۇمدا ئۇرغۇ بولۇپ، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى بولغان قوشۇمچىدە ئۇرغۇ بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

تىلىمىزدا ئۇرغۇنىڭ بەزى ھاللاردا ئالدىنقى بوغۇملارغا (بىرىنچى ياكى ئارىلىقتىكى بوغۇملارغا) چۈشۈش ھادىسىسىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما بۇ، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ قانۇنسىز

هالدا خالىغان بىر بوغۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس.

سۆز بىرىكمىلىرىدە، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر تاۋۇش جەھەتتە ئاساسەن فونېتىك ئۆزگىرىش قىلمايدۇ؛ ھەربىر سۆز ئۆز ئۇرغۇسىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆزلەردىن بىرى بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىنى ئەھمىيىتىگە قاراپ باشقىلىرىدىن كۈچلۈكرەك ياكى روشەنرەك تەلەپپۇز قىلىش بىلەن بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇرغۇسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. لېكىن سكز بىرىكمىلىرىدىمۇ ئۇرغۇنىڭ ئورنى تۇراقلىق ئەمەس. چۈنكى سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۇرغۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تەكىتلەپ كۆرسەتمەكچى بولغان ئاساسىي سۆزنىڭ ئۈستىگە كۆچىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇ ئورنىنىڭ ئالمىشىشى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردە روشەنرەك ئىپادىلىنىدۇ:

(1) تىلىمىزدا، بولۇپمۇ جانلىق تىلدا بەزىبىر ئۇزۇك فونېملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئۇرغۇنىڭ ئورنى ئالمىشىدۇ. چۈنكى ئۇزۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغاندا، قىسقارغان فونېمىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش ئەنە شۇ چۈشۈپ قالغان ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقى بوغۇمغا تەۋە بولغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۈچلۈكرەك ۋە سوزۇلۇپراق ئېيتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۇرغۇ تەبىئىي ھالدا ئالدىنقى بوغۇمغا يۆتكىلىپ، ئۇزۇك تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان باش بوغۇملار ئۇرغۇلۇق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن،

ئالسۇن — ئاسۇن، بارارمۇ — بارامۇ

كۆرگەن — كۆگەن، كەلگەن — كەگەن

بەردىم ـــ بەدىم، ئۆردۈم ئۆدۈم...

(2) ئالدىنقى بوغۇمى «ئا، ئې» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەردە ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئۇرغۇنى قوبۇل قىلىشى بىرقەدەر ئاكتىپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە، ماھىر، كائىنات، تاكى، زادى، ئېغىر، ئېغىش، سېسىق، قېلىن، ئېنىق ...

(3) قىسمەن شەكىلداش سۆزلەردە (مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا قاراپ) ھەمدە ئاشۇرما سۈپەتلەردە ئۇرغۇ باشتىكى بوغۇملارنىڭ بىرىگە كۆچىدۇ. مەسىلەن، ئالما، ئاچا، پاشا، ئاپئاق، قاپقارا، ...

(4) رەۋىشلەردە سۆز ئۇرغۇسى كۆپرەك ئالدىنقى بوغۇملارنىڭ بىرىگە چۈشىدۇ. مەسىلەن،

ھېلىمۇ، چاپسان، ئاقىلانە، زورغا، قەستەن.

(5) ئىملىقلاردا ئۇرغۇ ئاساسەن دەسلەپكى بوغۇمغا چۈشىدۇ. مەسىلەن:

يالت ـ يۇلت، غار ـ غۇر، ۋال ـ ۋۇل، شاق ـ شۇق، پاڭ ـ پۇڭ ...

(6) بىرىككەن بەزى سۆزلەردە ئۇرغۇ ئاساسەن ئالدىنقى بوغۇمغا قايتىدۇ. مەسىلەن،

باشچېچەك، تاشقورغان، ئاقساقال، تاشبۇلاق، ...

(7) چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەردە ئۇرغۇ ھامان ئالدىنقى بوغۇملارنىڭ بىرىگە چۈشىدۇ. مەسىلەن:

پەرتۇق، پېنسىلىن، تېلېۋىزىيە، كارىدور، گرادۇس، ...

(8) تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلاردا ئۇرغۇ ئومۇمەن باش بوغۇمغا چۈشىدۇ[1]، مەسىلەن، ئالتە، يەتتە، ئوتتۇز، ئون بەش، ئون بىر، ...

---

[1] «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 1 ـ قىسىم، لېكسىكا ۋە فونېتىكا، 367 ـ بەت.

(9) بىر قىسىم ئالماشلاردا ئۇرغۇ باش بوغۇمغا چۈشىدۇ.
مەسىلەن، قايسى، قانچە، نەچچە، ئاللىقاچان، …

يەنە بىر قىسىم مۇرەككەپ پېئىللاردا مەنتىقىي ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم ئادەتتە كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئۇرغۇ ئەنە شۇ كۈچ بىلەن ئېيتىلغان بوغۇمغا چۈشىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق بىر سۆز بىر ياكى بىرقانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. لېكىن شۇ سۆز تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئاھاڭدا تەلەپپۇز قىلىنىشى ناتايىن. يەنى شۇ سۆز تەركىبىدىكى مەلۇم بىر بوغۇم ئۇرغۇلۇق بولىدۇ. چۈنكى ھەربىر بوغۇمنىڭ ئايرىلىش چېگراسى ۋە مەركىزى بولىدۇ. بوغۇمنىڭ ئۇرغۇلۇق قىسمى بوغۇم مەركىزى دېيىلسە، بوغۇمنىڭ ئۇرغۇسىز ياكى تەلەپپۇزدا ئاجىزلاشقان قىسمى بوغۇم چېگراسى دېيىلىدۇ. ھەربىر بوغۇم ئايرىم - ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنىش ئارقىلىق (بەزىدە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ) ئۆز ئارا بىرىكىپ ئۇزۇتىغا سوزۇلغان دولقۇنلۇق (كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە) تاۋۇش ئاھاڭىغا ئېرىشىدۇ. ئۇرغۇ — بىر سۆزدە باشقىلىرىدىن كۈچلۈك ئاھاڭدا چىقىرىلغان بوغۇم ئۈستىدىكى بېسىمدۇر. ئۇرغۇ شۇ سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم مەركىزىگە خۇسۇسىي بىر شەكىلدە بېسىلىدۇ. نەتىجىدە بوغۇم مەركىزىگە بولغان بۇ خىل بېسىم بوغۇم مەركىزىنى باشقا بوغۇملاردىن كۈچلۈك بولغان بىر خىل ئاھاڭغا (ئاجرىلىشقا) ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ تاق بوغۇملۇق سۆزلەردە ئانچە روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. پەقەت ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆ لەردىلا بىرقەدەر روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كۆپىنچە باش ئۇرغۇ (ئۇرغۇ مەركىزى)، ياردەمچى

ئۆرغۇ (ئۆرغۇ چېكى) غا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ياردەمچى ئۆرغۇ پەقەت باش ئۆرغۇغا ماسلاشقان ھالدىلا ئىپادىلەنگەچكە، ئادەتتە ئۇنى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن، ئۆرغۇ دەرىجىسى (كۈچلۈك - ئاجىزلىقى) تۈرلۈك تىللاردا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۆرغۇ نۇقتىسىدىن مۇلايىم بىر تىل، يەنى ئۆرغۇلۇق ۋە ئۆرغۇسىز بوغۇملار ئوتتۇرىسىدا (پسىخولوگىك ۋە مەنتىق ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئالاھىدە چوڭ بىر كۈچ پەرقى يوق. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن يېنىك ئۆرغۇلۇق تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

## 2. جۈملە پائۇزىسى

جۈملە پائۇزىسى جۈملىدىكى ئوي - پىكىر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر سۆزنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭدا ئېيتىلىشىغا قارىتىلغان. چۈنكى بۇ خىل ئاھاڭ (پائۇزا) شۇ جۈملىنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە، مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەردە تىل بىرلىكىنىڭ تەلەپپۇز مەركىزى ئادەتتە ئەڭ ئاخىرقى سۆزنىڭ سۆز ئۆرغۇسىغا چۈشىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئۆرغۇنى جۈملە پائۇزىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

جۈملە بەلگىلىك ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان تىل بىرلىكى. مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھەرقانداق بىر جۈملە (كونكرېت تىل شارائىتىدا) بىر ياكى بىرقانچە سۆزدىن تەشكىل تېپىشى مۇمكىن. ئەمما شۇ جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزدە پەقەت بىرلا تەلەپپۇز مەركىزى بولىدۇ. بۇ خىل تەلەپپۇز مەركىزى جۈملە

قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزئارا بىرىكىپ، بىر پۈتۈن جۈملە گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىش ئارقىلىق، ئاساسلىق بىر ئۇرغۇ مەركىزىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. سۆز ئۇرغۇلىرىنىڭ جۈملىدە تەلەپپۇز جەھەتتىن تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولغاچقا، جۈملىنىڭ ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئاساسلىق ئۇرغۇ مەركىزى جۈملىنى تەشكىللىگۈچى باشقا سۆز ئۇرغۇلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ياكى جۈملىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئورۇن جەھەتتىن يۆتكىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا جۈملە پائۇزىسىنىڭ بۇ خىل تۇراقسىزلىقى ھەممە تۈرلۈك ئاھاڭدا، تۈرلۈك تەلەپپۇزدا ئېيتىلىشى، جۈملىنىڭ مەنتىق مەنىسى بىلەن پىسخىك مەزمۇنى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۈملىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

(1) گىراماتىكىلىق پائۇزا. ئاڭلىنىش جەريانىدا ئالاھىدە بىر ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل تەلەپپۇز نورمىسى ئەمەلىيەتتە گىراماتىكىلىق پائۇزىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرى، جۈملە بۆلەكلىرىگە سىنتاكسىسلىق تۈس بېرىدىغان ۋە مۇئەييەن تىنىش بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان پائۇزا؛ يەنە بىرى، گىراماتىكىلىق مەنىسى لوگىكىلىق پائۇزىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان پائۇزا.

(2) لوگىكىلىق پائۇزا. لوگىكىلىق پائۇزا - لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پائۇزىلارنى كۆرسىتىدۇ.

لوگىكىلىق پائوزا جۈملىنىڭ قۇرۇلما بىرلىكى بولۇپ، جۈملە بىلەن بىرلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. تەلەپپۇز مەركىزى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ياكى تەكىتلەپ كۆرسىتىش زۆرۈر تېپىلسا، لوگىكىلىق پائوزىغا مۇراجىئەت قىلىش، يەنى شۇ سۆزنىڭ ئۇرغۇ مەركىزىگە بولغان بېسىمىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇرغۇنى كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدۇ.

لوگىكىلىق پائوزا بىلەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇرغۇسى، ئاڭلىنىشى ۋە جۈملە تەركىبىدىكى تۇتقان ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ:

1) سۆز ئۇرغۇسى جۈملە تەركىبىدىكى بەلگىلىك مەنە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھەربىر سۆزدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لوگىكىلىق پائوزا بولسا، جۈملىدە ئىپادىلەش رولىغا قاراپ بەزىدە پەقەت بىرلا سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە ئۈستىگە چۈشىشى مۇمكىن. بەزىدە بىرقانچە سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشىشى مۇمكىن، بۇ ئاساسەن جۈملىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2) بەزىدە جۈملە قۇرۇلمىسىدا ئاساس بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەلۇم سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك تەكىتلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ ياكى كۈچەيتكۈچى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، ئادەتتە لوگىكىلىق پائوزا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

3) يەنە قىسمەن ھاللاردا مەلۇم ئوي - پىكىرنى بەزىبىر ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان جۈملىلەردە، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر پىكىرگە رەددىيە بېرىش ياكى تەنە قىلىش مۇددىئاسى بىلەن كەلگەن جۈملىلەردە لوگىكىلىق پائوزا

گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

(3) پسىخولوگىيىلىك پائۇزا. پسىخولوگىيىلىك پائۇزىنىڭ ۋەزىپە تۇرلىرى نىسبەتەن كۆپرەك. بۇنداق پائۇزىلار جۇملە تەركىبىگە تۇرلۇك قوشۇمچە ئاھاڭلارنى كىرگۈزىدۇ. ھەتتا كىشىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەت جەريانىدا گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق بىلدۇرمەكچى بولغان مەقسىتىنى پسىخولوگىك پائۇزا ئارقىلىق تەخمىنەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

پسىخولوگىك پائۇزا كۆپىنچە ئىستىلىستىكىلىق مەقسەتلەر ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ.

پسىخولوگىيىلىك پائۇزا بىلەن لوگىكىلىق پائۇزا ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇنىڭ تەلەپپۇز مەركىزىدىكى ئورنى ئاساسەن جۇملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ياكى جۇملىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىسى ئاساسىدىلا بەلگىلىنىدۇ. ئەمما پسىخولوگىيىلىك پائۇزا لوگىكىلىق پائۇزىغا قارىغاندا سۆزلىگۈچىنىڭ ئادەم ۋە نەرسىگە بولغان بىر خىل ھېسسىي تۇسىنى — مۇئەييەنلەشتۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا پسىخولوگىيىلىك پائۇزا بىر خىل كۇچەيتكۇچى تىل شەكلى ئۇرغۇسىدۇر. پسىخولوگىيىلىك پائۇزا جۇملە تەركىبىدە مۇئەييەنلەشتۇرۇش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1) مۇئەييەنلەشتۇرۇش ھالىتىنى ئىپادىلىگۇچى پسىخولوگىيىلىك پائۇزىدا (مەسىلەن، خۇشاللىنىش، قارشى ئېلىش، ماختاش، ...) ئۇرغۇ سوزۇلۇپ كۇچلۇك ئېيتىلغاچقا، جۇملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋە جۇملىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

2) ئىنكار ھالىتىنى ئىپادىلىگۇچى پسىخولوگىيىلىك

پائۇزىدا ئۇرغۇ سوزۇلماي، قاتتىق، جىددىي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ھەمدە جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى ئۈزۈك فونېمىلىرى تارتىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، جۈملە پائۇزىسى گرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق ۋە پسىخولوگىك پائۇزىلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، بىر گەۋدە بولغان ئاساستىلا ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرالايدۇ. شۇڭا بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ يەككە - يېگانە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. لوگىكىلىق پائۇزا جۈملە تەركىبىدىكى ئاساسلىق پائۇزا. گرامماتىكىلىق ۋە پسىخولوگىيىلىك پائۇزىلار بولسا، لوگىكىلىق پائۇزىدىن كېلىپ چىقىدىغان پائۇزىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچى يەنىلا ئۆز نۆۋىتىدە جۈملىگە ھېسسىي تۈس بېرىش، جۈملىگە تۈرلۈك ئاھاڭلارنى كىرگۈزۈش ۋە جۈملىنى مەنە جەھەتتىن روشەنلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، لوگىكىلىق پائۇزا چوقۇم جۈملە قۇرۇلمىسى ئىچىدە بولىدۇ. گرامماتىكىلىق پائۇزىنىڭ كېلىشى سىنتاكسىسلىق ئامىللارنى شەرت قىلىدۇ. پسىخولوگىيىلىك پائۇزا ھېسسىي خاراكتېرگە ئىگە[1].

## 3. ئىنتوناتسىيە

ئىنتوناتسىيە — ئۆزئارا ئالاقىلىشىش جەريانىدا چىققان ئاۋازنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، تېز - ئاستىلىقى، يەنى ئاھاڭ تەرتىپىدىكى تېپىك ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي يېزىق تىل ياكى نۇتقىمىزدا بەلگىلىك مەنە

---

[1] «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (ماي باسما).

بىلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن سىرت، پۈتۈن جۈملىدە يەنە دولقۇنلۇق (جاراڭلىق) ئاھاڭمۇ بولىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىسىدا، ئومۇمەن سۆز بىلەن سۆزنىڭ چېكىنى ئايرىش، نۇتقىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، جۈملىنىڭ راۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە توختاشقا (توختاش دەرىجىسى پەرقلىق بولىدۇ). بەزى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۇرغۇسىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى جۈملىلەردە تەلەپپۇز جەريانىدىكى ئاھاڭ بارا - بارا كۆتۈرۈلسە، بەزى جۈملىلەردە بارا - بارا تۆۋەنلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال جۈملىنىڭ بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىسى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، جۈملىدە مەنە ۋە ھېسسىياتنىڭ تەلەپپۇزغا سىڭىپ كىرىشى ئارقىلىق كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلۇق ئاھاڭ تەرتىپى ئىنتوناتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنتوناتسىيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى پەسىيىشى ئوي - پىكىرنىڭ ھېسسىياتلىق ياكى ھېسسىياتلىق بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، جۈملىدە ئىنتوناتسىيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ياكى چۈشۈشى ھەرگىزمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىنتوناتسىيە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىدۇ.

(1) توختاش. پىكىرلىشىش ۋاستىسى بولغان تىل ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە. بىرى جانلىق تىل، يەنە بىرى يېزىق تىلى. تىلنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلىنىڭ رولى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قوللىنىش شارائىتى ۋە دائىرىسى ئوخشىمايدۇ.

توختاش سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا توختىلىشنى ياكى سۆز ئېقىمىنىڭ ئارىلىقتىكى ئۈزۈلۈشىنى

كۆرسىتىدۇ. توختاش جانلىق تىلدا ئۇرغۇ ۋە ئىنتوناتسىيە ئاساسىدىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. يېزىق تىلدا بولسا، ئوي ـ پىكىر گراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، مەزمۇنىنى، شۇنىڭدەك جانلىق تىلدىكى ئىنتوناتسىيە، ئۇرغۇ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، ھەر خىل تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

جۈملە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇزۇن ـ قىسقا بولىدۇ. قىسقا جۈملىلەرنى بىراقلا ئوقۇپ تۈگىتىشكە بولىدۇ. ئۇزۇن جۈملىلەرنى بولسا، بەزىدە بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا توختاش يالغۇز ئاڭلىنىش جەريانىدا سۆزلىگۈچىنىڭ نەپەس ئېلىۋېلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوي ـ پىكىرنى، ھېسسىياتنى ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلمىنى توغرا، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈنمۇ مۇھىم ۋاستىدۇر.

توختاش جۈملە قۇرۇلمىسى، جۈملە ۋە جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، روشەن ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدىغان ئاساسىي بەلگە. چۈنكى توختاش جۈملىدىكى سۆزنىڭ ئىپادىلەش مەنىسىنى ئاساس قىلماي، خالىغان بىر بوغۇم ياكى سۆز ئۈستىگە چۈشىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىنتوناتسىيە ياكى ئاھاڭ رىتىمىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ، ياكى مەنە جەھەتتىن ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىلىرىنى (بولۇپمۇ قۇرۇلما جەھەتتىن) ئاساس قىلىپ، ئاندىن توختاش ئورنىنى بەلگىلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا توختاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىمۇ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن،

① تاغام توختاخۇن // سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

② تاغام // توختاخۇن سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

تىلىمىزدا جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى قىسقىراق توختىلىشتىن سىرت، ھەر خىل تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توختاش بولىدۇ. يەنى، پەشتىن كېيىن ئىككىنچى بىر سۆز باشلىنىش ئالدىدىكى توختاش؛ قوش چېكىت، چېكىتلىك پەش، سىزىقتىن كېيىن (ياكى ئالدىدا) توختاش؛ چېكىت، سوئال، ئۈندەش بەلگىلىرىدىن كېيىن توختاش ۋە باشقىلار.

توختاش دەرىجىسىدىن قارىغاندا، چېكىت، سوئال بەلگىسى ۋە ئۈندەش بەلگىسىدىن كېيىنكى توختاش چېكىتلىك پەش ۋە قوش چېكىتتىن كېيىنكى توختاشقا قارىغاندا ئۇزۇنراق؛ چېكىتلىك پەش ۋە قوش چېكىتتىن كېيىنكى توختاش پەشكە قارىغاندا ئۇزۇنراق؛ پەشتىن كېيىنكى توختاش يېرىم پەش ۋە سۆز ئارىلىقىدىكى ئورۇنلاردا توختاشقا قارىغاندا ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئابزاسلار ئارىلىقىدىكى توختاش بولسا، ھەربىر جۈملە ئارىلىقىدىكى توختاشقا قارىغاندا ئۇزۇنراق بولىدۇ. بۇ خىل توختاش ئۇيغۇر تىلىدا گراماتىكىلىق توختاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەلۇم بىر شەيئىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش، مەلۇم بىر سۆزنى ياكى مەلۇم بىر ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى بولمىغان بەزى ئورۇنلاردىمۇ نىسبەتەن ئۇزۇنراق توختاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل توختاش تەكىتلىمە توختاش دېيىلىدۇ.

(2) تەلەپپۇز (ئاھاڭ). تەلەپپۇز تاۋۇش ئېقىمىدىكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈشۈشىدىكى ئۆزگىرىشنى ياكى ئومۇمىي ئىنتوناتسىيە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاھاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈش - چۈشۈش (پەسىيىش) جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ئادەتتە ئىنتوناتسىيە مەركىزى ئارقىلىق

ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئىنتوناتسىيە مەركىزى جۈملىنىڭ تەلەپپۇز مەركىزىنى (جۈملىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى پائۇزا) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توختاش تەرتىپىدە (جۈملىنىڭ تەلەپپۇز رىتىمىدە) قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. جۈملىدە تەلەپپۇز، ئۇرغۇ مەركىزى ۋە توختاشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلار ئىنتوناتسىيىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەردە ئاڭلىنىش جەريانىدىكى تەلەپپۇز تەرتىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن.

① يۇقىرى ئاھاڭ: ئالدىدا پەسرەك، كېيىن تەدرىجىي كۆتۈرۈلىدۇ. تەلەپپۇزنىڭ بۇ خىل شەكلى ئومۇمەن پاقىرىق، رىغبەتلەندۈرۈش، قايتارما سوراق قاتارلىق جۈملىلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

② تۆۋەن ئاھاڭ: ئالدىدا يۇقىرى، كېيىن بارا - بارا تۆۋەنلەيدۇ. بۇ خىل شەكىل ئومۇمەن قەتئىيلىك، ئىشەنچ، ماختاش، تەبرىكلەش قاتارلىق جۈملىلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

③ تەكشى ئاھاڭ: تەلەپپۇزدىكى تەكشى، يۇمشاق ئېقىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئالاھىدە ھېسسىيات ئېلىپ كەلمىگەن ئەھۋالدا ئېچىنىش، قايغۇرۇش، ••• قاتارلىق قاراشلارنى ھەمدە ئوي - پىكىرنى ئادەتتىكىچە بىلدۈرۈپ كەلگەن بايان جۈملىلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

④ دولقۇنسىمان ئاھاڭ: تەلەپپۇزدىكى يۇقىرى - تۆۋەن دولقۇنسىمان ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىل كۆپىنچە ئەجەبلىنىش، كىنايە، ئارزۇ، ••• قاتارلىق ھېسسىياتلىق جۈملىلەردە ۋە لىرىكىلىق ئەسەرلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» (ماي باسما).
2. «نېمىسچە - خەنزۇچە لۇغەت» شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.
3. «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 1 -، 2 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.
4. تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.
5. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

# سېيىت ھاجىدىن نىياز ھېكىمبەگكىچە

ئابدۇللا مەتقۇربان[1]



سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەي قارا داغلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن مىللىي مۇناپىقلار، شۇنداقلا يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۇندىكى چاقماق»، «داغ» رومانلىرىدا يارىتىلغان مەڭگۈلۈك ئىبرەتلىك، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلاردۇر. نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگ يېغىلىقى دەۋرىدە خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغان. خەلقنى قان يىغلىتىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان شەخس. ئارىدىن بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ نىياز ھېكىمبەگ خوتەندە بىر ئىبرەتلىك شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. سېيىت ھاجى 1912 -

① ئابدۇللا مەتقۇربان: دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تالان ـ تاراج ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە دىنىي تون ۋە سودا ئاقساقىلى دېگەن يالغان نىقابقا ئورۇنۇپ بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، داغدۇغىسى بېيجىڭ ۋە ياۋروپادىكى پېتېربورگقىچە يېتىپ بارغان «چىرىيە ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «داغ» ۋە «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنى باش قەھرىمان قىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ رەزىل ھىيلە ـ مىكىر بىلەنلا خاراكتېرلىنىدىغان ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىغا ئىبرەت قىلماقچى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن رومانلاردا سەلبىي تىپلارنىمۇ باش قەھرىمان قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىناق قىلىپ، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئورنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشقان. يازغۇچىمىزنىڭ بۇ ئىككى پارچە تارىخىي رومانىدا يورۇتقان ئىدىيىسى خەلقىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان ۋە قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا، سېيىت ھاجى ئۆزىنى نىقابلاپ، چىرىيىگە كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك فېئودال بەگ ئابلىز قارىي بىلەن بىرلىشىپ، ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ نادانلىقى، دىنىي مايىللىقى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالداپ ۋە قورقۇتۇپ، زوراۋانلىق ۋە ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ئىچكى جۇڭگودا مەنچىڭ ئىستىبداتى ئاغدۇرۇلغان، يېڭىدىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى تېخى ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈەن شىكەي دىپلوماتىيە

جەھەتتە ساتقۇنلۇق سىياسىتى يۈرگۈزگەن ئاشۇنداق پەۋقۇلئاددە پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خەلقىمىزنى باش پاناھسىز قالدى دەپ بىلجىرلايدۇ، ئۆزىنى يېڭى باش پاناھ قىلىپ كۆرسىتىپ، «ئاقپاشا» نىڭ پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىدۇ، كەڭ كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ، پۇقرالارغا بولغان ئالۋان ـ ھاشارنىڭ تۈرىنى كەپەيتىدۇ، قان تۆكۈپ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ بۇنداق زومىگەرلىكىگە چىدىمىغان يەرلىك خەلق مىراب بېگى سوپۇرگە ئاخۇن پاسىبانلىقىدا قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، سېيىت ھاجىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خەلق ئالدىدا ئاشكارىلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاپتور «نادان پۇقرالاردىكى نادانلىق تۇپەيلىدىن تۇغۇلغان ۋەتەن قىممىتىنى كەم ساناش، مىللەت غۇرۇرى دېگەن قىممەتلىك نەرسىگە سەل قاراش، ئۆز قەدرىنى چۈشەنمەسلىك» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، كىتابخانلارغا ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش، تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تەربىيىسى بېرىدۇ.

«داغ» رومانىدا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئامىتى قاچقان ياقۇپبەگ شىنجاڭغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ، تارىختىن بۇيان تالاي قېتىم خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان بۇ مۇقەددەس زېمىننى يەنە بىر قېتىم قانغا بويايدۇ. بىر خوتەننىڭ ئۆزىدىلا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، «ھاجى پادىشاھ» ھەبىبۇللاخان ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەركانلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، خوتەن خەلقى تامامەن تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خوتەن زېمىنىغا باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە پادىشاھ ھەبىبۇللاخاننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن ئاۋامدىن 40 مىڭ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاخىرىدا قانغا بويالغان بۇ زېمىنغا ئىشىكئاغىسى نىيازنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ قويۇپ كېتىدۇ.

نىياز خوتەندە ھاكىمبەگ بولغان 10 نەچچە يىلدا خەلققە قاراتقان ئالۋان ـ ياساق، زۇلۇم ـ ستەم ۋە قىرغىنچىلىقتا ئۆزىنىڭ ھەرقانداق خوجايىنىنى بېسىپ چۈشىدۇ. كېيىنچە، ياقۇپبەگ تەختىنىڭ غۇلاپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان نىياز يەنە بىر قېتىم خوجايىن ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە، ئىچكى جۇڭگودىن كەلگەن زوزۇڭتاڭ، ليۇجىڭتاڭ چېرىكلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىدۇ، ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىسىنى بۇلاپ ھوشۇربەگنى قاچۇرۇۋېتىدۇ، كورلىغا كېلىپ، ياقۇپبەگنى ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىدۇ، سۇلالە چېرىكلىرىنى خوتەنگە باشلاپ كېلىپ، باش سەركەردىگە پارە بېرىش ھېسابىغا يەنە يەكەننىڭ ھاكىمبېگى بولىدۇ. نىياز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەنچىڭ چېرىكلىرى، كۇچا خوجىلىرى، خۇيزۇلار ۋە ياقۇپبەگ قاتارلىقلارنىڭ يالىقىنى يالايدۇ. بۇ جەرياندا كىم ئاجىزلىسا شۇنى يىقىتىدۇ، كىم كۈچلۈك بىلىنسە شۇنىڭغا بېقىنىپ، تاپىنىنى يالايدۇ، ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغانلارنىڭ ئورىسىنى كولايدۇ. مەسىلەن، نىياز كىچىك ۋاقتىدا ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان قاسىم ئوتۇنچىنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدۇ (نىيازنىڭ بۇ ئىشىنى بەلكىم ئۇنىڭ كىچىكلىكى، خاراكتېرىنىڭ تېخى تۇگەللەنمىگەنلىكى نۇقتىسىدىن كەچۈرۈشكىمۇ بولار، لېكىن بىزدە «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇملۇق» دەيدىغان بىر گەپمۇ بار)، ئۆزىگە «ئادەمگەرچىلىك» نىڭ يولىنى ئۆگەتكەن دۇڭ دارېندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ نومۇس ۋە پۇشايماندىن ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ؛ ئۆزىنى خېلى يۇقىرى مەنسەپ ۋە تاغلاردەك دۇنيا ـ دەپىنىگە ئىگە قىلغان ياقۇپبەگكىمۇ قىلتاق قويىدۇ؛ ئۇ سۇلالە چېرىكلىرى قايتا كەلگەندە، بېشىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلماي، ئەكسىچە، يەكەننىڭ ھاكىمبېگلىك ئورنىنى كىچىك چاغلاپ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغىنىدا، قىلمىشى پاش بولۇپ

قىلىپ قولغا ئېلىنىدۇ ۋە قەشقەر خان ئامبىلى ئالدىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغاندا قاسىم ئوتتۇنچى، يەنــــى كىچىك دەرۋىش تەرىپىــــدىن ئۆلتۈرۈلــــدۇ. خۇددى «تۇندىكــــى چاقماق» رومانىدىكىگە ئوخشاش، «داغ» رومانىدىمۇ يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدىكــى شىنجاڭنىڭ بىر مەزگىللىك ھاقارەتلىك تارىخىنــــى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، قايتا ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۆز كىتابخانلىرىغا تارىختىكى ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەستە چىڭ ساقلاش، بىخۇدلۇقتىن ساقلىنىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللەتنىــــڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ھەرىكەتلەردىن پەخەس بولۇشقا بېشارەت بېرىدۇ. بۇ ئىككى پارچە روماندىن يازغۇچىنىڭ كىتابخانلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشتە توقۇلما قىلىنغان ۋەقەلىك ۋە توقۇلما قىلىنغان تىپلارغا قارىغاندا تارىختا ھەقىقىي سادىر بولغان ۋەقەلىك ۋە تارىختا ھەقىقىي ئۆتكەن شەخسلەرنــــى تەسۋىرلەش ئۈنۈمىنىڭ زور ئىكەنلىكىنــــى، پەقەت شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن كىــتابخانلار قەلبىـــگە چوڭقۇر تەسىــر كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ناۋادا، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىكىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چىرىيە زېمىنىدىلا يۈز بەرگەن، ئاز بىر قىسمىلا ئىلچى بازىرىغا تۇتىشىدۇ دېسەك، «داغ» رومانىدىكى ۋەقەلىك ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى قوراللىق زومىگەرلىكى، بولۇپمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ جىنايەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە يېيىلىدۇ. ئىككى رومان ۋەقەلىكىدە، بىــــرىنىــــڭ بۇنداق يىغىنچاقلىقى، يەنە بىرىنىڭ بۇنداق يېيىلىشچانلىقى ئىــگە

بولۇشى روماندىكى باش قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بىلەن، شۇنداقلا يازغۇچى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بارغانسېرى پىشىپ بېرىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «تۇندىكى چاقماق» بىلەن «داغ» قوشكېزەك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن قارىغاندا، ھەتتا «تۇندىكى چاقماق»نى «داغ»نىڭ داۋامى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، «داغ» رومانىدىكى ۋەقەلىك زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن بولسا، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىك XX ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن. بۇ جەھەتتىن، پەقەت كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن «تۇندىكى چاقماق» رومانى بىر بەدىئىي ئەسەر شەكلىدە سەككىز يىل بالدۇر دۇنياغا كەلگەن، خالاس. ئۇنىڭ ۋەقەلىكىمۇ كونكرېت ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چىرىيە بىلەنلا چەكلەنگەن. ئەمدى XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدىكى ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «داغ» رومانى «تۇندىكى چاقماق»تىن سەككىز يىل كېيىن يورۇقلۇققا چىققان، ئۇنىڭ ۋەقەلىكىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كەڭ يېيىلغان ئاساستا كەڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغان. ئىككىنچىدىن، سېيىت ھاجى خاراكتېرىدىكى نۇرغۇن نازۇك تەرەپلەر نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىدۇ، مۇشۇ مەنىدە، سېيىت ھاجىنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە بېسىپ تۈگىتەلمىگەن يولىنى داۋاملاشتۇرغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» ۋە «تۇندىكى چاقماق» رومانىنى بىرىكتۈرۈپ ئوقۇغاندا، مەيلى سۇژېت قۇرۇلمىسى، ۋاقىت ياكى پېرسوناژلار خاراكتېرى جەھەتتىن بولسۇن، كىتابخانغا بېرىدىغان تۇيغۇ ۋە تەسىرى

يەككە ھالىتىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تولۇق، چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. بۇ، سېيىت ھاجى ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ خاراكتېر جەھەتتە خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئورتاقلىق «تۈندىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى ئوبرازلار سىستېمىسىدىمۇ ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ.

تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرىدىكى ئورتاقلىقلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ:

ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت بۇنداق ئورتاقلىق سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋۇجۇدىدا بالىلىق دەۋرىدىلا بىخلانغان، ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەمەخورلۇق بىلەن بىرىكىپ، بارا - بارا ئۇلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قارا نىيەتچىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، ئۇسمۈر ۋاقتىدىكى نىياز باقما دادىسى قاسىم ئوتۇنچىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەرگە كېلىپ «ئىگىسىز قوتۇر ئىتتەك ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ يۈرىدۇ»، پاناھلىنىش ئۈچۈن، قىش كۈنلىرى تېخى تەپتى كەتمىگەن تونۇر بېشىدا، خىش خۇمدانلىرى ئالدىدا تۈنەيدۇ، تاپالىسا يەپ، تاپالمىسا ئاچ يۈرىدۇ. ئىش خۇشياقمىغانلىقتىن، ئوغرىلىق قىلسا تۇتۇلۇپ، ئۆلگۈدەك تاياق يەيدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر ئۇنى يەكەننىڭ چېرىكچى ئامبىلى دۇڭ دارىنىغا ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇڭ دارىن نىيازنى بالىچىلاپ بېقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھايات قارىشى بويىچە تەربىيىلەپ، ئۇنىڭغا «... ئاغزىڭغا كىم ئەمچەك سالسا، ئاناڭ شۇ، كىم سېنى ئارىغا ئالسا، قوۋمىڭ شۇ» («داغ» رومانى 188 - بەت)، «... كۆزۈڭنى ئويغانىنىڭ

كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى تۆككەنىنىڭ چىشىنى تۆك، قىساسقا كەلگەندە، ئاتاڭ بولسىمۇ ئاياپ ئولتۇرما ...» («داغ» رومانى 190 ـ بەت)، «كىم سېنى ئاكاڭغا ئىشەن دەپتۇ؟ ھېلىغۇ ئاكاڭ ئىكەن، ئاتاڭ بولسىمۇ گۇمانلان، ئاناڭ بولسىمۇ گۇمانلان، كېزى كەلسە ئۆزۈڭدىنمۇ گۇمانلان ...» («داغ» رومانى 490 ـ بەت) دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بالىلىق ۋاقتىدىكى غۇربەتچىلىك تۇرمۇش، بولۇپمۇ دۇڭ دارىنىنىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرى نىيازنىڭ قەلبىدىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ بارلىق ئىزنالىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭدا ئۆزۈملا دەيدىغان شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋە نېسىۋىسىگە مەڭگۇ قانائەت قىلمايدىغان نا شۇكۇرلۇك ـ ئاچكۆزلۈك خاراكتېرى يېتىلدۇرىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ئاشۇ شەخسىيەتچىلىك ۋە ئاچكۆزلۈكنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قاتارغا قوشقان، بەشىنچى جەرىكىلىك ئىشىكئاغىسى مەرتىۋىسى بېرىپ ئەمەل سورۇنىغا باشلاپ كىرگەن دۇڭ دارېنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ («داغ» رومانى 191 ـ، 416 ـ بەتلەر)، ئون يىللىق خوجايىنى ياقۇپبەگنى قىلتاققا دەسسىتىدۇ («داغ» رومانى 524 ـ بەت)، يەكەندە پىتنە ـ پاسات تېرىپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولىدۇ («داغ» رومانى 588 ـ بەت) ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

سېيىت ھاجىدىكى نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئاچكۆزلۈكمۇ نىياز ھېكىمبەگدىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىلا يىلتىز تارتىدۇ («تۇندىكى چاقماق» رومانى 295 ـ، 296 ـ بەتلەر). ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن سېيىت ئەسلى بولۇشقا تېگىشلىك نورماق تەربىيىنىڭ كەملىكىدىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا ھالال ياشاش ئەمەس، بەلكى ھارامتاماقلىق ئادىتى يېتىلدۇرىدۇ. بارلىق مال ـ مۈلكىنى تاۋكادا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئەمەلگە چىدىماي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، دادىسىنى ئۇتۇۋالغان

قىمارۋاز سودىگەرنىڭ دۇنيا ـ دەپىنىسىنى جىددە شەھىرىدە قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇ سودىگەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ ئۆز پاچىقىغا چار پادىشاھنىڭ شوينىسىنى باغلاپ، چىرىيە زېمىنىغا سودا ئاقساقىلى سالاھىيىتىدە كېلىشىمۇ، بۇ يەردە شايى، ئەتلەس، گىلەمچىلىك ئۇستىخانلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى، قاشتېشى ۋە ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىشىمۇ، ئاق مەسچىتكە ئىمام، يۇرتقا قازى، ئابلىز قارىيغا كۇيئوغۇل بولۇش ھەتتا بازار بېگى نادىرخان، ئىشبېشى ئابدۇراخمان كۆككۆزلەرنى ئەپچىللىك بىلەن كۆزدىن يوق قىلىشى ... ئۇنىڭ ئاشۇ ئاچكۆزلۈكى، ناشۇكۇرلۇكى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان قارا نىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنداق ئاچكۆزلۈكنى نىاز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى خاراكتېرىنىڭ يادروسى دېسەك، بۇ ئىككى شەخسنىڭ ھەممە قىلمىشى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى ئاشۇ يادرونى مەركەز قىلىدۇ. ئاچكۆزلۈك تارىختىكى ھەرقانداق بىر ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دېسەك، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجىمۇ دەل ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. سېيىت ھاجى چىرىيىدە تۇرغان بىر مەزگىل ئىچىدە، گەرچە ئاۋام ئالدىدا ئۆزىنى «سەئىد ئەۋلادى» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 70 ـ بەت) دەپ ئاتاپ، قولىدىن تەسۋىينى، ئېغىزىدىن ئىماننى چۈشۈرمەيدىغان ئەۋلىيا سۈپەت كارامەت ئىگىسى قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىنى «باش پاناھسىز قالغان بۇ يۇرت» نىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، «يۇرت پۇقرالىرىنى ئەمىنلىك، ئىناقلىقتا باشلاش يولىدا باش قاتۇرماقتىمەن، بۇ يەردىمۇ ئاقپاشا يېرىدىكىگە ئوخشاش تەرتىپ ـ قائىدە تۇرغۇزۇشقا، ئاۋاتلىق، مەمۇرچىلىق بەرپا قىلىشقا تۇتۇنماقتىمەن» («تۇندىكى

چاقماق» رومانى 74 ـ بەت) دەپ پو ئاتسمۇ، لېكىن ماڭغان ـ تۇرغانلا يېرىدە نىزا پەيدا قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇكى، ھەمىشە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلارنى شىپى كەلتۇرۇپ دەيدىغان بىرەر كەلىمە سۆزىگە لايىق قىلچىلىك بىرەر ياخشى ئىش قىلمايدۇ. نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەنگە ھاكىمبېگى بولغان ئون يىلنىلا ئالغاندىمۇ، گەرچە ئۇ ئۆزىنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا «جانابىي بۇرادىرىمىز نىياز ھېكىمبەگ گۈزەل خوتەن دىيارىنى مۆرۈۋۋەتلىك ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتى ۋە ئامانىتى دەپ بىلىپ، ئادىللىق، ئاسايىشلىقتا تەسەررۇپ قىلىپ تۇرۇپتۇ» («داغ» رومانى 253 ـ بەت) دەپ ماختانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتەن كاتتىلىرىغا دېگەن «ئالدىڭلاردا تۇرغىنى يۇرت ھاكىم بېگى نامىغا بەرپا قىلىنمىش ئون ئىككى ئوردىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر، خوتەن دىيارىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بۇ مۆجىزاتنى قانغۇچە كۆرۈپ، كۆزۈڭلارنى مۇنەۋۋەر قىلىڭلار» («داغ» رومانى 477 ـ بەت) بۇ بىر جۈملە سۆزىدىن ئۇنىڭ خوتەندە تۇرغان 10 نەچچە يىلدا خوتەن خەلقىنى قانچىلىك ئەزگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نىياز ھېكىمبەگلەر يۇرگۈزگەن قەتلىئامدا يولدىشىدىن، ئوغلىدىن ئايرىلغان بىر ئانا ئاچارچىلىقتىن قەغىش قىلىۋاتقان بالىلىرىنى سىلەرگە چامغۇر پىشۇرۇپ بېرىمەن دەپ، قازانغا تاش سېلىپ قاينىتىپ ئالدايدۇ («داغ» رومانى 112 ـ بەت)، ئايمۇھەممەتنىڭ لايىقى سالامەتخان ئاچارچىلىق ئاپىتىگە چىدىماي، ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنى، غۇبارسىز مۇھەببىتىنى تۆت چارەك (ئوتتۇز ئالتە كىلوگرام) قوناق مېھىر ھەققى قىلىنغان غايىب بىر نىكاھقا تېگىشىۋېتىدۇ («داغ» رومانى 162 ـ بەت) ... ئەمما نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ ئادەم بويى كېلىدىغان تاملىرىنى پۈتۈنلەي

تۇخۇمىنىڭ ئىچىدە يۇغۇرۇلغان ئاق سېغىزدا سۇۋۇتىدۇ («داغ» رومانى 477 ـ بەت)، بۇ ئۇنىڭ ئاچكۆزلۈكىنىڭ ئىنتايىن روشەن ۋە ناھايىتى كىچىك بىر دەلىلىدىن ئىبارەت.

ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ئوبيېكتنى ئىنتايىن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، ئوبيېكتىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسىدىن قول سېلىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش جەھەتتە، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى تومۇرداش شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، نىياز خوتەندە ھاكىمبەگ بولغاندا، خوتەن خەلقىنىڭ قانلىق تارىخى ۋە قەيسەر خاراكتېرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ خالمان پانساتتىن سوراپ جاۋابسىز قالغان بىر سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەيدۇ:

«— دۇرۇس، خوتەندە مازار ـ ماشايىخلار سامانىدەك تولا، دېمەك خوتەندە، خوتەنلىكلەرنىڭ قولىدا شېھىت بولغان سەركەردە، ئەمەلدارلارمۇ سامانىدەك تولا. ئۇلار شەمشەر يالىڭاچلاپ، تۇغ تارتىپ، قاياقلاردىندۇر كېلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئەل قىلىشماقچى بولۇشقانۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى، خۇي ـ پەيلىنى ھېسابقا ئالمىغان. مانا مۇشۇ چوڭ خاتالىق ئۇلارنى ئەجەل ئاغزىغا سۆرەپ ئاپارغان. ئەرەب دەشتىنى، خارەزىم دالالىرىنى تىترەتكەن ئەرەب، پارس سەركەردىلىرىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ، ئىككى ئەۋلاد قاراخانىلار سۇلتانلىرىنىڭ خاتاسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. خۇللاس، خوتەنلىك جاھىللار بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇتۇشقان ھەرقانداق ئەخمەق سەركەردە خوتەندە ئەزەلدىن نۇسرەت قازىنالمىغان. جەڭگە ئەمەس، رەڭگە، يەنى ئەقىلگە تايانغانلارلا بۇ زېمىندا پۇت دەسسەپ تۇرالىغان ...» («داغ» رومانى 400 ـ بەت). شۇڭا، نىياز ھېكىمبەگ «بىلىش كېرەككى، پۇقرانىڭ مەنۋىيىتىنى رام قىلمىغۇچە، يۇرتنى ئەل قىلغىلى بولمايدۇ، يۇرت ئالغاندا

قىلىچ ياكى پەمگە، يۇرت سورىغاندا ئەقىلگە تايىنىشتىنمۇ ئوبدانىراق چارە بولمىسا كېرەك ...» («داغ» رومانى 141 ـ بەت) دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

سېيىت ھاجىغا قاراپ باقايلى:

«پېقىر بۇ يەرگە كارۋان تارتىشتىن بۇرۇن، سودا قىلىپ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قالغانلاردىن ھازىرقى خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلار سىرتتىن قارىغاندا ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن، ئىچى كۇچلۇك، مۇبادا ئانىي تاپمەن دېسەڭ، سېنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ. بىرنى بىر دەپ، ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىر ئاپەت، توسقىلى بولمايدىغان بىر سەل. تۈركىستان تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنداق ئىشلار ئاز ئەمەس» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 259 ـ بەت).

« — چىرىيىنىڭ ھەربىر تېشى ئۆزگە يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ھەربىر زەررە تۇپرىقى سىرتتىن جاھان ئېچىپ كەلگەنلەرنىڭ يېشى بىلەن نەمدەلگەن. ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان 20 نەچچە مىڭ لەشكەرنى قويۇپ تۇرايلى، مەشھۇر لەشكەر باشلىقلىرى ۋە سىپاھلاردىن ئىمامى نەسرىددىن، ئىمامى مۇئىمدىن، ئىمامى زوھىرىددىن، ئىمامى قەۋمىددىن، قاسىم ئۇششلارنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يۇرتتا ياتىدۇ. بۇ قەبرىلەر ۋە بۇ شېھىتلىكتىكى مازارلارنىڭ خادىملىرى بىزنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، ئەقىل كۈچى بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ ...» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 260 ـ، 261 ـ بەتلەر).

« ... — بە دۆلەت ئالىيلىرى خوتەن پادشاھى ھەبىبۇللاخان خوجىنى ھىيلە شارابى بىلەن مەستۇمۇستەغرەق ئەيلەپ خوتەننى پەتھى قىلغاندا، ئىلچىغا بېرىپ ‹ھاجى ئاتامنى

تىپىپ بەر، دەپ غوۋغا قىلىپ، غازاتچىلار بىلەن كالتەك، چوماق ئارقىلىق توتوشقان نەچچە تومەن ئادەمنىڭ يېرىمى چىرىيىلىك، بولار مانا موشونداق توپىلاڭچى خەق، ئاچچىقى كەلسە خودادىنمو، ئۆلومدىنمو قورقمايدو» («توندىكى چاقماق» رومانى 261 ـ بەت).

«ـــ دېمىدىممو، بىز بو يەردە يوسوپ قادىرخاننىڭ يولىنى توتمايمىز، بەلكى بەدۆلەت ئالىيلىرىنىڭ يولىنى توتىمىز.

ـــ ئو ئالىيلىرى قانداق يول توتقاندىكىن؟

ـــ قانداق يول توتاتتى، خوتەنلىكلەرنىڭ قىلىچ، نەيزە بىلەن بويسوندورالمىغان قەلبىنى دىنىي ئېتىقاد مايىللىقى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتورگەن! رىۋايەتلەردىن مەلومكى، نىياز ئىشىكئاغىسى ھەببوللاخانغا ئەجەل شەربىتى ئىچوروپ، نۇرغون ئادەمنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاققوزوپ، خوتەن تەختىدە ئولتورغان بولسىمو، پوقرانىڭ مەنەن مايىللىقىنى زادى قولغا كەلتورەلمىگەن. بىرنى ئۆلتورسە، مىڭى تىرىلىپ قوپقان. ئىسيان، قوزغىلاڭ زادى بېسىقمىغان. ئاخىرىدا ئو خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خولقىنى پوختا بىلىۋالغاندىن كېيىن، خەزىنىدىن ئانچە ـ مونچە پول ئاجرىتىپ، ماڭدامدا بىر مەسچىت سالغان. مازارلارنى تىكلەپ، ئىستىقامەتنى باشلىۋەتكەن. ئوردىدىمو نورغون راست ـ يالغان قارىيلارنى قىرائەت قىلدورغان. شونىڭ بىلەن پوقرانىڭ كۆڭلى ئېرىپ، كالتەك، توقماقلارنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغول بولوپ، ئىسيان قىلىشنى ئونتوپلا كەتكەن ... ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نوری كەنتىدىكى تۆت ئىماملىرىم مازىرىنى نىياز ھېكىمبەگ ئىشىكئاغىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن زىنىنەتلەپ، 40 قوينىڭ گۆشى پاتقودەك داش قازان ياساتقانمىش، ھەتتا ئۆزى بو مازار زىيارىتىدە بوپتىكەنمىش» («توندىكى چاقماق» رومانى 264 ـ،

265 ـ بەتلەر) . نىياز ھېكىمبەگ ۋە سېيىت ھاجىنىڭ يۇقىرىقى باياناتلىرى بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى شەخسنىڭ خوتەن دىيارىنىڭ ئەرەب ئىستېلاسى ۋە يۇسۇپ قادىرخان دىنىي يېغىلىقىدىن بۇيانقى قانلىق ۋە شانلىق تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بۇ يۇرت خەلقىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كىتابخان يۇقىرىقى بايانلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىگە، ھەتتا نىياز ھېكىمبەگ ۋە سېيىت ھاجىغا ئوخشاش دۈشمەن كۈچلەرنىڭمۇ قايىل بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ مىللىي ۋە سىنىپىي زومىگەرلەرنىڭ ئۆز مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇم نىشانىسى سۈپىتىدە خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئەجەللىك نۇقتىلارنى قارىغا ئالغانلىقىنى بىلىدۇ، ئاخىرىدا، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى يولغا قويغان خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

سېيىت ھاجى چىرىيىدە «ئىسلام ئەقىدىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋەجىدىن يۇرت پۇقرالىرىغا بىر كاتتا مەدرىس سېلىپ بەرمەكچى» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 265 ـ بەت) بولىدۇ. لېكىن ئۇ ھاپىز مەخسۇمغا:

« ـــ پېقىرنى مەدرىسە سېلىپ، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتۇلا ـ دە ... ئەيسانىڭ ئېشىكى مەككىگە 40 قېتىم بارسىمۇ، يەنە ئېشەكلىكىچە قېلىۋېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، قارىغۇ قارىغۇ پېتىچە قېلىۋېرىدۇ ۋە يېتىلىگەن يېرىگە ياق دېمەستىن ماڭىۋېرىدۇ» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 266 ـ بەت) دەيدۇ. ئۇ يەنە ھاپىز مەخسۇمغا رەئىيەنى ئاسارەت ئىچىدە تۇتۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ («تۇندىكى چاقماق» رومانى 267 ـ بەت).

مەيلى نىياز ھېكىمبەگ ياكى سېيىت ھاجى بولسۇن، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد مايىللىقىنى خەلقىمىز خاراكتېرىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسى دەپ قارىغان. ئۇلارنى يۇقىرا ئالدىدا ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاندىن، جاي - جايغا مەسچىت - خانىقالارنى سالدۇرغان. ئۆتمۈشتە خۇۋلۇق كۆرمىگەن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار تۇرمۇش ھەققىدىكى ئارزۇ - غايىلىرىنى ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنياغا باغلاپ، قورسىقى تويمىسىمۇ، ئىبادەت بىلەن بولدۇرغان. نىياز ھېكىمبەگ ۋە سېيىت ھاجىلار يۇرتىنىڭ بايلىقىنى زۇلۇكتەك شوراپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىۋەرگەن. بۇنىڭدا ئۇلار ئىشنى ئالدى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چۈشىنىشتىن باشلاپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتكەن. مەسىلەن، سېيىت ھاجى چېرىيە زېمىنىغا قەدەم بېسىپلا، يەرلىك بەگ ئابلىز قارىينىڭ مال - دۇنيا ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان بېخىللىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئاچ ئىتقا ئۇستىخان تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئىندەككە كەلتۈرگەن. ئۆزىنى ئابلىز قارىينىڭ يىقىلاي دەپ قالغان ھاكىمىيىتىنى يۆلەيدىغان غۇلىماس تاغ «ئاقپاشا» نىڭ ئەلچىسى قىلىپ كۆرسەتكەن، ئابلىز قارىينىڭ ئولتۇرۇپ قالغان قىزىغا خېرىدار بولغان، رەئىيەنىڭ ئالدىدا ھەمىشە قازاندەك سەللىنى ئوراپ، تەسۋى سېرىپ، بىر قىسىم كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان…

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە سەلبىي تىپلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەخلاق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ ئىككى شەخس ۋۇجۇدىدىكى بارلىق رەزىللىكلەرنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ھەجۋىي سۈرەتتىكى كۈلكىلىك شەخسلەرگە ئايلاندۇرۇپ

قويۇشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلانغان، يەنى سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگكە باشتىن ـ ئاخىر تىرىك ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. بۇ، ھەممىدىن مۇھىمى ئاپتورنىڭ بۇ ئىككى شەخسنى (ئىككى پارچە روماندىكى باشقا شەخسلەرگە ئوخشاش) ئىنتايىن مول بىلىملىك، تەدبىرلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مول بىلىم ۋە كۈچلۈك تەدبىرچانلىق بۇ ئىككى ئوبرازنى جانلاندۇرغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. كىتابخاندا بۇ ئىككى شەخسنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە رەزىللىك بىلەن تولغان تەپەككۇرىغا بەزىدە يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرىمۇ قوغلاپ يېتەلمەيۋاتقاندەك تەسىرات تۇغۇلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى ھەمىشە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پىلان تۈزىدۇ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئىش بېجىرىدۇ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يېڭىدىن يېڭى شۇملۇقلارنى ئويلاپ چىقىرىدۇ. كىتابخان بۇ ئىككى شەخسنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېزلىكى، كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇق، شۇنداقلا توغرىلىقى ئالدىدا ھەيران قالىدۇ، ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئامىتىنىڭ بىرقانچە قېتىم، بەزىدە ھەتتا ئارقىمۇئارقا ئوڭدىن كېلىشى، قىسمەن تاسادىپىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرگە پەۋقۇلئاددە ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلاردىكى ھىيلە ـ مىكىرگە يۇزلەنگەن بۇنداق مول بىلىم ئۇلارنى ئىنتايىن سەزگۈر قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇ سەزگۈرلۈكىگە تايىنىپ خەلقىنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىپلا قالماي، يەنە ھاكىمىيەت ۋە مەرتىۋە قاتلىمىدا ئۆز ئالدىدا توغرا تۇرغان ۋە تۇرۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق رەقىبىنى ھالاك قىلىدۇ. مەسىلەن، سېيىت ھاجىنىڭ ئابلىز قارىيغا كۈيئوغۇل بولۇشى، كەڭ مەنىدە ئۇنىڭ چىرىيىگە تېخىمۇ قانۇنلۇق زومىگەر بولۇش ئۈچۈن باسقان ئەڭ مۇھىم قەدىمى. لېكىن

بۈۋىمەرىيەم خېنىمغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، ئابلىز قارىيغا كۈيئوغۇل بولغۇچى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ھازازۇل ھەنپە خېنىمنىڭ ئىنىسى نادىرخان بايۋەچچە ئىدى. نادىرخان سېيىت ھاجى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن كۈشەندە ھېسابلىناتتى. ئابلىز قارىينى كۆزگە ئىلمايدىغان نادىرخان سېيىت ھاجىدەك كەلگۈندىلەرنى ئاللىقاچان پوش دەيتتى. ئەمما، شۇ تۈردىكى كىشىلەردە بولىدىغان ئاچكۆزلۈك كېسىلى بۇ بايۋەچچىدىمۇ شىپا تاپمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. سېيىت ھاجى بۇ كۈشەندىسىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئاخىر ئۇنى «ئاقپاشا» ئېلىگە بېرىپ، مېھنەتسىزلا باي بولۇپ كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ، كارۋان بىلەن يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ ···

سېيىت ھاجى ئۈچۈن ئالغاندا، كونسۇل ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش دېگەنلىك، ئۇنىڭ ئۆز قىممىتىنى تامامەن يوقاتقانغا باراۋەر، چۈنكى سېيىت ھاجى ئۆز ئېلىگە ئاسىيلىق قىلغان مۇناپىق، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ قەشقەردىكى ئاشۇ كونسۇلغا سېتىلغان. ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان مۇناپىقنىڭ خوجايىنى ئالدىدىكى قىممىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سېيىت ھاجى ئاسماندىكى كۈندەك روشەن بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كونسۇلدىن ئەجرىگە لايىق مۇكاپات تەمە قىلىپ يۈرگەندە، قاياقتىندۇ پەيدا بولغان ئابدۇراخمان كۆككۆز سېيىت ھاجىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا سېيىت ھاجى ئابدۇراخمان كۆككۆزنىڭ كونسۇل ئالدىغا بارماقچى بولغانلىقى، نادىرخاننىڭ سېيىت ھاجىدىن ھېساب ئالغىلى كەلگەن ئەپچىل پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇراخمان كۆككۆزنى نادىرخاننىڭ قولى ئارقىلىق ئۈجۈقتۇرۇپ، نادىرخاننى كونسۇلغا جازالىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە يولغا سالىدۇ ۋە بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەندىن قەشقەرگە — ياقۇپبەگ

ھۆزۈرىغا بارماقچى بولغاندا، دۇچ كەلگەن مەسىلىسى ئۆزى خوتەندە بولمىغان مەزگىلدە خوتەننى قانداق ئىدارە قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، چۈنكى نىياز ھېكىمبەگ «خوتەنلىكلەرنى ئەيلىگەن تېرىدەك يۇمشىتىۋەتكەن» («داغ» رومانى 509 ـ بەت)، ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ھاكىمبەگلىك تەختى ئىدى. شۇڭا نىياز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا خالمان پانسات، تۆمۈر خەزىنىچى بەگ ۋە موللاجى تۇراپ بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۇلار ئارىسىغا ئۆمۈرلۈك ئاداۋەت ئۇرۇقى تېرىيدۇ. بۇ ئۇرۇقلار نىياز ھېكىمبەگ قەشقەرگە بېرىپ كەلگۈچە بولغان قىسقىلا ۋاقىتتا ئۇنۇپ، باراقسانلاپ، مېۋىگە كىرىدۇكى، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭدىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىدۇ، قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ئاشۇنداق ھېيلىگە تايىنىپ، قۇدالايىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرىدۇ، تۆمۈر خەزىنىچى بەگ ۋە ئىلياس مىرزىلارنى كۆزىدىن يوقىتىدۇ ... سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ھىيلە بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار كۆڭلىدە ھەممە ئادەمگە قارا سانايدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يېقىن ئادىمى بولمايدۇ، ئۆمۈرۋايەت يېگانە ياشايدۇ.

ئېغىزدا بىر خىل، كۆڭۈلدە بىر خىل بولۇش سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر ئورتاقلىق شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدا مەيلى سېيىت ھاجى ياكى نىياز ھېكىمبەگ بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆز مۇددىئاسىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچكى مۇددىئاسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك ئىچكى ئىنېرتسىيە ھاسىل قىلىدۇ، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ بەزىدە تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە مۇددىئاسىغا خىلاپ گەپ ـ سۆز ۋە ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى كۆپىنچە ئاشۇ

ئىنېرتسىيىنىڭ ئىدارە قىلىشى نەتىجىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەندىن ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا ئاخىرقى قېتىم سالامغا كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ زوزۇڭتاڭ، ليۇ جىڭتاڭلار تەرىپىدىن يېڭىلىش ئېھتىماللىقى روشەنلىشىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنى بىرەر توغرا مەسلىھەت بېرەرمىكىن دېگەن تەمەدە ئالدىغا چىللاپ، داستىخان سېلىپ، بىرلىكتە غىزالىنىپ ئولتۇرىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى تەڭتۇشتەك كۆرۈپ، بۇنچىلىك مول داستىخانغا داخىل قىلىشىنى ئۆزى بىلگەنچە مۇلاھىزە قىلاتتى: «ئېھتىمال مېنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن، لېكىن بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، مانجۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا پادىشاھلىق كىبىرىڭنى تاشلاپ، بۇرۇن تۇزۇكرەك قاپاق ئاچمايدىغان ئادىمىڭگە ئەمدى بۇ تەرىقە ھەش - پەش قىلىۋاتىسەن. كېچىككەن بولساڭمۇ ھېلىھەم مېھمان قىلىۋەر. بىراق ۋاقتى - سائىتى كەلسە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈچلۈكلەرگە تالىق تەقدىرىنى بىر تاۋاق ئاش، بىر كەلىمە چىرايلىق گەپ ھېسابىغا ئاجىزلارغا باغلاپ قويمايدىغان ئادەملىكىنى ئوبدان بىلىپ قالىسەن» («داغ» رومانى 507 - بەت).

بۇنداق ئىچكى ئىنېرتسىيە، مېنىڭچە، بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ ئەڭ جانلىق، كىتابخاننى ئەڭ كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان تەرەپلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنيانى تەسۋىرلەش ماھارىتى تولۇق نامايان قىلىنغان. يازغۇچى بۇ ئىككى روماندا ئەخلاقىي مەنىدىكى سەلبىي شەخسلەرنىلا ئەمەس، يەنە شۇ ئەخلاقىي مەنىدىكى ئىجابىي شەخسلەرنىمۇ، مەسىلەن، سۇپۇرگە ئاخۇن، ئابدۇللا چاققان، كېپەك دەرۋىش، قاۋۇل قازانچى قاتارلىقلارنىمۇ كۈچەپ تەسۋىرلىگەن، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك يۈرەك قېنىنى سىڭدۇرگەن

بولىسمۇ، ئاساسلىق زېھنىنى يەنىلا سېيىت هاجى بىلەن نىياز هېكىمبەگكە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە مەركەزلەشتۈرگەچكە، باشقا شەخسلەرگە قارىغاندا بۇ ئىككى شەخس كىتابخانغا ئالاھىدە جانلىقلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. يازغۇچى بولۇپمۇ نىياز هېكىمبەگ ئوبرازىنى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ ياراتقاچقا، بۇ ئوبراز نورمال هېسسىياتتىكى كىتابخاننى شۇركۇندۇرگۇدەك دەرىجىدە جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان. نىياز هېكىمبەگنىڭ خاراكتېرىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان، تۇتامى يوق، شۇنداقلا تولۇق مۇقىملاشقان خاراكتېر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «تۇتامسىز» لىق نىياز هېكىمبەگ خاراكتېرىنىڭ چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋقەدىكى تۇراقسىزلىقىغا قارىتىلغان. نىياز هېكىمبەگنىڭ ئۆمرىدە بىرقانچە خوجايىنىنىڭ يالىقىنى يالىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق تەھلىلنى بەلكى نىياز هېكىمبەگ قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى نىياز هېكىمبەگنىڭ كىشىلىك هايات پەلسەپىسى ئاجىزلارنى يېقىتىپ، كۈچلۈكلەرگە بېقىنىشتىن ئىبارەت. يەنە كېلىپ، نىياز هېكىمبەگ بىر ئۆمۈر دەل شۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ كەلگەن. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، نىياز هېكىمبەگنىڭ خوجايىنلارنى ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت مەۋقە تۇراقسىزلىقى دەل پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئىزچىل مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەۋقەسىدىكى نىسپىي تۇراقسىزلىقى بىلەن خاراكتېرىدىكى مۇقىملىق بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇكى، هەرگىزمۇ زىتلىشىپ قالمايدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، نىياز هېكىمبەگ خاراكتېرىدىكى مۇكەممەللىك دەل ئۇنىڭ مەۋقەدىكى تۇراقسىزلىقى ئارقىلىق ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. نىياز

ھېكىمبەگنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەۋقەسىنىڭ ئاشۇنداق تۇراقسىزلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۆز قوۋمىگە خائىنلىق قىلىدىغان مىللىي مۇناپىقلىقتا سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرى يەنە بىر قېتىم تۇز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ.

سېيىت ھاجى ئىلچىدا تۇغۇلغان، بالاغەتكە يەتكەندە، ئاچكۆزلۈك يۈزىسىدىن چارروسىيە جاھانگىرلىكى يايغان جاسۇسلۇق تورىغا چۈشۈپ قېلىپ، مىللەتنىڭ ساتقىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىنچە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتىكى تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇپ، بۆرىنى قوي قوتىنىغا باشلاپ كىرگەن. نىياز ھېكىمبەگمۇ پۈشتىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېنىدىك قېنى يەكەنگە تۆكۈلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا مىللەت، قوۋم، يۇرت دېگەن ئۇقۇملار ئاللىقاچان يوقالغان، نەپ دېسە، نىياز ھېكىمبەگ ھېلىغۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىكەن، نۆۋىتى كەلسە ئەرلىكىنىڭ سىرتقى بەلگىسى بولغان ساقال - بۇرۇتىدىن، ھەتتا مىللىتى، قوۋمىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. سېيىت ھاجى، نىياز ھېكىمبەگ ۋە ياقۇپبەگلەر ئەخلاقىي جەھەتتىن بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان رەزىل كىشىلەر، سىنىپىي تەۋەلىك جەھەتتىن خەلق دۈشمەنلىرى بولۇپ، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش ۋە پايدا - نەپ ئۈستىگىلا قۇرۇلغان. ياقۇپبەگنىڭ نىياز ھېكىمبەگدىن بەزىدە ئېھتىيات قىلىپ ھەزەر ئەيلەشلىرىدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراشلىرىغىچە، نىياز ھېكىمبەگنىڭمۇ ياقۇپبەگكە بېقىنىشتىن تارتىپ ئاخىر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشىگىچە بولغان جەريانلارنىڭ

ھەممىسى بۇ ئىككى شەخسنىڭ بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش جەريانى، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ياقۇپبەگدىن ئىبارەت ئىككى ئىتنىڭ بىر پارچە ئۇستىخاننى تالىشىش جەريانىدىن ئىبارەت ...

خۇلاسە قىلغاندا، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنى گەرچە زامان بىلەن ماكان مەلۇم فىزىكىلىق ئارىلىق بىلەن ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىكى يۇقىرىقى ئورتاقلىق ئۇلارنى بىر تۇز سىزىق ئۇستىگە ئەكىلىپ جۇپلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىممېترىك بىر پۇتۇنلۇك ھاسىل قىلىپ، بىرىنىڭ خاراكتېرىنى يەنە بىرى تولۇقلايدىغان قوشكېزەك شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نىياز ھېكىمبەگنى سېيىت ھاجىنىڭ ئەينىكى ۋە ئۇستازى دېيىشكە بولىدۇ. چۇنكى، سېيىت ھاجى ئۆزىنى ھامان نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت ئەينەككە قاراپ توغرىلايدۇ، ھەر ۋاقىت نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ، بولۇپمۇ خەلقنى نادانلاشتۇرۇشتا سېيىت ھاجى نىياز ھېكىمبەگنىڭ تېخى مېڭىپ بولالمىغان يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن، نىياز ھېكىمبەگ ھەرقانچە قىلىپمۇ خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە يانار تاغ ھاسىل قىلغان قارشىلىقنى ئۆچۈرەلمىگەن، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنداق قىلىشقا قادىرمۇ ئەمەس ئىدى. سېيىت ھاجى دەل ئاشۇ يانار تاغنىڭ پارتلاش ئېغىزىدا ئولتۇرغانلىقتىن، يەنە بىرى، زامان ئوخشىمىغانلىقتىن، سېيىت ھاجىنىڭ زومىگەرلىكلىرى ئاشكارا قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. يۇەن شىكەي ھۆكۇمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ تاشقى سىياسىتى تۇپەيلىدىن پارتلىغان ھېلىقى يانار تاغ گەرچە تۇندىكى چاقماقتەك تېزلا ئۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرى ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرگە يورۇقلۇقنىڭ قىممىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق يېتىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانىدا

ئەخلاق نۇقتىسىدا تۇرۇپ سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلەرنى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ كۈچلۈك ئەيىبلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېستېتىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازىنى ھەر تەرەپتىن بېيىتىپ، مۇكەممەل بولغان خاراكتېرلار دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ھاقارەتلىك داغلارنى قالدۇرغان نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى ئوبرازىنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن مۇكەممەل، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن (يەنى كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى زوقى نۇقتىسىدىن) گۈزەل بولغان بەدىئىي ئوبرازلارغا ئايلاندۇرغان. بۇ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىككى تارىخىي رومانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى، ياراتقان يېڭى سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ رېئاللىقتىكى (شۇنداقلا تارىختىكى) خۇنۇك ۋە رەزىل شەيئىلەرنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ قايتا ئىجاد قىلىشى ئارقىلىق سەنئەتتىكى گۈزەل نەرسىلەرگە ئايلىنالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى پروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىر خىل ئېستېتىك ئىزدىنىش دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

مەن «داغ» رومانىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسى بولغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ۋۇجۇدۇمدا مۇشۇ روماندىن ھاسىل بولغان ئاخىرقى بىر قاتتىق سىلكىنىشنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە رومان ۋەقەلىكىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، نىياز ھېكىمبەگنى قەشقەر خان ئامبىلىنىڭ جازالايدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. ئاپتورنىڭ ئۇنى خان ئامبىلىنىڭ قولىدا جازالانغان قىلىپ يېزىشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى، بەلكى بۇنداق يېزىش ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي چىنلىقىغىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەمما، ئاپتور دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز قەلىمىنى تارىخىي

چىنلىققا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ رايى تەرەپكە بۇرايدۇ، يەنى ناۋادا نىياز ھېكىمبەگنى خان ئامبىلىنىڭ قولىدا جازالانغان قىلىپ يازغاندا، ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ پسىخىك جەھەتتىن تازا پۇخادىن چىقمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇنى ئايمۇھەممەت بىلەن كېپەك دەرۋىشكە، بولۇپمۇ كېپەك دەرۋىشكە جازالىتىدۇ.

كېپەك دەرۋىش نىياز ھېكىمبەگنى ئەزرائىلنىڭ ئېغىزىدىن تارتىۋېلىپ ھاياتلىق ئالىمىدە پەرۋىش قىلغان، ئۇ ئەۋلىيا سۈپەتلىك ئادەم بولسىمۇ، لېكىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۆمۈر بويى خار - زارلىقتا ياشايدۇ. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بارلىق جىنايى شۇملۇقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىت. نىياز ھېكىمبەگ خوتەن خەلقىنىڭ كۆز يېشىدا تۈگمەن چۆرگەندە، شۇنداقلا كېپەك دەرۋىشنى پانسات زىندانىدىن «ئازاد قىلىپ»، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر مۇنچە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقاندا، كېپەك دەرۋىش ئۆزىنىڭ نىياز ھېكىمبەگدەك بىر شۇم بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىغا مىڭلارچە پۇشايمان قىلىدۇ ۋە خۇدا ئالدىدا! نىياز ھېكىمبەگنى ئۆز قولى بىلەن جازالاشقا قەسەم قىلىدۇ، خۇدادىن شۇ چاغقىچە ئۆمۈر تىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا كېپەك دەرۋىش ھەتتا خۇدانىمۇ تەسىرلەندۈرگەندەك قىلىدۇ. يازغۇچى رومانىنىڭ بىرقانچە جايىدا كېپەك دەرۋىشنىڭ بۇ قەسىمىدىن بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بېشارەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

يازغۇچى نىياز ھېكىمبەگنى كېپەك دەرۋىشنىڭ قولى ئارقىلىق جازالاش بىلەن بىرىنچىدىن، يۇرۇڭقاش بويىدىكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىز - دېرىكى بولمىغان كېپەك دەرۋىش بىلەن ئايمۇھەممەت ھەققىدە ئاخىرقى قېتىم ئۇچۇر بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق

مەسىلىنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پېرسوناژى كېپەك دەرۋىشنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھەل قىلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگنى جازالاپ بولۇپلا، كېپەك دەرۋىشمۇ نەپەستىن قالىدۇ. گەرچە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمى بىلەن كېپەك دەرۋىش ئۆلۈمىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنى كېپەك دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك ئۆلۈم بولسىمۇ، كىتابخاندا نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن ھاسىل بولغان پۇخادىن چىقىش تەسىراتى بىلەن كېپەك دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمىدىن ھاسىل بولغان ئارمانسىزلىق تەسىرات بىرىكىپ، بىر خىل ئارىلاشما، مۇرەككەپ ھېسسىيات شەكىللىنىدۇ، كىتابخاندىكى بۇ خىل ھېسسىيات كېپەك دەرۋىشنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدىكى ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ. ئۇچىنچىدىن، ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ مەنەن مايىللىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاخىرقى قۇرلارغىچە تولۇق رازى قىلىدۇ، ئۆز كىتابخانلىرىنى روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ پۇخادىن چىقىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

# تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلىرى

تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت[1]



ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ دائىرىدىكى) — بۇ كەڭ، مۇنبەت، خاسىيەتلىك قەدىمىي زېمىن ئىنسانىيەتنىڭ جۈملىدىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ①.

بۇنى ئارقا - ئارقىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما يادىكارلىقلار تەكرار ئىسپاتلىماقتا. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دەۋردە ناھايىتى نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلىرى بولغانلىقى مەلۇم. بۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مانا مۇشۇ كەڭرى زېمىندا ھايات كەچۈرۈپ، ئەتىراپتىكى باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇرۇقتىن قەبىلە، قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن خەلق

---

① تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت: لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

خەلقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنگچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن، مۇرەككەپ تارىخىي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكى شەرقتە سىبىرىيىدىكى لېنا دەرياسى ئېقىمىدىن غەربتە بالقان يېرىم ئارىلى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى 17 دۆلەتكە تارقالغان. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان 35 مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

ھازىرچە، قولىمىزدىكى نەق يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرى ئەڭ دەسلەپ كۆك تۈرك خانلىقى (552 ــ 744) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (774 ــ 840) دەۋرلىرىدىكى مەڭگۈتاش ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرىنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىشتا ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن»② دېگەن زور ئۈمىدى بىلەن بىزگە قالدۇرغان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈرك، ئۇيغۇر، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز، كىنجەك، ئارغۇ، سۇۋار، ئارامۇن كۆچەت، پولات، تاۋغاچ، سوغداق، تارىم، تاڭغۇت ... قاتارلىق 30 قەبىلىنىڭ تۈرك قەبىلىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقىنىڭ نامى ۋە ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى، تامغىلىرىنى تەپسىلىي قەيت قىلغان.

ئىرانلىق مەشھۇر تارىخچى فەزلۇللا راشىددىن بىننى ئوبۇلخەير ھەمەدانى (1247 ــ 1318) تەرىپىدىن يېزىلغان «جامىئۇتتەۋارىخ» («ئومۇمىي تارىخ»)، مىلادى 1250 - يىلى

خۇراسانلىق ئالائىددىن ئەتامۇلىك بىننى باھائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى (1226 ــ 1283) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخــــى»)، تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ تارىخچىلىرىدىن بولغان شەرەفىددىن ئەلى يەزدى (؟ ــ 1454) تەرىپىدىن مىلادى 1424 ــ 1425 - يىللىرى يېزىلغان «زەفەرنامە»، مىلادىيە XVII ئەسىردە ياشىغان خارەزىم شاھى ئوبولغازى باھادۇرخان (1605 ــ 1663) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي شەجەرەئىي تۈركىي» نامىلــق ئەسەرلەردىمۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا دۆلىتىمىزنىڭ 4000 يىلدىن ئارتۇق دەۋرگە ئائىت ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن (رىۋايەتلەردىكى خۇاڭدىدىن تارتىپ تاكى 1644 - يىلغىچە) «24 تارىخ»نىــڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت قىسىملىرىدىمۇ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق، قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

يېقىندا ئۆزبېكىستانلىق مۇھەممەت پىــررىيېۋ، قاراقول شېۋىلىرىنى توپلاش جەريانىدا قەدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىــڭ ناملىرىنى توپلاشقا قىزىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 12 - سانىدا «تېرەن تومۇرلىرىمىز» سەرلەۋھىسى ئاستىدا، قەدىمكى تۈركىــــي قەبىلىلەردىن 91، ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن 11 نىڭ نامىنى ئېلان قىلغانىدى. مەن بۇ ماقالىدىكى قەبىلە ناملىرىنى قايتا - قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ تىزىملىككە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ خېلى كۆپ قەبىــــلە ناملىـــرىنىـــڭ

كىرگۈزۈلمىگەنلىكى، قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ (ئۇرۇقلارنىڭ) ناملىرىنى توپلاش، تولۇقلاشنىڭ تۈركىيشۇناسلىقتىكى مۇھىم بىر تېما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ تېمىدا ئىزدەندىم. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ «تۈركىي تىللار»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، «تارىمدىن تامچە»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ناملىرىنى تولۇقلاپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقتىم. قەبىلە ناملىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ۋە ۋارىيانتلىرىنى تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتتىم. ئاڭلاشقا قەبىلىدەك تۇرمايدىغان ۋە تۈركىي خەلقلەردىن باشقا خەلقلەر ئۇقۇمىدا چۈشىنىلىۋاتقان ئايرىم قەبىلە ناملىرىغا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن بايانلارنى ئىزاھ تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. راشىددىننىڭ ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر (ئون ئۇيغۇر) قەبىلە ناملىرى رىۋايەتلىك مەلۇمات بولغاچقا، ھازىرچە ئۇلارغا «؟» قويۇپ تۇردۇم.

راشىددىننىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى: «… بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار جەمئىي 122 قەبىلىگە بۆلۈنگەنىكەن، ئۇلارنىڭ تولۇق نامى مەلۇم ئەمەس …»③ دېگەنگە ئوخشاش رىۋايەتلىك مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەردە ناھايىتى نۇرغۇن ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ تولۇقلاش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. مېنىڭ تەتقىقاتىمىزدىمۇ قەبىلە ناملىرىدا تەكرارلىق، كەمتۈكلۈك، ئېنىقسىزلىققا ئوخشاش سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ توغرىدا

تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ سەممىي ياردىمىگە موھتاجمەن.

## ئا

1. ئاپلان
2. ئادىز
3. ئارامۇت④
4. ئارغۇ
5. ئارسان
6. ئاز
7. ئازقۇندۇر (ئارقۇندۇر، ئوزقۇندۇر؟)
8. ئازەرى
9. ئاشكىل (ئايئىشلىق، ئىشكۇل)
10. ئافشار
11. ئالۇن (ئايرۇن)
12. ئالان
13. ئاۋاسار (ئاۋۇچاگ)
14. ئاۋتىنقار (ئوتىنكار، ئوتىغار؟)
15. ئاۋۇچ تابىن (ئۇچ تابىن؟)
16. ئاياۋىر (ئاياۋۇز)

## ب

17. بارسغان
18. بارلاس
19. بارغۇت (بۇغۇ، ئۇپۇغۇر)
20. بەرچەكەر
21. باز

22. باسمىل
23. باشغىرت (باشقىرت، بۇقاسقىر)
24. بايىر قۇ
25. بولو
26. بۇقىز؟
27. بۇلاق⑤
28. بۇلغار
29. بۇقاراق
30. بىلگۇت

## پ

31. پاتەس
32. پۇۋۇرغۇر (بۆركلى)
33. پەچەنەك، پەجەنەك، قاراكۆيۈك

## ت

34. تابغاچ (ئات تاۋغاچ⑥)
35. تاتار
36. تاتابى
37. تاردۇش
38. تارخان
39. تاربىن⑦
40. تاردار (بادار؟)
41. تاغچى
42. تاڭغۇت⑧
43. تايلان (تارلان)

44. تارمان
45. توخسى
46. توڠرا
47. توبول
48. تۇرك
49. تۇركمەن
50. تۇرگەش (تۇركەش)
51. تۇلار (تۇلۇر؟)
52. تۆرۇ
53. تۆلىس (تىلى)

## ج

54. جالايىر
55. جانقارا
56. جوجى

## چ

57. چارۇق⑨
58. چامىل
59. چەبۇك (كەبۆك، جىبنى)
60. چەپنى (چەبنى)
61. چوپان
62. چۇمۇل
63. چۇۋاش
64. چۆبە (چەۋۇك، چەۋىك، چىپى)
65. چىبار (چىپولى)
66. چىغاتاي

67. چىك
68. چىگىل
69. چىۋەلدىر (چۇۋۇلدار)

## خ

70. خاتان
71. خۇنگار
72. خۇن (قۇن، غۇن، قۇۋن)

## د

73. دابىرغان
74. دولغان (ساخا، ساقا، ياقۇت)

## س

75. سابىر
76. سارۇرغۇر (سارۇ ئۇرغۇر)
77. ساكسىن (ساكسى)
78. سالگۇر (سالغۇر)
79. ساراي
80. سوغدى (سوغداق⑩)
81. سۇلدۇز
82. سۇۋان
83. سۇۋار (سۇپار)
84. سىلكۇپ
85. سىر - تاردۇش

## ش

86. شاتۇرچى
87. شۆرت

## ق

88. قاپىش
89. قاتاغان
90. قاراتېگىنى
91. قارلۇق
92. قازار (قاسار، قارسار، هازار، خەزەر)
93. قالاچ (هالاچ، خالاچ)
94. قالمىق
95. قاملابۇق (قاملابقۇ، قاملانچۇ؟)
96. قاۋچىن
97. قاي⑪
98. قاڭلى
99. قىدىرقان
100. قۇرىقان
101. قۇغۇرسۇر (خوگۇسۇر، كۇلۇگ)
102. قۇرابىر (تۆرلەمۇر)
103. قۇسار
104. قوشۇر
105. قوغۇ (قۇغۇز)
106. قومىق (قۇبىق)
107. قونغىرات
108. قورناۋۇز

109. قىبئار
110. قىپچاق (قۇمان، پولوۋلار، خاردەشلەر)
111. قىتانى
112. قىرقىز (قىرغىز)
113. قىيات
114. قىيان (قىئوي)

## ك

115. كالتاتاي
116. كەنجەت (كەنچەت⑫)
117. كەنچۇ
118. كۆچەت⑬
119. كۇمۇكېن
120. كېنەگەس
121. كېرەي

## گ

122. گالاهايا

## م

123. مانقىت
124. مەقەرەچ
125. مەركىت
126. مەلەندى
127. مۇران (بايان)

128. مۇسەبزارى

## ن

129. ناناي
130. نارتۇدە
131. نايمان
132. نوغاي

## ئو

133. ئوتىگىر (ئوتۇرقار)
134. ئوغۇز
135. ئوقەر
136. ئونقۇر (ئوگور)

## ئۇ

137. ئۇغراق
138. ئۇيغۇر
139. ئۇيسۇن

## ئۆ

140. ئۆتۈكەن (ئاۋىتكەن؟)
141. ئۆچرۇغ
142. ئۆزۇبي
143. ئوق

## ئې

144. ئېبغىچ
145. ئېتىل
146. ئېكىگىن (ئېركىن)
147. ئېلچىن
148. ئېمەكلەر (يەمەكلەر⑭)
149. ئىدىقۇت
150. ئىزگىل (ئىسكەر، سىقار، ئىسىگ)
151. ئىشقىل

## ي

152. ياغما
153. ياغلاقار
154. ياماقار (يابۇقتار)
155. ياباقۇ

## ئوغۇز قەبىلىلىرى

1. بايات
2. بايۇندۇر
3. تۇتىرقا
4. تۇگەر
5. قايىق (قايىغ)
6. قارناق
7. ئۇلا

8. ئۇرەچىر
9. يازگىر (يازغىر)
10. يۇرەگىر (ئۇرەگىر)
11. يىۋا (ئىۋا، ياۋا، ئاۋا⑮)

## قوشۇمچە: ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقى⑯

1. قىنىق
2. قابىغ
3. بايۇندۇر
4. ئىۋا
5. سالغۇن
6. ئافشار
7. بەكتىلى
8. بۇگدۇر
9. بايات
10. يازغىر
11. ئەيمۇر
12. قارابۆلۈك
13. ئالقا بۆلۈك
14. ئىگدىر
15. ئۇرەگىر
16. تۇتىرقا
17. تۇگەر
18. پەچەنەك
19. چۇۋالدىر
20. ئالايۇندلۇغ
21. چەبنى
22. چارۇقلۇغ

## ئىزاھات:

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 1 ـ كىتاب، 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى، 3 ـ بەت.

③ راشىددىن: «جامىئۇتتەۋارىخ»، I توم 1 ـ كىتاب، شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 240 ـ بەت. ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەت نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 450 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

④ «ئارامۇت aramut — ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى»، مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 187 ـ بەت.

⑤ «بۇلاق bulak — بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى»، «دىۋان» I توم، 492 ـ بەت.

⑥ «تاۋغاچ ـ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى، ئۇلار ‹تاۋغاچ› يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر؛ ‹تاۋغاچ› چىنلىق دېمەكتۇر»، «دىۋان» I توم، 592 ـ بەت.

⑦ «تارىبىن — تۈركلەردىن بىر گۇرۇھ خەلقنىڭ نامى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر چوڭغا بويسۇنىدۇ»، «دىۋان» I توم، 567 ـ بەت.

⑧ «تاڭغۇت» — تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ»، «دىۋان» III توم، 495 ـ بەت.

⑨ «چارۇق ـــ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار ‹بارچۇق›، شەھىرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ» ، «دىۋان» I توم، 494 ـ بەت.

⑩ «سوغداق ـــ بالاساغۇنغا كېلىپ جايلاشقان بىر قەۋم. ئۇلار سوغدلاردىن بولۇپ، بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىسىدا ياشايدۇ. ئۇلار تۈركلىشىپ كەتكەن» ، «دىۋان» I توم، 615 ـ بەت.

⑪ قاي Kay . مەھمۇد قەشقەرى تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى كۆرسەتكەندە بۇ قەبىلىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، «دىۋان» I توم، 38 ـ بەت.

⑫ «كەنچەك ـــ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى» ، «دىۋان» I توم، 463 ـ بەت.

⑬ «كۆچەت ـــ خارەزىمدە ياشايدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى» ، «دىۋان» I توم، 463 ـ بەت.

⑭ يەمەك ـــ مەھمۇد قەشقەرى بۇ قەبىلىنى تۈرك قەبىلىلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان ۋە جايلاشقان ئورنىنى كۆرسەتكەن، «دىۋان» I توم، 38 ـ بەت. «يەمەك ـ قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى» ، «دىۋان» I توم، 426 ـ بەت. «يەمەك ـ تۈركىي قەبىلىلىرىدىن بىرى. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە، ئۇلار قىپچاقلار. ھالبۇكى، قىپچاق تۈركلىرى ئۆزلىرىنى باشقا بىر قەبىلە دەپ ھېسابلايدۇ» ، «دىۋان» Ⅲ توم، 37 ـ بەت.

⑮ «ياۋا ـــ ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى. بۇ سۆزنىڭ ‹ۋ ـ ۋاۋ› بىلەن ‹ياۋا ـ Yava› ، ‹1› ، بىلەن ‹ئاۋا ـ ava› ، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان شەكىللىرىمۇ بار» ، «دىۋان» Ⅱ توم، 30 ـ بەت.

⑯ مۇھەممەد پىررىيېۋ: «مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە 92 تۈركىي قەبىلە (ئۇلۇغ) ، 15 ئوغۇز قەبىلىسى (توققۇز ئوغۇز ھەمدە ئالتە ئوغۇز) بولغان» دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن

بولسىمۇ، لېكىن «تېرەن تومۇرلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدە ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن 11 نى، كۆرسەتكەن. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 22 ئۇرۇقىنى كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى ماقالىدە، ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇقلىرى ئوغۇز قەبىلىلىرى قاتارىدا، يەنە بىر قىسىملار قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ھەممە ئۇرۇقلىرى تىزىملىككە كىرگۈزۈلمىگەن. شۇ سەۋەبلىك مەن ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 22 ئۇرۇقىنى قوشۇمچە ماۋزۇدا كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

# ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىت ۋە توتېم ئېڭى

ئەسەت سۇلايمان[1]



ھەممىگە مەلۇمكى، چىڭغىز ئايتماتوف (1928 — ؟) زامانىمىزدىكى مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىمۇ زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە 90 خىلدىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن.

ئايتماتوفنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 60 ـ، 70 ـ يىللارنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى ئاساسەن ئەنئەنىۋى رېئالىزم ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ بولۇپ، قىرغىزلار ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە

① ئەسەت سۇلايمان: دوتسېنت، دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

ئالغان سابىق سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى (1941 ــ 1945) نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى رېئال تۇرمۇشى تېما قىلىنغان.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىجادىيىتى 70 ـ يىللاردىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، مەيلى ئۇسلۇب، مەيلى تېما ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى زور بۆرۈلۈش ھاسىل قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىتابخانلار مېنىڭ ‹جەمىلە›، ‹بىرىنچى مۇئەللىم›، ‹يەر ئانا› قاتارلىق ئەسەرلىرىمنى ياقتۇرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تونۇشى بويىچە، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىشىمنى ئۈمىد قىلىدىكەن. مەن شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىدىن ۋاز كەچمەكچى ئەمەسمەن ھەمدە ‹ئەلۋىدا گۈلسارى›، ‹ئاق پاراخوت› قاتارلىقلاردىن ئىلگىرى يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئالاھىدە مەنىسىنىمۇ ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. بىراق، مەن ئىلگىرى ئۆزۈم ئاللىقاچان يېتىپ بولغان سەۋىيىدە توختاپ قېلىشنىمۇ خالىمايمەن ...».[①] دېمەك، ئايتماتوف ئىجادىيىتىدە، 70 ـ يىللاردىن كېيىن، كەسكىن بۆرۈلۈش يۈز بەرگەن. «ئاق پاراخوت» ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۆرۈلۈشنىڭ تۇنجى ئىپادىسى ئىدى.

«ئاق پاراخوت» 1970 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ھەمدە كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەقىقىي ئايتماتوفنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.[②] چىڭغىز ئايتماتوف بۇ ئەسىرىدە تۇنجى قېتىم بۈگۈنكى رېئال ئىجتىمائىي

---

① ئايتماتوف: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەت.

② «XX ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى»، خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 470 ـ بەت.

مەسىلىلەرنى قويۇق ئەپسانىۋى مۇھىت ئىچىدە ئىپادە قىلدى ۋە توتېم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە گەۋدىلەندۈردى.

ئەپسانىلەر گەرچە ئىپتىدائىي ئاڭ فورماتسىيىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك تەپەككۇر دۇنياسىدىن ئۇن - تىنسىز غايىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆز ئېڭىنىڭ كۆرۈنمەس يىپ بىلەن ئىپتىدائىي ئاڭغا باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئادەبىيات - سەنئەتتە «ئەپسانە قىزغىنلىقى» نىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ياتلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتى ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان قەدىمكى خاتىرىلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئازابلىق كەيپىيات ئىچىدىن ئىنسان ماھىيىتىنى ئىپادە قىلدى.

ئايتماتوف ئەپسانىلەرنى بىر خىل ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ، شۇنداقلا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىپتىدائىي ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان ئىزنالىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىپتىدائىي شەكىل، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا زۆرۈر بولغان تەركىب دەپ تونىدۇ. ئۇ ئەپسانىلەرنى مەقسەت ۋە شەكىل جەھەتلەردە غەربنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ سېھرىي رېئالىزمىغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. ئايتماتوف ئەپسانىنى ئەسىرىگە سىڭدۈرۈشتە، ئەپسانە ۋە رېئاللىقنىڭ روشەن چېگراسىنى ساقلاپ قالدى ھەم ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىنى تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلى قىلىپ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى.

ئايتماتوف «ئاق پاراخوت» ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ھالدا قەدىمكى زاماندا قىرغىزلارنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن

قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇغا ئانا رىۋايىتى[1] ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك سۇژىتىنى بۈگۈنكى زاماننىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ. ئەسەردىكى باش قەھرىمان ــ كىچىك بالىنىڭ ساپ ۋە غۇبارسىز بالىلىق ۋىجدانى بىزنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ ھەمدە بىزنى بۈگۈنكى ئەقلىيلىك زاكىسىغا ئۇرالغان، ئىجتىمائىيەت تورىغا باغلانغان، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان، ساپلىق ۋە تەبىئىيلىك يوقالغان دۇنيادا ئادەملىكىمىز توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. ئاپتور پۈتكۈل ئەسەردە ئىنسانىيەتتە چوقۇم «بالىلىق ۋىجدان» بولۇشىنى، شۇندىلا ئىنساننىڭ روھى مۇكەممەللىككە ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[2]

«ئاق پاراخوت» نىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋىجداندۇر، بالا بۇغا ئانىنى كۆرۈپ رىۋايەتتىكى بۇغا قوۋمىنىڭ ئەجدادىنى قۇتقۇزغان سېھىرلىك ھايۋان يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ. بۇغا ئانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى رىۋايەتنىڭ سېھىرلىك ئەينىكىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئېڭىدا قىساس ئوتىنى يالقۇنجىتىدۇ. بالا بۇغا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ راستلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۇ گەرچە رېئاللىقتا بولىسىمۇ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئەپسانىۋى دۇنيادا كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەپسانە بىلەن رېئاللىقنىڭ چېگراسى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ قالايمىقان دۈۋىلەنگەن بىر دۆۋە بۇغا گۆشىنى كۆرگەندە قاتتىق چۆچۈيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۆلتۈرۈلگىنى دەل ئۇنىڭ ئەجدادى، بۇغا قوۋمىنىڭ ئانىسى. بۇ ئادەم چىداپ تۇرۇشى

---

① ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 4 ـ باب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 68 ـ، 89 ـ بەتلەر.
② ئايتماتوف: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزە»، 62 ـ بەت.

مۇمكىن بولمىغان ۋەھشىيانە ھەرىكەت. شۇڭا، ئۇ بۇ خىل رىئاللىقنى قوبۇل قىلالماي زورلۇقتا تولغان دۇنيادىن ئايرىلىدۇ. شۇنداقلا يۇنۇس بىلىقنىغا ئايلىنىپ پايانسىز ئىسسىقكۆلدىكى «ئاق پاراخوت»نى قوغلاپ ئۈزۈپ كېتىدۇ...

بۇغا ئانا ھەققىدىكى ئەپسانە ئەسلى مۆمىن بوۋاي نەۋرىسىگە سۆزلەپ بەرگەن بۇغا قوۋمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ مەنىلىك مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۆز يىلتىزىنى، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئايتماتوف مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە باشلايدىغان توپ سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

مۆمىن بوۋايمۇ بۇغا ئانا ئەپسانىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىراق ئۇنى بىر ھېكايە، شۇنداقلا ئەپسانىۋى ھېكايە سۈپىتىدە تونۇپ ئىشىنىدۇ، رىئاللىقتا مۆمىن بوۋاينىڭ تەقدىرى ئورازقۇلنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. ئۇ نەۋرىسى ئۈچۈن، جاپا چېكىۋاتقان قىزى ئۈچۈن، ئورازقۇلنىڭ ئىرادىسى بويىچە بۇغىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۆزىنىڭ ساپ ۋە قىممەتلىك ئېتىقادىنى ئۇنتۇيدۇ. ئەپسانە بىلەن رىئاللىقنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى دەل مۆمىن بوۋاي ئوبرازىنىڭ خاسلىقىنى يارىتىدۇ ھەم مۇشۇ خاسلىقنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى غايىۋى دۇنيا ئەپسانىۋى تۈس بېرىۋاتقىنى دەل «ئەسلىمە» دۇر. «ئەسلىمە» بىرخىل شەكىل ئېلىمېنتى ھەم ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە ئەسەرگە يېڭىچە تۈس بېغىشلىغان.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇدلۇق ئاساسىنى پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ئاساسىدىلا

يارىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانىيەت تايىنىپ ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت ئاساسىدىمۇ بەرپا قىلغان. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىشكە باشلىغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئويلانغان. تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ يارىتىلىشى بۇنىڭ نەتىجىسى بولدى. ئەخلاق قارىشى بۇ خىل تەبىئەت ئەپسانىلىرىنىڭ ياردوسى بولدى. كىشىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق قارىشىنىڭ چېگراسىنى تەبىئەتنى سۆيۈش - سۆيمەسلىك ئۇنى ئاسراش ياكى ئاسرىماسلىق بىلەن ئايرىدى. دېمەك تەبىئەتنى مەركەز قىلغان ئەخلاق قارىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي جەريانىدا زور رول ئويناپ كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن مۇرەككەپلەشتى. شۇ سەۋەبلىك ئايتماتوف مۆمىن بوۋاي ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ مۇرەككەپلىكنى سىڭدۇرىدۇ. مۆمىن بوۋاي ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇغىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش ئېتىقادى بىلەن قىزى ۋە نەۋرىسى ئۈچۈن كۈيئوغلى ئورازقۇلنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشتەك ئىككى خىل تاللاشنىڭ ئۆتكۈر كۈرىشىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئاقىۋەت تەقدىرگە، رېئاللىققا بويسۇنۇشتەك پىسخىك ئاجىزلىقى بۇغىغا تېۋىنىش، ئۇنى ئۇلۇغلاشتەك ئېتىقادى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى «سىرلىق مۇناسىۋەت»نى ئېچىپ بەردى.

«ئاق پاراخوت» گەرچە تراگېدىيىلىك ئەسەر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن ئۈمىد چاقناپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ كۈرىشىدە، ئاق كۆڭۈللۈك ۋاقىتىنچە مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئازابلىنىشنىڭ

زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئادەمدە بالىلىق قەلب بولىدۇ. «دۇنيادا بىزنى قانداق نەرسىلەر كۈتۈپ تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئادەملەر تۇغۇلۇپ ۋە ئۆلۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەتمۇ مەڭگۈلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ»[1] ئايتماتوف «بۇغا ئانا ئەپسانىسى» ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەيدۇ.

«بۇغا ئانا» ئەپسانىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى توتېم ئېتىقادى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ئەپسانىدۇر. بۇغا يىراق قەدىمكى زاماندا قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ توتېمى بولغان ھەمدە ئەجداد سۈپىتىدە قارىلىپ ئۇلۇغلانغان. بۇ خىلدىكى توتېم ئەپسانىلىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ قەبىلىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇلىدىغان ئەپسانە؛ يەنە بىرى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر روھى ئادەم بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ قەبىلىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇلىدىغان ئەپسانىلەردۇر. «بۇغا ئانا» ئەپسانىسى بىرىنچى خىل تىپتىكى ئەپسانىگە ياتىدۇ. ئەپسانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى مۇنداق: يىراق قەدىمكى دەۋردە يېنسەي دەريا بويىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاقساقىلىنى دەپنە قىلىۋاتقان چاغدا، يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بەختكە يارىشا ئامان قالغان ئىككى بالا سۇغا تاشلىۋېتىلىش خەۋپىگە ئۇچرىغاندا بىر جۈپ بۇغا ـ مارال تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. بۇغا ئۇلارنى كۆتۈرۈپ تاغ ـ دەريالارنى كېچىپ ئىسسىق كۆل ۋادىسىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئىككى بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش قۇرۇپ، يەتتە ئوغۇل، يەتتە قىز پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇزۇن

---

① ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

مۇڭگۇزلۇك بۇغا بىلەن چىرايلىق مارال ئۇلارنىڭ «توتېمى» بولۇپ قالىدۇ.

ئايتماتوف ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ «ئەسلىمە»سى سۈپىتىدە تونۇپ، ئىنسانىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مېھرىبانلىق، ئاقىلىق مۇھەببەت، بالىلارغا خاس ساددىلىققا ئوخشاش ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپماقچى بولىدۇ.

ئايتماتوف «ئاق پاراخوت»تا، مەركەزلىك ھالدا ئانا بۇغا رىۋايىتى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە ئۆز يىلتىزىنى ئۇنتۇماسلىقنى، ئەجدادلاردىن قالغان ساپ ئۇدۇملاردىن ۋاز كەچمەسلىكنى، توتېم دەۋرىدە ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە ئورۇق بولۇپ تېرىلغان بالىلىق ۋىجدانىنى ئىنكار قىلماسلىقنى سەمىمىيلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەمدە ھاياتنىڭ چەكلىكلىكىنى ئەمما ئېتىقادنىڭ چەكسىزلىكىنى، چۈشكۈنلۈكنىڭ ۋاقىتلىقلىقىنى لېكىن ئۈمىدنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە سالىدۇ. ئاپتور ئەسەرنى تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «مەن ھازىر مۇنداق بىرلا نەرسىنى ئېيتىپ قويالايمەن — سەن ئۆزۈڭنىڭ بالىلىق قەلبىڭ كېلىشەلمەيدىغان نەرسىنى ئىنكار قىلدىڭ. بۇ بولسا دەل مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. سېنىڭ ھاياتىڭ يالت قىلىپلا ئۆچۈپ قالغان چاقماقتەكلا ئۆتۈپ كەتتى. چاقماق ئاسماننى سىجاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئاسمان مەڭگۈ شۇنداق تۇرۇۋېرىدۇ. بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. ماڭا تەسەللى بولىدىغان نەرسە يەنە شۇكى، خۇددى ئۇرۇق ئىچىدە تۆرەلمە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بالىلىق ۋىجدان بولىدۇ، — تۆرەلمە بولمىسا، ئۇرۇق كۆكلىيەلمەيدۇ. دۇنيادا بىزنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىدىن قەتئىينەزەر،

ئىنسانلار تۇغۇلۇپ ۋە ئۆلۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ...»[1]

ئايتماتوفنىڭ تۇتىم ئىككى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى — «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دۇر. بۇ ئەسەر 1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سالغان.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا، ھەقىقەتەن فانتازىيە يىپىنچا قىلىنىپ، تارىخىي رىۋايەت سۇپىتىدە نايمان ئانا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ماڭقۇرت يولئامان پاجىئەسى، ھازىرقى زامان ۋەقەلىرى سۈپىتىدە ئابۇ تالىپ قۇتتىبايېۋ پاجىئەسى، كەلگۈسى زامان ۋەقەلىرى سۈپىتىدە سوۋېت - ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ پاجىئەسى ئۆزۈك - تارقاق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئۈچ پاجىئەگە يانداشتۇرۇپ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاق مەسىلىلىرى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ بىزنى ھەممىدىن چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى ماڭقۇرت رىۋايىتىدۇر. چۈنكى بېشىغا «شىرى» كەيدۈرۈلۈپ، خاتىرىسىنى يوقاتقان قەدىمكى زامان ماڭقۇرتلىرى بىلەن تەبىئەتتىن ياتلاشقان، زامانىۋى ئىختىرالاردىن بېشى ئايلىنىپ ئەسلىنى ئۇنتۇغان بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئىتتۇرىسىدا قانچىلىك زور ئوخشاشلىق بار - ھە! ...

ئەسەردە سارى ئۆزەك چۆللۈكىدىكى «ئانا بېيىت» قەبرىستانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: قەدىمكى زاماندا رۇرەن تاجاۋۇزچىلىرى سارى ئۆزەك يايلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان

---

[1] ئايتماتوف: «ئاق پاراخوت»، 222 -، 223 - بەتلەر.

ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئەسىرلەرنى قىيىنىغان. ئۇلار قاۋۇل، ياش يىگىتلەرنىڭ بېشىنى ئۇستىرا بىلەن پاكىز قىرقىپ، يېڭى سويۇلغان، ھورى چىقىپ تۇرغان تۆگە «شىرى»سىنى بېشىغا كەپلەپ كىيدۈرۈپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ چۆلگە تاشلىۋېتىدىكەن. تۆگىنىڭ تېرىسى ئىسسىقتا قۇرۇپ، باشنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىسىپ، مېڭىنى سىقىپ چىقارغاندەك ئازابلايدىكەن. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئىككى كۈندىن كېيىن تىكەندەك قارا چاچلار ئۆسۈپ شىرىگە يېتىدىكەن - دە، ئۇنى تېشىپ چىقالماي ئارقىغا يېنىپ، يۇمشاق باشنىڭ ئىچىگە قاراپ سانجىلىپ ئۆسىدىكەن. بۇنىڭ ئازابى شىرىنىڭ ئامبۇردەك قىسقىنىدىنمۇ بەتتەر بولىدىكەن ... شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئەل - يۇرتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ چوڭ بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئەسكە ئالالمايدىكەن. قىسقىسى ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىدىكەن. خۇددى ئىتقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭلا گېپىنى ئاڭلاپ، باشقىلار بىلەن زادىلا ئالاقە قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئوي - پىكرى بولمايدىكەن، خوجايىنى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن. مانا بۇنداقلار ماڭقۇرت دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەسەردە مۇشۇنداق ماڭقۇرت قىلىۋېتىلگەن بىر يىگىت خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. مېھرىبان ئانا ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاق ياغلىقى بىر قۇشقا ئايلىنىپ: ئويلاپ كۆرگىن، سەن كىمسەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ سېنىڭ ئاتاڭ دۆنەنباي! دۆنەنباي! ... دەپ پىغان بىلەن توۋلاپ سايراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ...[1] رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا

① ئايتماتوف: «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، 199 - ، 235 - بەتلەردىكى ماڭقۇرت رىۋايىتىگە قاراڭ.

يېدىگەي سەبدىشى قازانقاپنى دەپنە قىلىپ بولۇپلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىگە ۋە ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز ئىكەنلىكىگە قارىماي، «ئانا بېيىت» مەسىلىسى ھەققىدە «چەكلەنگەن رايون» دىكى ئەڭ چوڭ باشلىققا ئەرز قىلغىلى ماڭىدۇ. ئۇ قاراۋۇلخانىغا ئاز قالغاندا، گۈمبۈرلەپ ئاسمان ئۆرۈلگەندەك بولىدۇ. راكېتىلار ئارقا - ئارقىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئادەم ۋە جان - جانىۋارلارنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىدۇ. يېدىگەي ئەنە شۇ ئوت - يالقۇنلار ئىچىدە بىر ئاق قۇشنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇ قۇشنىڭ «سەن كىمسەن؟ ئېتىڭ كىم؟ ئاتاڭنىڭ ئىسمى دۆنەنباي! دۆنەنباي!» دەپ پىغان بىلەن سايراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. دېمەك رېئاللىق بىلەن فانتازىيە مۇشۇ «ئانا بېيىت»تا ئۇچرىشىدۇ. دۆنەنباي قۇشى كىشىلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۇنتۇماسلىققا چاقىرىدۇ.

ئايتماتوف يەككە بولغان رېئاللىق قاتلىمىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر قاتلام ئەپسانىنى قوشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئەپسانە خەلقنىڭ قەلبىدىكى خاتىرە بولۇپ، ئاجايىپ گۈزەل شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە تارىخىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.»①

چىڭغىز ئايتماتوف ئالەم بوشلۇقىدىن يەر شارىغا نەزەر سېلىپ 20 - ئەسىر كىشىلىرىنىڭ پەقەتلا ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەر شارىدىكى ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك، ئۆزئارا ئېھتىيات قىلىش ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ يەتتى ھەم بۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىكى ئەڭ خەتەرلىك

---

① «XX ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى»، خېنەن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 475 - بەت.

تەھدىتىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەدەنىيەتلىك تاشقى پىلانت ئادەملىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ يەردە ئۇرۇش ھەم زىددىيەت بولمىغان، ئەخلاق يۈكسەك تاكاممۇللاشقان. ئۇ ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بۇ تەسۋىرلەر ئارقىلىق، «جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئاخىرى يۈكسەك مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بىراق ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، ئۇ چەكلىك ئۆمرىدە ياشىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ياشاش شەرت ـ شارائىتىنى كېڭەيتىشى كېرەك، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن يۈكسەك، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئادەمدىكى سەمىمىيلىك ياشاشنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتىگە ئايلىنىدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

روماندا پۈتۈن ۋەقەلىك باش قەھرىمان يېدىگەينىڭ يېقىن سەبدىشى، پېشقەدەم ئىشچى، مەرھۇم قازانقاپىنىڭ «ئانا بېيىت» كە ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىنىدىغان بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، يىراق ـ يېقىننى ئەسلىتىش ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. رومان قازانقاپىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن باشلىنىپ، ئۇنى دەپنە قىلىپ قايتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ھەم ئاساسىي تېمىمۇ يېدىگەينىڭ ئۆزى، شۇنداقلا قازانقاپىنىڭ بورانلىق بېكىتتە ئۆتكۈزگەن نەچچە ئون يىللىق تۇرمۇش ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا قانات يايىدۇ.

دېمەك، ئايتماتوف ئەسەردە «ئانا بېيىت» قەبرىستانلىقى- دىكى ماڭقۇرت رىۋايىتىنى ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئەسەر ۋەقەلىكىگە كىرىشتۈرۈپ تاشلايدۇ ھەمدە سابىتجانغا ئوخشاش ئەسلىنى ۋە نەسلىنى ئۇنتۇغان بۈگۈنكى زامانىنىڭ «ماڭقۇرت» لىرىنى قاتتىق قامچىلايدۇ. چۈنكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن، كونا ئۆدۈملار ۋە

ئەنئەنىلەر يوقالغان، ئادەمنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ياتلاشقان بۈگۈنكى دۇنيادا، يېڭى «ماڭقۇرت»لۇقنىڭ ۋەھىمىسى كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئەقلىي ئاڭنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى، ئادەملەرنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىنى قۇرۇغداپ، كۈنسېرى ماددىي مەئىشەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. خۇددى ئايتماتوف ئېيتقاندەك: «20 ـ ئەسىرنىڭ تراگېدىيىلىك زىددىيەتلىرى دەل ئادەملەرنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەت تونىغا ئورالغانلىقى[1]» دا ئىدى. شۇڭا، ئۇلاردا توتېم ئېڭىنى ئويغىتىش ئارقىلىق، يېڭى «ماڭقۇرت»لۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەسلىنى ۋە نەسلىنى ئۇنتۇغان «ماشىنا ئادەم» بولۇپ قالماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئايتماتوف بىر سەزگۈر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز ئەسىرىدە بۇ رېئاللىقنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى.

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «قىيامەت» رومانىدۇر. بۇ رومان 1986 ـ يىلى «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، زور غۇلغۇلا قوزغىغان. ئوبزورچىلار بۇ رومانغا «سوۋېت ھېكايىچىلىقىدا تېخى بۇنداق ئەسەر يېزىلىپ باقمىغان» دەپ باھا بېرىشكەن. نۇرغۇن كىتابخانلار ئايتماتوفقا ئوچۇق خەت يېزىپ: ئايتماتوف «قىيامەت» رومانىدا نېمە ئۈچۈن بىر جۈپ بۆرىنى يازىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇلارنى نېمىشقا «سەممىمىي ساداقەتمەنلىك»، «ئاق نىيەتلىك ۋە جاسارەتلىكنىڭ سىمۋولى» قىلىپ يازىدۇ؟ دەپ سوراشتى.

دەرۋەقە، «قىيامەت» رومانىدا تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەدىن ئىبارەت بىر جۈپ بۆرىنىڭ ئوبرازى باشتىن ـ ئاخىر بىرگە

---

① «XX ئەسىرنىڭ سەنئەت روھى»، 472 ـ بەت.

ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاجىئەسى ئارقىلىق «ئىنسانىيەتنىڭ قورقۇشىغا تېگىشلىكى دۇنيانىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، سىرلىق قىيامەت كۈنى ئەمەس. بەلكى ئۆزىمىز قىلىپ قويۇشىمىز ئېھتىمالى بولغان قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىكەنلىكى[1]»نى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ بۆرە مويىنقۇم چۆللۈكىدە ئەركىن ئازادە ياشايدۇ ۋە بۇ تىنچ ماكاندىكى جانىۋارلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بىراق ئويلىمىغان يەردىن، «چەك - چېگراسى كۆرۈنمەيدىغان، ھېچقانداق بالا - قازا يولۇقمايدىغاندەك تۇيۇلغان مويىنقۇم چۆلىنى مانا شۇ ئاددىي ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن قىسىپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق ئىنسان ھاياتىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ۋە ساددا كۆرۈنگەن ئىشلىرىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى مويىنقۇم جانىۋارلىرى نەدىن بىلسۇن ...»[2]. ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن مويىنقۇم چۆللۈكىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ بىر جۈپ بۆرىنىڭ تىنچ ھاياتىغا خەۋپ سالىدۇ. ئۇلارنى مىلتىق، ماشىنا ۋە تىك ئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن سۈر - توقاي قىلىدۇ. نەتىجىدە بۆرىلەر ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاغۇ - دەشتىلەردە كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار «قۇرداي تاغلىرىدىن كېيىن، ئاق تۈز تاغلىرىغا كۆچىدۇ. لېكىن بۇ يەرلەرمۇ كۆزلىرىگە خەتەرلىك كۆرۈنۈپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭىدۇ. بۆرىلەر ئاق تۈز داۋىنىدىن ئېشىپ، ئىسسىق كۆلنىڭ بويىغا چۈشىدۇ. يول تۈگەيدۇ، نېرى يېقى دېڭىز ...

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار شۇ يەردە ھاياتىنى يەنە باشقىدىن

---

① ئايتماتوف: «قىيامەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 5 - بەت.

② ئايتماتوف: «قىيامەت»، 171 -، 361 - بەتلەر.

باشلايدۇ ... بالا كۆرىدۇ ... بۇ نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئاخىرقى قاتتىق ئۇرۇنۇش ئىدى ... بۆرىلەر قىسسىسى شۇ يەردە — ئىسسىق كۆلدە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ...»[1].

ئەسەردە چارۋىچى بوستوننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى يارىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەيسەر، باي مەنىۋى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئوبراز — بازارباي بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ. بازارباي تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى بالىسىنى ئۇۋىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، بوستوننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى سېتىپ، پۇلىغا ھاراق ئىچىشنى ئويلايدۇ. بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى تاشچاينار بىلەن ئەكبەرە قاتتىق دەرد - ھەسرەت چېكىپ، بوستوننىڭ ئائىلىسىگە ئارام بەرمەيدۇ. بوستون بازار بايدىن بۆرە كۈچۈكلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قارا نىيەت بازار باي بۇنى رەت قىلىدۇ. ئاخىرى ئانا بۆرە ئەكبەرە بوستوننىڭ بالىسى كەنجەشنى ئېلىپ قاچىدۇ. بوستون ئامالسىز بۆرىگە ئوق ئۈزىدۇ، لېكىن بۇ ئوق ئۆز ئوغلىنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ. ئاشۇ دەقىقىلەرنى يازغۇچى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «زۇۋانسىز دۇنيا زۇۋان سۈرمەي ياتاتتى، دۇنيا غايىپ بولدى، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت ئوت يالقۇنلىرى گۈرۈلدەپ تۇرغان زۇلمەتلا قالدى. بوستون كۆزلىرىگە ئىشەنمەي مۈكچەيدى ۋە يەردە قانغا مىلىنىپ ياتقان ئوغلىنى كۆتۈردى. ئۇنى باغرىغا باسقان پېتى كەينىگە مۆدۈرۈلدى. شۇ چاغدا ئۇ جان بېرىۋاتقان بۆرىنىڭ كۆزلىرى نېمە ئۈچۈن كۆك ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەندى ...»[2]

ئەسەردە ئېيتىلغاندەك «بوستون» دېگەن ئىسىم «كۆك

---

① ئايتماتوف: «قىيامەت»، 171 -، 361 - بەتلەر.
② «قىيامەت»، 536 - بەت.

بۆره» ياكى «سۇر بۆره» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. بىز بۆره توتېمى بىلەن باغلانغان بۇ ئىسىمدىن، قەدىمكى دەۋردە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى، بۆرىگە چوقۇنغانلىقىدەك ئەپسانىۋى مۇھىتنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئايتماتوف قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۆره توتېمى ئېتىقادىنى ئەسىرىدە ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئىپادە قىلغان ۋە بۈگۈنكى توتېم ئېڭى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، تراگېدىيىلىك زىددىيەتلەر كۆچەيگەن دۇنيادىكى رېئال تۇرمۇشنى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاق پاراخوت»تىن باشلاپ ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى ئاڭ جەھەتتە باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ «ئاق پاراخوت»تا ئەدەبىياتتىكى ھەممىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن «شەرەپلىك ئەنئەنە»نى تاشلىۋېتىپ تراگېدىيىنى جانلاندۇردى. «قىيامەت»تە بولسا ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇپ زوراۋانلىق بىلەن قان تۆكۈشنى ئىنكار قىلدى.

ئايتماتوف «ئەدەبىيات خېلى جاھىل بولغان ۋە ئۇزاقتىن بۇيان پۇت دەسسەپ تۇرغان تەكشىلىكتىن ئازاد بولۇپ چىقىشى كېرەك.»[1] دەپ قارايدۇ. ئۇ رېئالىزمدا ئەپسانىنى تىرىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ يېڭى، شۇنداقلا دادىل سىنىقى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن سېھىرلىك غايىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ نادىر ئەسىرى «ئالائىت قىياسى»دا ئادەمنىڭ يارىتىلىشىغا ئائىت يېڭى بىر ئەپسانىنى ياراتتى. شۇنداقلا ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ توختاۋسىز سۈركۈلۈشلىرى ئارا، كىشىلىك مەسئۇلىيەت،

---

① ئايتماتوف: «ئاسمان جىسىملىرى تەپەككۇرىدىن مۇز دەۋرىگىچە»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» 1991 ـ يىل، 3 ـ سان.

ئادەم مەۋجۇدلۇقى ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى ئۆزگىچە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئايتماتوف بۇ ئەسەردە «ياۋا ئۆردەك لوۋېر» ۋە «پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى نىۋخىلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن باغلايدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق نەسىل توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئەجدادلارنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان تۆت ئادەمنىڭ ھايات - مامات ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر روھىي قاتلىمىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇلارغا نەسىلنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەيدۇ. ئەسەردىكى بۇ ئىككى ئەپسانىنى نوقۇل ئەپسانە سۈپىتىدە قارىساق، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئەمما بۇ ئەپسانىلەر ئەسەردە ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ، ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان. «ياۋا ئۆردەك لوۋېر» ئەپسانىسى بىزگە قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىزدىن قانداق ئايرىلىپ پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەپسانە توتېم ئېتىقادىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يارالمىش ئەپسانىسىدۇر. «قەدىمكى زامانلاردا يەر شارى چەكسىز كەتكەن ئوكيان بولۇپ، ياۋا ئۆردەك لوۋېر ئۆزىگە تۇرالغۇ تېپىش ئۈچۈن كۆكرىكىدىكى پەيلەرنى يۇلۇپ بىر ئۇۋا ياسىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ قۇرۇقلۇق پەيدا بولغان ھەم ئاستا - ئاستا ھەر خىل جانلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىقى بولۇپ، بارا - بارا كۆپىيىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى ئىنسانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.»

«ئالا ئىت قىياسى» پوۋېستىدا تۆت بېلىقچى دېڭىزغا چىقىپ تىيولىن ئوۋلاش داۋامىدا، ئەتراپىنى تۇمان قاپلاپ كېتىپ نىشاندىن ئادىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۈچ ئادەم ئۆلۈۋېلىش بەدىلىگە بىر بالىنى ساقلاپ قالىدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە

ئەسەردىكى بېلىقچىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىزگە بىر ئەپسانە، بەلكى گۈزەل ھەم تەسىرلىك «ھازىرقى زامان ئەپسانىسى» بولۇپ تۇيۇلىدۇ. گەرچە بۇ ئەپسانىدە ئاجايىپ تەسۋىر، ھۆر - پەرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن دەھشەتلىك دېڭىز، تۇمان ۋە چىدىغۇسىز ئاچلىق … ئۇسسۇزلۇقلارنىڭ ھەممىسى بىرىكىپ بىزگە ئەپسانىگە يېتەرلىك ئېلېمېنت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

«پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىدە نەسىل ئىزدەش بىۋاستە ھالدا «پەرىزات بېلىق»قا باغلىنىپ روشەنلىشىپ بارىدۇ. ئەسەردىكى ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بېلىق»قا بولغان ئۆز نەسلىنى ئۇلۇغلاش مۇھەببىتى بۇ ئەپسانىگە ئۆزگىچە مەنە ئاتا قىلىدۇ.

ئاتماتوف ئورگان بوۋاينى قويۇق ئەپسانىۋى تۈستە يارىتىپ، ئۇنىڭ «پەرىزات بېلىق»قا بولغان غايىۋانە مۇھەببىتىنى جۇدالىق شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى تېرەن بولغان تراگېدىيىلىك سەزگۈ ئاتا قىلىدۇ. گەرچە مىلگوندا ئورگان بوۋاينىڭكىدەك چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرىزات بېلىق» نىڭ نەسلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىپ ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ. ئورگان بوۋايدىن مىلگونغا ئۆتۈپ كۆچەيگەن مۇھەببەت (تراگېدىيە ئېڭى) ئەمرايىنغا كەلگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئەمرايىن ئوغلىغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى دېيەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ.

ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بېلىق» ئەپسانىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىلىشى پوۋېستنىڭ سىرلىقلىقى ۋە سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتكەن. قىرسىق بولسا ئايتماتوفنىڭ ئادەملەرگە قالدۇرماقچى بولغان گۈزەل غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنى ئالدىنقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا

ئالدىنقىلار زوّرۇر بەدەل تۆلىشى، ئەۋلادلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ مېڭىشى ئۇچۇن ئەھمىيەتلىكتۇر. مۇبادا ئورگان، مىلگون، ئەمرايىنلارنىڭ زوّرۇر «ھالاكىتى» بولمىغاندا ئەنئەنە بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان بولاتتى، «ئالا ئىت قىياسى» نى ئوقۇغىنىمىزدا چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن بىر ئۈمىدنى سېزىمىز. ئايتماتوف بىر تەرەپتىن زامانداشلىرىنى ئەنئەنىنى يوقاتماسلىققا ئۈندىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەۋلادلارغا بولغان ئاداققى ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئاپتورنىڭ قىرسىقنى «پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك» ھايات قالدۇرۇشىدىن گۇمانلىنىشىنىڭ زوّرۇرىيىتى يوق. ئايتماتوف «ئالا ئىت قىياسى» پوۋېستىدا زاماندىشلىرىغا بىر ئۈمىدنى سوۋغا قىلغان ھەم ئۇلارنى ئەجدادلىرىدىن قالغان مۇقەددەس روھقا ۋارىسلىق قىلىشقا چاقىرغان.

«ئالا ئىت قىياسى» باشلىنىش بىلەنلا كۆز ئالدىمىزدا دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ توختاۋسىز كۈرىشى گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ياشاش ئەمەلىيىتى داۋامىدىكى رېئاللىق بىلەن بولغان مەڭگۈلۈك كۈرىشىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانىيەت بۇ كۈرەش داۋامىدا بەزىدە مەغلۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، چەكسىز ئېتىقاد، قىرسىقدەك ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. مانا بۇ ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. ئايتماتوف ئالەم، كىشىلىك تۇرمۇش، تەبىئەت ۋە جامئىيەت، ئەخلاق جەھەتلەردە زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلاندى ھەم مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مەلۇمكى بۈگۈنكى كۈندە كۆپ خىل ئەدەبىيات ئېقىملىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ

تۇرىدىغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ھەم ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەچكە، قانداقتۇر بىر خىللا ئەدەبىيات مەركىزىي ئورنىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھادىسە ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى.

ھازىر بېكىنمە، تار، ئاددىي مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك نەرسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، ئەكسىچە ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بارلىق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ رەڭدار تۈسىنى يوقىتىۋەتتى، ئىنسان ئەقلىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئەكسى ھالدا ئىنسانلارنى مەنىۋى ئاچارچىلىققا مۇپتىلا قىلدى. دەرۋەقە ھەممە نەرسە ئەكسىگە قايتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى ئۇلارنى مۇقەررەر يوسۇندا ئەڭ دەسلەپكى چىقىش نۇقتىسى بولغان ئەپسانىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىردى. ئىپتىدائىي دەۋردە ئىنسانلار تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمە ئالدىدا ساددا تەپەككۇرىغا تايىنىپ گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئەپسانىلەرنى ياراتتى ھەم شۇ ئارقىلىق غالىبلىقنى نامايان قىلدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنسانلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ كۈنسايىن تارىيىشى، تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدەك قىسمەت ئالدىدا نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟! ئايتماتوف دەل مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەپسانىدىن ئىبارەت بۇ ژانىرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قايتا تىرىلدۈردى. بۇ ھەقتە ئۇ بىر مۇخبىرغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۇ خىل ھادىسە سوۋېت يازغۇچىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئافرىقا ئەدەبىياتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى پىروزىسىدىمۇ، بولۇپمۇ كېيىنكىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر ۋە مەنىلىك ئىپادىلەنمەكتە. بۇ شۇ جايلاردىكى يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى بىلەن ئۆتكەنكىنى باغلاپ، بىزگە ھازىرقى دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن

بولسا كېرەك. ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەت ـ چۆچەكلىرىنى ياراتتى. قەدىمكى زامان رىۋايەت، ئەپسانە قۇراشتۇرىدىغان زامان ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى داستان ـ شېئىرلار ياكى ئاجايىپ ـ غارايىپ خىيالدىن تۇغۇلغان رىۋايەت ـ ئەپسانىلەر بىزنىڭ مەنىۋى خەزىنىمىز بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك. مېنىڭچە بۈگۈنكى دۇنيانى تېخىمۇ ئوبدان بىلىش ئۈچۈن قەدىمكى زاماننىڭ مەنىۋى خەزىنىسىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ مۇھىم.»①
ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ. «مەن ئۇچۇرغا ئېھتىياجلىق دەۋرنىڭ ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، بەزىلەر بۇ ئۇچۇرنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن، بۇ ئۇچۇر ناھايىتى كەڭ ھەم قەدىمي بولۇپ، ئۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۈپرىقىدا يىلتىز تارتقان، مەن بۇ ئۇچۇرنى داۋاملىق تارقىتىمەن. بۇ ئۇچۇر: ‹ھەي ئادەملەر! ئەقىل ھوشۇڭلار بىلەن ياشاڭلار! ھەي ئادەملەر! سىلەر بۇ دۇنياغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار›، دېگەن مەزمۇندا. بۇ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئورتاق مەزمۇن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكىدەك مۇھىم بولۇپ باقمىغان، چۈنكى بۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىز مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئىشىنىمەنكى، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نۇقتىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئەمما ئەدەبىيات چوقۇم چۈشىنىشى ھەم تۆھپە قوشىشى كېرەك.»②

شۇنداق بولغاچقا ئەپساندىن ئىبارەت بۇ ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ ئايتماتوف ئەسەرلىرىدە تىرىلىشى ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ يېڭى بىر قېتىملىق يۈكسىلىشىنىڭ روشەن

---

① ئايتماتوف: «يازغۇچى زاماننىڭ ۋىجدانى» — «تارىم» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 10 ـ سان.

② «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىل، 22 ـ ئۆكتەبىر سانى.

ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇ بىر مەيدان چۈشكە ئوخشايدىغان تەسىرلىك «بۇغا ئانا» ئەپسانىسى ئارقىلىق ھايۋان بىلەن ئەدەمدىكى ئەسلى مەنىدىكى يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، ئورگان بوۋاينىڭ «پەرىزات بېلىق» ھەققىدىكى چۈشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشكە قايتىش ئىستىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ قىرسىق، مۆمىن بوۋاي، بوستون ئوبرازلىرى ۋە ئەكبەر، تاشچاينارغا ئوخشاش سىمۋوللۇق ئوبرازلىرى ئارقىلىق قىرغىز مىللىي روھىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر قېزىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەقىقىي زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر قېزىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالىدى. ئۇنىڭ «بۇغا ئانا»، «ماڭقۇرت»، «پەرىزات بېلىق» ھەققىدىكى ئەپسانىلىرى بالىلىق تۇيغۇغا تويۇنغان بولۇپ، چۈش بىلەن رېئاللىق گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ خىل تۇيغۇ بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئاشۇ ئەپسانىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تۇپراق بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

ئايتماتوفنىڭ خاراكتېرىدا بۈگۈنكى ئاڭ يەنى ئىنسانىيەتنىڭ كرىزىس ئېڭى قويۇق ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەتكە خاس بولغان گۈزەللىك قارىشىنى دادىللىق بىلەن نامايان قىلدى ھەم بۇنى ئەپسانە شەكلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك ئەپسانىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى بۈگۈن ۋە كەلگۈسى دۇنيا ھەققىدە، تەبىئەت ھەققىدە ئويلىنىشقا، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىلا كۆزىتىپ قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىنىمۇ ئۆزگىچە سەنئەت قارىشى بىلەن كۆزىتىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، ھايۋانات دۇنياسىنى قوغداشتىكى مەجبۇرىيىتىنى تېخىمۇ كونكرېت شەرھلەپ بەردى. شۇنداقلا «يەر شارىدا قاچانكى سەمىمىيلىك، ئېتىقاد، مۇھەببەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك

يوقىلىدىكەن، بۇ مۇقەررەركى ئىنسانلارنىڭ ھالاكىتى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانلار تەقدىرى ھەققىدىكى گۈزەل غايىلىرىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى، بىزدە ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغاتسا، پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان دىئالوگ ۋە مۇنازىرىلىرى كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى تونۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئايتماتوف ئىنسانىيەتنىڭ يازغۇچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت ھەققىدە ئويلاندى، پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ ئەسەرلىرىدە يۈزە ھالدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى چوڭقۇر روھ يوشۇرۇنغان ئەپسانىلىرى بىلەن يېتتۈرۈپ قويغان قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئالىيجاناب ھالىتىمىزنى ئەپسانە ئارقىلىق ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.

# خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە»نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر

ئەشرەپ ئابدۇللا[1]



ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ چوققىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى ئەڭ بۈيۈك نامايەندىسى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنىڭ بىرسى بولغان ئەلىشىر نەۋائى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى، ئەرەب، ئىران، ھىندى، گرېك مەدەنىيەتلىرى، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەتلىرى توپلانغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھىراتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇزدىن ئارتۇق غايەت زور ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «خەمسە

---

① ئەشرەپ ئابدۇللا: لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

نەۋائى» ناملىق يىرىك ئەسىرى، خۇددى ئالتۇن ئۇزۇككە قويۇلغان ياقۇتتەك ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دۇنياسىنى چاقنىتىپ، جاھان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى جۇلالاندۇردى.

خەمسە ئىجادىيىتى ـــ شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يىرىك ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولغان ئوخشاتما ئەدەبىياتقا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش شەكلى بىلەن بارلىققا كەلدى.

«خەمسە» نىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي داستان، قەھرىمانلىق، ئىشق ـ مۇھەببەت داستانى، ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن باغلانغان شاھلار توغرىسىدىكى داستان، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان غايىۋى پادىشاھ ۋە غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى داستاندۇر. ئۇنىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكلىرى، شەكلى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ھەربىر «خەمسە» نىڭ رەت تەرتىپى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىيىپ بارىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەكس ئەتتۇرمەكچى بولغان بەدىئىي غايىسىگە ئاساسەن مەزمۇن دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ.

ئوخشاش تېما، ئوخشاش ۋەقەلىكلەرنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق قانداق ئىپادىلەش ئوتتۇرا ئەسىردىكى شائىرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زور تالانت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. خەمسە ئىجادىيىتى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى مۇشۇ ئەدەبىي ئېقىم ئارقىلىق نامايان قىلدى. دەل مۇشۇ سەۋەبلىك خەمسە ئىجادىيىتى خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەردىكى

ئەدبىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، زور بىر تۈركۈم شائىرلار خەمسە يېزىشقا كىرىشىپ، خەمسە يېزىشنىڭ غايەت زور دولقۇنىنى هاسىل قىلىپ، شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسە ئەدەبىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى.

نۇرغۇن شائىرلار خەمسە يېزىش دولقۇنىدا كەسكىن رىقابەتلىشىپ، بەزىلىرى رىقابەتتە غەلىبە قىلىپ تاللاندى. بەزىلىرى رىقابەتتە مەغلۇپ بولۇپ شاللاندى. ئۇتۇق قازانغانلىرى نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دىھلىۋى، ئابدۇراخمان جامى، ۋە ئەلىشىر نەۋائىلار بولدى. ئۇلار ئۆز خەمسىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تارىخىي كىتابلاردىكى خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت، قىسسە، چۆچەك ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرغا باي هېكايىلەردىن ئالدى. خەمسە ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، بىر - بىرىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىگە تەنقىدىي قاراپ چىقتى. نەتىجىدە خەمسە رىقابىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ دۇنيا ئەدەبىياتىدا زور شۆهرەتكە ئىگە بولدى. ئۇلار تۆت ئانا سىرغا تەقلىد قىلىنىپ، نىزامى گەنجىۋى ئۇتقا، ئەمىر خۇسرەۋ دىھلىۋى هاۋاغا، ئابدۇراخمان جامى سۇغا، ئەلىشىر نەۋائى تۇپراققا ئوخشىتىلدى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدىكى بۇ تۆت خەمسە پىرلىرى خەمسىلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق هالدا يېزىپ، ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي قىممەت ياراتتى.

نىزامى گەنجىۋى «خەمسە» سىدە XII ئەسىر دەۋر قىياپىتىنى ۋە ئەدەبىي مۇهىتىنى كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ بۈيۈك غايىبلىرىنى ئىپادىلىدى. ئەمىر خۇسرەۋ دىھلىۋى «خەمسە» سىدە XIV ئەسىر دەۋر شارائىتىنى ۋە ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئابدۇراخمان جامى XV ئەسىر دەۋر روهىنى ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋرىگە خاس بەدىئىي ماهارىتىنى كۆرسەتتى. ئەلىشىر نەۋائى غايىۋى مەزمۇنغا باي، ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرلىرى هەر

تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «خەمسە» سى ئارقىلىق، XV ئەسىردىكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىدى. خەمسىدىكى ئوبرازلار دۇنياسىنى، سۈژېتلىرىنى بېيىتتى. ئۆز دەۋرىگە يارىشا مىللىي ئېڭىنى، مىللىي روھىنى، مىللىي ۋىجدانىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنداقتا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» بىلەن ئاكتىۋال شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار نېمە؟ قانداق ئىدىيىلەر سەۋەبچى بولدى؟ بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

I

ئەلىشىر نەۋائى 1441 - يىلى قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى ھىرات شەھىرىدە ئۇيغۇر باخشىسى (ئۇستاز) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تا 1501 - يىلى ئاشۇ ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆتكۈزگەن ئاتمىش يىللىق ھاياتىدا، ھىرات، سەمەرقەند، باغداد، مەشھەد قاتارلىق شەھەرلەردە ياشاپ، ئىزچىل تۈردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. تۈرلۈك پەنلەردىكى ئالىم، ئۆلىما، مۇدەررىس، سەنئەتكار، تارىخچى، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتتى. ئۆز زامانىسىدىكى تۈرلۈك بىلىملەرنى پائال ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىن ئاۋۋال ياشاپ ئۆتكەن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى پادىشاھ، ھاكىم بەگلەر بىلەن خىزمەت قىلدى. ساۋاقدىشى ھەم دوستى، خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ئوردىدا ۋەزىرلىك قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرگە

قويۇلدى ۋە ئەتىۋارلاندى. بەزىدە ئوردىدىكى يامان كىشىلەرنىڭ پىتنە - پاساتى بىلەن چەتكە قېقىلىپ خارلاندى. ھەتتا ئاستىرابادتىن يىراق، چەت جايلارغا «ھاكىم» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئاستىدا، ھۆسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەندە، نەۋائى ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا قاتناشتى. پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆردى. ئۇلار ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئەۋزەل شارائىتتا، خەلق ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. خەلقنى ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما، ئوردا ھاياتىدا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر قىلغىنى، ئوردىدىكى بۇزۇقچىلىق، ئەيش - ئىشرەت، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇق قىلمىشلىرى بولدى.

پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسان بەختى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئاتا قىلغان نەۋائى، بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار ئالدىدا ئوردىدا داۋاملىق خىزمەت قىلىشنى رەت قىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى توپلانغان ھىرات ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىدە، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ماتېرىيال توپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللاندى.

نەۋائى پۈتكۈل ھاياتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش جەريانىدا، تۈرلۈك مەدەنىيەت، ئەدەبىي ئېقىم، پەلسەپە، تارىخ ھەم تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر،

ئەدىبلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. نەتىجىدە ئۇ، ئالىم، ئەدىب، شائىر ھەم پىشقان دۆلەت ئەربابى، جامائەت ئەربابى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ دۆلەت ئەربابى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن دۆلەت ئۇچۇن، ئاۋام خەلق ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ، خىلمۇخىل ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. نەۋائى ئەقىل ـ پاراسىتىنى ھۇسەيىن بايقارانىڭ دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇش، خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بېرىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. ئۆزى پادىشاھ ھۇسەيىن بايقاراغا مەسلىھەت بېرىپ، خەلقنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى، شەھەر قۇرۇلۇشىنى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ياخشىلاپ بەردى. خەلقنىڭ ئوردىدا سۇنغان ئەرز ـ تەلەپلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلدى. ئۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك:

«يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەمەن،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن»

دەيدىغان بۈيۈك ئىدىيە بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە ئاتىدى. ئەمما، ئۇ تۇرلۇك سىياسىي ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ زور ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، بىلىم دائىرىسى كەڭ، غايىۋى مەزمۇنغا باي مۇتەپەككۇر بولغانلىقى بىلەن، ئىلغار پىكىرلىرى كۆپ، تەشەببۇسلىرى خىلمۇخىل، ئويلىغان پىلانلىرى ئەمەلىي ئىدى. لېكىن، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلى يۇقىرىقىدەك ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

لېكىن، نەۋائى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلىرىنى، غايىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى بىر مەشھۇر شائىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە، تالانت ۋە خاسىيەتلىك ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى.

نەۋائى خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئۇلڭ تەرەققىياتى، ئىلىم - پەن، ئىنسان ھۆرلۇكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەختى، ئىنسان ئەخلاقى مەسىلىلىرىنى ئومۇمەن ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى بىر ئۆمۈر لىرىك شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇردى. لېكىن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان كۆپ ئىشلارغا قاتناشقان، كۆپ ئىلىم ئالغان شائىر ئەينى دەۋردىكى زور سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنغا باي خىياللىرىنى، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى شېئىرىيەتنىڭ بۇ لىرىك ژانىرى ئارقىلىق تولۇق، ئىنچىكە، ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە خانلىق ئالمىشىش كۆپ بولغان، ھەر ئالمىشىش ۋاقتىدا زور جەڭگى - جېدەل، قان تۆكۈشلەر دائىم بولۇپ تۇرغان، ئادەملەر ئارىسىدا قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئىلىم ئەھلىلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتكە قېقىلىپ تۇرغانلىقىدەك زور مەسىلىلەر سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەۋردە فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، خۇراپىي كونا ئادەتلەر تۈپەيلى كىشىلەر تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيۋاتقان، پىتنە - پاسات، رەزىللىك كۆپىيىپ، جەمئىيەتتە ئىناقسىزلىق، زور دەرىجىدە يامراپ كەتكەنىدى.

ئەلىشىر نەۋائى بۇ زور مەسىلىلەرنى پەقەت ئىلىم - پەن ئارقىلىق، ئادىل قانۇن بىلەن، ئادىل پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستانچىلىق ژانىرى بىلەن ئەكس ئەتتۇرمەكچى بولدى. ئۇ داستانچىلىقتا بىر داستان يېزىش بىلەنلا بۇ زور مەسىلىلەرنى ۋە غايىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ

كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە» گە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ زور غەيرەت ۋە ئىرادە بىلەن شائىرلىق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۆزى توپلىغان باي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بەش يىرىك داستاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىپ، زامانىسىدىكى دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىردە شائىرلار يۈرەكلىك يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يىرىك داستانلار توپلىمى «خەمسە» نى بارلىققا كەلتۈردى.

II

خەمسە — ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل يىرىك ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىم شەرقتە XII ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان ئەدەبىياتلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇنى يازما ئەدەبىياتتا بىرىنچى قېتىم ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1209) باشلاپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ توغرىدا ئىزدەنگەنلەر، خەمسە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسە يېزىش دولقۇنى بارلىققا كەلگەن. شائىرلار «خەمسە» نى شائىرلىق تالانتى، سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەدەبىي ئۆلچەم قىلغانىدى. گەرچە بۇ رىقابەتكە شەرق ئەللىرىدىكى مىڭدىن ئارتۇق شائىر قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇتۇق قازانغىنى پەقەت تۆتلا ئادەم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار ئۆز خەمسىلىرىنى شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئەسىردە

ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەپىس تىلى دەپ ئاتالغان پارس تىلى بىلەن يازدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق شائىرلىرى ئارىسىدا «ئەدەبىي ئەسەرنى (شېئىرىي ئەسەرلەرنى) پەقەت پارس تىلى ئارقىلىقلا نەپىس ۋە تەسىرى كۈچلۈك قىلىپ يازغىلى بولىدۇ» دېگەن قاراش شەكىللەندى. ھەتتا خەمسە رىقابىتىگە پارس تىلى ئارقىلىقلا قاتناشقىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل قاراش پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىۋاتقان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ئارىسىغا تېزدىن يامىرىدى. دەل مۇشۇنداق خاتا قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە نەۋائى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئەدىبلەر ئىچىدە تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغانلارنىڭ سانى ئوتتۇزدىن ئاشمىغان، بۇ پاكىتنى ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى) ناملىق ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسىرىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدەبىيات نەۋائىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، زىيالىيلار ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ قالدى. كەڭ خەلق بۇ ئەدەبىياتتىن زوق ئالالمىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆز خەلقىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئەبەيدۇللا لۇتفى، سەككاكى، ئەتائى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز مىللىي تىلى بىلەن بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنغا باي، تىل ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن نۇرغۇن لىرىك شېئىر، قەسىدە ۋە داستانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى. ئەدەبىياتنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بولغان «خەمسە»نى يېزىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپە تۇراتتى.

دەل مۇشۇنداق پەيتتە خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپى، ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ھۆرمىتى، ئۆز ئانا تىلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۈچۈن، XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئىككى تىل ماھىرى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېزىش قىيىن دەپ ئاتالغان خەمسىگە مۇراجىئەت قىلدى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسە» يېزىش رىقابىتىگە قاتناشتى.

نەۋائى رىقابەتكە قاتنىشىپ، ئالدى بىلەن خەمسىنى يېزىشنىڭ تولىمۇ قىيىن ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشكە، كۆپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ بۇنداق ئىدىيىۋى ھالىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.
كېرەك شىر ئالىدە ھەم شىرى جەڭگى،
ئەگەر شىر ئولماسا بارى پەلەڭگى.

نەۋائى شىرنىڭ ئالدىدا، شىر جېڭى قىلىش كېرەك دېگەن رىقابەت ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردە خەمسىلەرگە ماتېرىيال بولغان ئىران، ئەرەب، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان، شېرىن، خۇسرەۋ، فەرھاد، لەيلى، مەجنۇن، بەھرام، دىلئارام، ئىسكەندەر توغرىسىدىكى رىۋايەت، ھېكايىلەرنى، تارىخىي قىسسىلەرنى توپلىدى. بۇ ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلدى. ئۆز خەمسىسى ئۈچۈن توپلىغان ماتېرىياللار ئارىسىدىن خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغانلىرىنى تاللىدى ۋە ئۇلارنى يۇكسەك دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەگەرچە نەزم دىلكەش بولسە مەسمۇئە،
ئانىڭ ئەفسانەسى ھەم بولسە مەتبۇئە.
بۇرۇن ئەت ھەم نىكىم بولسە تەۋارىخ،
بارىدىن ئىستە بۇ فەرخۇندە تارىخ.
— «فەرھاد ـ شىرىن»

(ئەگەر سىنىڭ دىلنى تارتقۇچى نەزمىلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇنىڭدىكى، ئەپسانىلەرمۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولسۇن، ئاۋۋال بۇ ھەقتىكى ھەرقانداق تارىخنى توپلا، بۇ قۇتلۇق تارىخنى شۇ كىتابلاردىن ئىزدە)

نەۋائى خەمسەنى مۇكەممەل يېزىپ چىقىش ئۈچۈن يەنە ئۆزىدىن بۇرۇنقى، ئۈچ خەمسە ئۇستازىنى تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ «خەمسە» لىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ «خەمسە» لىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى، يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىدىن ساۋاق ئالدى. ئۇ، نىزامى، جامى، دېھلىۋىلەردىن ئۆگەنگەندە، تەقلىدچىلىكتىن ئالاھىدە ساقلاندى. ئۇ ئۆز «خەمسە» سىنى يېزىشتا، ئۇيغۇر تىلىدا، ئۆز زامانىسىغا يارىشا يېڭى پىكىر، يېڭىچە غايە، ئۆزىگە خاس بەدىئىي مېتود بىلەن يۈكسەك مىللىي روھنى ئىپادىلەيدىغان قىلىپ يارىتىشنى، خەمسە رىقابىتىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن يېزىلغان «خەمسە» ئىچىدىكى «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىغا چوڭ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى.

ئۇ داستاندا، خۇسرەۋنى، قانخورلۇقى تۈپەيلى ئاساسىي قەھرىمانلىق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆز خاراكتېرى بىلەن سەلبىي ئوبراز قىلىپ بېكىتتى. نىزامى، دېھلىۋىلەرنىڭ داستانلىرىدا قوشۇمچە ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن فەرھاد ئوبرازىنى، ئاساسىي باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىدى. بۇ ئىككى ئوبرازنى تامامەن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويدى. بۇ جەھەتتە نەۋائى نىزامىلارنىڭ ئۆز

داستانلىرىدا، خۇسرەۋدىن ئىبارەت، بۇ زالىم، قانخور شەخسنى ئاساسي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى ماختىغانلىقىنى تەنقىدلەيدۇ ۋە بۇنداق قىلىشتىن بىزار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇلار نەزمىنىڭ ئاللىدە مەنى زار،
چۇ فەھم ئەتتىمكى كۆرگۇمدۇر كۆپ ئازار.
زەرۇرەتكىم سالىپ بىر ئۆزگەچە تەرھ،
بۇ مىھنەتنامەنى قىلغۇمدۇرۇر شەرھ.

(مەن ناتىۋان ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئالدىدا كۆپلەپ ئازار يەيدىغانلىقىمنى پەملىدىم. شۇڭا باشقىچە يول تۇتۇشنى زۆرۈر دەپ بىلىپ، بۇ مىھنەتنامىنى بايان قىلىشقا كىرىشتىم.)

نەۋائىنىڭ بۇ خىل قارىشى، ئۇنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ ماۋزۇسىدىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. يەنى نىزامى ئۆز داستانىغا «خۇسرەۋ ـ شىرىن» دەپ ماۋزۇ قويغانىدى؛ خۇسرەۋ دىھلىۋى سەل ئىلگىرىلەپ، داستانىغا «شىرىن ـ خۇسرەۋ» دەپ ماۋزۇ قويدى. ئەمما، نەۋائى يۇقىرىقىلارغا تەنقىدىي قاراپ ئۆز داستانىغا «فەرھاد ـ شىرىن» دەپ ماۋزۇ قويدى. مانا بۇ نەۋائىنىڭ خەمسە ئىجادىيىتىدىكى يېڭىچە بەدىئىي مېتود، يېڭىچە ئۇسلۇب، يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە تەرەققىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىنىمۇ ئۆز دەۋرىگە خاس يېڭى تەپەككۇر، يېڭى غايىلىرى ئاساسىدا يازدى. «سەبئەئى سايىار» داستانىنى بولسا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، قاراخانىلار دەۋرىدىن باشلاپ تارقالغان، بەھرام ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئاساسىدا مۇكەممەل يېزىپ چىقتى. نەتىجىدە خۇددى ئۆزى «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ» ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك:

ئاز ـ ئاز ئۆرگەنىپ دانا بولۇر،
قەترە ـ قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

دېگەن ئۆگىنىش روھى بىلەن، خەمسە ئىجادىيىتىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى. خەمسىنىڭ ئەسلى ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل توپلىدى ۋە تاللىدى. نىزامى، دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ خەمسىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەنقىدىي ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەدبىقلىدى. ئۇ كۈچلۈك مىللىي روھ، سۇنماس ئىرادە ۋە زېرىكمەي ئۆگىنىش ۋە يېزىشتەك پەزىلىتى بىلەن خەمسە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «خەمسە نەۋائى» نى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ كەسكىن ھەم زور رىقابەتكە قاتناشقان شائىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، خەمسە رىقابىتىدە ئۇتۇق قازاندى. شۇنىڭ بىلەن نەۋائى ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇتۇق قازانغان تۆت خەمسە پىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

III

مىلادى X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئىستېلاسىغا قارشى كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. تارىخ XVII ئەسىرگە كەلگەندە، پارس تىلى بىلەن پارس شېئىرىيىتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئىسلام مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەدىب، شائىرلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ، پارس

تىلىدا شېئىر يېزىشنى بىر خىل مودىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى نەپىس تىل ئەمەس، ئىپادىلەش كۈچى پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىغا يەتمەيدۇ، نازۇك، چوڭ مەسىلىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئىلمىيلىقى تۆۋەن، بەدىئىي تىل ئەمەس، بۇ تىلدا سۈپەتلىك، تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يازغىلى بولمايدۇ، دېگەندەك بىمەنە باھالىرى ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي تىلى بولغان، لۇتفى، ئەتايى، سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ تىلى بولغان، جۈملىدىن، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تەك دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ نام ـ ئابرۇيىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزدى. بۇ تىلنىڭ ئەدەبىياتتىكى رولىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. ئۇلار ئۆز ئانا تىلىدا شېئىر يازغانلارنى ئوچۇق كەمسىتتى، ئۇلارنى سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىدارى يوق، شائىرلىق تالانتىدىن مەھرۇم شائىرلار دەپ ھاقارەتلىدى. نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار (پارسگۇيلار) ئۆزلىرىنىڭ پارس تىلىدا شېئىر يازغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، پارس تىلىنى شېكەرگە ئوخشىتىپ، «پارسىي شەكەرەست» دەپ تەشۋىق قىلدى. بۇ دەۋردە يەنە بىر تۈركۈم ئەرەب تىلىغا چوقۇنغۇچى شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خۇددى پارسگۇيلارغا ئوخشاش ئەيمەنمەستىن «ئەرەبىي ھەسەلەست» دېيىش ئارقىلىق، ئەرەب تىلىنى ئۇيغۇر تىلىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىيلىقىغا قارىغۇلارچە داغ يەتكۈزۈپ، ئالاھىدىلىكلىرىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. بۇ خىل قاراشتىكى ئەدىب، شائىرلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە شائىرلىرىدىكى

بۇ چوڭ بۇزۇلۇشنى بايقاپ، ئۆز مىللىتى ۋە خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بۇ تىلنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن خارەزمى، لۇتفى، ئەتايى، سەككاكى، نەۋائى قاتارلىق شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلاردىن خارەزمى بىلەن لۇتفى ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغاندىن باشقا يەنە لىرىك - ئېپىك داستانلارنى يازدى. ئەتائى بىلەن سەككاكىلار ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن گۈزەل لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، نەپىس تىل ئىكەنلىكىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئوبرازلىق تىل ئىكەنلىكىنى، پارسگوي شائىرلار ئالدىدا نامايان قىلدى. شېئىرنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇردى. ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوشتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن پارسگوي شائىرلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى كەمسىتىش كېسىلى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىمىدى. ئەكسىچە بارغانچە ئېغىرلاشتى.

دەل مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا ئەلىشىر نەۋائى ئۇستازى لۇتفىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي كېسەلنى داۋالاپ، ئۆز تىلىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشقان لۇتفى، ئەتايى، سەككاكىلار توغرىسىدا توختالدى. ئۇ لۇتفى بىلەن سەككاكىنى. «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك، تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە

لۇتفىدۇركى، ھەربىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرى، چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە ھەربىرىنىڭ يېقىملىق گۈزەل غەزەللىرى ئىراق ۋە خۇراساندا ئۇزۇلمەي تارقالماقتا ...» دېيىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىپ، دۇنيادا شۆھرەت قازىنىۋاتقان لۇتفى، سەككاكىلاردەك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئالاھىدە كۆرسەتتى.

ئاندىن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن زاماندىن ئەدىب، شائىرلاردىن سۇلتان مەلىك قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى «ۋەفەئى» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەھمەد ھاجىبەگ، شاھقۇلى ئۇيغۇر، مەۋلانا لۇتفى مەۋلانا ئەتايى، مەۋلانا سەككاكى، مەۋلانا يەقىنى، مەۋلانا مۇقىمى، مەۋلانا گەدائى، سەئىد ئەھمەد مىرزا قاتارلىق شائىرلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يازغانلار دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن ئالاھىدە تونۇشتۇردى.

نەۋائى پارس تىلى شامىلى ئۇستىدە ئالاھىدە ئويلاندى. نەتىجىدە «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى ئايرىدى. كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدىن جەمئىي يۈز سۆزنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ سۆزلەرگە پارس تىلىدىن لايىق سۆز تېپىلمايدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقتى. نەۋائى يەنە پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارسگوي شائىرلار ئېيتقاندەك، پارس تىلىدىن تۆۋەن ئورۇندا ئەمەس، بەلكى پارس تىلىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، پارس تىلىدا بولمىغان كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇيغۇر تۈركىي تىلى

ئۈستىدە «تۈركىي ھۈنەرەست» دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقاردى.

ئۇ، بىر ئۆمۈر يازغان تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىنى نەۋائى — يەنى كۈي، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك دېگەن مەنىدىكى تەخەللۇسى بىلەن يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، ئۇيغۇر تۈركىي تىلىغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. بۇ تەخەللۇس بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت توملۇق دىۋانىنى «خەمسە» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىنى يازدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمما، بۇ چاغدا، پارسگۈي شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، نەۋائى پارس تىلى بىلەن شېئىر يازالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى داۋراڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بىردەك پارس تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان ئۇستا شائىرلارنى كۆرەلمىدى، دەپ نەۋائىغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، نەۋائى ئۆزىنىڭ ئىككى تىل ماھىرى ئىكەنلىكىدەك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، «فانى» يەنى ئۆتكۈنچى، يوقالغۇچى دېگەن تەخەللۇسى بىلەن زور بىر تۈركۈم پارسچە شېئىرلارنى يېزىپ «دىۋانى فانى» ناملىق پارس تىلىدىكى شېئىرىي دىۋانىنى پارسگۈي شائىرلارغا جاۋاب ئورنىدا سوۋغا قىلدى. نەۋائىي «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» ناملىق كىتابىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئۇلار نەۋائىنىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلىغا باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كۆپتۈرۈۋاتىدۇ، پارسچە بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چەتكە قېقىپ ئىنكار قىلىۋاتىدۇ دەپ قالمىسۇنكى، پارسچىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا ھېچكىم مەندىن ئارتۇق ئىش قىلغان ئەمەس» دەپ پارسگۈي شائىرلارغا جاۋاب قايتۇردى. مانا بۇ نەۋائى ئىككى تىل

ھەققىدىكى قارىشىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.

لېكىن، پارسگوي شائىرلار بۇنىڭلىق بىلەن تاختاپ قالمىدى. ئۇلار شەرق ئەدەبىياتىدا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلچىمى خەمسە يېزىشتۇر، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان خەمسىلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلى بىلەن يارىتىلدى. ئۇيغۇر تىلىدا خەمسە يېزىلغان ئەمەس، دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ چىقتى. نەۋائى بۇ سوئال ئالدىدا ئۆزى ئىسپاتلاپ چىققان «ھۇنەرەست تىل» ئۇيغۇر تىلىدا خەمسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئۇ بۇ ھەقتە «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەنمۇ پارس تىلى بىلەن يېزىشقا يۈزلەنگەنىدىم ... ئەقىل يېشىمغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى ... مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم. تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى. خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانلىرىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۇچۇن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى. شۇ جۈملىدىن بىرى ...... بۇ تۆت دىۋان ساداسىنى دۇنياغا ياڭرىتىش بىلەن بىللە ‹خەمسە› نى قولۇمغا ئالدىم.»

شۇنداق قىلىپ نەۋائى دەۋر ئەھلى ئۇچۇن بىمالال ئىچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چىچىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدىن ئىبارەت بۇ رەيھانگۇلىنى مەيدىسىگە تاقاپ، ئۇلۇغۋار غايە ۋە غۇرۇرى، چىن ھىسسىياتى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، 1483 ـ يىلدىن 1485 ـ يىلغىچە ئىككى يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۆپ ئىزدىنىش، جاپالىق مېھنەت قىلىش نەتىجىسىدە «خەمسە نەۋائى» نى ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى ۋە خەمسىنى پەقەت پارس تىلى بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر تۈركىي تىلى خەمسىگە ئاجىزلىق قىلىدۇ، دېگۈچى پارسگۇي شائىرلارغا ئەمەلىيەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى.

IV

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇش، ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىدىكى يىرىك داستانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدىيىسى نەۋائىنىڭ خەمسە يېزىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى زېرەك، چېچەن چوڭ بولدى. ئۇ غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتى مەركەزلەشكەن ئىلىم ـ پەن ئەھلى كۆپ توپلانغان ھىرات شەھىرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن، بىلىم قۇرۇلمىسى پۇختا، ئويغاق كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ھەر دائىم ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇلىرىغا، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىگە، بولۇپمۇ مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئىستىقبالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى بېيىتىش،

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىكىدە بولدى. شۇڭا ئۇ ئاتمىش يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا، يۇكسەك مىللىي روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئېستېتىك غايىلەر جەھەتتە بولسۇن ھامان ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىگە ۋە ئەدەبىياتىغا سېغىندى.

ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن، فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۇكنەكى، لۇتفى قاتارلىق ئەدىب، شائىرلار، پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسى، غايىسى، پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاراشلىرى، تىلى ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، ھەر خىل ئېقىملار توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرىنى پائال قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ۋە زوق ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلىدى.

نەۋائى بۇ توغرىسىدا ئۆزى يازغان «مۇنشائات» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارستوتېلدىن فارابىغىچە، فارابىدىن ئۆز زامانىسىدىكى ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۇلارنى تەتقىق قىلغانلىقىنى ئېيتقان. بىز ناۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى بولۇپمۇ «خەمسە» دىكى داستانلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، نەۋائىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا، فارابىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ۋە بىلىم توغرىسىدىكى قاراشلىرى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىمىز.

نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە خۇددى فارابىغا ئوخشاش ھەممە ئىنسان ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، باراۋەرلىك، ئادالەت ھۆكۈم سۇرگەن غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۇردى. نەۋائى بۇ ئىدىيىنى فارابىدىن پەرقلىق ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇردى. ئۇ بۇ خىل قاراشلىرىنى XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن يىرىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» تە

مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئادىل پادىشاھ ۋە ئادىل جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇتوپىيىلەر بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى. نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئەينى ۋاقىتتا ھىراتتا كۆردى ۋە ئۇنى ئوقۇغانىدى. چۈنكى، بۇ داستان، ھىرات شەھىرىدە قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ خەتتاتلىق مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا كۆچۈرۈلدى.

نەۋائىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ھىرات قاتارلىق شەھەرلەردىكى تەسىرى توغرىسىدا ئۆزبېكىستان تەتقىقاتچىسى ئە. ر. رۇستەموف مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈشى ۋە كۆپچىلىك ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشى، ئەينى زاماندا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ۋە ماھىر كاللىگرافلار (قوليازما كىتابلارنى ياسىغۇچىلار) نىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى.

تەتقىقاتچى ئە. ر. رۇستەموفنىڭ يۇقىرىقى سۆزى، رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلىسنىڭ «قۇتادغۇبىلىك ھىراتتا، نەۋائىي زامانىسىدا كۆچۈرۈلگەن» دېگەن قارىشى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقتا ئىكەن. دېمەك يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھىرات نۇسخىسىنى كۆرۈپ ئۆگەنگەن شائىر نەۋائىي، مەيلى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بىلىم، مەيلى تىلى، مەيلى بەخت، مەيلى ئوبراز ئىدېئال شاھ توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە بولسۇن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ قاراشلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى شۇكى، نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» دىكى بىلىملىك، ئادىل شاھ، قانۇن، ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەتنى

تۈزەپ، ئەلنى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسىنى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، «فەرھاد ـ شىرىن» ۋە «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىدا روشەن ئىپادىلىدى. ئۇ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنى «قۇتادغۇبىلىك» دىكى كۈن تۇغدى ئوبرازىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە ياراتتى.

بۇ ھەقتە رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلىس ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «نەۋائىنىڭ غايىۋى قەھرىمانى ئىسكەندەر نىزامى گەنجىۋى «خەمسە» سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىغا قارىغاندا «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئوبرازلارغا (كۈن تۇغدىنى دېمەكچى) ناھايىتى ئوخشايدۇ. نەۋائى داستانىدىكى ئەنئەنە ‹قۇتادغۇبىلىك› دىن كېلىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، نەۋائىنىڭ «خەمسە نەۋائى» دىكى داستانلىرىنى يارىتىشتا، ئەنە شۇ، «قۇتادغۇبىلىك» دىن ـــ ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك داستانلاردىن ئىلھام ۋە زوق ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

نەۋائى داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يېزىلغان ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىدى، ئۇنىڭدىن زوق ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى. ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىنى مىسالغا ئالدى. «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى قاپىيە شەكلىنى ئەينەن قوللاندى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى بىلىم، ئەخلاق، جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلار دۇنياسى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىتتى. دېمەك، بىز نەۋائىنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق

قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

نەۋائىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولۇپمۇ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە، تەسىرگە ئۇچرىغان ۋە ئالاھىدە زوق ئالغان يىرىك شائىرلارنىڭ بىرى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىدۇر، لۇتفى نەۋائى بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان، شۇڭا نەۋائى لۇتفىنى ئۇستازىم، دەپ ئېيتىدۇ، نەۋائى شېئىرىيەتتە لۇتفىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، لىرىك ئوبراز، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىدى.

داستانچىلىقتا «گۇل ۋە نەررۇز» دا ئوتتۇرىغا قويغان، ھەممە ئىتتىپاقلاشقان، تىنچ، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرگەن، خەلقى خاتىرجەم بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە بۇ ئىدىيىنى كەڭ ئوبرازلار دۇنياسىدا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ بېيىتتى. دېمەك، نەۋائى «خەمسە نەۋائى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرتەرەپتىن خەلق داستانلىرىنىڭ شەكىل، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنسە، ئەڭ مۇھىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن، لۇتفىغىچە بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «گۇل ۋە نەۋرۇز» قاتارلىق مۇنەۋۋەر داستانلارنىڭ مەزمۇن، بەدىئىيلىك، غايىۋى جەمئىيەت، پەلسەپىۋىلىك قاراش، ئىلىم - پەن، ئىنسان بەختى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا «خەمسە» سىنى تەشكىل قىلغان يىرىك داستانلار «ھەيراتۇل ئەبرار»، «فەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سابئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرى» نى يارىتىپ، ئۇيغۇر يىرىك داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

## V

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەدەبىيات ئېڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «خەمسە نەۋائى» نى بارلىققا كەلتۈردى. نەۋائى ئەتراپلىق تەربىيە ئالغان، دۇنيا قاراش جەھەتتە نەزەر دائىرىسى كەڭ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، دۇنياۋى نەزەرگە ئىگە شەخس بولغاچقا، دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر-نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، مۇھىمى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قاراشلىرى، پەلسەپە ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى قاتارلىقلاردىن ھەر دائىم ئىلھاملىنىپ تۇردى. مانا شۇنداق مەنىۋى تۇپراقلار ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ۋە مىللىي روھىنى يېتىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئېڭى شەرق ئەدەبىياتىدا، شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بولغان «خەمسە» دە ئىپادىلەندى.

نەۋائىنىڭ بۇ خىل ئېڭى ۋە روھى ئالدى بىلەن «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا روشەن ئىپادىلەندى.

شېرىن توغرىسىدىكى ھېكايە، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھېكايىنى ئەڭ دەسلەپ، ئىران شائىرى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «شاھنامە» گە كىرگۈزۈپ، ئۇنى نەزم شەكلىدە يازدى. كېيىن XII ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى، ئەسلىدىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان شېرىن توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە «شاھنامە» دىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن، شېئىرىي يول بىلەن بىر يىرىك داستان قىلىپ يېزىپ چىقىپ، «خەمسە» سىگە كىرگۈزدى. ھەر ئىككىلا شائىر،

شېرىن بىلەن ئىران پادشاھى خۇسرەۋنى باغلاپ، داستانغا «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» دەپ ئات قويدى. نىزامىدىن كېيىن، بۇ ھېكايىنى ئۆز خەمسىسىگە نەزمىلەشتۇرۇپ كىرگۈزگەن شائىر دېھلىۋى، ھېكايىدىكى مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ماۋزۇسىدا ئۆزگىرىش ياساپ، داستانىنىڭ ماۋزۇسىغا «شېرىن ۋە خۇسرەۋ» دەپ ئات قويدى. فەرھاد ئوبرازى بولسا قوشۇمچە ئوبراز سۈپىتىدە تۇرۇۋەردى.

نەۋائىي يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۈچ شائىرنىڭ داستانىنى ئىنچىكە كۆردى ۋە تەتقىق قىلدى. ئەسلى ھېكايىنى ئوقۇدى. ئوقۇغاندىن كېيىن نىزامى، خۇسرەۋ دېھلىۋىلەرنىڭ داستانىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقتى. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن كۆپلەپ ئازار يېدى» شۇنىڭ بىلەن باشقىچە يول تۇتتى. نەۋائىينىڭ قارىشىچە، خۇسرەۋ ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق گۈزەل قىز شېرىنگە مۇناسىپ ئەمەس. بۇ گۈزەل قىزغا مۇناسىپ بولىدىغىنى مېھنەت سۆيەر، بىلىملىك، ئىرادىلىك يىگىت فەرھاد ئىدى. شۇڭا نەۋائىي «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازغاندا، باش قەھرىمان مەسىلىسىنى ئىلمىيلىق بىلەن توغرا ھەل قىلىپ، فەرھادنى باش پېرسوناژ، خۇسرەۋنى ئىككىنچى ئورۇندىكى پېرسوناژ قىلىپ بېكىتتى. «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى دىققەتكە سازاۋەر قىزىق نۇقتا شۇكى، نەۋائىي ئۆزىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان فەرھادنى خوتەن شاھزادىسى قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇنى شەرقتىن تاللىدى، ئۇنى شەرققە باغلىدى. ئۇنى ئىسمى جىسمىغا لايىق بىلىملىك، ھۈنەرۋەن، ئىرادىلىك، كۈرەشچان، مېھنەت سۆيەر، ساداقەتمەن قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى سوقرات قاتارلىق يۇنان پەيلاسوپلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇ، فەرھادنىڭ شەرقتىن غەربكە بېرىپ تاغ يېرىپ سۇ باشلاپ، خەلققە بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق شەرق خەلقلىرىنىڭ سۇنماس

ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. بۇنى «خەمسە»سى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ نەۋائىي فەرھادنى ئۆز ئىدىيىسىگە مۇناسىپ، دۇنياۋى خىسلەتكە ئىگە تىپ قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى.

داستاندا يەنە خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە قارەننى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى فەرھادنىڭ ھۈنەر ئىلمىدىكى ئۇستازى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. داستاندىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، دوستلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قالدۇرغان جاھاننەما ئەينىكىنى قوبۇل قىلغان چىن خاقانى دەپ تەسۋىرلىگىنىمۇ، خوتەنلىك ئىدى. دېمەك، نەۋائى «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازغاندا، ئاساسىي ئىجابىي قەھرىمانلىرىنى شەرققە باغلاپ ياراتتى. شەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتكەن مىللىي ئاڭ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى مەزكۇر داستانىنىڭ ماۋزۇسىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ شەرق خاقانلىرىغا خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن تەسۋىرلىنىشىمۇ، يۇقىرىقى قارىشىمىزغا ئىسپات بولالايدۇ.

نەۋائىينىڭ يۇقىرىقىدەك روھىغا، قەھرىمانلىقىغا «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ك. بوروبكوف باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «‹مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين›، شۇنداق كىتابكى، تۇپ ماھىيىتى جەھەتتىن، ئۇنىڭغا گەپ تىل ئۇستىدىلا بارمايدۇ. بۇ كىتابتا يەنە باشقا بىر پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆزى ھايات چېغىدىلا ھەممە تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىي ھەققانىي ھالدا شۇنداق بىر شان ـ شەرەپكە سازاۋەر بولدىكى، ئۇزۇن ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس

ئەدەبىياتىنىڭ ئابرۇيى راسا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى. نەۋائى ئۆزىنىڭ «لىسانۇت - تەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىدا ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر».

بوروبكوفنىڭ بۇ باھاسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، نەۋائى قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئانا تىلىنى ۋە مىللىي ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

نەۋائىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئېقىم خەمسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، مۇكەممەل يېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى، ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي، غايىۋى مەسىلىلەرنى «خەمسە» ئارقىلىق تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەمسە رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈش، پارس تىلى ھۆكۈمرانلىقىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش، فارابىدىن تا ئۆز زامانىسىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇيغۇر يىرىك داستانچىلىقىنى ئۈزۈپ قويماي، «قۇتادغۇبىلىك»دىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى بىر يىرىك داستان يېزىش سەۋىيىسىنى، 5 يىرىك داستان يېزىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە شەكىللەنگەن يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مىللىي ئەدەبىيات ئېڭى قاتارلىق بۈيۈك مەسىلىلەر،

ئۇنىڭ «خەمسە نەۋائى»نى ئاپىرىدە قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» دىن پارچىلار، «بۇلاق» 1980 - يىل، 1 - سان.
ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، ش. ئۇ. ئا. ر ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېت ئىشخانىسى، 1996 - يىل.
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل 1 - سان.
ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
ئەلىشىر نەۋائى: «مەجالىسۇن - نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.
ئەلىشىر نەۋائى: «لەيلى - مەجنۇن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.
ئەلىشىر نەۋائى: «فەرھاد - شېرىن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.
ئەلىشىر نەۋائى: «سەددى ئىسكەندەرى» داستانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

# قاراخانىلار دۆلىتىدە پۈتۈكچىلىك ئىلمى

تۇرسۇن قۇربان (كەلپىن)[1]



پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق ۋە خەتتاتلىق) مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مۇھىم تېما. پۈتۈكچىلىك ۋە پۈتۈكچى مۇتەپەككۇرلار مەتبەئە - نەشرىيات بولمىغان قەدىمكى زاماندا نەشرىياتچىلىق رولىنى ئوينىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى كۆك تۈرك خانلىقى، ئۇيغۇر - ئۇرخۇن خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە ئۇ بىر خىل ئېتنوگرافىيىلىك ئادەت ھەم ھادىسە سۈپىتىدە قارالسىمۇ، كېيىن ئۇ بۇددا دىنىنىڭ «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش» [1] دېگەن دىنىي ئەقىدىسى بىلەن بىرلىشىپ، تامامەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ئىپادىلەندى. نەتىجىدە پۈتۈكچىلەر كىتاب

---

[1] تۇرسۇن قۇربان (كەلپىن): لېكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

كۆچۈرۈش ئارقىلىق قۇجۇنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى»② غا ئايلاندۇردى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇجۇدىن تېپىلغان يۈزلىگەن خەت - چەك، ۋەسىقىلىرىمىز پۈتۈكچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن «يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، خەت بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان»③ لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئومۇمەن ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئادەت ۋە ئېتنوگرافىيىلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پۈتۈكچىلىك قاراخانىلار دۆلىتى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئالاقىچىلىك ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، مەدەنىيەت تارقىتىدىغان ۋە ئەينى دەۋرنىڭ رېئاللىقىدىن كېيىنكى زامانلارغا ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇكەممەل ئىلىمگە ئايلاندى. گەرچە قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ «بىتىكچى» نىڭ ئورنىنى «كاتىپ» سۆزى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بۇنى قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەردىكى خاس مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان تەپسىلاتلار ھەم ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىك ئەمەلىيىتى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پۈتۈكچىلىك ھاياتى ھەم مەزكۇر زاماندا بارلىققا كەلگەن پۈتۈكچىلەر ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىۋى تەپەككۇر، قاراشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# دۆلەت تەشكىلاتىدا پۈتۈكچىلىك ئىشلىرى

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتىدا «دىۋان ئىنشا» ياكى «دىۋان كاتىپ» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر باشقارمىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز، ھەتتا مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاكىتلىق بايانلار يوق.

ئەمما قاراخانىلاردىن بۇرۇنراق سەلتەنەت سۈرگەن سامانىيلار (874 — 999) بىلەن قاراخانىلارنىڭ زاماندىشى بولغان بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىدا ئوردا دىۋانخانىلىرىنىڭ بار بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزنى بۇ توغرىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتىكى بايانلارنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان بولساق، سامانىيلارنىڭ مەركىزىي مەھكىمىسىدىكى ئون دىۋاننىڭ 2-، 3-سى بولغان «دىۋان ئەرراسائىل — مەھكىمىنىڭ خەت-ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگىنى»④ ئىدى. «دىۋان ئىنشا بولسا بۈيرۇق-يارلىق باشقارمىسى بولۇپ، مەھكىمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورنى ھېسابلىناتتى. بۇ باشقارما دۆلەتنىڭ ھۆججەت، خەت-ئالاقىلىرىنى ھەتتا باشقا دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.»⑤ بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ مەلىكشاھ زامانىدا بۈيۈك دىۋاندىن كېيىن تۆت مۇھىم دىۋان ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى دەل «توغرا ياكى ئىنشا دىۋانى»⑥ ئىدى.

دېمەك، سامانىيلار ئوردىسىدىكى پۈتۈكچىلىككە ئائىت يۇقىرىقىدەك بەزىبىر بايانلار بىلەن سالجۇتقىيلاردا «ھۆكۈمراننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كاتىبات ئىشلىرىنى

باشقۇرىدىغان توغرا دىۋانى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى (توغرائىي) نىڭ ئورنىدا ‹بىتىكچى ئىلىمغا› بىلەن ‹تامغىچى — مۆھۈردار› نىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە شۇ دىۋانلارنىڭ ياكى تەشكىلاتلارنىڭ قاراخانىلاردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ». ⑦

ھەتتا «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى كۆزدە تۇتۇپ ئاغچى، تامغىچى ۋە بىتىكچى — ئىلىمغالار باشلىق بولغان تەشكىلاتلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆرمىگەنلىكى»⑧ دەك ۋە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە «ئىلىمغا — خان مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدىغان كاتىپ»⑨ دەپ بايان قىلىشىدەك بىر قاتار پاكىتلار قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئورگىنىدا بىتىكچى — ئىلىمغاغا ئائىت بىر مۇھىم دىۋاننىڭ بارلىقىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ.

گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئوردىسىدا بۇ بىتىكچى — ئىلىمغاغا تەئەللۇق ياكى يېزىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرەر ئورگاننىڭ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق توختالمىسىمۇ، ئەمما بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئېيتقانلىرى» ناملىق 34 - بابىدىن ۋە «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى» ناملىق 47 - بابىدىن بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

ئاپتور داستاندا ئىنشا - يېزىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغاندا تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئالدى بىلەن «تامغىچى — مۆھۈردار» (4046 - بېيىت) نى، كېيىن

«بىتىكچى ـــ كاتىپ» (4048 بېيىت) نى، ئاخىرىدا «ئىلىمفا» (4065 ـ بېيىت) نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇلار ماھىيەتتە، خاننىڭ ئاغزاكى ئەمرى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرىدىن ئىبارەت بولغان «يارلىق» نىڭ «ئىلىمفا» نىڭ قول ئاستىدىكى كاتىپلار تەرىپىدىن يېزىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى تامغىچىنىڭ مۆھۈرلەپ كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئاپتور ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا «بىتىكچى»، «ئىلىمفا» ۋە «بىتىكچى ئىلىمفا» ئاتالغۇلىرىنى بەزىدە ئايرىم ـ ئايرىم قوللانسا، يەنە بەزىدە بىرىكتۈرۈپ ئۈچ خىل ھالەتتە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ 34 ـ بابىنىڭ ئەسلى مەتنىگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسىنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق: «پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئېيتقانلىرى» ئەسەرنىڭ 2674 ـ ۋە 4065 ـ بېيىتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.
بولۇر بىرسى ھاجىب، قوماندان بىرى،
بىرى كاتىپ بولۇپ، يازار سىرلىرى.

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەسەرنىڭ ئەسلى مەتنىگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسىدە «ئىلىمفا»، «بېيىتچى» ۋە «بىتىكچى ئىلىمفا» لارنىڭ ئاساسەن «پۈتۈكچى كاتىپ» دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكىنى، 4065 ـ بېيىتتىكى «ئىلىمفا» ۋە ئۇنىڭ «كاتىپ» دېگەن مەنىسىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان» دىكى ئىزاھاتى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىراق 34 ـ بابتا يېزىق ئىشلىرىنىڭمۇ سۆزلەشكەنلىكىگە قاراپ «بىتىكچى ئىلىمغا» مەنىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم هالدىكى مەنىسىدىن كەڭرەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۈتۈكچىلىك، يېزىق ھەم مۆھۈر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «ئىدارىنىڭ رەئىسى» ⑩ ياكى شۇنداق خىزمەتنى قىلىدىغان مەسئۇل خادىمنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. شۇڭا بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ داستانىدا «ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن يوسۇنلار» ⑪دىن 11 خىل مەزمۇننى بايان قىلىپ، مۇھاكىمە تېمىمىزنىڭ تۈگۈنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، ئەسەرنىڭ 47 ـ بابىدىكى «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى» بايانى ئەمەلىيەتتە «ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلارنىڭ ئونىنچىسى» ⑫ بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا بەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەر ھەققىدە بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇنىڭدا ئوردا ۋە دۆلەتكە تەۋە باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ ھەم بىرىنچىسىدە بەش خىل مەنسەپتىكى خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش شەرتلىرى نىزاملاشتۇرۇلۇپ: «جەسۇر، مەرگەن بولسا ئوقياچى بولىدۇ؛ خۇلقى دۇرۇس بولسا تامغىچى بولىدۇ؛ خۇيى پاك، يۈزى چىرايلىق بولسا ساقى بولىدۇ؛ ھېساب ۋە خەت بىلسە خەزىنىچى بولىدۇ. ئەگەر ئاقىل بولسا پۈتۈكچى بولىدۇ» ⑬ دەيدۇ. ئىككىنچى دەرىجىسىدىمۇ بەش خىل مەنسەپ تەسىس قىلىپ: «بىرى توپ چېرىككە توپ بېشى بولىدۇ، بىرى ئات ئۆزرە ئەل بېشى بولىدۇ، بىرى هاجىپ بولىدۇ، بىرى قوماندان، يەنە بىرى كاتىپ بولىدۇ» ⑭ دەپ نىزام بەلگىلەيدۇ.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ تۇرىدىغان X ئەسىر مۇھىتىدا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ باياشات، ئەمىنلىكى ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ نىرۋا سىستېمىسى» بولغان ئوردىغا باغلىق ئىدى. چۈنكى ھازىرمۇ دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسىدا قانداق تۈزۈمنى قوللىنىش مەسىلىسىنى تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقاندەك، تۆت ئەتراپى دۈشمەن بىلەن قورشالغان قاراخانىلاردەك بىر دۆلەتتە رەھبەرلىك جەھەتتىن قانداق تۈزۈمنى قوللانسا ۋە ئوردا قانداق قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يۈرگۈزسە ھەم قانداق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلسا دۆلەت ۋە خەلقنى ئەڭ تەشەببۇسكار ئورۇنغا قويغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر نازۇك مەسىلە ئىدى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەر ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلىرىغا ئۇلاپلا بىر ئالىمنىڭ چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا خان ئوردىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەردىن (ماھىيەتتە بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم باشقارمىلار) تەركىب تېپىشى لازىملىقى ھەققىدىكى يەنە بىر تەسەۋۋۇر لايىھىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار ① بەگ، ② يابغۇ، ③ لەشكەر بېشى (سۇئەركى)، ④خەيىل (بىر توپ لەشكەر)، ⑤ ئون ئوتاغ (ئون چادىر باشلىقى)، ⑥ ۋەزىر، ⑦ كېڭەشچى، ⑧ كۆك ئايۇق، ⑨ ئەل باشى (ۋىلايەت بېشى)، ⑩ لەشكەر باشى (سۇ بېشى)، ⑪ھاجىپ، ⑫ خەزىنە ئىشى (ئاغچى)، ⑬ خاس كاتىپ (بىتىكچى ئىلىمغا) دىن ئىبارەت. لايىھىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەر شۇلاردىن بۆلەكلىرى بۇلارغا تەۋە بۆلۈمچىلىرىدۇر»⑮ دەپ ئەسكەرتىدۇ.

سۇيۇپ خاس ھاجىپنىڭ «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» بابىنىڭ ئاخىرىدا باشقا بىر ئالىمنىڭ پىكرى قاتارىدا سىتاتا قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قاراشلىرى

ئارقىلىق، بىز، بىر تەرەپتىن، قاراخانىلاردا ئوردا دىۋانخانىسىنىڭ بارلىقى بولغاندىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك «بىتىكچى ئىلىمغا» نىڭ دەل دۆلەتنىڭ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى دىۋانبەگىنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بايانلار ئارقىلىق مەشھۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتە دۆلەتتە قايسى خىل تۈزۈملەرنى تاللاشنى پۇقرالارنىڭ ئاۋازىغا قويۇشتەك ئەركىن دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ ئالغا سۈرۈلگەنلىكىنى، تېخىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلساق، بۇلارنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ «تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش»، «ئەلنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىش» تىن ئىبارەت ئەينى دەۋردىكى زور ئىسلاھات پىلانى بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى ھەم بۇ خىل رېئاللىق ۋە پۇقرالار ساداسىنىڭ داستاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئۆتكەن دەۋرلەر بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيىتى تازا گۈللەپ روناق تاپقانىدى، شۇنداقلا مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش مەرىپەت يۇلتۇزلىرى بارلىققا كەلگەنىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار دۆلىتى يېڭى ئىچكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىياز ئۈچۈن ئىچكى ئاداۋەتلىرى ئەۋج ئالغان، ئوردىدا تەپرىق ۋە بۆلگۈنچىلىك، سۇيىقەست كۈچىيىپ خاندانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى نورمال تۇرمۇش تەرتىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، گەرچە خاندانلىق «قۇلدارلىق تۈزۈم يوقىتىلىدۇ» دېگەن قانۇننى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانچە زورىيىپ بېرىۋاتقان، بۇنداق پۇرسەتتە تاشقى جەھەتتىن كىدانلار

بىلەن چىڭگىزخاندىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى كۈچىيىۋاتقان، قىسقىسى، ئىچكى - تاشقى نىزالار تۈپەيلىدىن دۆلەت قۇياشى مەغرىپ تامان قىيسايغان مەزگىللەر ئىدى. مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە «كۈنتۇغدىغا سىمۋول قىلىنغان تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان، تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخانغا سىمۋول قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»⑯ «تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش» ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان بىر قاتار قانۇن - پەرمانلارنى ئېلان قىلىدۇ ۋە شۇنداق پەرمانلارنىڭ بىرىدە: «ئوردا ئەمەلدارلىرىغا قارىتا زۆرۈر بولغان تەپتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىلىگ ئاقارتىش ئۇلچىسى، ئوردا پۈتۈكچىسى ··· قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرگە باشقىدىن ئادەم تەيىنلىنىدۇ ···»⑰ دەپ جاكارلايدۇ.

ئېنىقكى، قاراخانىلار دۆلىتى دۇچ كېلىۋاتقان بۇنداق رەھىمسىز قىسمەت دانىشمەن ئۇستاز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن داستاندا يۈكسەك بەدىئىي يوللار بىلەن نامايان قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەينى دەۋردە «بىتىكچى ئىلىمغا»نىڭ ياكى بىتىكچى ئىلىمغا دىۋانىنىڭ «تەرتىپ ۋە قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە ئەڭ ياخشى دۆلەتلەرنىڭ بىرى»⑱ بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتلىرىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىلەردە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## «قۇتادغۇبىلىك»تە پۈتۈكچىلەر تەبىرى

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدىكى بايانلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇننى تۈۋرۈك،

ئىلىم ـ پەننى، تەرەققىيات ۋە ئەخلاقنى زىننەت ئالامىتى قىلىپ قوْرماقچى بولغان گوْزەل غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى پوْتكوْل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىدوْر.

شوْنىڭ ئوْچوْن دانىشمەن شائىر ئۆز ئەسرى ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان تېپىك جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكوْمران تەبىقىنىڭ باش ئاپپاراتى بولغان ئوردىنىڭ قانداق بۆلوْم، دىۋانلاردىن تەركىب تېپىشى ۋە ھەرقايسى دىۋان دائىرىلىرىنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆڭوْل قويوْپ لايىھىلىگەندە، غايىۋى دۆلەتنىڭ مەركىزىدىن پوْتوْكچىلەرگىموْ ئورۇن بەرگەن.

«قوْتادغوْبىلىك» تە قەيت قىلىنغان پوْتوْكچىلەرنىڭ قانداق بولوْشى لازىملىقى ھەققىدىكى بايانلار ماھىيەت جەھەتتە ئوردا پوْتوْكچىلىرىگە دائىر قانوْن ـ بەلگىلىمىلەر بولوْپ، بوْلار بىلەن قىسقىچە تونوْشوْش موْھاكىمە تېمىمىز ئوْچوْن موْھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدوْر.

ئاپتور بوْ توغرىدىكى موْلاھىزىلىرىنىڭ دەسلىپىدىلا پوْتوْكچىنىڭ قەتئىي سىر ساقلايدىغان بولوْشى لازىملىقىنى ئوتتوْرىغا قويىدوْ ۋە بوْنداق سىر ساقلىيالايدىغان پوْتوْكچىنىڭ خان، دۆلەت، خەلق ۋە ئۆزى ئوْچوْنموْ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدوْ. سىر ساقلاشتەك پەزىلەت نوْقتىسىدىن پوْتوْكچىنى ۋەزىر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويوْپ بارلىق ئىچكى ئىشلارنىڭ ۋە دۆلەت مەخپىيەتلىكىنىڭ موْشوْ ئىككى كىشىنىڭ ئەخلاق ـ ئېتىقادى بىلەن موْناسىۋەتلىكلىكىنى تىلغا ئالىدوْ.

مەسىلەن، داستاندىكى موْنوْ بېيىتلارنىڭ يوْقىرىقىدەك مەزموْنلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلوْمدوْر.

2675 پوْتوْكچىگە ئېيتماق كېرەك ئىچ سۆزىن،
پوْتوْكچى يوشوْرماي تولا ھەم ئېزىن.

2677 ئەگەر سىر تۇتماسا پۈتۈكچى سۆزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقۇتۇر ئۆزىن.

2679 بىرىدۇر پۈتۈكچى، بىرىدۇر ۋەزىر،
بۇ ئىككى كىشىگە ئاچار بارچە سىر.

2681 جىمى سىر بۇ ئىككى كىشىدە بولۇر،
ئەگەر سىر ساقلىمىسا ئۆز ئىشىن بۇزۇر.

يەنە مۇشۇ مەزمۇننىڭ ئاخىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتۈكچىنىڭ سىر ساقلىشى توغرىسىدا ئۆتۈكەن بېگىنىڭ ئېغىزىدىن بايان بېرىشتەك بەدىئىي يول بىلەن مۇنداق قاراشلارنى ئالغا سۈرىدۇ:

«قىزىل تىل بېشىڭغا دۈشمەن بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئېغىزى بىر ئۆڭكۈر. ئۇنىڭدىن ئوتمۇ چىقىدۇ، سۇمۇ ئاقىدۇ. ئەگەر ئوت چىقسا بېشىڭ كېتىدۇ. ئۆزەڭنىمۇ قوشۇپ ھەممىنى كۆيدۈرىسەن. ئەگەر راۋان سۇ ئاقسا تەرەپ - تەرەپتىن چېچەك ئۈنىدۇ، شۇڭا سىر ساقلا.»

بۇ يەردە شۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوسمانلى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان توكتۇر رىشىت رەھمەتى ئارات يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈكچىنىڭ سىر ساقلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە «سىر كاتىپ» دەپ نام بەرگەن ۋە داستاننىڭ 4146 - بېيىتىدىكى «بىتىكچى ئىلىمغا»نى «سىر كاتىپ» دەپ تەرجىمە قىلغان. رىشات كەنچمۇ رىشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ بۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى قۇۋۋەتلەپ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتىدىن قارىغاندا بۇ بىزچىمۇ جايىدا ئىشلىنىغان بىر ئىبارىدۇر. مۇنداق بولغاندا مەملۇكلەردىن ئوسمانلارغىچە داۋام

قىلغان سىركاتىپ مەنبەسىنىڭ قاراخانىيلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىدارە ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ»⑯ دەپ يازىدۇ.

رىشىت رەھمىتى ئارات ۋە رىشات كەنچلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يەنە تۈرك تەتقىقاتچىلىرىدىن نىزامى ئارۇز ھەم ئەنۋەر ھەسەنلەرمۇ توغرا تاپىدۇ.

نىزامى ئارۇز مۇھەممەد ئابدۇھئەلكاتىپ ئىسىملىك بىرسىنىڭ ھارۇن بۇغراخاننىڭ «دەبىر» نى بولغانلىقىنى كۆرسەتسە، ئەنۋەر ھەسەن «دەبىر» نىڭ مەنىسىنى شۇ دەۋردە ھۆكۈمدارنىڭ شەخسىي خەتلىرىنى يازىدىغان ۋە ئوقۇپ بېرىدىغان كاتىپقا بېرىلگەن ئۇنۋان دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئەمما بۇ يەردە رىشىت رەھمىتى ئارات ياسىغان «سىركاتىپ» ئاتالغۇسى بىلەن قەدىمدىن ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىغا مەنسۇپ بولۇپ كېلىۋاتقان «سىركاتىپ» ئىبارىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، «سىركاتىپ»، «سەرمۇنشى» دېگەنلەر «باش كاتىپ» ياكى «دىۋانبەگ» دېگەنلىك بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىر بۇ نۇقتىنى ئېنىق ۋە ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

يامۇلنىڭ داتېڭى، يېزىلماقتىدى،
ھەيدارخان نامىدىن بىر پارچە تىلخەت.
ئۆي ئىچى جىملىققا چۆككەن شۇ قەدەر،
سىركاتىپ قەلىمى يوغىلار پەقەت.⑳

بۇنىڭدىن باشقا دانىشمەنلەر ھېكايەتلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىمۇ «سىركاتىپ» قا ئائىت مۇھىم چۈشەنچىلەر بار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پۈتۈكچىلەر سەھىپىسىدىكى يەنە بىر

سالماقلىق مەزمۇن پۇتۇكچىنىڭ بىلىملىك بولۇشى ھەم پۇتۇكنىڭ (يېزىقنىڭ) ئەھمىيىتى ئۇستىدە باردۇ. ئالىم بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا پۇتۇك بىلەن پۇتۇكچىنىڭ كامالىتىنى بۇلارنىڭ ئۆزئارا بىردەكلىكى ئاساسىدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

پەقەت پۇتۇك ئارقىلىقلا ئىلغار ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ۋە ھازىرنىڭ تراگېدىيە بىلەن كومېدىيىلىرى، قىسمەت ۋە تەلپۇنۇشلىرى ئومۇمەن تۇرلۇك - تۇمەن ھادىسىلىرىدىن تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ ئۇنى ئەۋلادلارغا يوللاپ بېرىدۇ. يەنە پۇتۇك ئارقىلىقلا كېلەچەكنىڭ چۆچەكتەك گۈزەل غايىۋى مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەگەر پۇتۇك (يېزىق) بولمىغان بولسا دۇنيانىڭ ئەھمىيەتلىك بۇگۇنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھازىر ئۆتۇپ كەتكەن بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ ئادەمزاتنىڭ يېزىقسىز، تارىخسىز زۇلمەت دەۋرنىڭ داۋامى بولغان بولاتتى.

يېزىق يارىتىلدى، دۇنيا يورىدۇ، ھەربىر دەۋرنىڭ پۇتۇكچىلىرى (كەڭ مەنىدە ئالىملىرى، ھېكىملىرى ...) ئۆتمۇش ۋە ھازىرنىڭ ھەممە ياخشى گەپلىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن ئۇچۇن يېزىقتا قالدۇردى. شۇڭا پۇتۇكچى بىلىملىك بولۇشى، پۇتكەن پۇتۇكى ئوقۇغانسىرى كۆڭۈل خىلۋەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇشى لازىم ئىدى.

ئالىمچە بولغاندا، پۇتۇكنىڭ نەپىس، چىرايلىق بولۇشى ئۇنىڭ مەنىۋى يۇكسەكلىكىنىڭ يېرىم ھەقىقىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. داستاندا بۇ خىل مەزمۇنلار مۇنۇ بېيىتلار ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ.

2695 بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەڭ يۇرەر،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر.

2698 ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بىتىك،
نىچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھېكمەت بىلىك!

2701 كىشى ئەلدىن ـ ئەلگە ئەۋەتۈر خەۋەر،
يازۇ بولماسا سۆز نىچۈك سۆزلىنەر؟

داستاندىكى مەخسۇس پۈتۈكچىگە بېغىشلانغان سەھىپىنىڭ ئۈچىنچى بىر مەزمۇنى ئۇلۇغ پەيلاسوپىنىڭ قەلەم ۋە ئەلەم كۈرىشى ھەققىدىكى ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىز بۇ بايانلار ئارقىلىق قەدىمكى پايانسىز ۋە مۇڭلۇق ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىنىڭ مەلۇم بىر تۆپۈلىكىدە ئات ئۈستىدە، نامەلۇم بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش تاكتىكىسى تۈزۈۋاتقان بىر گۇرۇھ كىشىنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

چۈنكى، قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشلارمۇ كوللېكتىپ ئەقىل پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خان جەڭ بارىگاھلىرىدا، ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆپ ھاللاردا بىر ھېكىم (دانىشمەن)، بىر پۈتۈكچى (تارىخچى) ۋە بىر ھەربىي سەركەردە بىلەن بىرگە بولاتتى ياكى ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى.

لېكىن خانغا نىسبەتەن يەنىلا ھېكىمنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولاتتى. چۈنكى، بۇ دەۋر چۈشەنچىلىرىدە ھەرقانداق قوشۇن ئۇچۇن ئۇرۇش نۇسرىتىدە ئالدى بىلەن ئاللانىڭ رەھمىتى، تەبىئەتنىڭ پۈرسىتى ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇستاتلىق ھەم ھىيلىگەرلىك بىلەن تۈزۈلگەن ستراتېگىيە، شۇنداقلا خاننىڭ سالامەتلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. بۇ ئەھۋاللاردا خان ئالدى بىلەن ھېكىمنىڭ مەسلىھەتىگە قارايتتى. ھېكىم تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلىرى ۋە بۇنىڭ تەسىرى بىلەن

بولىدىغان خاننىڭ سالامەتلىكى ھەم خاننىڭ چۈشەنچىسىگە قۇرئە ـ تەبىر ئېيتىش ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىش ـ قىلماسلىقنى، قىسقىسى، بولغۇسى ئىشنىڭ ئىستىقبالىنى مۆلچەرلەيتتى.

ئالدىغان بولساق، قەدىمكى تۈركلەر «كەچقۇرۇن بۇلۇت قىزارسا، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى»㉑، «تاڭدا بۇلۇت قىزارسا، يامانلىقنىڭ ئالامىتى»㉒ دەپ قارايتتى. «ئاي قوتانلىسا، يامغۇر ياغىدۇ»㉓ دەپ بىلەتتى. ئەمما يامغۇرنىڭ ئۆزى ئۇچۇن پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى ئۇلارغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولاتتى. بۇ ئەھۋاللاردا ھېكىم ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىشى كېرەك ئىدى، ئۇرۇش قىلىش قارارلاشتۇرۇلسا، باتۇر سەركەردە شۇئان جەڭگە ئاتلىناتتى، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدىن پۈتۈكچى تارىخ قالدۇراتتى.

ئۇلۇغ شائىر پۈتۈكچى بابىنىڭ مۇشۇ قۇرلىرى ئارقىلىق قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇشنىڭ ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ ۋە بۇلار ئارقىلىق ئەلنى ئارزۇ ـ تىلەككە يەتكۈزۈپ جاھان سورىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى قىلىچ بىلەن قەلەمدە ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مەركەزلەشتۈرىدۇ ھەم بۇ ئىككى ئامىلنى بىر ئەلنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكىنىڭ كاپالىتى بولغان «مەملىكەتنى ئېلىش ۋە تۈزەش» (2714 ـ بېيىت) نىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ.

پۈقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئەسلەش مۇمكىن:

2703 بۇ بەگلەر ئىشىگە يارامىلىق كىشى —
ئېرۇر ئۇ ئۈچ خىل، ئەي ئەل ـ يۇرت بېشى.

2704 بىلىملىك، ئەقىللىق ھېكىمدۇر بىرى،
بىرى خەتچى، بەگنىڭ سۆزلىنەر سۆزى.

2705 ئۆچىنچى، جەسۇر ئەر يىگىت تاغ يۈرەك،
يېغى، بۆرىلەرگە بۇ باتۇر كېرەك.

1715 قىلىچ قان تېمىتسا، بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن يىغار.

2716 جاھان تۇۋرۇكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۇشتە، مەيلى كەلگۈسى.

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىر پۈتۈكچىگە مەيلى ئۆتمۇش ۋە ياكى كېلەچەكنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرى قاتارىدا ئورۇن بېرىپ، ئۇنى يېگى بىر تارىخ ياراتقۇچىلار قاتارىدا زور قىزىقىش بىلەن تەسۋىرلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پۈتۈكچى سەھىپىسىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈكچىنى بەگكە مېھرىبان، خىزمىتىگە سادىق، سالاپەتلىك، تاماگەر ۋە مال - دۇنياغا ھېرىس قىلمايدىغان، مەيگە بېرىلمەيدىغان ياخشى خۇلقلۇق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

قابىلىيەتلىك پۈتۈكچى بىلەن ناتىق - ئەلچىنىڭ ئەلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى رولى ھەققىدە توختىلىپ ئۇلارغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. كۆپ ھاللاردىكى بەختسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت ئىچكى يىمىرىشتىن كېلىپ چىقىدىغان قاراخانىلاردەك بىر دۆلەتتە «ئەگەر ئەلچى، پۈتۈكچى ناباپ بولسا ئەلگە ئۇنىڭدىن كۆپ زىيان - زەخمەت تېگىدۇ. ئەگەر ئىدىشچى ھەم ئاشچى

خۇددى «بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن» (24) دەك ھايات يولى ـ جانغا زىيان يېتىدۇ» (25) دېگەن بايانلىرى ئارقىلىق مەزكۇر تۆت كىشىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئوردا ئىشلىرىغا ئاساسەن قانۇن ـ مىزانلارنىڭ ئالاھىدىرەك بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا بارلىق تەرەپلەردىن پۇتۇكچىنىڭ ئىمان ـ ۋىجدانلىق بولۇشى ئۇچۇن دۇئا قىلىپ، پۈتۈن داستان بويىچە قاراخانىلاردا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان «ۋەزىرلەر كېڭىشى» (26) (تاياڭخۇ) دېگەنلەردىن بىتىكچى ـ ئىلمىغا ئائىت نەزەرىيە، قاراشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## قاراخانىلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارقىلىشىدا پۈتۈكچىلىك

ئىسلامىيەت قوبۇلىدىن كېيىن، پۈتۈكچىلىك ئىشلىرى دىنىي ئېتىقادنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا نەققاشلىق بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ گۈل ـ چىمەنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

Ⅶ ئەسىردە كوفە شەھىرىدە ئېلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ كوفى خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغاندىن باشلاپ «قۇرئان» ۋە ئىسلام تۇسىدىكى مەشھۇر كىتابلار بۇ خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلىدىغان ھەم كۆچۈرۈپ تارقىتىلىدىغان بولدى.

ئىسلامدا ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان»نى بېزەپ سەنئەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش خۇداغا، رەسۇلۇللاغا ھەم ئىسلامغا بولغان ئېتىقادنىڭ يۈكسەك، چوڭقۇر نامايەندىسى دەپ قارالدى. شۇڭا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاندىن ئېتىبارەن ھۆكۈمرانلار ئادەمسىز، جانلىقسىز مەنزىرە،

بېزەكلەر بىلەن نەقىشلەنگەن ھەر خىل ھەجىمدىكى «قۇرئان» ۋە باشقا ئۇلۇغ كىتابلارنى بىر ـ بىرىگە تەۋەرۈكات سۈپىتىدە سوۋغا قىلىشتى. بۇنداق دىنىي، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز رېمىنىدا سەلتەنەت يۈرگۈزگۈچى ھەرقايسى خاندانلىقلارنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى، مەسچىت ـ خانقا، مەكتەپ ـ مەدرىسلىرى، مازايى ـ ماشايىق، تام ـ تورۈسلىرى قولى گۈل پۈتۈكچى ـ كاتىپلار تەرىپىدىن قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بېزىلىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ھەتتا بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا قاراخانىلار دەۋرىدىكى «نۇرغۇن ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ ياغاچقا نەقىش قىلىپ ئويۇلغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقى، ھەتتا بۇ خىل نەقىشلەرنىڭ سىرى نەقىش يەنى سىرلىق نەقىش دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم»㉗ دۇر. بۇنىڭغا ماس ھالدا قەدىمدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىنىي ئاڭ بىلەن كېلىۋاتقان «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش» دېگەن ئەنئەنىمۇ قاراخانىلاردىكى ئىسلام شارائىتىدا ئوخشاشلا ئۇلۇغلاندى.

دېمەك، بۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن قاراخانىلاردا مەدەنىيەت تارقىتىدىغان نەشرىياتچىلار ـ پۈتۈكچى (كاتىپ) ئەدىبلەرنىڭ يۈزلەپ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا نامى مەشھۇر شەخسلەر ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئالدى بىلەن بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى راۋان قىلىپ كۆچۈرۈپ تارقىتىدىغان تالانتلىق پۈتۈكچىلەردىن بولغانىدى. شۇڭا قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان ئۇلۇغ كاتىپلارنىڭ نام ـ شەرىپى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىش ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەلۇم مەزگىل باغداتتىكى ئەرەب خەلىپىسىنىڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغاندىن كېيىن، قولدىن قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبول كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر نۇسخىنى ئىراننىڭ «ساۋە» دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە كېيىن دەمەشقتە ياشىغان ئۇلۇغ كاتىپ مۇھەممەت ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى كۆچۈرۈپ قالدۇرغان.

بۇ ئۇلۇغ كاتىپنىڭ بايانىچە، ئۇ ئەسەرنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن بىۋاسىتە كۆچۈرگەن. بۇ ۋاقىتنى ئۇنىڭ «بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىسىدىن يۆتكەپ بولغان كۈن 664 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 27 ـ كۈنى يەكشەنبە ئىدى»㉘ دېگەن بايانلىرى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەت ئىبنى ئەبى بەكرى كۆچۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ بۇ يېگانە نۇسخىسى ئەسەر يېزىلىپ 190 يىلدىن كېيىن يەنى مىلادى 1266 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» مىلادىنىڭ 1069 ــ 1070 ـ يىللىرى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، 1 ـ نۇسخىسىنى (ۋېنا نۇسخىسى) تۆمۈرىيلەر نەسلىدىن بولغان شاھرۇھ زامانىسىدا يەنى 1339 ــ 1440 ـ يىللاردا ھېرات شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ھەسەن قارا سايىل شەمس ئىسىملىك مەشھۇر كاتىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ قالدۇرغان.

ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقالغان ياكى تېپىلمىغان بولۇپ، ھەسەن قارا سايىل شەمس كۆچۈرگەن 1 ـ نۇسخا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىدىن ئۈچ ئەسىر كېيىن كۆچۈرۈپ

قالدۇرۇلغان.

داستاننىڭ ۋېنا نۇسخىسىنى كاتىپ ھەسەن قارا سايىل شەمسىنىڭ كۆچۈرگەنلىكى «قۇتادغۇبىلىك» نەزمىي تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلەر بۇ نۇسخىنى شۇ يىللاردا ھېرات شەھىرىدە «مىراجنامە» نى كۆچۈرۈپ تارقاتقان مەشھۇر كاتىپلاردىن مەنسۇر باخشى بىلەن مەلىك باخشىلارنىڭ كۆچۈرگەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭمۇ ھازىرغىچە ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان.

بىرىنچى نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (A نۇسخا) بولۇپ، بۇنى 1444 - يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت ۋە ھۇسەيىن قاتارلىق مەشھۇر كاتىپلار سەمەرقەندتە كۆچۈرۈپ تارقاتقان. داستاننىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇ - قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (B نۇسخا) بولۇپ، بۇنى 1480 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئابدۇرازاق باخشى دېگەن مەشھۇر كاتىپ كۆچۈرۈپ تارقاتقان.

ئۈچىنچى نۇسخىسى يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن C نۇسخا بولۇپ، بۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كاتىپى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسىمۇ تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ساقلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈتۈكچىلىك ئىلمى بويىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىن بىر گۇرۇھ كاتىپ مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى XIII ئەسىردىكى «قىبلەتۇل - كۇتتاپ» (كاتىپلارنىڭ قىبلەسى) دېگەن يۇكسەك شەرەپكە سازاۋەر بولغان ياقۇپ مۇئىتەسىمدۇر. تۈركىي زاتىدىن بولغان بۇ

مەشھۇر كاتىپ ئاباسىيلاردىن مۇئىتەسىمنىڭ دوستى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان ۋە نەچچە خىل خەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلا پىر - ئۇستازى سانالغانلىقى ئۇچۇن «ئەقلامى سىتتە» (ئالتە قەلەم) دەپ شۆھرەتلەنگەن.

كاتىپلىق - خەتتاتلىق رىسالىلىرىدە «ئەساتىزئەئى سەبئى» (يەتتە ئۇستاز) دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر خەتتات كاتىپلاردىن ئارغۇنى كامىل، ئابدۇللا سەيرافى، يەھيا سوپى، مۇبارەكشاھى سويۇفى، مۇبارەكشاھى كۇتۇپ ۋە شەيخ ئەخمەت سۇھرەۋەردىلەر ئەنە شۇ ياقۇت مۇئىتەسىم خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر.

ئومۇمەن «پۇتۇك - ئىلىمنىڭ يېرىم ھەقىقىتى» (مۇھەممەد پەيغەمبەر) بولۇپ پۇتۇكچىلەر ۋە پۇتۇكچىلىك ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى چوڭقۇر. ئەگەر بۇ ئىلىم ھەم ئۇنىڭ ئەھلىلىرى بولمىغان بولسا، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بۈگۈننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

شۇڭا بۇ دەۋردىكى پۇتۇكچىلىك ۋە پۇتۇكچىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىش قەدىمكى خەت - چەك ۋەسىقىلىرىمىزنى ئاساس قىلغان كلاسسىك كاتىباتلىق ئىلمىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىزاھلار:**

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى»، 1987- يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 184 - بەت.

② ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1986 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

23 ـ بەت.

③ تۇگۇشېۋا: (سابىق) «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق قولىيازما ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان XIII — XIV ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1990 ـ يىللىق ئومۇمىي 2 ـ، 3 ـ سان، 114 ـ بەت).

④⑤ ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 55 ـ بەت.

⑥⑦⑧⑩⑲ رىشات كەنچ: «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 1990 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 336 ـ، 337 ـ، 340 ـ، 341 ـ بەتلەر.

⑨㉑㉒㉓㉔ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 195 ـ، 333 ـ، 342 ـ، 533 ـ بەتلەر.

⑪⑫⑯⑰ يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن»، 1993 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 38 ـ، 64 ـ، 243 ـ، 251 ـ بەتلەر.

⑬⑭⑮㉕ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 4046 ـ، 4047 ـ، 4048 ـ، 4064 ـ، 4065 ـ، 4135 ـ، 4146 ـ، 2930 ـ، 2931 ـ بېيىتلار.

⑱ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1986 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 84 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑳ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1992 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 473 ـ بەت.

㉖㉗ ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1991 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 651 ـ، 701 ـ بەتلەر.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ئابدۇرېھىم راخمان[1]



بىزدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە مۇكەممەل بىر ئەمگەك مەيدانغا كەلمىدى. تەتقىقاتچىلار ۋە بەزى ھەۋەسكارلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرى ھەققىدە توغرىسىغا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى توغرىسىدا»①، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى»②، پروفېسسور نەسرۇللا يولبولدى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە»③، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى

---

① ئابدۇرېھىم راخمان: لېكتور، ماگىستىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى.

ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا»④ قاتارلىق ماقالىلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ماقالىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر سانىلىدۇ، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مول تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى⑤ دىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى ھەققىدە سىستېمىلىق بىرەر ئەمگەك ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئەمما، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا مەنسۇپ ئەمگەكلەردە تەتقىقاتچىلاردىن ئىبراھىم مۇتىئى، ئەھمەد زىيائى، نەسرۇللا، تۇردى ئەخمەت، ئابلەھەت ئەھەت قاتارلىقلار ئۆز ماقالىلىرىدە «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللىنىش بىلەن بىللە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان»⑥ لىقى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تارىخىي باسقۇچتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى مەركىزىي دىئالېكت ۋە ئۆرۈمچى تەلەپپۇزى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللىي ئەدەبىي ئورتاق تىل»⑦ ئىكەنلىكى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئورتاق تىلى سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان»⑧ لىقى، «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەدرىجىي ھالدا خاقانىيە تىلىدىن يىراقلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا يېقىنلاشقان» لىقى ۋە بۇنداق يېقىنلىشىشنىڭ «20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئەمەلگە ئاشقان»⑨ لىقى قاتارلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر، تېخىمۇ مۇھىمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گرامماتىكىلىق ئاساسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. بۇ تېما چوڭلۇقىدىن كۆرە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت زۆرۈر ھەم ئەھمىيەتلىك مەزمۇننى يورۇتىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنلا قولغا ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. بىز بۇ ماقالىمىزدە ماتېرىيال جەھەتتىكى كەمچىلىكلەر ۋە بۇ ساھەدىكى بىلىمىمىزنىڭ تېيىزلىقىغا قارىماي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز. ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا بۇ تېما ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئەمگەكلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

## 1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە ئۆتكۈنچى باسقۇچ ھەققىدە

### 1. 1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

#### 1. 1. 1. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى ھەر خىل. ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ھەر خىل ئۆلچەمدە دەۋرلەرگە ئايرىيدۇ ۋە ھەر خىل نام بېرىدۇ. يا. ئېكمان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ دەۋرگە بۆلىدۇ:

1) كلاسسكلىقتىن بۇرۇنقى دەۋرى ( XV ئەسىرنىڭ بېشىدىن 1465 ـ يىلى نەۋائىنىڭ بىرىنچى دىۋانى تۈزۈلگەنگە قەدەر) .
2) كلاسسىك دەۋرى (1465 ـ يىلدىن 1600 ـ يىلغىچە) .
3) كلاسسكلىقتىن كېيىنكى دەۋرى (1600 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلغىچە)⑩ .
غ. ئابدۇراخمانوۋ، ش. سۇكۇروۋلار ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنى تۆۋەندىكىچە دەۋرلەرگە بۆلىدۇ:
(1) ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىل ( VII ئەسىرگىچە) .
(2) قەدىمكى تۈركىي تىل ( VII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە) .
(3) كونا تۈركىي تىل XI ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە) .
(4) كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ( XIV ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە) .
(5) يېڭى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ( XIX ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە) .
(6) هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى⑪ .
بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى» (ماھىيەتتە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى — ئا) ، «يېڭى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى» ، «هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى» دېگەن ئۈچ دەۋر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىدۇ.
قايداروۋ قاتارلىق كىشىلەرمۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى XVIII ئەسىردىن باشلاپ مۇستەقىل راۋاجلىنىش يولىغا ماڭىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ⑫. بۇ پىكىرگە قارىتا ياپونىيە ئالىمى خاماداماسومى ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ: «مېنىڭچە، بۇ تىلنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى ۋە رايون خاراكتېرلىك

ئۆزگىرىشىنى ئىسپاتلاش ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى، يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئاپتورلىرى بىلەن قولىيازمىنى كۆچۈرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور، يەنى ياخشى تەربىيىلەنگەن ئاپتور ياكى قولىيازمىنى كۆچۈرگۈچى چاغاتاي كلاسسىك تىلىنىڭ (نەۋائى تىلىنىڭ — ئا) قېلىپلىشىشىغا سادىق بولغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس تەرەپلەردىن ئاغزاكى تىل (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان تىل)غا يېقىنلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. شۇڭا، تۈرلۈك يازمىلاردىكى تىلنىڭ كلاسسىك تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشقا قايسى دەرىجىدە سادىق بولغانلىقىنى ھەمدە دىئالېكت ئامىللىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر»⑬.

ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى باسكاكوۋنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

«چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: (1) ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XIV ئەسىر ۋە XV ئەسىرنىڭ باشلىرى)؛ (2) كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XV ئەسىرنىڭ يېرىمى ۋە XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى)؛ (3) كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (XVI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XIX ئەسىرگىچە)».

باسكاكوۋنىڭ پىكرىچە ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. چاغاتاي تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا كەلگەندە ئەبۇلغازى خان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ۋەكىل قىلغان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ۋە نىزارى، خىرقىتى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، زەلىلى، نۆبىتى، موللاشاكىر، بىلال نازىملار ۋەكىللىك قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئايرىلىپ

چىقىشقا باشلىدى⑭.

بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: (1) شەكىللىنىش دەۋرى (XIV ئەسىردىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان يۈز يىل)؛ (2) كلاسسىك دەۋرى (XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 150 يىل)؛ (3) چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى (XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە 300 يىل)⑮. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنى، يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرىنى «بۆلۈنۈش دەۋرى»⑯ دەپمۇ ئاتايدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرلىرى ئاساسەن بىردەك. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ۋە دىئالېكتلىرى ئاساسىدا ئۆز ئەدەبىي تىلىنى مەيدانغا چىقاردى. خۇددى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىلەر ئېيتقاندەك «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان بۇ ئەدەبىي تىل XVII ئەسىردىن باشلاپ بۇ ئەدەبىي تىلنى قوللانغان ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جانلىق تىلىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن بۆلۈنۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ زېمىنىدا بۇ ئەدەبىي تىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىشكە باشلىغانغا قەدەر داۋالاشتى»⑰. بۇ دەۋردە نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى نەۋائىي مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان، نەۋائىي دىۋانلىرىنىڭ ئەڭ

تولۇق، ئەڭ نەپىس نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن ھەم ئۇيغۇر
ئۇن ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىدە نەۋائىي غەزەللىرى
ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
نەۋائىينى پىر ئۇستاز تۇتقان يازغۇچى، شائىرلار كەينى -
كەينىدىن مەيدانغا چىقىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
نەۋائىدىن كېيىنكى بىر گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى
شەكىللەندۈردى.

XVIII ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاپئاق خوجا
ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلۈنمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ
زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن
نىسپىي، تىنچ شارائىتمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنداق بىر
يۈكسىلىش مەنزىرىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىجابىي تەسىر
كۆرسەتكەنىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ۋە تىلدىكى مۇنداق
گۈللىنىشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى،
ئەلۋەتتە.

1. 1. 2. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى
تارىخىي ئىجتىمائىي شارائىت.

XVII ئەسىرنىڭ بېشىدىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە
بولغان 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا شىنجاڭ خەلقى ئاجايىپ
مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتنى بېشىدىن كەچۈردى. يەكەن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى،
جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشىغىچە بولغان ھەرقايسى
دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر، ئۇرۇش - تالاشلار ۋە زېمىندىكى
خەلقنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى.

1514 - يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى ئابدۇرىشىتخان
دەۋرىگە كەلگەندە (1533 — 1570) سەمەرقەندتىن ئۆزلىرىنى

«پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى» دەپ ئاتىلىۋالغان مەخدۇم ئەزەم (1461 ـــ 1542) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر يەكەن، قەشقەرلەرگە كېلىشكە باشلىغان. ئەھمەدخان دەۋرىدە (1609 ـــ 1610) ئۇ ئىسھاق خوجىنى يەكەنگە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونىدا خوجىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار ئىككى مەزھەپكە، يەنى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، شىنجاڭنىڭ پاجىئەلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلارنىڭ زىددىيىتى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى. يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خان قارا تاغلىقلار مەزھىپىنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئاپئاق خوجىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپئاق خوجا دالاي لامانىڭ خېتىنى ئېلىپ ئىلىغا بېرىپ، جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن 1678 - يىلى يەكەننى بېسىۋالدى. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولدى. جۇڭغارىيە موڭغۇللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. 1697 - يىلى غالداننىڭ ئۆلۈمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ تەخت ۋارىسى سىۋان ئارابدان ئەسكەر چىقىرىپ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالدى. شىنجاڭ قارا تاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1755 - يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنجىتىپ، ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى 70 نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ بۇرھانىدىن خوجا، خوجا جاھانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى.

خوجىلار دەۋرىدە سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھاكىمىيەت بىرلىشىپ كەتكەن. دىنىي تەرىقەتچىلىك كۈچىيىپ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇھىتىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، ئىقتىساد ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەدەنىيەت نابۇت بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان. ئەمگەكچى خەلق قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار ئىجتىمائىي داۋالغۇش ۋە ساراسىمىنىڭ بالدۇرراق تۈگىشىنى، مۇقىملىق ۋە ئىناقلىقنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشاتتى. مانا بۇلار ئىلغار پىكىرلىك ئىدېئالوگلارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاھۇ - زارىغا قۇلاق سېلىشىنى تەبىئىي يوسۇندا تەقەززا قىلدى. بۇلار ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى پەندى - نەسىھەت، دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلەر (خاراباتى: «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»)، تەزكىرە ئەدەبىيات (زەلىلى: «چىلتەن تەزكىرىسى»، «مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى»، نامەلۇم ئاپتورلار يازغان: «تەزكىرەئى بۇغراخان»)، تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات گۈللەنگەنىدى.

دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىك شارائىتتا، بەلگىلىك مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. بەزى خوجىلار تەلۋىلەشكەن ئاشۇ شارائىتتا بىر قىسىم ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ زامانىغا بولغان نارازىلىقى، جۈملىدىن دۇنيا قارىشىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بىۋاستە ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئورنىغا باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلغار تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ،

ئۇلاردىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر خاھىشنىڭ تىغ ئۇچىنى ھۆكۈمرانلارغا دارىتما ئۇسۇلىدا قاراتقان. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمانلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىپ چىققان ئەسەرلەرگە بەزىبىر تولۇقلاش ۋە كۆچەيتمىلەرنى قوشقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مانا مۇشۇ دەۋردە «شاھنامە»، «كىلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق جاھان كلاسسىك يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ دەۋردىكى تەزكىرە ئەدەبىياتى خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ماتېرىيالى بولۇپ قالغانىدى. ئېنىقكى، يۇقىرىقى ئۈچ ئالاھىدىلىك ئەينى دەۋر تىلى ئۈچۈن زور پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى، بولۇپمۇ تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن مانجۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا كېلىدىغان تەھدىتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى تاقىۋەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت 1826 ـ يىلى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە بېسىپ كىرگىنىگىچە بولغان 70 يىلدەك ۋاقىت داۋاملاشتى. لېكىن، خاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى مۇھەممەد ئىمىن خوجا (كاتتا تۆرە) بىلەن ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجىنىڭ پاراكەندىلىكى (1847 ـ، 1857 ـ يىللىرى) ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ھەم قىسقا داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تەسىر قىلىپ تۇرىدىغان ئەرەب ـ پارس

تىلىنىڭ بېسىمى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزۈلدى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئەرەب - پارس تىلىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاشتى. بۇنداق شارائىتتا ئاددىي خەلقلا ئەمەس، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرمۇ ئەرەب - پارس تىلىدىكى ئەسەرلەردىن زوقلىنالمايدىغان بولدى. بۇ خىل شارائىت يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشقا، ئەرەب - پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇرلىدى ياكى ئىلھاملاندۇردى. مەسىلەن، 1800 - يىلى يەكەن ئەمىرى قارا قاشلىق يۇنۇس ۋاڭنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن خوجا ياقۇپ يەركەندى خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. يەنە نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن نىزامىي گەنجىۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» داستانى، «داستانى سەيفۇلمۇلۇك»، «داستانى مالىك ئەجدەر»، «داستانى مېھمارۇھ» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دەۋردە يەنە تەزكىرە ئەدەبىياتى ئىزچىل تەرەققىي قىلغا.

ئەينى دەۋردە قەشقەر ۋە يەكەنلەرنىڭ خەلقئارادىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئابرۇيى يۇقىرى بولۇپ، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي مەركەزلەردىن بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە ئىلى رايونىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ۋە قۇمۇل، تۇرپاندىن نۇرغۇن دېھقانىنىڭ ئىلىغا كۆچۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇر يەرلىك شېۋىلىرى بۇ زېمىندا بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇيغۇر جانلىق تىل تەرەققىياتىدا يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق شارائىت ۋە زېمىندا ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ تىللىرىدىمۇ يېڭىلىقلار

كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ دەۋردە يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن سادىر پالۋان، سەلەي چاققان، نۇزۇگۇم قاتارلىق لەتىپىچى، قوشاقچىلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەننىڭ «قاراقاش ناخشىسى»، قەشقەرنىڭ «قىزىل گۈل» ناخشىسى، قۇمۇلنىڭ «يارسەنەم» ناخشىسى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئانارخان»، «ئويناڭ تۆرەم»، «بىۋاپا نادان يارىم»، «جارابىڭمەن»، «دادەي»، «سارىخان»، «ئاللا يارىم»، «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ناخشىلىرى ئەنە شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەنىدى.

### 1. 1. 3. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

XVIII ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى نەۋائىي ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قەشقەر جانلىق تىلىنىڭ ئىجابىي ئامىللىرىغا يۆلىنىپ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدا خىرقىتى، خارباتى، زەلىلى، نىزارى، موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، خامۇن ئاخۇن يەركەندى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە، كېيىنچە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى رايونلىرىدا موللا بىلال، ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى، زوھۇرى، ئابىد قۇمۇلى، سېيىت مۇھەممەد قاشى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدە ئۆز تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، «XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر تىلى پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ»[18]. يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ ئەرەب ـ پارس تىلى ئامىللىرىنىڭ

تەدرىجي هالدا ئۇيغۇر جانلىق تىل ئامىللىرىغا ئورۇن بەرگەنلىكىنى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كلاسسىكلىقتىن جانلىق تىلغا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى تارىخىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىسپاتلىسا، شۇ دەۋر يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئومۇمىي جەھەتتىن كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى بىرقەدەر ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق جانلىق تىل ئامىللىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكىدەك جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنداق پاكىتلارنى فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى م. ئوسمانوۋ، خ. تۆمۈر ئەپەندىلەرنىڭ بايانلىرى ئاساسىدا تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

(1) فونېتىكا جەھەتتە:

سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى [a] تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇپ يېزىلىشى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئاجىزلىشىش كېيىنكى نەزمىي ئەسەرلەردە ۋەزىن تەلىپىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن (ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت):

sϕzni sϕz mεzmoniniʁε jεtkyrmεjin ϕlgεi <u>qerip</u>

(موللا ھالىھ)

jimε nαmεrd nαnini αt ʃliqtα gεr tʃiqsα <u>dʒ eniŋ</u>

ϕtmε nαmεrd kϕbrykidin ʁεrq olub αqsα <u>teniŋ</u>

(شەھىدى)

بەزى سۆزلەردە جانلىق تىل ئادىتى بويىچە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا بىر «ھ» [h] كۆپەيتىپ يېزىلغان. مەسىلەن،

hϕkyz>ϕkuz

(2) گراماتىكا جەھەتتە:

تۇس مورفېمىلىرى كەڭ قوللىنىلغان، ھەتتا بەزىلىرى سىنتېتىك فورمىغا ئايلانغان. مەسىلەن،

piʃqali turmaq

bolsamdi

jol bɛrsidi

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئىملا ئەنئەنىلىرى، ھەتتا ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭمۇ ئەسەرلەر بويى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان يېزىش ئۇسۇللىرى بۇزۇلدۇ. مەسىلەن،

ʁɛznɛtʃi>ʁɛzinɛʃi

1. 2. ئۆتكۈنچى باسقۇچ ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

1. 2. 1. ئۆتكۈنچى باسقۇچ ھەققىدە

بۇ نۇقتىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنىدىغان «ئۆتكۈنچى باسقۇچ» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىنىڭ بىۋاستە داۋامى بولغان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە ئاساس بولغان تەخمىنەن 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، كونكرېتراق ئېيتقاندا 1850 - يىللاردىن XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە بولغان دەۋرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى (ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى)، يەنى «ئۆتكۈنچى باسقۇچ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئاساس بولدى:

(1) «ھەرقانداق بىر تىلنىڭ بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتۈشىگە 100 يىل ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ» ⑲. ئېنىقكى، تىل تەرەققىياتى پارتلاش خاراكتېرلىك بولمايدۇ. بەلكى كونا تىل ئامىللىرىنىڭ يوقىلىشى، يېڭى تىل

ئامىللىرىنىڭ پەيدىنپەي قوشۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان باشقا ئىجتىمائىي شارائىتلار قاتارىدا تىل شارائىتىنىڭمۇ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار شۇ تىل شارائىتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، پەيدىنپەي يېڭى تىل ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا كونا تىل ئامىللىرى ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇنداق جەريان 4 — 5 ئەۋلاد ئىچىدە تاماملىنىشى مۇمكىن.

(2) ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولىدۇ. يېڭى شەيئى چوقۇم مەلۇم سان ئۆزگىرىشى ئاساسىدا سۈپەت ئۆزگىرىشى ياساش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگىچە بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئۆتكۈنچى باسقۇچ يېڭى شەيئىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن شارائىت ھازىرلايدىغان باسقۇچ بولىدۇ. جۈملىدىن تىلمۇ سان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئاخىرىدا سۈپەت ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتىدۇ.

(3) مۇشۇ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى ئەسەرلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىمۇ ساقلانغان، يېڭى تىل ئامىللىرىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ يېڭى تىل ئامىللىرى فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا ھەم يېزىق (ئىملا) جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىكى جانلىق تىل ۋە دىئالېكت ئامىللىرى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى جانلىق تىلدا يۈز بەرگەن سان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يېزىقتىكى ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل

سان ئۆزگىرىشى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بۇ دەۋردىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىتلار بۇ خىل سان ئۆزگىرىشىنى سۈپەت ئۆزگىرىشىگە كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، «XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى دېسىمۇ بولىدۇ»⑳.

بىز يۇقىرىقى ئاساسلىرىمىز بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى دەپ قارالغان XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغىچە بولغان دەۋرنى «ئۆتكۈنچى باسقۇچ» دەپ ئاتىدۇق.

1. 2. 2. ئۆتكۈنچى باسقۇچتىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىت

1. 2. 2. 1. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ 1865 ـ يىلى ياقۇپبەگ هاكىمىيىتى ئورنىتىلغانغا قەدەر 100 يىلچە ۋاقىت شىنجاڭ تارىخىدا نىسپىي تىنچ بولغان بىر دەۋر بولدى. 1864 ـ يىلى كۇچا خەلقى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتكۈل شىنجاڭغا تۇتاشتۇردى. 1865 ـ يىلى شىنجاڭدا — كۇچادا راشىدىن خوجا (خان خوجا)، ئۇرۇمچىدە تۇدىمىڭ (تۇمىڭ، يەنى داۋۇت خەلىپە)، خوتەندە هەبىبۇللا مۇپتى (هەزرىتى پادىشاهىم)، قەشقەردە سىدىقبەگ بىلەن جىن شياڭيىن، ئىلىدا مەزەم زات قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىكىدە بىر ـ بىرىگە بويسۇنمايدىغان فېئودال هاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. سىدىقبەگ بىلەن جىن شياڭيىن ئۆزلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قوقەند خانى جاهانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان بىلەن خوقەندلىك قوشبېگى ياقۇپبەگنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. 1865 — 1867 ـ يىللىرى ياقۇپبەگ قوشۇنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قەشقەر، يەكەن،

خوتەن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى تارىختا «يەتتە شەھەر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. 1870 ـ يىلى ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرى ماناسقىچە يېتىپ باردى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ھەممىسى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن جايلار ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

1875 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگكە قارشى ئەسكەر چىقاردى. زورۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. چىڭ قوشۇنلىرى ئۈچ يىل جەڭ قىلىپ، 1878 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى جەڭ ـ جېدەللەر بېسىقىپ نىسپىي مۇقىم بولغان ۋەزىيەت 1911 — 1912 ـ يىللاردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ تەختكە چىقىشىغىچە داۋاملاشتى.

1912 ـ يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا زۇلمەتلىك دەۋر باشلاندى. 1928 ـ يىلى «7 ـ ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بىلەن جىڭ شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. 1931 ـ يىلى شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى خوجا نىياز ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇلدا پارتلىدى. 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» جاللات شىڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ھۆكۈمرانى قىلىپ قويدى. شىڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى ھەمدە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويدى. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ۋەزىيەت مۇقىم، مەدەنىيەت، ئىقتىساد گۈللەنگەن بۇ قىسقا دەۋر

1942 - يىلى شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. خەلقنىڭ قان كېچىپ كۆرەش قىلىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا بۇرھان شەھىدى، تاۋسىيۇلار بېيجىڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.

1. 2. 2. 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىمۇ (1864 — 1912) ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە ئەدەبىياتتا خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەيدانغا كەلگەن تەزكىرە ئەدەبىياتى، تەرجىمە ئەدەبىيات، ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات ئىزچىل تەرەققىي قىلدى ۋە بۇ جەھەتتە نادىر ئۆلگىلەرنى ياراتتى. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىدىن كۆرە چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئانا تىلدا ئىجاد قىلىش، جانلىق تىلغا يېقىنلىشىش ئەنئەنىسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىدەك يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

1864 - يىلى يۈز بەرگەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە پارتلىغان ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابى ئەينى دەۋر تارىخ تەزكىرە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئوبدان خام ماتېرىيال بولدى. شۇ مەزمۇنلاردا «XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە 20 دىن ئارتۇق تارىخىي يازما يادىكارلىق يېزىلغان»[21] ئىدى. مۇشۇ مەزمۇنغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» (1866 - يىل) داستانى، موللا بىلالنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» (1875 - يىل) داستانى،

سېيىت مۇھەممەد قاشنىڭ «شەرھى شىكەستە» (1882 ـ يىل) داستانى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

تەرجىمە ئەدەبىيات جەھەتتە ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلانە مۇھەممەد رېھىم پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «تەرجىمەئى تارىخ تەبەرى» (1841 ـ يىل)، موللا مۇھەممەد ھەسەن مۆتىۋەللى ئاخۇنۇم تەرجىمە قىلغان «ئاجايىبۇل مەخلۇقات» (1853 ـ يىل)، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمە قىلغان «تارىخىي ئىسكەندىرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» («تارىخىي تەبەرى» نىڭ تولۇقلىما تەرجىمىسى)، «تارىخىي رەشىدى» ㉒ قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

بۇ دەۋردە يەنە كەسىپلەر رىسالىسى يېزىشمۇ قىزغىن بىر تېمىغا ئايلانغان. بۇنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرى بىلەن يارىتقان بولسا، نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن «دېھقانچىلىق رىسالىسى»، «موزدوزچىلىق رىسالىسى»، «رىسالەئى كەسىپدار» (مۇھەممەد سادىق قەشقەرى) قاتارلىقلار يېزىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى قاتارىدا خىسلەت، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، غەيرەتى، تۇردى نازىم غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى، موللا نىياز ئاسىفى، دىلبەر دورغە، ناقىس، ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، ئاشۇر ئاخۇن غېرىبى، يۇسۇپ خوتەنى، نۆبىتى، قەلەندەر، ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى خەستە، ئابدۇخېلىل داموللا ھاجى، موللاھەيدەر، مىسكىن، سەبۇرى، مەھزۇن، ئىسمائىل ھاجى، زوھۇرى، ئەخمەتشاھ قارىقاش، تەجەللى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇش، ئانا تىلنى ئۆز قانۇنىيىتى

بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

1930 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەدەبىياتنىڭ ژانىرلىرى كۆپەيدى. يازغۇچى، شائىرلار قوشۇنى ئۇلغايدى. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى تامامەن رېئاللىقۇا يۈزلەندى. ئەدەبىيات خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان، خەلقنى بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان، بىلىمنىڭ خاسىيىتىنى مەدھىيىلەيدىغان، ناچار خاھىشلارنى تەنقىد قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئاساسىي تېما قىلىپ، شەكىل جەھەتتە خىلمۇخىللىققا يۈزلەندى.

شېئىرىيەتتە كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئىككىلىك (مەسنىۋى) شەكىلدىن تۆتلۈك (مۇرەببە) شەكلگە، ۋەزىن جەھەتتىن ئارۇز ۋەزنىدىن بارماق ۋەزنىگە يۈزلەندى. دراما، پروزا ژانىرلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1. 2. 2. 3. گەرچە XVII ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىش خاھىشى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھالەت مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جانلىق تىل ئاساسىدىكى يازما ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش، تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى سىستېمىلىق ئىزدىنىش ۋە مۇنازىرىلەر باشلاندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر داموللام، مەرۇپ سەئىدى، قۇتلۇق شەۋقىگە ئوخشاش بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار جانلىق تىلنى ئاساس قىلغان يازما ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش يولىدا بىر قىسىم ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. جانلىق تىلنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە بەس - مۇنازىرىلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى[23].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا باشلانغان بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ ئاساسى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئىلى رايونىدا مەنىۋى مەدەنىيەت مەركىزى بەرپا قىلىنىش سەۋەبىدىن شىمالنىڭ، جۈملىدىن غۇلجىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە كۆرۈلۈشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئومۇملۇقنى ساقلاش كېرەكمۇ يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدا مەيلى ئاساسلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى بولسۇن ياكى ئۇنىڭ بىر تارمىقى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىل شەكىللەنمىگەن، شۇنداقلا بۇرۇن شەكىللەنگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار سەۋەبىدىن يېڭى (ياكى ئىسلاھ قىلىنغان) ئەدەبىي تىل مەسىلىسى ئاساسلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى «غۇلجا، يەتتەسۇ رايونى دىئالېكتى ۋە قەشقەر پەرغانە دىئالېكتى»[24] ئاساسىدا ھەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. «20 ـ يىللارغا كەلگەندە مەلۇم تارىخىي ئەنئەنە سەۋەبىدىن ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇرلاردا مىللىي تىلنىڭ ئورتاقلىقى كەمچىل دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەندى»[25].

1921 ـ يىلى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ چاقىرىقى ۋە تەشكىللىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە 1917 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ئىنقىلابىي ئۇيۇشمىلارنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى، يەنى ئالتە شەھەر جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۈنجى

قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. بۇقۇرۇلتايدا ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش مەسىلىسىمۇ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەس - مۇنازىرە باشلاندى. بۇ ھەقتە س. شاكىرجانوپ بىلەن ل. ئەنزەرى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دا ماقالە ئېلان قىلىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ‹قەشقەرلىكلەر› ۋە ‹تارانچىلار› دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ ئىككى خىل مۇستەقىل تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس» (26) دەپ قارىدى. س. ئې مالوپ، ك. ك. يودافىن، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئا. مۇھەممىدى، ك. ئاشۇرۇپ، خ. كەرىموف قاتارلىق تىلشۇناسلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاقلىقىنى قوغدىدى. ئاتاقلىق سىياسىي پائالىيەتچى، يەتتە سۇ رايونلۇق سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا روزىباقىيېف ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ كۆپ كۈچ چىقاردى. «ئۇ تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى، جۈملىدىن ئالماتادا ئىككى، ياركەنتتە 15 (ئىككىسى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى)، بېشكەكتە تۆت مەكتەپ ئاچىدۇ» (27). بۇ مەكتەپلەرنى ئورتاق ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەد ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا كەسىپ ئەھلى بولۇش سۈپىتى بىلەن «قەشقەر تىلى» ۋە «تارانچىلار تىلى» دىن

ئىبارەت ئىككى خىل تىلنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش يولىدا ئىزدىنىۋاتقانلارنى «قەشقەر شېۋىسى» بىلەن «تارانچى شېۋىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا چاقىردى. ئۇ يەنە «قەشقەرلىكلەر» ۋە «تارانچىلار» تىلىدىكى ئۆزىگە خاس ئايرىم فونېتىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىپ «ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ئىككى خىل ‹شېۋە› دىكى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان تەركىبلەرنى تەڭ قوبۇل قىلىش كېرەك» ㉘ دېگەن ئىلمىي تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇ يەنە «ئەگەر بىز ھۆججەت ۋە باشقا كىتابلارنى ساپ قەشقەر شېۋىسى ياكى ساپ تارانچى شېۋىسىدە نەشر قىلىدىغان بولساق ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. شۇڭا، ئىملا قائىدىسى بويىچە جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش زۆرۈر» ㉙ دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. 1926 - يىلى ئا. مۇھەممەد ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ئىملا قائىدىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تۇنجى قېتىم ھازىرلاپ بەردى.

س. ئې. مالوف ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭ قېلىپلاشقان دىئالېكت ئاساسىنى بېكىتىش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرشۇناسلىققا دائىر يىغىنلارغا (1921 -، 1925 -، 1930 - يىللاردىكى) پائال قاتنىشىپ، يەرلىك ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساستا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي مۇساپىدە مۇشۇ مەسىلىنى ئىلمىي ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئامالىنىڭ بارىچە ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاقلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ، قەشقەر شېۋىسى بىلەن

تارانچى شېۋىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى خىل شېۋىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مالوف «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىل قۇرۇلمىسى مۇشۇ ئىككى خىل شېۋىنى ئاساس قىلىش، بىر خىل ئورتاق ئەدەبىي تىل مەلۇم جەھەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇشى كېرەك»㉚ دېگەن قاراشنا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

بۇ بەس - مۇنازىرىلەردە ئوتتۇرىغا چىققان يۇقىرىدىكى كۆزقاراشلار «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، «ئازادلىق گېزىتى»، «شەرق ھەقىقىتى گېزىتى»، «قىزىل شەپەق گېزىتى»، «ئىنقىلابىي شەرق»، «لېنىن يولىدا ماڭايلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق زىيالىيلار قاتلىمىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سەھەلەرگىچە كېڭىيىپ باردى.

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا باشلانغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر 1930 - يىلى ئالماتادا ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى يىغىنىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. يەنى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا س. ئې. مالون، ك. ك. يۇدافىن قاتارلىق تىلشۇناسلار يەرلىك ئۇيغۇر تىلشۇناسلارنىڭ ياردىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىككى خىل ئەمەس، بەلكى ئورتاق بىر ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ ئورتاق ئەدەبىي تىل يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن ئوخشاش دەرىجىدە پايدىلىنىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئارقىلىق 1921 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل

بەرپا قىلىش ھەققىدىكى ئىلمىي تالاش - تارتىشلار ئاخىر تاماملاندى. نەتىجىدە غۇلجا، يەتتەسۇ رايونى شىۋىسى بىلەن قەشقەر پەرغانە شىۋىسى ئاساسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر ۋە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل، ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كىرگەن زىيالىيلار، سودا ئىشلىرى بىلەن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئىلغار سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىسى ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭىلىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىمۇ ئورتاق يازما ئەدەبىي تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى بالدۇرراق قوبۇل قىلغان ئەللەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ جانلىق تىلنى ئاساس قىلغان يازما ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا (زىيالىيلار قاتلىمىدا) تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئىككى خىل ئېقىم شەكىللىنىشكە باشلىدى.

بىر ئېقىمدىكىلەر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەتلىرىنى ئەرەب - پارس تىلى ۋە كلاسسىك چاغاتاي

ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ باردى. بۇ ئېقىمغا تەجەللى، ناقىس، سابىت داموللام، ئابدۇقادىر داموللام (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىر قىسىم ئەمگەكلىرى يەنىلا كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن پۈتۈنلگەن)، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيىتى كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان)، ئىسمائىل ھاجى، ئابدۇللا سادىق (پىراقى)، ئەھمىدى قاتارلىق شائىرلار ۋەكىللىك قىلدى.

يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىدىن ۋاز كېچىپ ئاممىباب ئەدەبىي تىلدا يازغانلار بولۇپ، بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مۇھەممەدئېلى تەۋپىق، مەرۇپ سەئىدى، ناسوھا ئىمىن، ئارۇپ قاسىمى، ئىبراھىم نورۇز قاتارلىقلار ئىدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسى تاكى 30 ـ يىللارغىچە داۋاملاشتى. ئەھمەت زىيائى ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يازما ئەدەبىياتتا ئانا تىل بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى نەۋائىي تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ بۇ كۈچلۈك تەسىر (ئەرەب ـ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى) XX ئەسىردىمۇ ئالىم دەپ ئاتالغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىدىن يوقالمىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاغىلىقتا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى ‹پەرق تەجەللى سەبەق مۇچەللى› ناملىق دىۋانىنى ئەرەب ـ پارس تىلىدا يازدى. ئىلغار ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داموللا ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىشنى مەقسەت قىلغان ‹مىفتائۇل ئەرەب› (‹ئەرەب ئاچقۇچى›) ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب كلاسسىكلىرىنىڭ قەسىدىلىرىدىن ئۈزۈپ چىقتى. سابىت داموللام XX ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان ‹جاۋاھىرۇل ئېتىقاد› (‹ئېتىقاد جەۋھەرلىرى›) دېگەن شېئىرىي ئەسىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى.

بۇنىڭدىن باشقا ‹ئاپرېل ئۆزگىرىشى›گىچە ھەمدە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە يېزىشقان خەتلىرى، ئېيتقان مەرسىيىلىرى، بىنالارغا يازىدىغان تارىخىي مىسرالىرى، غەزەل، چاقچاقلىرى پۈتۈنلەي ئەرەب ـ پارس تىلى بىلەن بولدى»[31].

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئەسەرلەر شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. شۇ جۈملىدىن «1930 ـ يىلدىن كېيىن ‹ئانا› رومانى، ‹ۋىلادىمىر ئىلىچ لېنىن› داستانى، پوئېتىرنىڭ ‹ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى›، ۋە باشقا نۇرغۇن ئىنقىلابىي، جەڭگىۋار ئەسەرلەر، رۇسىيە ۋە دۇنيا كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلىپ شىنجاڭغا كەڭ كۆلەمدە كىردى. ‹يېڭى ھايات›، ‹شەرق ھەقىقىتى› ژۇرناللىرى ۋە شۇ نامدىكى ئىككى چوڭ نەشرىيات، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى، قازاقىستان بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتلىرى ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن خىلدىكى ۋە كۆپ تىرازدىكى ئەدەبىي كىتابلارنى نەشر قىلىپ شىنجاڭغا كىرگۈزدى».

1933 ـ يىلدىكى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن شىنجاڭدا ھەممە مىللەتنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇمچىدە مەركىزىي ئۇيۇشما، ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىي، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئىلغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز لا باشلانغان مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا شەكىللەنگەن ھەم بىر مەزگىل گۈللەپ

ياشنىغانىدى. «ئۇسۇلى جەدىت» دەپ ئاتالغان يېڭى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى يېڭى مائارىپ ۋە تىل ئىسلاھاتى ئىدى. «جەدىتىزىم XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى، مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، مەرىپەت ئۇچۇن كۇرەشكەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىسىغا ئايرىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈشكە ئىنتىلگەن، ئىسلاھاتچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان يېڭىلاش ھەرىكىتىدۇر»[33] جەدىتىزىم دەسلەپتە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دۇنياسىدا باش كۆتۈرگەن ئويغىنىشنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن. «جەدىتىزىم ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەكىللى ئىسمائىل غاسپىر ئەلى بولۇپ، ئۇ ئىسلاھات ۋە يېڭىلاشنى ئەڭ ئاۋۋال تىلدىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلغان»[34].

«ئۇسۇلى جەدىت» نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇھىم تەشەببۇسچىلىرى ۋە بىۋاسىتە ئىشتىراكچىلىرى ئاتۇش ۋە ئىلىدا ھۇسەيىن مۇساباي، باھاۋۇدۇن مۇساباي، ئابدۇقادىر داموللام، تاش ئاخۇنۇم؛ تۇرپان ئاستانىدا مەقسۇت مۇھىتى؛ كۇچادا ھامىت ھاجى قاتارلىقلار ئىدى. ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار 1872 - يىلى پەننىي دەرسلەر بىلەن دىنىي دەرسلەر قوشۇپ ئوقۇتۇلىدىغان «ئارىلاش مەكتەپ» قۇرغانىدى. 1885 - يىلىغا كەلگەندە ئېكساقتا ھازىرقى زامان پەننىي مائارىپ تارىخىمىزدىكى تۇنجى چولپان «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى» قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى، جۇملىدىن ئاتۇشتا 1894 - يىلى «تاش ئاخۇنۇم مەكتىپى» ، 1910 - يىلى «ئاق مەيدان مەكتىپى» ، ئۇرۇمچىدە 1920 - يىلى «ئەھمەدىيە مەكتىپى» ، ئىلىدا 1889 - يىلى

«ھۆسەيىنىيە مەكتىپى» ، 1905 ـ يىلى «ھۆنەر ـ سەنئەت مەكتىپى» ، 1911 ـ يىلى «بەشرىيە مەكتىپى» ، «سايرامىيە مەكتىپى» ، 1916 ـ يىلى «مەكتەپ نۇر» ، «ئەلاباي قورا مەكتىپى» ، 1924 ـ يىلى «دەرنەك مەكتىپى» ، 1925 ـ يىلى «كەشپىيە مەكتىپى» ، 1928 ـ يىلى «مۇراد مەكتىپى» ، 1932 ـ يىلى «تائالىيە مەكتىپى» ، يەكەندە 1905 ـ يىلى «مەتلىئىبرپان مەكتىپى» ، كۇچادا «نىزام ھامىدىيە مەكتىپى» ، گۇچۇڭدا «گۇلشەن» مەكتىپى، تۇرپاندا مەقسۇت مۇھىتى تەشكىللىكىدە 1914 ـ يىلى «مەكتىپى مەقسۇدىيە» ، چۆچەكتە گۇلەندەم خانىم تەشكىللىكىدە «مەكتىپى گۇلەندەممىيە» ، «مەقسۇدىيە» ، ئاقسۇدا «نىيازىيە» ، «مەكتىپى ئىسمائىلىيە» ، «ۋەتەن يۇنۇسىيە» ، «سۇتۇق بۇغراخان» ، «تۆمۈرغازى» ، «تۇرانىيە» ، «سۇبھى سابا» ، «ئاباسىيە» ··· قاتارلىق مەكتەپلەر قۇرۇلدى. (35) .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەكتەپلەر ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي بىلىملەرنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆتتى. شۇ مەكتەپلەردە خىزمەت قىلغان، مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرگەن، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغان مەھمۇت ھېكىم بەگ، كەرىم ئاخۇن خەلپىتىم، راھىلە موللاچام، مۇھەممەدئېلى تەۋپىق، تۇرسۇن ئەپەندى، سالىھ داموللا ھاجى (نىزامى) ، ئابدۇقادىر سەئىدى، ھاپىز ئاخۇن مەقسۇم، ئابلىز ئاخۇن داموللام، مۇھەممەد ھاجىم، مەۋلىۋى داموللا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تاتارىستان، تۈركىيىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار قاتارىدا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغان مەتبۇئاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىلەرنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئەكسىيەتچى

ھۆكۈمرانلار يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ۋە يېڭى ئىدىيىلەرگە جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار جامائەت پىكرى توپلاش يولى بىلەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويىدى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى. مائارىپ ساھەسى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ۋە نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ، يېزىپ بەرگەن زات ئابدۇقادىر داموللام ئىدى. مانا بۇ دەرسلىكلەر قەشقەردىكى «مەتبەئى نۇر» باسمىخانىسىدا ۋە بەزىلىرى قازاقىستان نەشرىياتىدا بېسىلىپ تارقىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىنغانىدى. شۇ جۈملىدىن قەشقەردە قۇتلۇق شەۋقى مۇھەررىرلىكىدە «ئاڭ گېزىتى» ㊱، ئىلىدا «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى» ㊲، «ھۆرسۆز» ㊳، چۆچەكتە «بىزنىڭ تاۋۇش» ㊴ قاتارلىق گېزىتلەر نەشر قىلىنغانىدى. بۇ گېزىتلەرنىڭ كۆپ قىسمى نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىزچىل داۋاملىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن جانلىق تىل ئاساسىدا نەشر قىلىنىپ ئىلغار پىكىرلەرنى، يېڭىلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ قېتىمقى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى شىنجاڭ دائىرىسىدە نۇرغۇن بالىلارنى يېڭى پەننىي بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىللە ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىل دەرسىنى ئىنتايىن مۇھىم دەرس قاتارىدا ئوقۇتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن جانلىق تىل ئاساسىدىكى يېزىق ـ تىل بىلەن ساۋاتلىق بولغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ قېتىمقى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن

كېيىنكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاساس ۋە تۈرتكە بولدى. مۇشۇنداق مەنىۋى ئاساس بىلەن 1934 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا يېڭى مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ناھايىتى ئىلغار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى روھ بىلەن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. «مەكتەپلەردە تامامەن مىللىي روھ ۋە مىللىي تىل - يېزىق بىلەن دەرس ئۆتۈلەتتى. دەرسلىك كىتابلار ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا تۈزۈلۈپ، ئۆز ئانا تىلىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ دەرس ئۆتۈلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە روھىي ھالىتىمۇ ئالاھىدە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. دەرسلىك ماتېرىياللىرىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولۇپ ئۆزىمىزدە يوقلىرى (مەسىلەن، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە قاتارلىقلار) سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىنىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن زامانىۋى مەتبەئەدە باستۇرۇلۇپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ تارقىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىپبە، ئوقۇش كىتابلىرىدىن تارتىپ قالغان ھەممە دەرسلىكلەر، ھەتتا دىن دەرسلىكلىرىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ يېتەرلىك دەرىجىدە تارقىتىلاتتى»㊵.

«شۇ چاغلاردا ئۇيۇشمىلار ئىجتىمائىي مائارىپقىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىپ ئۆلكە بويىچە ‹ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى› ۋە ‹قىشلىق ئوقۇتۇش ھەرىكىتى› ئېلىپ بارغان. ھۆكۈمەتمۇ بىر مەزگىل بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن، شۇ چاغدا ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ساۋات چىقىرىش مەكتىپى 206 بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 15 مىڭ 592 بولغان بولسا، ئۇيۇشما قارمىقىدا 740 مەكتەپ بولۇپ، 138 مىڭ 444 نەپەر كىشى ساۋاتلىق بولغان»㊶.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى قارمىقىدا «سانائى نافىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلۇپ،

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە پۈتۈن شىنجاڭدا تىياتىرچىلىق ھەرىكىتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان چوڭ ئوپېرا، دراما ۋە كومېدىيىلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى. مۇشۇ جەرياندا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى يېزىش، يادلاش، ئورۇنداش ئىشلىرىدا خەلق جانلىق تىلىدا تەييارلاش ۋە ئورۇنداش زۆرۈرىيىتى بۇ جەھەتتىكى قەدەمنى تېخىمۇ پۇختىلىدى.

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى شەكىللەندى. مۇشۇ ئىجتىمائىي ئاساس ئاساسىدا «1935 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ‹يېڭى شىنجاڭ› گېزىتى، ‹خانتەڭرى›، ‹مەدەنىيەت› ناملىق ئايلىق ژۇرناللار نەشر قىلىندى، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەتبۇئاتلىرى بولۇپ، قەشقەردە ‹يېڭى ھايات›، تارباغاتايدا ‹بىزنىڭ تاۋۇش›، ئاقسۇدا ‹ئاقسۇ ئۇچۇرى›، قاراشەھەردە ‹يۇلتۇز›، كورلىدا ‹باغراش›، لوپنوردا ‹تەكلىماكان› قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار چىقىرىلدى»㊷.

دېمەك، 30 ـ يىللاردىن كېيىنكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كۆندىلىك خىزمەتلىرىدە، بولۇپمۇ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گەۋدىلىك رولى تونۇپ يېتىلدى. مەتبۇئات، نەشر بۇيۇملىرى، دەرسلىكلەر ۋە خەلقنىڭ يىغىىسىنى يىغلايدىغان زىيالىيلارنىڭ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنى، خەلق ئاممىسىنى، بالىلارنى ئوبيېكت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىلى ئەدەبىي تىلنى خەلق جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇشتىن

ئىبارەت ئەقەللىي ھەم ئەڭ مۇھىم بولغان قەدەمنى باستى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا باشلانغان مۇنازىرە ۋە مۇلاھىزىلەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا تىل ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى 30 - يىللاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى ۋە بىرلىككە كەلگەن جانلىق تىل ئاساسىدىكى يازما ئەدەبىي تىل بىلەن مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تىلىمۇ تەبىئىي ھالدا جانلىق تىل ئاساسىدا بولدى. گەرچە ئاز ساندىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار (بەزىلەر، ھەتتا ھازىرمۇ) ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەرەب - پارسچە سۆزلەرنى، كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى جۈملە نۇسخىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئاڭلىق ھالدا ئانا تىلدا ئىجاد قىلىشقا يۈزلەندى.

## ئىزاھلار:

①③ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، (2 - قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىل.

② ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل.

④ ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل.

⑤ ئابدۇرەئۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا» («چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل.

⑥ ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» (ماي باسما)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى باستۇرغان، 1991 - يىل، 14 - بەت.

⑦ نەسرۇللا: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، 3 ـ بەت.
⑧نەسرۇللا، ئەنسەرىدىن مۇسا، تۇردى ئەخمەت: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، 16 ـ بەت.
⑨ تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى»، (1 ـ قىسىم)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، كىرىش سۆز.
⑩ يانۇش ئېكمان: «چاغاتاي مانيۇئال» (چاغاتاي تىلى قوللانمىسى)، 10 ـ بەت.
⑪ ئا. ئابدۇراخمانوف، ش. شۇكۇروف: «ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخي گرامماتىكىسى».
⑫⑬ خامادا ماسومى: «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل، 3 ـ سان.
⑭ باسكاكوف بۇ پىكرىنى 1966 ـ يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان. (ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، 208 ـ بەت).
⑮ مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل، 1 ـ سان.
⑯ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «چاغاتاي تىلى گرامماتىكىسى»، (لېكسىيە) كىرىش سۆز.
⑮⑯ ئىزاھاتقا ئوخشاش.
⑱ خامادا ماسومى: «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرىغا مۇقەددىمە»، شىنجاڭ پېداگوگىكا

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1988 ـ يىل 3 ـ سان.

⑲ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «چاغاتاي تىلى گرامماتىكىسى» ، (لېكسىيە) كىرىش سۆز.

⑳ مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل، 1 ـ سان.

㉑ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ، (3 ـ قىسىم) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، 294 ـ بەت.

㉒ ئەينى دەۋردە ئوخشاش ئەسەرنى ئوخشىمىغان تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى ھاجى يۈسۈپ ئىبنى موللا ھوشۇر خەلپەم 1750 ـ يىلى قەشقەردە تەرجىمە قىلغان. موللانىياز يەركەندىمۇ تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمى نامەلۇم بىر تەرجىمان 1845 ـ يىلى خوتەندە تەرجىمە قىلغان. مۇھەممەد سادىق قەشقىرىمۇ تەرجىمە قىلغان. بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

㉓ ئا. ت. ھەيدەروف: «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش جەريانى» ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان.

㉕ س. شاكىرجانوۋ: «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە» ( «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى، 1926 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 28 ـ كۈنى، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) .

ل. ئەنزەرى: «ئۇيغۇر تىلى، ئىملا قائىدىسى ۋە ھەرپ» ، ( «كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1923 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) .

ئا. ت. ھەيدەروفنىڭ «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش جەريانى» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان) دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉖ ئابلىز ئۇرخۇن: «تۇنجى ئۇيغۇر ماركسىزمچى ۋە بولشېۋىك ئابدۇللا روزىباقىيوف»، «شىنجاڭ سىياسىي كېڭەشى گېزىتى»، 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

㉗㉘ ئا. مۇھەممەد: «مۇھىم بىر مەسىلە»، («كەمبەغەللەر ئاۋازى»، 1927 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 28 ـ كۈنى، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى [ئا. ت. ھەيدەروۋ كەلتۈرگەن نەقىل])

㉙ س. ئې. مالوف: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى»، (كەمبەغەللەر ئاۋازى، 1930 ـ يىلى4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)، (ئا. ت. ھەيدەروف كەلتۈرگەن نەقىل).

㉚ ئەخمەت زىيائى: «ئەخمەت زىيائى ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، 129 ـ بەت.

㉛ «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 458 ـ بەت.

㉜ «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 270 ـ بەت.

㉝ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 10 ـ توم، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى، 93 ـ بەت.

㉞ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

㉟ «ئاڭ گېزىتى»، 1910 ـ يىل قۇتلۇق شەۋقى تەرىپىدىن قەشقەردە چىقىرىلغان بولۇپ، بىر مەزگىل نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن نەشردىن توختاپ قالغان.

㊱ «ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى»، 1910 ـ يىلى ئابدۇلقېيۇم

ھېزى دېگەن كىشى تەرىپىدىن تاش مەتبەئەدە چىقىرىلغان، 1911 ـ يىلى توختاپ قالغانغا قەدەر 74 سان نەشر قىلىنغان.

⑬ «ھۆر سۆز» ، 1919 ـ يىلى ھۆسىيىنبەگ بىلەن فازىل يۇنۇس تەرىپىدىن ئىلىدا چىقىرىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن 1921 ـ يىلى نەشردىن توختىتىلغان.

㊳ «بىزنىڭ تاۋۇش» ، 1925 ـ يىلى نىياز ئىسھاق قاتارلىق زىيالىيلار تەرىپىدىن چۆچەكتە تاش مەتبەئەدە چىقىرىلغان.

㊴㉔ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن يەتتە سۇ رايونى بىلەن پەرغانە ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يەتتە سۇ رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلجا دىئالېكتى، پەرغانە ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەشقەر دىئالېكتى ئاساس قىلىناتتى.

㊵㊶㊷ جۇنەيد بەكرى: «سابىق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 5 ـ سان، 187 ـ بەت، 179 ـ بەت.

# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك ئالاھىدى- لىكلەر ھەققىدە

قەلبىنۇر مۇھەممەت[1]



جۇڭگو قەدىمكى زامان ئېستېتىك ئىدىيىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان، ئەڭ ساددا ھالدىكى ئېستېتىك ئاڭلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، غۇۋالىقتىن ئېنىقلىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، «ئىلاھ بىلەن ئادەم بىرلىكى» دىن ئىبارەت ئالەم قارىشى جۇڭگو قەدىمكى زامان پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي روھى بولۇپلا قالماستىن يەنە جۇڭگو قەدىمكى زامان ئېستېتىك قارىشىنىڭ

---

① قەلبىنۇر مۇھەممەت: لېكتور، دوكتور ئاسپىرانت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىدىن.

شەكىللىنىشىدىكى ئىدىيىۋى ئاساس بولغانىدى. ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندىمۇ ئېستېتىك ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنسانلار ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىلەن ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «ياۋايى كىشىلەر ئارىسىدا ئېستېتىك سەزگۇ ھەر خىل مۇرەككەپ ئىدىيىلەر بىلەن باغلىنىپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەزىدە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق تۇرلۇك ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللىنىپمۇ قالىدۇ.»① شۇڭىمۇ نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك سەزگۈسى ھايۋانلارنىڭ ھېسسىي جەھەتتىكى خۇشاللىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشماقتا. ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ياسىلىشى ئىنسانلارنى ھەقىقىي تۇردە بىر ئىجتىمائىيەتكە باشلاپ كىرگەن بولسا، ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قوراللىرى بارا - بارا يەنە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئەلۋەتتە بۇ ئەمگەك قوراللىرىنىڭ مەنىۋى ئامىللىرى ئىنتايىن سۇس بولسىمۇ لېكىن ئەنە شۇنداق ئىپتىدائىي ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ئارقىلىق پەيدا بولغان خۇشاللىق ھېسسىياتى ئىجتىمائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت خۇشاللىقى ھەم ئۆز كۈچ - قۇدرىتىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىسى ئىدى. «ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى خۇشاللىقى ئارقىلىق ئېرىشكەن گۈزەللىك ھېسسىياتى، گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئاخىرىدا ئېستېتىك ھېسسىياتقا ئايلىنىشى دەل ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ئەمگىكى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەنىدى»②.

بىزگە مەلۇمكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتكۈل تەبىئەت ۋە تەبىئەت

ھادىسىلىرى سىرلىق بىر ئوبيېكت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئوبيېكتى بولالمايتتى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىنى ئادەتتىكى تاشقى سېھرىي، سىرلىق ئىلاھلار كونترول قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە قورقۇش، يېلىنىش سىرلىقلىق ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك ھالدا ئەكس ئېتەتتى. «ھەممىدە روھ بار» قارىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى خۇددى ئادەمدەك ھېس قىلىپ، ئۇلارغا ھاياتىي ئاڭ ۋە ئادەمدىن ھالقىغان كۈچ ئاتا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش، ئەجدادقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇھىم ھالقا شەكىللەندى.

تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولۇشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئېستېتىك مۇناسىۋەت بولۇشى زۆرۈر. ئەمما ئىپتىدائىي دىن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاشۇ بىۋاسىتە ماددىي مەنپەئەتدارلىق ھالىتى بىر خىل قورقۇش ھېسسىياتى ئارقىلىق ئەكس ئەتكەچكە ئېستېتىك ئاڭ تېخىمۇ تولۇق شەكىللىنىپ كېتەلمىگەنىدى، چۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولغان جىمىكى نەرسىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇتۇبى ناھىيىسىدىن تېپىلغان سۈمباتلىق ئاياللارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش رەسىملىرى پۈتۈنلەي ئاشۇ زامان كىشىلىرىنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتى بولغان بولۇشى ناتايىن، قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ يۈزلىرىگە ھەر خىل رەڭدە گىرىم قىلىپ ئاندىن دەپنە قىلىنىشىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلار ياراتقان ئەپسانە، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن تۈرلۈك ئىلاھلار ئۇلارنىڭ مول خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىپتىدائىي سەنئەت بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ توغرىدا فروئىتمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پەقەت سەنئەتلا دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ ئوبرازلىق تەرجىمىسى ئىدى.» ③ ماركس ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا مۇنداق ئېيتقان: «ياۋايىلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك بولغان ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانلىقىدا ئەكس ئەتتى. دىنىي ساھەدە تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇش، ئادەملەشكەن ئىلاھلار، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئىلاھ توغرىسىدىكى غۇۋا چۈشەنچىلەر شەكىللەندى. تەسەۋۋۇر بۇ ئىنسانلار تەرەققىياتىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئالغا سۈردى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تېخى يېزىق بىلەن خاتىرىلەنمىگەن ئەپسانىلەر بارلىققا كەلدى. ھەممە ئىنسانىيەتكە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى» ④ ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «ھەممىدە روھ بار» قارىشى ۋە ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ يېتەكلىشىدە ئاڭسىز ھالدا تەبىئەتنى ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش، ئوبرازلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىكى كۆك بۆرە، ئادەم تۇغالايدىغان دەرەخ، يارالمىش ئەپسانىلەردىكى ئەسما پەرى ···، خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرىدىكى «نۈيۋانىڭ ئاسماننى ياماشى»، «جىڭۋېينىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى»، «يى نىڭ كۈننى ئېتىپ چۈشۈرۈشى» ··· ھەممىسى فانتازىيە ئارقىلىق ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان، مەقسەتلىرىنى، تەبىئەت

ھادىسىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ھەمدە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا تەبىئەت ئاجايىپ سىرلىق، سېھرىي كۈچ بولۇپ تۇيۇلغان. تەبىئەت ۋە تەبىئىي ھادىسىلەرگە بېغىشلانغان ئىنسانلاردىكى بۇ خىل كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ۋە مەنپەئەتدارلىق ھېسسىياتىنىڭ بارغانچە ئابستراكتلىشىشى بۈگۈنكى كۈندىكى تەبىئەتكە زوقلىنىشتەك ئېستېتىك ئاڭنى، ئېستېتىك ئۇسۇلنى بەرپا قىلدى.

توتېمغا چوقۇنۇش ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىدىكى ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر خىل ھادىسە بولۇپ، ھەربىر مىللەت ئۆزلىرىگە خاس بولغان قەدىمىي توتېم مەدەنىيىتىگە ئىگە. شۇنداقلا ھەربىر مىللەتنىڭ توتېمغا چوقۇنۇشى، شۇ مىللەت ئېستېتىك ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. توتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي قەبىلىلەرنىڭ روھىي ئېتىقادىدىكى ئوبيېكت بولۇپ، مەزكۇر قەبىلە خەلقلىرى قەلبىدىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ گۈزەل ئوبراز بولۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتۈن قەبىلە ئەزالىرىنى قوغداشتىكى مۇھىم بىر بەلگە بولغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي توتېم ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەنپەئەتدارلىق رولىنى ۋە دىنىي سىرلىق تۈسىنى يوقىتىشقا باشلىغان. ئەمما توتېمغا چوقۇنۇش بىر خىل ئاڭ فورماتسىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل ئالاھىدە ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. پەقەت «دىندا ئېستېتىك ئىنكاس رېئاللىقنى بۇرمىلاش ۋاستىسى بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بىز كۈسەن بۇددىزم سەنئىتىدىكى ھەم دىنىي ھەم بەدىئىي مەزمۇنلارنى كۆزدىن كۆچۈرسەك، بۇ دىن ۋە سەنئەت نۇقتىسىدىن ئوخشىمىغان خاراكتېر ۋە ئۈنۈمدارلىققا ئىگە. بۇددا مۇخلىسلىرى ئۇنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلسا، سەنئەت

تەتقىقاتچىلىرى ئۇنى بەدىئىي ئەسەر دەپ قارايدۇ. توتېم سەنئىتىدىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق.»⑤ بولۇپ زوقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئوبيېكتلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چوقۇنۇش، سېغىنىش ئىلاھلىرى، مەبۇدلىرى ئىدى. كېيىن بارا ـ بارا مۇئەييەن مىللەت روھىيىتىدە، ئېستېتىك ئېڭىدا ۋە شۇنداقلا سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا شۇ مىللەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ھەمدە ئېستېتىك ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالدى.

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەت توتېم قىلغان ئوبيېكتلار ئوبرازىدا شۇ مىللەت ئىپتىدائىي كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىكى «غايەت زور»، «سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق كۈچ»، «ئىلاھى كۈچنىڭ سىمۋولى» بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي ھېس تۇيغۇلىرى تولۇق ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمى بولغان كۆك بۆرە توغرىسىدىكى نۇرغۇن مەلۇماتلاردا يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەر تولۇق ئەكس ئېتىپ، ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تەسۋىرلەنگەن ئاشىنا ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە، جاڭ چيەن تەزكىرىسى» دە تەسۋىرلەنگەن كۇنبېيى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 9 ـ توم 13 ـ جىلدىدا تەسۋىرلەنگەن 10 ياشلىق بالا ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە كۆك بۆرە ئاجايىپ سىرلىق، غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھەمدە ئىنسانلارنى غەلىبىگە باشلايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا كۆك بۆرە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك

يايلىلىق، چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا مۇنداق دېدى: «ھەي ئوغۇز، سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن» ... شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى. قارىسا ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق، چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بۇ چوڭ ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى ... ئېتىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى ... ئوغۇز خاقان يەڭدى.⑥

مانا بۇ تەسۋىرلەردە ئۇيغۇرلار توتېم قىلغان كۆك بۆرىنىڭ، كۆك ئىلاھىنىڭ نۇرلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەم قىلغان، كۆكتىن چۈشكەن ھەيۋەتلىك بىر ئىلاھىي ئوبراز گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئالدىن بىلەرلىك كۈچ - قۇدرىتى نامايان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى يۈكسەكلىك قارىشىنىڭ ئەڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھالدىكى ئەكس ئېتىشى بولغان «غايەت زور بولۇش» مەزمۇنى ئىپادىلەنگەن. كۆك بۆرە جىسمىدا مەڭگۈ يەڭگىلى بولمايدىغان غايەت زور كۈچ ئەكس ئەتكەچكە، پۈتكۈل خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، غەلىبە ئىپتىخارلىقىغا مۇيەسسەر قىلالىغان. شۇڭىمۇ كۆك بۆرىدىن ئىبارەت بۇ توتېم ئوبيېكتى ئۇيغۇرلارنىڭ يالغۇز چوقۇنۇش ئىلاھى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئېستېتىك ھېسلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئىنساننىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى، خۇددى باشقا مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئىككى جەھەتتە يەنى، دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئېلىپ بېرىلىدى. بۇ ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ رېئاللىق ئوبيېكتىنى

«ئىگىلىشى» ھېسابلىنىدۇ. بىز يېڭى تاش قورال ۋە تۇچ (برونزا) دەۋرىگە ئائىت قىياتاش سۇرەتلىرىدىكى قول ـ ئالقان بەلگىلىرىنى ئىنساننىڭ ئىگىلىك، ئىپتىخارلىق، غوجۇلۇق ۋە غەلىبە بەلگىلىرى بولۇش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلىمىز.»⑦ دەپ كۆرسەتكىنىدەك كۆك بۆرە ئوبرازى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيىتى جەريانىدىكى غەلىبە قىلىش روھىنى ئىپادىلىگەن.

يۇكسەكلىك ئالامەتلىرىگە ئىگە بولغان شەيئىلەر خاراكتېرىگە نەزەر سالساق، «ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە غايەت زور مۇشكۇللۇك، كۇرەش، تەلەپ ئالامەتلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇقەررەرلىك بىلەن ئەركىنلىك، قانۇنىيەتلىك بىلەن مەنپەئەتدارلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەت بەدەللىرى نامايان قىلىنغان بولىدۇ، ھەم شۇنداقلا غەلىبە ئىپتىخارلىقى، جاسارەت ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇنداق جەڭگىۋار شەكىللىك زوق ئېستېتىك زوقنىڭ ئالاھىدە بىر خىلى بولۇپ، ئىنساندا ئۆزىگە خاس لەززەت پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە يۇكسەكلىك زوق تۇيغۇسى قورقۇش، ئەجەپلىنىش، ھۆرمەتلەش، چوقۇنۇش، روھلىنىش، پەخىرلىنىش قاتارلىق روھىي ھالەتلەر ئارقىلىق ئېرىشىلگەن. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئوبيېكتى ئالدىدا تولىمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىن باشلىنىپ، مۇشكۇللۇك ئۈستىدىكى غەلىبە ئىپتىخارى بىلەن ئاخىرلىشىپ، كىشى روھىنى شىنجائەتلەندۇرۇپ، يېڭى كۇرەشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.»⑧ يات ئەللەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ھالاك بولغان ئەلنىڭ پۇت ـ قولى كېسىۋېتىلگەن بىر پەرزەنتى ئۈچۈن كۆك بۆرە تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدۇ. كۆك بۆرە ئالدىدا بۇ بالا تولىمۇ ئامالسىز، تولىمۇ ئاجىز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كۆك بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ئاسرىغۇچى ھەم

قوغدىغۇچى ئىلاھ بۇ بالىنى ھاياتلىققا ئىگە قىلىشتىن باشلاپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش ئالدىدىكى ئەلنى قايتىدىن گۈللىنىشكە ئىگە قىلىدۇ. مانا بۇ ئوبيېكت ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئېستېتىك تۇيغۇسىنىڭ جانلىق ئەكس ئېتىشىدۇر.

يۈكسەكلىكنىڭ تۈپكى خاراكتېرى بولغان غايەت زور بولۇش، قورقۇنچلۇق بولۇش، ئاخىرىدا غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمدۈرگەن بولۇشتەك مەزمۇنلار يالغۇز تۈتېم روھىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدە گەۋدىلەنگەن ئىلاھىي ئوبرازلاردىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان «ئەسما پەرى ھەققىدە»، «ئايال تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشى»، «يەر شارىنى تېرەپ تۇرغۇچى ئۆكۈز» قاتارلىق ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگەن ئايال تەڭرى يۈكسەكلىكنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك زوقلىنىشتىكى نادىر ئوبرازلاردىن بولۇپ قالغان.

«ئايال تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشى» ناملىق ئەپسانىدا مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ:

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا پۈتكۈل ئالەمدە قۇياش، ئاي، يەر شارى، يۇلتۇزلار ۋە ئادىمىزاتتىن تارتىپ ھايۋانات، ئۇچار قۇش، قۇرۇت - قوڭغۇزلار تېخى بىنا بولمىغانىكەن، توپا - توزانغا تولغان قاراڭغۇ ئالەمدە پەقەت بىرلا ئايال تەڭرى ياشايدىكەن. ئۇ ئادىمىزاتتىن كۆپ زور ئىكەن. ئويغىنىپ پۇت - قولىنى سوزغىنىدەك بولسا پۈتكۈل ئالەمنى بىر ئالىدىكەن. قوللىرىنىلا سۇنۇپ قويسا، پۈتكۈل كائىناتنى تولۇق ياپالايدىكەن. كۆزىنى ئاچقۇدەك بولسا، پۈتكۈل ئالەم يورۇپ كېتىدىكەن. كۆزىنى يۇمسا، ئالەم قاراڭغۇلۇقتا قالىدىكەن. خورەك تارتقىدەك بولسا، پۈتكۈل ئالەم تىترەيدىكەن. كېيىن ئۇ زېرىكىش ھېس قىلىپ، بار كۈچى بىلەن ئالەمدىكى بارلىق

تۇپا ـ تۇمانلارنى بىر سۈمۈرۈپ ئېلىپ ئاندىن يەنە بار كۈچى بىلەن پۈركىگەنىكەن، يوغان ھەم دۆگىلەك بىر نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ ئالەمنىڭ شەرقىگە بېرىپتۇ. بۇ، قۇياش ئىكەن. يەنە بىر پۈركۈپتىكەن ئاي، يەر شارى بەرپا بوپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە توختىماستىن پۈركۈۋېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇلتۇزلار بەرپا بوپتۇ. قۇياش، يەر شارى، ئاي، يۇلتۇزلار گەپ قىلالمىغانلىقـتىن ئايال تەڭرى ئۆزىنىڭ شەكلىدە ئادەم ياراتماقچى بولۇپ يەنە كۈچەپ پۈركۈپتۇ. نۇرغۇنلىغان كىچىك لاي پارچىلىرى چاچراپ چىقىپ يەر شارىغا چۈشۈپتۇ ھەم ئۇلار نۇرغۇنلىغان كىچىك ئادەملەرگە ئايلىنىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ جېنى يوق ئىكەن. ئايال تەڭرى يەنە پۈركۈپتىكەن نۇرغۇنلىغان كىچىك قۇرۇتلار يەر شارىغا چۈشۈپ ھېلىقى ئادەملەرنى ئىتتىرىپتۇ. ھېلىقى ئادەملەرنى ئىتتىرىپ يۈگۈرتۈۋەتسىمۇ يەنىلا جېنى بولماپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە پۈۋلىگەنىكەن ئۇلار گەپ قىلالايدىغان، كۈلەلەيدىغان، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بوپتۇ. ئەمما ئايال تەڭرى بەك چوڭ، ھەيۋەت، ئادەملەر ئەكسىچە بەك كىچىك بولغاچقا ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنى سوزۇپ تارتىپ خېلى چوڭ قىلىپتۇ. ھەمدە ئۇلارنى ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپتۇ. بۇ ئادەملەر تۇرمۇشلىرىنى ئۆزلىرى باشلاپ، كۆپىيىپ روناق تېپىپتۇ. دۇنيادىكى ئەنە شۇ ئادەملەر ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەن. ⑨

يۇقىرىقى ئەپسانىدىن باشقا «ئەسما پەرى ھەققىدە» ناملىق ئەپسانىدە مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ:

ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھسى ھەممە پەرىشتىلەردىن چىرايلىق بولۇپ يەتتىنچى ئاسماندا تۇرارمىش. تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان، يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا،

قۇياش چىقىپ پۈتۈن كائىناتنى يورۇتىدىكەن. ئۇ ئۇخلىسا، جاھاننى زۇلمەت باسىدىكەن. يىغلىسا، يامغۇر ياغىدىكەن. كۈلسە، قار ياغىدىكەن. ئاغزىنى ئاچسا، بوران چىقىدىكەن. نەپەس ئالسا، شامال چىقىدىكەن. قاپىقىنى تۈرسە، ھاۋا بۇزۇلىدىكەن. غەزەپلەنسە، يەر تەۋرەيدىكەن. قېشىنى ئاتسا، ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسما پەرى دەپ ئاتايدىكەن. [10]

يۇقىرىقى ئەپسانىلەردە ئورتاق ھالدا تەڭرى ئىنتايىن زور، ھەيۋەت تەسۋىرلەنگەندىن سىرت ئادەتتىن تاشقىرى ھەممىگە قادىر دەپ سۈرەتلەنگەن. ھەمدە ئىنسان خاراكتېرىدىكى خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ياكى بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ باغلىنىپ، بۇ ئوبرازلار ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي بىر ئىلاھى بولۇش شەرتىنى تولۇق ھازىرلىغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار پسىخىكىسىدىن قارىغاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى زور مەسىلىلەرگە يەنى دۇنيانىڭ يارىلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئىنتايىن قىزىققان. بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى دەل ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ھەر خىل يارالمىش ئەپسانىلىرى بولۇپ، بۇ ئەپسانىلەردە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي پەلسەپىۋى پىكرى ۋە ئالەم قارىشىلا ئەمەس، بەلكى يەنە گۈزەللىك ھېسسىياتلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن.

گۈزەل ئارزۇ ئىستەك يالغۇز ئىپتىدائىي ئىنسانلارغىلا خاس بولغان نەرسە بولماستىن ھازىرقى زامان كىشىلىرى قەلبىدىمۇ ئۆزلىرى قىلالمىغان، قىلالمايدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ خىيال ئاتا قىلغان سىرلىق دۇنيا ھەر دائىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئىنسان خاراكتېرىدىكى تۈپكى

بىر تەرەپ بولغاچقا، ئالاھىدە زور، مۇقەددەس، بەھەيۋەت قىلىپ تەسۋىرلەش، ئىنساننى خىيالىي گۈزەل دۇنياغا باشلىيالايدىغان ئوبرازلارنى يارىتىش تاكى بۈگۈنكىچە توختاپ قالغىنى يوق. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى ئىدېئولوگىيىدىكى يۈكسەكلىكنى دەل بىز داۋاتقان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئەڭ دەسلەپتە ئەكس ئەتكەن يۈكسەكلىك روياپقا چىقارغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە دىن ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر، سەنئەت، تىبابەت، ئىلىم - پەن، ئەخلاقىي - پەزىلەت، تارىخ قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ھەممىسى ئايرىلىشىپ بىر گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى⑪. يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۈكسەكلىكنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئەكس ئېتىشىدە، يەنىلا ئاشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتنى ۋە ئۆزلىرىنى چۈشىنىشتىكى ساددا ئالەم قارىشى، ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مانا شۇ قاراشلىرىنىڭ تۈركىسى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئىپتىدائىي دىن، ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئىنساننىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئاساسىي شەكلى سۈپىتىدە رېئاللىقتا چىقتى. كۆپ ھاللاردا مەنتىقىي تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر باشقىچە ئېيتقاندا، رېئاللىقنى نەزەرىيىۋى ۋە ئېستېتىك جەھەتتە ئاڭ ئارقىلىق ئىگىلەش دىنىي شەكىلدىكى «ئىگىلەش» نىڭ مەلۇم تەسىرىگە ئۇچرىدى. دىنىي شەكىلدىكى ئىگىلەشتە بىرقاتار مەنتىقىي ۋە ئوبرازلىق ئامىللار دۆم كۆمتۈرۈلگەن ۋە ئىللوزىيىلىك (خام خىيال ھالەتتە) تۈس ئېلىشتى. ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىر خىل سۇبيېكتىپ كۈچ دەپ بىلىش تەبىئەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى غەيرىي تەبىئىي نەرسە دەپ بىلىش، ئىنساننىڭ

ماھىيىتىنى غەيرىي ئىنسانىي نەرسە قىلىش ئارقىلىق دۇنيانى ماددىي دۇنيا ۋە ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئىلاھىيەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئاجرىتىپ ئىزاھلاش — دىنىي شەكىلدىكى ئىگىلەشنىڭ ئېستېتىك ئىللوزىيىسىنىڭ قوشما تەسەۋۋۇرىغا ئاساسلانغانىدى. لېنىن (پەلسەپىدىن خاتىرە) ناملىق كىتابىدا: «‹دىن - شېئىر›، شۇنداق دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئېتىقاد = ئىللوزىيىدىن ئىبارەت دېگەنىدى.»⑫

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز ئەپسانىلەر دەۋرىدىن ئاستا - ئاستا قەھرىمانلىق دەۋرىگە، رىۋايەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئالەم قارىشىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا، ئېستېتىك ئېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك ئامىللار ماس ھالدا بىرقەدەر مۇكەممەللەشتى. مەزمۇن گۈزەللىكىدىن تارتىپ شەكىل گۈزەللىكىگىچە ھەر تەرەپتىن بېيىدى. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوق ئېلىشىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. رىۋايەتلەرنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى يۈكسەكلىك بىلەن نەپىسلىكنىڭ ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن زىچ بىرلەشكەنلىكىدە ئالاھىدە ئىپادىلەندى.

نەپىسلىك بولسا، «بىرىنچىدىن كىشىدە ئوبيېكتىپ گۈزەللىك بىلەن سۇبيېكتىپ زوقلىنىشتا بىردەكلىك، گارمونىيىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ خۇددى ئىنسانلاردىكى ئېستېتىك مەقسەتدارلىق نەپىس شەيئى ۋە ھادىسىلەردىمۇ ئەزەلدىن مەۋجۇتتەك بىر خىل روھىي تەسىرات بولۇپ، ئۇ نەپىسلىكنى ئېستېتىك ئوبيېكتقا توغرىدىن توغرا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن نەپىسلىك ئىنسانىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بېرى ئادەتلەنگەن، خالىغان، سۆيۈنگەن ئېستېتىك زوق تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش بىرقەدەر تىنچ، گارمونىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بېغىشلايدىغان

خۇشاللىق ۋە زوقىمۇ بىرقەدەر تىنچ گارمونىيىلىك بولىدۇ.»[13] دەپ يازغانىدى.

پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ يەكۈننى ئاساس قىلىپ تەھلىل قىلغاندا، رىۋايەتلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلاردا بىر تەرەپتىن غايەت زور كۈچ - قۇدرەتكە تولۇشتەك يۈكسەكلىك ئەكس ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم ئاجايىپ سۆيۈنىدىغان، كىشىنى خاتىرجەملىك، تىنچ گۈزەل دۇنياغا باشلايدىغان نەپىسلىك تولۇق نامايان بولغان. بۇ پېرسوناژلار ۋۇجۇدىدا چاقنىغان گۈزەللىك كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن تۆۋەندىكى پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئوغۇزخاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقىنىدا (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرغان، ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدى. ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى. ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى... ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. ئۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر - جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، «ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدىكەن» دەرلەر ئىدى.
سۈت قىمىزغا ئايلاندى دەرلەر ئىدى...[14]

«ئوغۇزنامە» دە گەرچە بۇ ئىككى قىزنىڭ ئىلاھىي

خۇسۇسىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى
قىزنىڭ تەسۋىرىدىن ئىلاھلىق ئالامەتلىرى تولۇق ئىپادىلىنىپ
تۇرىدۇ. بىرسى كۆك ئىلاھى، يەنە بىرسى بولسا سۇ
ئىلاھىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئۇلار ئاجايىپ يۈكسەكلىكنى ئۆز
ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرگەن. بېرىلگەن گۈزەللىك تەسۋىرلىرىدىن
بولسا ئۇلاردىكى نەپىسلىك دەل جايىنى تاپقان. بۇلاردىكى
مۇبالىغە، ئوخشىتىشلار ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمىغان.
ئەكسىچە بۇ ئوبرازلار خاراكتېرگە تولىمۇ ماس كېلىپ،
ئەسلىدە بار بولغان كىشىگە يات تۇيۇلمايدىغان خاراكتېر دەل
يارىتىلىپ نەپىسلىك ۋايىغا يەتكەن. «بۆكۆخان» رىۋايىتىدىمۇ
بۆكۆخانغا ئىلاھىي يوسۇندا يولۇققان قىزنىڭ تاغ ئىلاھىي
ئىكەنلىكى، بۇ قىزنىڭ ھەم ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى ھەم
گۈزەللىكى بۆكۆخاننى غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلىغانلىقىدىن
ئىبارەت تەسىرلىك ۋەقە سۆزلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى ئوبرازلار يالغۇز ئۇيغۇر خەلق رىۋايەت،
داستانلىرىدىلا ئەكس ئېتىپ قالماستىن، قىرغىزلارنىڭ
«ماناس» داستانى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» داستانلىرىدىمۇ
ئىنتايىن يارقىن يارىتىلغان.

بۇ خىلدىكى ئوبرازلار بىر تەرەپتىن ئىلاھىي كۈچ -
قۇدرەتكە، ئالدىن بىلىش ئىقتىدارىغا، قەھرىمان ھايات - مامات
ھالىتىگە دۈچ كەلگەندە، ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشتا ئالاھىدە خاراكتېرلەنسە، يەنە بىر
تەرەپتىن ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەللىكتە، كىشىنى مەھلىيا
قىلىدىغان نازۇ - خۇلقتا ھەم ئالاھىدىدۇر. بۇنىڭدىن ئاشۇ دەۋر
كىشىلىرىمىز ئىدىيىسىدىكى ساپلا مەنپەئەتدارلىق
ھېسسىياتىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ خۇشاللىق، زوق
ئېلىش ھېسسىياتىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى، مەنىۋى زوقنىڭ
خېلىلا ئاشكارا ھالغا كۆچكەنلىكىنى، ئىنسان خاراكتېرىدە

يۈكسەكلىكلا بولماستىن، يەنە نەپىسلىكنىڭ تەڭ ھالەتتە ساقلىنىدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

«نەپىسلىك ئەڭ ئالدى بىلەن گۈزەللىك قانۇنىيىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ نەپىسلىكىدە، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت گۈزەللىكىنىڭ نەپىس ئالامەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن. سەنئەتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا نەپىسلىك كەڭ ئىپادىلەنگەن. روھىيەت جەھەتتىكى نەپىسلىك ئادەم خاراكتېرى ۋە ئىش ھەرىكىتى، تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىي پىكىر نەپىسلىكى، زوقلىنىش نەپىسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلەنگەن»⑮ بۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا، «ئوغۇزنامە»، «بۆكۇخان»، «گۆر ئوغلى» ... غا ئوخشاش رىۋايەت، داستانلاردا يارىتىلغان ئەر قەھرىمانلار خاراكتېرىدىمۇ يۈكسەكلىك بىلەن نەپىسلىك بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، تەسەۋۋۇرى، ئىجادىي ئوي - پىكىرلىرىدىكى قانۇنىيەتلىكلەر كىشىگە ئوخشاشلا نەپىسلىك بېغىشلايدۇ. پلېخانوفنىڭ «ئېستېتىك قىزىقىشنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئالغا باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەيلى قانداقلا يەردە بولسۇن ئېستېتىك قىزىقىش ھالىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئەڭ توغرا مۆلچەرلەپ بەرگۈچى بەلگە بولىدۇ.»⑯ دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىپ تېخىمۇ ۋايىغا يەتتى. ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانىلەردە پەقەت يۈكسەكلىك ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ كۆزگە چېلىققان بولسا، رىۋايەت، داستانلار دەۋرىگە كەلگەندە، «يۈكسەكلىك ۋە نەپىسلىك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ گۈزەللىكنىڭ ئاجايىپ بەھەيۋەت ۋە كۆركەم، نازۇك شەكىللىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئېستېتىك

روھىيىتىدە كۆپ قاتلاملىق بەدىئىي تۈيغۇ ۋە ئېستېتىك ھېس پەيدا قىلغان».

**ئىزاھلار:**

① پىلخانوف: «سەنئەت ھەققىدە»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1973 ـ يىل نەشرى 11 ـ بەت (خەنزۇچە).
② ليۇشاۋدۇن: «ھايۋانلار خۇشاللىقىدىن ئادەملەرنىڭ گۈزەللىك ھېسسىياتىغىچە»، شەندۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 118 ـ بەت (خەنزۇچە).
③ «توتېم ۋە پەرھىز»، جۇڭگو ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 130 ـ، 131 ـ بەتلەر (خەنزۇچە).
④ «ماركس، ئېنگېلس ـ سەنئەت ھەققىدە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بەت (خەنزۇچە).
⑤⑦⑧⑫⑰ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە).
⑥⑭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، 1980 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 48 ـ، 50 ـ، 42 ـ، 44 ـ بەتلەر (ئۇيغۇرچە).
⑨ «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 6 ـ سانى (خەنزۇچە).
⑩ ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، 1985 ـ يىل نەشرى، 99 ـ بەت.
⑪ «دىن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 18 ـ بەت (خەنزۇچە).
⑯ پىلخانوف: «سەنئەت ھەققىدە ئادرېسى يوق خەتلەر»، 1973 ـ يىل ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى نەشرى (خەنزۇچە).

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سىناق موتىفى ۋە قىرانلىق ئېڭى

مېھرىئاي مەمتىلى[1]



«سىناق موتىفى» قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش تېپىدىكى ھېكايە ۋەقەلىكلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان سۇژىت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەردىمۇ ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا دائىم دېگۈدەك قىز - يىگىتلەر تويلىشىش ئالدىدا قىزنىڭ دادىسى ياكى قىز ئۆزى يىگىتكە نۇرغۇن قىيىن تەلەپلەرنى قويىدۇ. ھەتتا يىگىتنىڭ قۇربى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر سېلىقلارنى سالىدۇ. يىگىت مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، سۆيگۈنىنىڭ ھەر خىل

---

① مېھرىئاي مەمتىلى: لېكتور، ماگىستىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن.

قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاندىن قىز تەرەپ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ ··· بۇ خىل ھېكايە ۋەقەلىكى بىزنىڭ ئاز بولمىغان خەلق چۆچەكلىرىمىزدە، داستانلىرىمىزدا ۋە مۇھەببەت قىسسىلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ۋەقەلىك يازما ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. بۇ خىل ھېكايە موتىفى بىزدە زور قىزىقىش پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى مەزكۇر موتىف ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمىي مەدەنىيەت قاتلىمىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

«سىناق موتىفى» — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش موتىفى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «موتىف» تېرمىنىنىڭ ئەسلى تەبىرىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، موتىف ئۇ — ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا (ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ئېپوسلاردا) ئەڭ كىچىك سۇژىت بىرلىكىدۇر. بۇ خىل سۇژىت بىرلىكى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر ئەسەردىن ھالقىپ چىقىپ يەنە باشقا بىر ئەسەر ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. شۇنداقلا ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە داۋاملىق قايتا تەكرارلىنىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى خەلق ئىجادىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ۋە كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدە سانى چەكلىك بولىدۇ. بىراق ئوخشاش بولمىغان ئەسەرلەر ئىچىگە كىرىپ سانسىزلىغان ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش تىپىدىكى موتىفلار ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇ موتىف ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن باشقا يەنە ھىندى، ياۋروپا ۋە خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋەقەلىك بىرلىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ بايانى

ئەدەبىياتىدا خىلمۇخىل ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، قۇرۇلمىسى ئاساسەن بىر خىل بولۇپ چىقىدۇ.

A. تويلىشىش تەلىپى قويۇلىدۇ ياكى ئەلچى كېلىدۇ.

B. قىز تەرەپ قىيىن شەرت قويىدۇ.

C. يىگىت باشقىلارنىڭ (خىزىر، قۇش، ھايۋانلار) ياردىمىگە ئېرىشىدۇ.

D. قىيىن شەرت ئورۇندالغان بولىدۇ.

E. تويلىشىش شەرتى قوبۇل قىلىنىپ، قىز - يىگىت بەختلىك ئائىلە قۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىكى B قىسىم، يەنى قىزنىڭ قىيىن شەرت قويۇشى پۈتكۈل ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈگۈن بولىدۇ.

قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش تىپىدىكى ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى خېلى بۇرۇنلا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ياپونىيە ئالىمى يىتەي چىڭسى ئۆزىنىڭ «جۇڭگو - ياپونىيە خەلق ئەدەبىياتى ئۇستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش تىپىدىكى چۆچەكلەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلگەن: A تۈردىكى چۆچەكلەردە قىزنىڭ ئۆزى ياكى قىزنىڭ ئاتىسى قارشى تەرەپكە قىيىن شەرت قويىدۇ. B تۈردىكى چۆچەكلەردە ھۆكۈمرانلار باشقىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن قارشى تەرەپكە قىيىن شەرت قويىدۇ.① بۇنداق تىپتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ A تىپتىكى خەلق چۆچەكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «مەلىكىنىڭ شەرتى»، «قازىنىڭ قىزى»، «بۆزچىنىڭ قىزى»، «ئەقىللىق دىۋانە»، «دادا ۋە قىرىق ئوغۇل»، «قىز كىمگە تەئەللۇق»، «سۇ

پەرىسى دىلئارام» قاتارلىقلار، خەلق داستانلىرىدىن «تاھىر ـ زۆھرە»، «شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرىز»، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىقلاردا بۇ خىل موتىف كۆپ ئۇچرايدۇ. قەھرىمانلار كىچىكىدىن باشلاپلا چەۋەنداز بولۇپ ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ، كىچىك تۇرۇپلا چوڭلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ، جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن بولغان جەڭلەردە تەڭداشسىز ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇلارنى قىرانلىق يېشىغا يەتتى دەپ تونۇيدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە جەمئىيەت كوللېكتىپىنىڭ قەھرىمانغا قويغان ئېغىر سىنىقى.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «سۇ پەرىسى دىلئارام»دا مۇنداق بىر گۈزەل ۋەقەلىك بايانى بار: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا نەزەر ئىسىملىك بىر ئوتۇنچى بولۇپ، ئۇ يىگىت ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قاپتۇ، ئاتا كەسپىنى قىلاي دېسە، يالغۇزلۇق تارتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ بېلىقچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەرياغا قارماق تاشلاپ قويۇپ تۇرسا، خېلىغىچە ھېچنېمە چىقماي، ئۇدا ئۈچ قېتىم قارماق تاشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا قارماققا ناھايىتى چىرايلىق بېلىق ئىلىنىپتۇ. ئۇ بۇ چىرايلىق بېلىقنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا كۆزى قىيماي ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ باقماقچى بولۇپ بېلىقنى ئۆيدە قالدۇرۇپ دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى كېتىپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلسە، ئۆي ئىچى پاكىز تازىلىنىپ ھەممە نەرسىلەر سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. نەزەر ھەيران بوپتۇ. ئۇدا ئۈچ ـ تۆت كۈن شۇنداق بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىش نىيىتىدە ئۆيدىن چىقىپ دەريا بويىغا كېتىۋاتقان بولۇۋېلىپ تاشقىرىدىن ئۆي ئىچىگە قارىسا، ھېلىقى داسقا سېلىپ بېقىۋاتقان بېلىق بىر سىلكىنىپلا ناھايىتى گۈزەل بىر ساھىبجامالغا ئايلىنىپ ئۆي ئىشىغا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ ئەسنادا

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا قىزنى تۇتۇۋاپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قويۇۋېتىشىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۆزى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ قېلىشقا ئۈندەپ تۇرۇۋاپتۇ. قىز نەزەرنىڭ خېلى بولىدىغان يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ناھايىتى بەختلىك كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قىزنىڭ نام - شەرىپى، ھۆسن - جامالى جاھانغا تاراپ، ئاخىرى شۇ ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە قىزنى بۇلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قىز ئوردىغا كېلىپ نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ قىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىش مەقسىتىدە نەزەرگە ئېغىر شەرتلەرنى قويۇپتۇ. نەزەرنى زالىم پادىشاھ ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە تام - تورۇسلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، نەقىشلىرىنى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن بىر قەسىر سالىسەن، دەپتۇ. نەزەرنىڭ بۇ ئىشتىن بېشى قېتىپ بىئارام بوپتۇ. بۇ قىيىن شەرتنى ئورۇنداشقا يىگىتكە قىز ياردەم بەرگەچكە يىگىت قەسىرنى دەل ۋاقتىدا پۈتتۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا زالىم پادىشاھ يەنە بىرقانچە شەرتلەرنى قويۇپتۇ. نېمە شەرت قويسا، قىزنىڭ ياردىمى بىلەن بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ مەقسىتىگە يېتەلمەي نەزەرنى داۋاملىق قىيناپتۇ. قىز ئامال قىلىپ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، نەزەرنى شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ.② بۇ چۆچەك دەل يېتەي چىڭسى ئەپەندىم بۆلگەن ئۇسۇل بويىچە، دەل B تىپتىكى چۆچەكلەرگە، يەنى زالىم پادىشاھلار پۇقرالارنىڭ چىرايلىق خوتۇن - قىزلىرىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە پادىشاھلار تەرىپىدىن قويۇلغان قىيىن شەرتلەر بىلەن چۆچەك ۋەقەلىكى بېيىغان.

«قىز كىمگە تەئەللۇق» دېگەن چۆچەكتە قىيىن شەرت مۇنداق قويۇلغان: قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ناھايىتى

گۈزەل ساھىبجامال قىزى بار بولۇپ، بويىغا يەتكەندە ئوبدانراق بىر يىگىتكە ياتلىق قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۈچ ئەلنىڭ شاھزادىسى تەڭلا ئەلچى بولۇپ كېلىپ قاپتۇ. شاھنىڭ بېشى قېتىپ ئاخىر ئۇلارغا ھەربىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ خاسىيەتلىك سوۋغات تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. قايسىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولسا، قىزنى شۇنىڭغا بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.[3] «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى» ناملىق چۆچەكتىمۇ شاھزادە ناھايىتى يىراق بىر ئەلدە پەرىزات قىزغا ئاشىق بولۇپ، قىز بىلەن بىللە بولۇش يولىدا جىن - ئالۋاستى، دىۋە - پەرىلەر بىلەن ئېلىشىدىغان[4] ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. «دادا ۋە قىرىق ئوغۇل» چۆچىكىدە ئاتىسى قىرىق ئوغۇلنىڭ بىرى بولغان ئالتە ئايلىق غىلاڭتاش پالۋاننى قىرىق قىزى بار ئادەمنىڭكىگە نىكاھ توختىمى قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، قارشى تەرەپ بۇ يىگىتكە مۇنداق شەرت قويىدۇ: ئۆينىڭ يېنىدا ھەرقانداق ئادەم مىدىرلىتالمايدىغان بىر كۆتەك بولۇپ، ئادەم كۆتۈرەلمەيدىغان پالتا بىلەن شۇ كۆتەكنى يارالىسا، تۆت ئەتراپى تۆمۈردىن ياسالغان ئۆيدە بىر كېچە يېتىپ چىقسا، قىزنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەسلىدە يىگىتنى تۆمۈر ئۆي ئىچىگە سولاپ تۆت ئەتراپىنى ئوت قالاپ قىزىتقانىكەن. يىگىت ئىسسىققا چىداپ ئۇ شەرتنىمۇ ئورۇندايدۇ.[5] يۇقىرىقىدەك قىيىن شەرت قويۇپ تويلىشىش تېپىدىكى ۋەقەلىكلەر خەلق داستانلىرىمىزدىمۇ ئۇچرايدۇ.

سىناق موتىفى — قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ تويلىشىش تېپىدىكى ۋەقەلىكلەر قارىماققا ئاددىي، قىزىقارلىق ۋەقەلەردەك تۇيۇلسىمۇ ئەمما تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇ خەلقلەرنىڭ بىر خىل تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ئىپادە قىلىپ بەرگەن. قىز تەرەپنىڭ قارشى تەرەپكە قىيىن شەرت قويۇشى، قارشى تەرەپنىڭ ئەقلىي كامالەت، جىسمانىي قۇۋۋەت ۋە

ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتلەردە شەرتى توشامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بارىدۇ. رەڭدار دۇنيادا خەلقلەرنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان چۆچەك، داستانلاردىكى قىيىن ئۆتكەل ــ سىناق موتىفى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇلار ئىنسانلار غايەت زور كرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، يەنى ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە قەدەم قويۇش ئالدىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە سىمۋول قىلىنغان. بىر جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن دائىم قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرى ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە قاتنىشىدۇ. شۇڭا ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى ئۆزىنى قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈش يولىدا تاۋلاپ تۇرىدۇ. ⑨ ئىنسانلار ھەربىر تەرەققىيات قەدىمىدە تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېغىر سىنىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ناچار تەبىئىي شارائىت - ياشاش مۇھىتى ئۇلاردا ئېغىر سىناق ئېڭىنى تۇغدۇرىدۇ. قىيىن ئۆتكەل - سىناق موتىفى دەل ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ مول يەكۈنىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارزۇسى دۇنيادىكى ھەر خىل دىنلاردا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىدىكى كۆپلىگەن ۋەسىقىلەردە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ قاتتىق سىنىقى، قىرانلىق مۇراسىملىرى، ئەمگەك قىلىپ بېرىش ھېسابىغا تويلىنىش مەسىلىلىرى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىنگلىزچە « *Ordeal* » سۆزىنىڭ مەنىسى ئېغىر سىناق ئېلىپ بېرىش مەنىسىدە ئىككى خىل ئىستېمال قىلىنغان. بىرىنچى مەنىسى، پۈتكۈل مىللەت ياكى قەبىلە ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىلاھ ھۆكۈم قىلىپ، يېتىلىۋاتقان ئادەملەرگە يېتىلىش سالاھىيەتنامىسىنى بېرىش، يەنە بىر مەنىسى بولسا، قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى

چوڭلار يېتىلىۋاتقانلارغا قىرانلار قاتارىدىن ئورۇن بېرىش. بۇ خىل ئۇسۇل ئادەتتە جىسمانىي ۋە روھىيەت جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ⑩ ئالدىنقى مەنىدە ئېلىپ بېرىلغان ئېغىر سىناقلاردا ئادەتتە سېھىرلىك ئادەملەر قەھرىمانغا ياردەم قىلىدۇ، بىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا ئاساسەن «خىزىر» ياكى پەرىشتە سۈپەت كىشىلەر تەرىپىدىن ياردەم قىلىنىدۇ. كېيىنكى مەنىسىدىكى سىناقلاردا سىنىلىۋاتقان ئاددىي ئادەم ئىنسان قىلالايدىغان ھازىر جاۋاب قوشاق ئېيتىش، ئوتۇن يېرىش، ئۆي سېلىش، بېزەش دېگەندەك ئاددىي ئادەملەرگە قويۇلىدىغان سىناقلار ئېلىپ بېرىلىدۇ.

قەھرىمانلار سىنالغاندىن كېيىن چوقۇم پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلگە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ سىناقلاردا قىز يىگىتنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ۋاسىتىلىك ياردەم قىلىدۇ. «سۇ پەرىسى دىلئارام» چۆچىكىدە زالىم پادىشاھنىڭ سىنىقىدا دىلئارام بىر تال چېچىنى كۆيدۈرۈپ يىگىتى بارغانلا يەردە ياردەم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىزنىڭ يىگىتكە ياردەم قىلىپ سىناقتىن ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئائىلىنىڭ بىۋاسىتە كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قىيىن ئۆتكەل سىنىقىدىن ئۆتۈش جەريانىدىكى مۇرەككەپ ئەھۋال ئاستىدا ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق ئىككى خىل رول ئوينىشى مۇشۇ خىلدىكى ۋەقەلىكنىڭ راۋاج تېپىشىدا بىردىنبىر مۇھىم ۋاسىتە بولۇپ قالغان. ⑪ دېمەك، سىناق موتىفىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پىشىپ يېتىلىش ۋاقتى بىلەن تويلىشىش مەزگىلى ۋاقىت جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ ئىككى مۇراسىم بىر - بىرىگە ناھايىتى زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەسىرلەردە سىناق موتىفى يىگىتلەرنى سىنايدىغان بىر خىل مۇراسىم بولۇپ قالغان. شۇ ئۆتكەلدىن

ئۆتەلىسە جەمئىيەت كوللېكتىپى ئۇلارغا تويلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ. مەيلى سىناق موتىفىدا بولسۇن، قىرانلىق مۇراسىمىدا بولسۇن ياكى قىزغا ئىشلەپ بېرىپ تويلىنىشتا بولسۇن ھەممىسىدىلا يىگىتلەرنىڭ جاسارىتى، ئەقىل - پاراستى، ئەمگەكچانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى خەلقلەردە جەمئىيەت ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈش، قىرانلىق مەزگىلىنى تونۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزالىرىغا بولغان ئۆلچەم ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. قىزلارمۇ تويلىنىش مەزگىلىدە ئاساسەن چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتىش (بىر، ئىككى چاچلىق بولۇش)، يۈز ئېلىش (يۈزدىكى ياۋا تۈكلەرنى ئادالاش)، قاش تېرىش، كىيىم - كېچەك پاسونىنى تاللاش، قىياپەت رۇسلاش ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، ئىشچان، چېچەن، ئېپتىلىق بولۇشتەك جىسمانىي تەلەپلەردىن باشقا ئېغىر سىناقلار ئانچە قويۇلمايدۇ.

سىناق موتىفى — قەدىمكى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈۋرۈكلۈك رولىنى تونۇغانلىق بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى نىكاھ، ئائىلە مەسىلىلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقلەرنىڭ قىرانلىق ئېڭىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن تويلۇق سېلىش ھادىسىنىمۇ ئەينى دەۋرنىڭ ساقىندىسى دېيىشكە بولىدۇ. قەدىمكى دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاددىي بولغاچقا، ھاسىل قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى تويلاشماقچى بولغان يىگىتنىڭ قانچىلىك ئەمگەكچان ۋە چېچەنلىكىنى سىناشنىڭ دەلىلى ئىدى. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزگە كەلگەندە بىر قىسىم كىشىلەر توي

قىلماقچى بولسا، قارشى تەرەپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە، يىگىتلىك جاسارىتىگە، مال ـ دۇنيانى قانداق تاپقانلىقىغا قارىماستىن قىزنىڭ يۇقىرى تەلىپى ئورۇندالسىلا ئىش پۈتىدۇ. بەزى ياشلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىسى مال ـ دۇنيا تەييارلاپ ئۆيلەپ قويىدۇ. يىگىتلەرنىڭ غۇرۇر، جاسارىتى ئىلگىرىكىدەك ئۈستۈن ئەمەس. ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ھازىرقى توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىدا يىگىتنى سىنىماي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورۇن ـ ئىمتىيازى، مال ـ دۇنياسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، تويلۇقنى قانچىلىك سالغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ، ياشلاردا بىر خىل بىخودلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولماقتا. بۈگۈنكى دەۋردىمۇ قەدىمى دەۋرلەرگە ئوخشاشلا ئەرلەر يەنىلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ غوللۇق كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم يىگىتلەر بولسا، قىزلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگىلا قاراپ، ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلىگە، چېچەنلىكىگە، ئىشچانلىقىغا، ئىقتىسادچانلىقىغا قارىمايدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە «ئىسراپخورلۇق نەدە؟ پىشانىسى تەرلىمىگەن يەردە» دېگەندەك ئىسراپخورلۇق باش كۆتۈرۈپ، توي ـ تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەتچىلىك ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ياشلارغا ئىقتىسادچىللىق، تىرىشچانلىقنى ئۆگىتىش ئەجدادلارنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسى ئىدى.

قەدىمكى دەۋرلەردە يارىتىلغان مەنىۋى بايلىقلار، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەمۇنىلىرى مۇنداق ئوقۇپ قويۇشقىلا، ئاڭلاشقىلا يارىتىلغان ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى قېزىش، ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، مەدەنىيەت قاتلىمىنى يېشىش ۋە بۈگۈن ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان

مەسئۇلىيىتى. قەدىمكى دەۋردە ئەجدادلىرىمىز شۇنچە قىيىن شارائىتنى يېڭىپ، قانداق ياشاپ، دەۋرنى دەۋرگە ئۇلىدى؟ … بىز بۇ دەۋرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز؟! … ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان ئىجادىيەت مېۋىلىرى يۈزەكى روھىي ھادىسىلەر بولماستىن، بىزگە تېپىشماق تۇسىدە قالدۇرۇلغان مەنىۋى ئەگۈشتەرلەردۇر. بىزنىڭ ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشىمىز خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل كرىزىسلەرنى ھەل قىلىشىمىزدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. شۇڭا بىز مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىچىدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز بۇگۈنكى دەۋرنىڭ جىددىي تەلەپلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## ئىزاھلار:


① «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى»، 1998 ـ يىل 4 ـ سان.

② «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 7 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 7 ـ قىسىم.

④ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 4 ـ قىسىم.

⑤ گۇنناز ياررىك [شۋېتسىيە]: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب.

⑧ ئەلىشىر نەۋائى: «فەرھاد ـ شىرىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑨ ش. ي. توقارىف: «دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى دىنلار»، 20 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑩ «خەلق ئەدەبىياتى مۇنبىرى» 58 ـ بەت، خەنزۇچە، 1998 ـ يىل 4 ـ سان.

⑪ «خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 6 ـ بەت، خەنزۇچە، 1989 ـ يىل 3 ـ سان.

⑬⑮ لېۋبولىۋېر [فرانسىيە]: «ئىپتىدائىي تەپەككۇر»، سودا نەشرىياتى، 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑯ «خەلق ئەدەبىياتى مۇنبىرى»، 1998 ـ يىل 3 ـ سان.

# مەتىمىن ھوشۇر پروزىسىنىڭ بايان شەكلى ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى

ئابدۇسالام ئابدۇشۈكۈر[1]



«ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم مەسىلىسى ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەمنىڭ خاسلىقىنى يارىتىش جەھەتتە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈستىدە داۋاملىق باش قاتۇرۇش مەسىلىسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇنداق بىر خىل باش قەھرىمانىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەك. يەنە ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى بىز رېئاللىقتىن كۆزەتكەن ھادىسىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئۇنىڭ خاسلىقى ھەم ئوبزورچىلىق ھەم سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان تەسىر كۆرسىتىشى لازىم». (1)

بىز مۇشۇ يۆنىلىشنى تۇتقا قىلىپ، يېڭى دەۋر پروزىمىزغا

---

(1) ئابدۇسالام ئابدۇشۈكۈر: لېكتور، ماگىستىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن.

نەزەر سالغىنىمىزدا مەتىمىن ھوشۇر بەدىئىي غايە، بەدىئىي دىت بىلەن تۇرمۇشنى كۆزىتىپ، بەدىئىي ماھارەت ئۈستىدە توختىماي ئىزدىنىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھېچكىم دىققەت قىلمىغان، لېكىن بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغىچە بېرىپ تاقىلىدىغان، كىتابخاننى چوڭقۇر ئويغا ۋە قايتا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

مەتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ «بۇ چۈش ئەمەس»، «ساراڭ»، «ئايخان»، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا»، «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئىستاكان»، «كۆز يامغۇرى»، «ئۆلۈككە خەت»، «خاسىيەتلىك قار»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرىدە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېكايىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي تەپەككۇر جەھەتتىكى بەزىبىر ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بۇ ھېكايىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ باشتىن - ئاخىر ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ ئۈچۈر دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ خېلىلا ئېغىر مەنىۋى كەمتۈكلۈكلەر، ئىجتىمائىي ئادەت كۈچلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يېڭىدىن - يېڭى مەنىۋى بۇلغىنىشلارنىڭ كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى كۆزنەكلىرىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

يازغۇچى يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ بەدىئىي كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن قانات يايدۇرغان. «بو چۈش ئەمەس»، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسىدا»، «ئۆلۈككە خەت»، «خاسىيەتلىك قار» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ

ۋەقەلىكى، تېمىسى، پېرسوناژلىرى ئېنىق يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇپ، قىسمەنلىرىدە قىستۇرما ياكى چېكىنىمە ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋەقەلىك تەرتىپلىك بايان شەكلىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى پىكىر چۈشەنچىلىرى، ئۇلارنىڭ روھىيەت زېمىنىدىكى فېئوداللىق ئەنئەنە ۋە ئېتىقادلارنىڭ قالدۇقلىرى، ئەقىدە ۋە ئىنتىلىشلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر پسىخىكىسى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىكى ئىزچىللىق، جىددىيلىك، كەسكىنلىك ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھېكايىلىرىدە بولسا، ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئېنىق بولمىغان، شەخسىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ـ ماھىيىتىنى دەرھال چۈشىنىش تەس بولغان، بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ ئىزچىللىقى بولمىغان زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق، تاشقى دۇنيانى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى سېزىمى ۋە تەسىراتى ئارقىلىق كۆزەتكەن. ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ رەڭدار ۋە قىزىقارلىقنى، ئىنسان پەزىلىتىنىڭ ئالىيجاناب ۋە پەسكەش تەرەپلىرىنى قىزىق ـ قىزىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى، دىئالوگ، مونولوگ، چۈش تەسۋىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بىز بۇلاردىن بىر كۈلكىنى سېزىمىز، لېكىن يەنە بۇ كۈلكىنىڭ ئىچىگە ئاچچىق تەنىنىڭ يوشۇرۇلغانلىقىنى، يازغۇچىنىڭ مۇشۇ تەنە ئارقىلىق نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى كىتابخانغا ھېس قىلدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمىز.

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشتى. بۇ بايان ئۇسۇلىدىكى «قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە كىشىلەرنى ھاياتجانغا

سالىدىغان، ئاجايىپ ـ غارايىپ يېڭىلىقلارنى ياراتقان، قەھرىمان ئوبرازلار يوق، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقىنى، كۈرەش ۋە ئىزدىنىشىنى، ھايات يولىدىكى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلىرىنى، ھاياتقا بولغان ئىشەنچ ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋار روھىنى ئادەتتىكى ئوبرازلار سىستېمىسى ئارقىلىق جانلىق ۋە تىپىك قىلىپ ئىپادىلىدى.

ھەرقانداق سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم مەنبەسى بولىدۇ. بۇ خىل مەنبە مىللىي مەدەنىيەتكە تەۋە ئوبرازلىق تەپەككۇردىن كېلىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر پروزىلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرىنى، بولۇپمۇ ئىلى خەلقىنىڭ مىجەز خاراكتېرىنى ئەندىزە قىلغان. بۇ خىل ئەندىزە يازغۇچىنىڭ جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبى ئارقىلىق، سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ پېرسوناژلار ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ جانلىق، ئەڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەم مىللىي تەۋەلىكىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى ئەڭ جانلىق خاراكتېرلىك ئىپادىلەر ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقىرىلغان.

ئاپتور ھېكايىلىرىدە پېرسوناژلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى ئىپادىلەشكە ئانچە كۆچەپ كەتمىگەندەك، پېرسوناژلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلمىغاندەك قىلىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە پىسخىك تەسۋىر، ئەركىن تەسەۋۋۇر، سىمۋول، مونولوگ چۈش تەسۋىرى دېگەندەك ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى

سۆپىتىدە قوللاندى. ئۇ ھېكايىلىرىدە پېرسوناژلارغا نىشان كۆرسىتىپ بەرمەستىن، پېرسوناژلارنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ شەخسىي تەسىراتلىرى ئارقىلىق، ئىچكى دۇنياسىنى قېزىپ، تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى.

«بۇ چۈش ئەمەس» ھېكايىسىدە ئاپتور توختىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋاستىلىك تەسۋىرلىگەن. ئۇ پۈتۈن مىللىي مۇھىتىمىزدىكى بىر ھەرگىزمۇ كۆز يۇمۇۋالالمايدىغان، بۈگۈنكى زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ يات ھېسابلىنىدىغان مەنىۋى چىرىكلىكلەرنى قىلچە پەردازسىز كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ، بىزنىڭ مىللىي روھىمىزغا ئورناپ كەتكەن، فېئوداللىق ئەنئەنە، ئەقىدىچىلىك، يۇرتۋازلىق، بېكىنمىچىلىك، تەرەققىياتقا ئىنتىلمەسلىكتەك ناچار خاھىش، ناچار ئىللەتلەرگە ئوت ئاچىدۇ ھەم ھەقىقىي ئادەملىك قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئاددىي ئادەملەرگە بېغىشلانغان، ئۇلارنىڭ كۆزى، ھەرىكىتى، پىكرى بويىچە ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، روھىمىزدىكى ئۆز - ئۆزىمىزگە ئىشەنمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىكنى تەنقىد قىلغان ۋە روھىي گۈزەللىكنىڭ ئاددىي لېكىن ئۇلۇغ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. «ساراڭ» ھېكايىسىدە پېرسوناژ مونولوگى ياخشى قوللىنىلغان، خىيالىي تۇيغۇ ئۈستىلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن، ئىجتىمائىي مۇھىت گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەرىكەت تەپسىلاتلىرى چىنلىقلىققا ئىگە قىلىنغان.

بىر يەكشەنبە كۈنى تۆت ئاغىنىنىڭ سورۇنىغا قوشۇلۇپ قالغان ناتونۇش ئۇلپەت، قىيسىق بوتكىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان كونا سومكا، ناتونۇشى ئۇلپەتنىڭ ئۇلارنى چېقىپ قويۇپ، دۇكانغا ئوغرىلىققا چۈشىشى، جەمئىيەت بەلگىلىگەن لېكىن ھەممە

ئادەمنىڭ ئوخشاش رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدىغان قائىدە ـ قانۇنلار، ساراڭلىق ۋە تۇرمە، ئىنسان روھىيىتىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە بۇ ئالىيجانابلىقنىڭ ئازغىنە پۇل ـ پۇچەك بىلەن بۇلغىنىشى قاتارلىقلار، «مەن» نى ھايات ھەققىدە، ئىنسانلار ھەققىدە قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ بۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى، جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ، «مەن» ئەزەلدىن ئۈلگە قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق مىزانلارنى، ھەتتا مۇقەددەس دىنىنىمۇ ئۆزگەرتىشتىن تەپ تارتمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغىنىسى سەمەتجان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چاكىنىلىقلارنى يوشۇرۇش، «مەن» نىڭ ۋىجدانىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل تاشلاپ بېرىدۇ. «مەن» ۋاجدانى بۇلغىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇ پۇلنى ھېچقانداق ئىگە چاقىسىز بىر ئايالنىڭ ئىشىكىگە تاشلاپ قويىدۇ. لېكىن بۇ تۇل ئايال ھارام پۇلنى پاك تۇرمۇشقا ئارىلاشتۇرماي تېگىشلىك ئورۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «مەن» نىڭ ئېڭىدا ئىنسان ۋە ھايات، ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە روھ ھەققىدە يېڭىچە بىر چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تاشقى دۇنيانى پېرسوناژلارنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى، چۈشى ئارقىلىق كۆزەتكەن. ئەركىن ئۇسلۇبتا تراگېدىيىلىك يېزىلغان يەنە بىر ھېكايىسى «بۇرۇت ماجىراسى» دا تار رامكىچىلىق، شەكىلۋازلىق، گۇمانخورلۇق ئۈستىدىن دارتىما قىلىنغان. بوغۇلغان ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ تراگېدىيىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «مەن» نىڭ گەپ ـ سۆزلىرى باش ـ ئاخىرى يوق، تۇترۇقسىز ۋە ناھايىتى كۈلكىلىكتەك قىلىسىمۇ، بىز ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ قىسمەن نۇقتىلىرىدا پاللىدە كۆرۈنۈپ قالغان. بېكىنمىچىلىككە قارشى روھنى، شەكىلۋازلىققا بولغان كۈچلۈك

مەسخىرىنى كۆرىمىز.

ھېكايىدە «مەن» بۇرۇتلۇقلۇقلارنى تىزىملاۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ سارەسىمىگە چۈشىدۇ. ئۇ ئۆزىدە ھېچقانداق جىنايەت يوق تۇرۇقلۇقمۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلمايدۇ. ھەتتا ئوغلىنىڭمۇ بېشىغا قانداقتۇر بىر بالا قازانىڭ كېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەرىكەت ۋە پىسخىك تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بازار باشلىقىمۇ بىر بۇرۇتلۇقنىڭ كوچىدا چىقارغان كىچىككىنە ۋەقەسىنى يوغىنىۋېتىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق گۇمانخورلۇق قىلىپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھېكايىدىكى كۈچلۈك دارىتما بىرقانچە تەقلىد ئۇسۇلىنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

1) دارىتما (مەسخىرە) تەقلىدى

مەتنىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغان دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل تەقلىدە ئاپتور ۋە پېرسوناژنىڭ چاقچاقلىرى ئارقىلىق مەلۇم پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە مەلۇم يۇمۇر ۋە مەسخىرىنى يېزىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، بىراق پېرسوناژ خاراكتېرى كىتابخانلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدۇ.

«ساراڭ» ھېكايىسىدە ئاپتور «مەن»نىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ روھىي جەھەتتە ساغلام ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. «مەن»مۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئېلىپ كەلگەن ئەسىرىگە «ساراڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىنغان ئەسەردە «مەن»نىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى ۋە زىددىيەتلىك ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى كۆرىمىز. بىراق ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى قارىمۇقارشىلىقتا ئىكەن بولۇپ، ئەسەردىكى «مەن» كاللىسى ناھايىتى جايىدا، شۇنداقلا جەمئىيەت

مەسىلىلەرگە ئالاھىدە نۇقتىدا تۇرۇپ باھا بېرەلەيدىغان، جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەخلاقىي كرىزىس قاتارلىقلار توغرىسىدا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا ئامراق، بۇ جەھەتلەردە مەلۇم تونۇشقا ئىگە ئىزدىنىش روھىغا باي پېرسوناژدۇر. ئەگەر ئاپتور بايانچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دارىتما ئۇسۇلىنى قوللانمايدىغان بولسا، «سارالىڭ» نىڭ ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەت ھېكايىدىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە شەكىللەنگەن بولاتتى ياكى بۇ ھالەت بىزگە ناھايىتى نورمال تۇيۇلغان بولاتتى. لېكىن ئەسىردىكى كۈچلۈك بولغان دارىتما يوققا چىققان شۇنداقلا ئىچكى دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشمۇ بۇ ئەسەردىكىدەك بولمىغان بولاتتى.

ھالەت تەقلىدىمۇ دارىتما تەقلىدىكى بىر تۈر بولالايدۇ. ئۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. «قىرلىق ئىستاكان» پېرسوناژلارنىڭ ھالەت تەقلىدىدە ئۇتۇق قازانغان ھېكايە. ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقەملىرى بار. بۇ لەقەملەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، خاراكتېرىگە قاراپ قويۇلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ دارىتما كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈشتە، پىسخىك خاراكتېرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى قاتلاملىرىدىن تارتىپ ئايرىم شەخسلەرگىچە گۇمانخورلۇق، شەكىلۋازلىقنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىگە قارىتىلغان. بۇ ھال كۈچلۈك كۈلكە ئىچىدىمۇ تراگېدىيىلىك ئۇنۇم يارىتىپ، ئەسەر ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرىنى ئېستېتىك قىممەت ۋە ئىپادىلەش ئۇنۇمى جەھەتتىن تراگېكومېدىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. ئاپتور ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قىزىقارلىق،

كۆپ قىرلىق، چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ خىل چوڭقۇرلۇقنىڭ ئارقىسىدىكى پاجىئەلەرنى ۋە ئادەملەرنىڭ غەيرىي ئىدراكىي تەقدىرىنى كۆرسىتىدۇ. كومېدىيىلىك دېتاللار نېرۋىلىرىمىزنى غىدىقلاپ بىزنى كۈلدۈرىدۇ. لېكىن كومېدىيىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق ھەقىقەتلەرنى، تراگېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ ھېس قىلالايمىز، مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرى كۈلكە ئىچىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسىتەلىدى مەنىۋى كرىزىسلىرىنى تونۇتتى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى بۇ خىل مەنىۋى كۇمتۇكلەر ئۈستىدىن ئۆزلىرى كۈلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى كەمتۈكلىكلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇنى تۈزىتىشتىن قورقمايدىغان بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇر بايان ئۇسۇلى ۋە ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئالاھىدە يېڭىلىق ياراتتى. ئۇ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ، شۇنداقلا ھەممىنى بىلگۈچى ئاپتور قاتارلىق بايانچىلىقنىڭ بىرقانچە كۆزىتىش نۇقتىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئەسەر كۆلىمىنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلدى. ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرى جانلىق. ئۇ سۆز جۈملە تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، جۈملىلەر مۇناسىۋىتىدە ئايرىم جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن كۈچىنىڭ تورىنى شەكىللەندۈردى. ئاپتور ئوخشىتىش، سىمۋول، بىمەنىلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى جانلىق بىرلەشتۈرۈپ، تېكىستىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋاستىلىك بولۇپ، بۇ خىل ئىپادىلەشتە مۇستەقىل ھالدا پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. يوشۇرۇن ئىپادىلەش باشقا ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئۆزىگە ياردەمچى

قىلغان. مەتىندىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوللىنىلغان تېكىست قاتلاملىرى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ تەقلىدىدەك كۆرۈنىدۇ. تەقلىد تېكىستە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، تۆۋەندە يازغۇچىنىڭ ھېكايىلىرىدىكى «قىرلىق ئىستاكان» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن كۆچى ئەسەرنىڭ كومېدىيە كەيپىياتىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ.

2) قۇرۇلما تەقلىدى

قۇرۇلما تەقلىدى ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمىزدىكى سىمۋولغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇنىڭدا پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن ئانچە باغلىنىشلىقى بولمىغان لېكىن قۇرۇلما جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان نەرسىلەرنى تۇتۇۋېلىنىپ، كىتابخان پېرسوناژ خاراكتېرى ھەققىدە مەلۇم تەسەۋۋۇرغا ۋە بايقاشقا ئىگە قىلىنىپ ئىپادىلەشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشىلىدۇ.

«بۇرۇت ماجىراسى» دا «مەن» نىڭ قورقۇش، ئەنسىرەش پسىخىكىسىدىن شەكىللەنگەن بىنورمال كەيپىيات تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلما تەقلىدلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ:

«— چۈشۈمدە ئىككىمىز مۇشۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغۇدەك-مىز، سەن ھەدەپ بىر نېمە توقۇۋاتقۇدەكسەن، «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىسام:

— سىزنىڭ كونا پوفايكىڭىزنى چۇۋۇۋاتىمەن، شۇنى باللارغا ئەپلەپ بىر نېمە قىلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دەپسەن.

مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەندە:

— مېنىمۇ چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇپ باقساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتىمەن. كۈلمە، راست ئاشۇنداق دەپتىمەن، سەن:

— شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى. بىراق چۇۋۇپلا قويغاندىن

كېيىن بەزى ئۈزۈلگەن بۇزۇلغان يەرلىرىڭىز چىقىدۇ. قايتا توقۇغاندا بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ كېتىسىز، دەپسەن. مەن:

— كىچىكلەپ كەتسەم تېخى ياخشى. سادىغاڭ كېتەي خوتۇن، مېنى ھازىرلا چۇۋۇپ، تاڭ ئاتقۇچە بۆلەكتىن توقۇۋەتسەڭ! — دەپ يالۋۇرۇپتىمەن. سەن ماقۇل دەپ، كارىۋاتقا مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ سوزۇلدۇرۇپ ياتقۇزۇپ، پۇتۇمنىڭ بارماقلىرىدىن باشلاپ چۇۋۇغىلى تۇرۇپسەن. بەدىنىمنىڭ چۇۋۇلۇۋاتقان يەرلىرىدە بىرى مېنى يېنىك غىدىقلاۋاتقاندەك سېزىم ھاسىل بوپتۇدەك، قىلچە ئازاب ھېس قىلماي، ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ يېتىپتۇدەكمەن. چۇۋۇلۇپ كانىيىمغا كەلگەن چاغدا، يىپنىڭ بىر يېرى چىگىلىشىپ قېلىپ بوغۇلۇپ قاپتىمەن. سەن قانچە ۋاقىرسامۇ ئاڭلىماي يىپنى تارتىۋەرگۈدەكسەن. دەم ئالالماي، ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، كۆزۈمنى ئاچسام چۈشۈم. سەن يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپسەن ...

— غەلىتە بولغاندا قانداق دېمەمسەن: چۈشۈمدە ئۇخلاۋاتقۇدەكمەن. قۇلىقىمغا بىر نېمىلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن، تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك. «مېڭىپ كېتىۋاتقان ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن - دە!» دېگۈدەكمەن؛ تۇرۇپلا يەنە «ياق ھارۋىدا ئەمەس، تۈگمەندە ئۇخلاپ قاپتىمەن» دەپتىمەن. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، تۈگمەننىڭ ئىچىگە شارقىراپ سۇ كىرگىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسام، تۈگمەندە ئەمەس، كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراۋاتقۇدەكمەن. شۇنچە ۋارقىرىسامۇ ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك، تېپچەكلىگەنسېرى ماغزاپنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ بارغۇدەكمەن ... مىڭ تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچسام ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرۇپتۇ، قورقىنىمدىن چىراغنى ياندۇرۇۋالدىم. ھېلىقى كىرئالغۇنىڭ تاراق - تۇرۇق ئاۋازى

ھازىرمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.»

بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان كۈلمەي تۇرالمايدۇ. «مەن» نىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن مىللەت روھىيىتىدىكى زەئىپلىك، قاششاقلىق، گاڭگىراشتىن ئىبارەت بىنورماللىق ۋە پىسخىك قۇرۇلما ئەسەردىكى «مەن» نىڭ قايتىدىن چۈۋۈپ توقۇلۇشى، كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدە قېلىشى قاتارلىق تەقلىدىي قۇرۇلمىلار ئارقىلىق ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئېتىدۇ.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىدە تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان قۇرۇلما تەقلىدى قوللىنىلغان. ئەسەردە «مەن» ۋە كۈچۈكنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يازغۇچىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگىچە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلغانلىقىنى ۋە كۈچۈكنى ئادەملەشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق، چوڭقۇر دارىتما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. ئەسەردە ئادەملەر ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىنسا، ھايۋانلار ئادەملەرگە تەقلىد قىلىنىدۇ.

«... ‹ئاق تاپان› چەت ئەلدىمۇ قىلچە يۈزۈمنى تۆكمىدى. ئۇ نەگە بارساق شۇ يەرگە ئەگىشىپ باراتتى. بىز ساھىبخانلار بىلەن ھېلىقىدەك تەنتەنىلىك ئامانلىشىۋاتقاندا، ئەرەب بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇراتتى. مىجەزىمۇ ناھايىتى مۇلايىملىشىپ كەتتى. ئۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى كۆرسىمۇ ئۆز ئۆيىدەك يوغانچىلىق قىلماي، ئاستا بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى. ياكى ھېلىقى ناتونۇش ئىتقا قاراپ قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ، ئۇ قېشىغا كەلگۈدەك بولسا، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ، سەمىمىي دوستلۇقىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇنىڭ يېتىپ قوپۇش ئىشىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. بىز چۈشكەن ئۆينىڭ بىر ئاپشاركىسى بار ئىكەن. ئۇ باغنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاختايدىن ياسىلىپ ئالا ـ بۇلىماچ سىرلانغان بىر كاتەكتە يېتىپ قوپقان ... ‹ئاق تاپان› ئاشۇ تۇغقىنى بىلەن تۇردى. ئۆي خوجايىنى ئۇلارغا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىككى چاقماق قەنت بىلەن ئازراق سۈت پوشكىلى، يېڭى گۆش، ئۆپكە، قېرىن، كەچتە سارماي سۈركەلگەن بولكا بېرەتتى. «ئاق تاپان، چەت ئەلنىڭ سېمىز ـ ئورۇق، ئېگىز ـ پاكار، تۈكى ئۇزۇن، تۈكى قىسقا دېگەندەك ھەممە ئىتلىرى بىلەن چىقىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ چەت ئەل كوچىلىرىدا سۆلەتلىك قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرى ئۇ يەرنىڭ نەسىللىك ئىتلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى. كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش، مەيلى ئۆيدە، مەيلى سىرتتا بولسۇن، ئۇ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلسا ئۇدۇل ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭاتتى. خۇددى چەت ئەلنىڭ يېزىقىنى تونۇيدىغاندەك ھەرگىزمۇ ئاياللار ھاجەتخانىسىغا كىرىپ قالمايتتى ... بىر قېتىم بىز چۈشكەن ئۆينىڭ خوجايىنلىرى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە مېھمان چاقىرغانلىقى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ كۈنى ‹ئاق تاپان› ھەربىر مېھمان كەلگەندە دەرۋازىنى ئۆزى بېرىپ ئېچىپ، مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھەممىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى ... ‹ئاق تاپان› مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، ھەممىگە تەكشى قاراپ، ئالدىغا قويۇپ بەرگەن تائاملارغا ئانچە ـ مۇنچە ئېغىز تېگىپ، سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كوچىلاپ، ئەدەب بىلەن ئولتۇردى.

... ئازراق قېقىۋېلىپ قىزىپ قالغان ‹ئاق تاپان› نايناقلاپ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ، خانىملارنىڭ ئارىسىدىكى ياش خېنىمغا تىزلىرىنى تېگىپ، ھەدەپ تەزىم قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا چۈشمەكچى بولدى. ‹ئاق تاپان›نىڭ بۇ قىلىقلىرىغا ... ھېلىقى

ياش ئېرى بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ‹ ماۋۇ نەدىن كېلىپ قالغان لالما ئىت، مېنىڭ ئايالىمنى ئۇ نېمە كۆرۈۋاتىدۇ! ›، دەپ ۋارقىراپ، ئۇستەلنى بىر مۇشتلىۋېدى، چېنە ـ قاچىلار جىغىلداپ كەتتى ··· ‹ ئاق تاپان › غىڭشىغىنىچە ئېرىغا بېرىپ، قۇيرۇقىنى گېلىغا تىقىپ، ئاراق قەي قىلىپ، شۇ يەردىلا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ يېتىپ قالدى. »

ئەسەردە بۇ خىل قۇرۇلما تەقلىدى ئارقىلىق كۈچلۈك دارىتما قىلىنىپ، كىشىلەرگە ئالاھىدە سەنئەت تۇيغۇسى بېغىشلانغان. كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا ئالدىدىكى ئەخلاقىي تەۋرىنىشلىرىنى ۋە بۇزۇلۇشنى كۆرسەتكەن. كەسپىي ئەخلاقىنى ئالتۇنغا تېگىشكەن دوختۇرنىڭ ئىتقا ئايلانغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق، ئىنسان پەزىلىتىنىڭ پاك بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەسەردە ئادەمنىڭ ئىتقا ئايلىنىشى ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ بايان ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلما تەقلىدىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئادەم خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنىڭ يوقىلىشىغا بولغان مەسخىرىسىنى كۆرەلەيمىز.

3) ئەكس تەقلىد ئۇسۇلى

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «چار خوراز» ھېكايىسىنى ئەكس تەقلىد قوللىنىلغان ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئالاھىدە تەقلىد بولۇپ، تەقلىد قىلغۇچى بىلەن تەقلىد قىلىنغۇچىنى ئەكس تەرەپلىرىدىن كۆرۈش كېرەك.

ھېكايىدە «مەن» نىڭ بىر مىكىيىنى بولۇپ، بۇ مىكىيان تۇيۇقسىزلا ھەيۋەتلىك چار خورازغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ چار خوراز توخۇ سوقۇشتۇرۇشتا بارلىق خورازلارنى يېڭىپ، باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئۇ سابىرجان تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ، ئۇنىڭ پۇل تاپىدىغان دەسمايىسىغا ئايلىنىدۇ.

كېيىن چار خوراز بىردىنلا مىكىيانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان سابىرجان توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئىچىدىن چىققان تۇخۇمنى يەۋالىدۇ. نەتىجىدە سابىرجان خوتۇن كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھېكايىدە قارىماققا بىمەنە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغاندەك قىلىدۇ. لېكىن ھېكايە مەزمۇنىغا ئىچكىرىلەپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل بىمەنىلىكنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئەسەرنى بىمەنىلەشتۈرۈشتە رول ئوينىغان ئىككى ۋەقەنىڭ (مىكىيانىنىڭ چار خورازغا ئايلىنىشى ۋە ئەسلى ھالىتىگە قايتىشى، سابىرجاننىڭ ئايال كىشىگە ئايلىنىپ قېلىشى) پەقەت ئەسەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسىدىكى ئەكس تەقلىدى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ يېڭى پروزىچىلىقىمىزنىڭ بايان ئۇسۇلىدىكى بىر ئىزدىنىش بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېشىمى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. كىتابخان ئەسەردىن ئالغان ئېستېتىك روقتىن ھوزۇرلىنىدۇ.

«چار خوراز» ھېكايىسىدە سابىرجاننىڭ كۆلكىلىك ئەكسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھامان مات بولۇپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدىغانلىقىنى بىمەنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. سابىرجاننىڭ كۆرەڭلىكى، مۇشتۇمزورلۇقى ئاخىر ئۆز بېشىغا چىقىپ، ئۇنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىيدۇ. چار خورازنىڭ يەنە مىكىيانغا ئايلىنىپ قېلىشى ئەكسىگە قايتىش بولۇپ، كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىغا بىر بوشلۇق قالدۇرۇلغان. سابىرجان يەنە ئەكسىگە قايتىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ سابىرجاننىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىپ، كېيىنكى ھاياتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق.

بېلىنىسكىي «مەسخىرە ۋە يۇمۇر كەمچىل بولغان ئەدەبىيات ئۆز گۆدەكلىكىنى مەڭگۈ ياپالمايدۇ» دەپ ئېيتقان. بىز مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك دارىتما ۋە مەسخىرىنىڭ ئەسەر تېكىستىگە قاتلاممۇقاتلام سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ۋە كۈچلۈك سەنئەت گۈزەللىكى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ پروزا ئەسەرلىرىدىكى بايانچىلىق ئۇسۇلىنى قەدىمكى پروزىچىلىق شەكلى بولغان چۆچەكلەرنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ۋە قۇرۇلما ئۇسۇلىغا باغلىيالايمىز. چۆچەكلىرىمىزدە رومانتىزملىق خاھىش بىلەن باش قەھرىمانىنىڭ ياۋۇز كۈچلەر تەرىپىدىن ھايۋاناتلارغا ئۇچار قۇشلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، كېيىن سىرلىق كۈچلەر تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ياۋۇز كۈچلەرنى يوقاتقانلىقىدىن ئىبارەت گۈزەل ۋەقەلەر سۆزلەنگەن.

مەتىمىن ھوشۇر بەدىئىي تەپەككۇرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان ھالدا بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي پروزىمىزنىڭ بۇ شەكلىنى رېئاللىق ئىچىدىگە قويىدى. بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ رېئاللىقىمىزدىكى، تۇرمۇشىمىزدىكى، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكى دېتاللارنى رېئالىزملىق ھېكايە ئارقىلىق بىزگە كۆرسەتتى. بۇ خەن زىيوڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك «مەتىمىن ھوشۇرچە تۇرمۇشنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۇسۇلى» دۇر. ②

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىسىدىكى ئادەملەشتۈرۈش، «چار خوراز» ھېكايىسىدىكى بىمەنىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىزنىڭ چۆچەكلىرىمىزنىڭ ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ساقلانغان. مەتىمىن ھوشۇر پروزىچىلىقىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان لېكىن بۈگۈنكى ۋە يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدا

يازغۇچىلىرىمىز ئانچە دىققەت قىلمايۋاتقان مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى.

مەمتىمىن ھوشۇر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ماھىرلىق بىلەن قېزىپ، ئۇنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار رېئال جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان، ئالغا ئىنتىلىۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كەمچىلىكلىرىنى سەزگەن پېرسوناژلاردۇر.

**ئىزاھلار:**

① «چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «تارىم» 86 ـ يىل 1 ـ سان، 157 ـ بەت.

② ئەكبەر قادىر، پەرھات جامال «يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن سۆھبەت»، «تارىم» 1993 ـ يىل 10 ـ سان 155 ـ بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. م. ھوشۇر «كونا ـ يېڭى ئىشلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، 3 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى.

2. م. ھوشۇر «بۇ چۈش ئەمەس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

3. م. ھوشۇر «ئۆلۈككە خەت»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

**图书在版编目(CIP)数据**

新疆少数民族语言文学论集/阿不都克里木·热合曼,阿尔斯兰·阿不都拉主编. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2001.5

ISBN 7-5631-1379-7

Ⅰ.新… Ⅱ.①阿… ②阿… Ⅲ.少数民族—语言研究—文学研究—新疆—文集—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①H2-53 ②I207.9-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 030794 号

**责任编辑**:伊布拉音·哈木都拉

**责任校对**:阿不都力木·阿不都热依木

**新疆少数民族语言文学论集**

阿不都克里木·热合曼
阿尔斯兰·阿不都拉 **主编**

---

**新疆大学出版社出版发行**

(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编 830046)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168 毫米 1/32 印张 18

2001 年 6 月第 1 版 2001 年 6 月第 1 次印刷

印数 0001—1500 册

---

ISBN 7-5631-1379-7/G·796

定价:25.00 元

新疆少数民族语言文学民俗研究丛书

新疆大学211工程少数民族语言文学重点学科资助

ISBN 7-5631-1379-7

9 787563 113798 >

ISBN 7-5631-1379-7
G·796(维文) 定价:25.00元